1—2

1998

# «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى»

## (پەسىللىك ئۇنىۋېرسال ئىلمىي ژۇرنال)

1998 - يىل 1 - 2 سان      ئومۇمىي 39 - 40 سان

* * * * * * * * * * * * * * * * * * * * * * * * * * * * * * * * * * * * * *

**تەھرىر ھەيئەت پەخرى مۇدىرى:**

تۇرسۇن سادىر، ئابدۇرېھىم رەجەپ

**دائىمىي مۇدىرى:**

ئىسلامجان شېرىپ (ئالىي مۇھەررىر)

تەھرىر ھەيئەت ئەزالىرى (ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە تىزىلدى):

ئابدۇكېرىم راخمان، ئابدۇرېشىت ئاۋۇت، ئاۋۇت توختى، ئەمەت جاپپار، تۇرسۇن ئوسمان، رىشات ئىنايىتۇللا، مەتتىمىن ياسىن، مۇھەممەت ئوسمان، مەتتىمىن سادىق، مۇھەممەت رەجەپ، مۇرات يۇنۇس، مۇھەممەت ئابدۇللا، مەتسەيدى خۇدا بەردى، مىجىت ئىمىن، جېلىل ناسىر، كامىل ئابدۇللا، كۈرەش تۇرسۇن، قەيسەر ئابدۇللا، پەرھات سەئىدى، شېرىپ ئىمىن، ئۆمەر ئابدۇللا، يۈسۈپ قاسىم.

**بۇ ساننىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى:**

**ئىسلامجان شېرىپ، قەيسەر قەييۇم**

**كوررېكتورى: تۇرسۇنئاي مۇھەممەت باقى**

# بۇ ساندا

## مۇقام تەتقىقاتى


ئۇيغۇر 12 مۇقامى، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تەتقىقاتىنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرايلى..................
................................................................ تۆمۈر داۋامەت 3
شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 12 مۇقام ۋە ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تەتقىقات فوندى ھەيئىتىنىڭ
قىسقىچە ئەھۋالى ............................................ مۇھەممەت ئىسمايىل 7
شەرەپلىك تەتقىقات، شانلىق ۋەزىپە ................................ مەمتىمىن يۈسۈپ 8


## سىياسىي نەزەرىيە، ئىقتىساد


نامرات رايونلارنىڭ دىئالېكتىكىسى ........................................ مۇھەممەت تۇداجى 12
جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك ئىقتىساد بەرپا قىلىش مەسىلىسى ھەققىدە قىسقىچە مۇلاھىزە..........
................................................................ ئارسلان ئەھمەد زىيائى 17
شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى تېزلىتىشتىكى ستراتېگىيىلىك تەدبىرلەر ھەققىدە..........
................................................................ ئۆمەر بەكرى 22
جىنايەت ۋە بازار ئىگىلىكى ........................................ ئابابەكرى قادىر 25
ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكنىڭ رېئاللىشىش شەكلىنى كۆپ خىللاشتۇرۇشنىڭ زۆرۈرلىكى توغرىسىدا..........
................................................................ ئابدۇكېرىم يۈسۈپ 32


## مەنىۋى مەدەنىيەت، ئەخلاق


ماركسىزملىق پەلسەپە سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ جېنى ...... مۇھەممەترەھىم مەمتىلى 38
بازار ئىگىلىكى ئەخلاقى ۋە ئۇنىڭ رول ئويناش دائىرىسىنىڭ چەكلىمىلىكلىكى توغرىسىدا مۇلاھىزە.......
................................................................ ئابدۇغېنى ئوبۇلھەسەن 41
يەنە ئىككىدىن ئايرىلالماسلىق ھەققىدە ........................................ ئالىم قادىر 47


## تارىخ، ئارخېئولوگىيە


قاراقتان خانلىقى مەزگىلىدىكى يەتتە سۇ رايونىنىڭ ئىجتىمائىي ئىگىلىكى توغرىسىدا..................
................................................................ بەختىيار تۇرسۇن 50

يىپەك يولى ئالاقىلىرىدىكى ئاتلىق مىللەتلەر ........................ مۇناجىدىن مۇنۇر 55

## دىن، ئادەت

شىنجاڭدىكى قەدىمكى دىنلار ھەققىدە ........................ غەيرەتجان ئوسمان 67
ئۇيغۇر ئىسىم ـ فامىلىلىرىگە سۆز تاللاش مەسىلىسى ھەققىدە ئويلىغانلىرىم..........
........................ غەيرەتجان ئابدۇللا كالدىر 80

## ئالىم، تەرمە

ئەھمەد يەسسەۋي ........................ ئىبراھىم ھەققۇلۇۋ (مەھەممەت پولات تەرجىمىسى) 88
قابۇسنامە ........................ شەمسۇلمائالى قابۇس (ئابدۇرشىت ئىسلامى تەرجىمىسى) 106

## تىل، ئاخبارات ـ نەشرىيات

قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى ئالماشلار توغرىسىدا دەسلەپكى مۇلاھىزە..........
........................ يۇھەيرە ئابلەت، تىلىۋالدى كىۋىر 141
تەھرىرلەر كەسىپ ئەخلاقى ھەققىدە دەسلەپكى مۇلاھىزە........ ئابدۇغوپۇر سەئىدىن 152
ئەدەبىي ئاخباراتنىڭ ئاخباراتچانلىقى توغرىسىدا ........................ ئىلھام كىۋىر 157

## ئەدەبىيات ـ سەنئەت

مىللىي تۇپراق — لىرىكا ........................ بۇغدا ئابدۇللا 163
بىزنىڭ ئەدەبىي تەرجىمىچىلىكىمىز ۋە «دۇنيا ئەدەبىياتى» ................ ئابدۇقادىر جالالىدىن 166
ئەدەبىي ئەسەرلەردىكى ئىدىئال قەھرىمان ئوبرازى توغرىسىدا قىسقىچە مۇلاھىزە..........
........................ قۇدرەت مىجىت، گۇلجەمىلە خالىدىن 176

## پەن تەتقىقات ئۇچۇرلىرى

ئۇيغۇرلارنىڭ مەتبەئە تېخنىكىسىغا قوشقان مۇھىم تۆھپىسى ........ ياسىن ھوشۇر، شى جىنبو 181
قارايىغاچ بۇيرۇق ۋە ئۇنىڭ بىر بالىقنى قايتا گۈللەندۈرۈشى ................ سىدىق ياقۇپ 186
قەندىھار مەدەنىيىتى ........................ شېرىن قۇربان 187
كۇتۇپخانىلارنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنىنى ئۆستۈرۈشنىڭ مۇھىملىقى ھەققىدە ...... پەرزانە سادىق 195

# ئۇيغۇر 12 مۇقامى، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تەتقىقاتىنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرايلى

## ئاپتونوم رايونلۇق 12 مۇقام ئىلمىي جەمئىيىتى ۋە ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ خىزمەتلىرىنى خۇلاسىلەش يىغىنىدا سۆزلەنگەن سۆز

تۆمۈر داۋامەت

ئالىم، مۇتەخەسسىسلەر، يولداشلار:

بۈگۈن ئاپتونوم رايونلۇق 12 مۇقام ئىلمىي جەمئىيىتى ۋە ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ يىغىنى ئېچىلىپ، بىر قانچە يىلدىن بۇيانقى تەتقىقات خىزمىتى خۇلاسىلەندى، بۇنىڭدىن كېيىنكى تەتقىقات ۋەزىپىلىرى ئورۇنلاشتۇرۇلدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۇيغۇر 12 مۇقامى 13 توم كىتابىنىڭ نەشر قىلىنىپ تارقىتىلغانلىقى تەبرىكلەندى. بىر ئاددىي ئەزا سۈپىتىدە بۇ يىغىنغا قاتناشقانلىقىم ئۈچۈن خۇشالمەن. شىنجاڭدىن ئايرىلغىنىمغا بىر يىلغا يېقىن بوپتۇ، ھەر قايسىڭىزلارنى كۆپ سېغىنغانىدىم، مۇشۇ يىغىن مۇناسىۋىتى بىلەن كۆپچىلىك بىلەن يۈز كۆرۈشۈشكە نائىل بولدۇم، يولداشلارغا چىن قەلبىمدىن سالام!

يۇقىرىدا بىر قانچە يولداش ناھايىتى ياخشى سۆزلىدى. ئالدىنقى بىر مەزگىللىك خىزمەتلەرنى خۇلاسىلىدى، بۇنىڭدىن كېيىنكى ۋەزىپىلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى، شۇنداقلا 2 ئىلمىي جەمئىيەتنىڭ خىزمەتلىرىگە ناھايىتى ياخشى باھا بەردى، 2 ئىلمىي جەمئىيەتنىڭ خىزمەتلىرىنى مۇئەييەنلەشتۈردى.

12 مۇقام ۋە ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى توغرىسىدا بەزى قاراشلىرىمنى دەپ باقاي، 12 مۇقام بولسۇن، ياكى ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى بولسۇن، ئۇزاق تارىخقا ئىگە؛ 2000 يىلدىن بۇيان 12 مۇقام ئاھاڭلىرى ۋە ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ئەسەرلىرى شىنجاڭ زېمىنىدىلا تارىلىپ، ياڭراپ قالماستىن، جۇڭگو ھەتتا دۇنيا زېمىنىدا تارىلىپ، ياڭراپ كەلدى. ئۇنداقتا، 12 مۇقام قايسى ۋاقىتتا زور كۆلەمدە رەتلىنىپ قېلىپلاشتۇرۇلغان؟ تارىختا ئامانىساخان، قىدىرخان قاتارلىق كىشىلەرنىڭ تەشەببۇسى ۋە تىرىشچانلىقى بىلەن 16 ـ ئەسىردە 12 مۇقامغا قارىتا زور كۆلەمدە رەتلەش ئېلىپ بېرىلغان. شۇنىڭدىن كېيىن دەۋردىن دەۋرگە تارىلىپ، ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللىشىپ، بۈگۈنگە قەدەر يېتىپ كەلگەن. ئازادلىقتىن كېيىن، پارتىيە ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ غەمخورلۇقى ۋە رەھبەرلىكىدە بىر قانچە قېتىم 12 مۇقامنى قېزىش، توپلاش، رەتلەش، تېكىستىنى تەرجىمە قىلىش، نەشر قىلىش تە تەتقىق قىلىش خىزمىتى ئېلىپ بېرىلدى. ھازىر نەشر قىلىنىپ تارقىتىلىۋاتقان ئۇيغۇر 12 مۇقامىنىڭ 13 توم كىتابى بىر ئۇلۇغ خىزمەت، ئۇ ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىدىكى قىممەتلىك بايلىق بولۇپلا قالماستىن، جۇڭخۇا مىللەتلىرى مەدەنىيەت تارىخىدىكى قىممەتلىك بايلىق.

بىر چاغلاردا مەن 12 مۇقامنى قانداق رەتلەش، ئۇنىڭغا قانداق ئىزاھات بېرىش كېرەك دېگەن مەسىلە ئۈستىدە ئويلانغانىدىم. بىرىنچىدىن، بىز ئەجدادلىرىمىزغا مەسئۇل بولۇشىمىز كېرەك. ئەجدادلارنىڭ

تىرىشچانلىقى بولمىغان بولسا، ئامانىساخان، قېدىرخان قاتارلىق كىشىلەر بولمىغان بولسا، تۇردى ئاخۇن، ۋە تۇختۇشۇ قاتارلىق كىشىلەرنىڭ مۇقامنى رەتلەشتىكى تىرىشچانلىقى بولمىغان بولسا 12 مۇقام دەۋرىمىزگە يېتىپ كېلەلمىگەن بولاتتى. شۇڭا بىز بۇ قىممەتلىك مەدەنىيەت مىراسىغا ياخشى ۋارىسلىق قىلىشىمىز ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇشىمىز كېرەك. ئىككىنچىدىن، بىز دەۋر ئۈچۈن خىزمەت قىلىشىمىز، خەلقنى بەختلىك تۇرمۇشقا ئىگە قىلىشىمىز، شۇنداقلا ئەۋلادلارغا مەسئۇل بولۇشىمىز، ئۇلارنىمۇ بەختلىك تۇرمۇشقا ئېرىشتۈرۈشىمىز لازىم. بۇ - بىزنىڭ مەقسىتىمىز. بۈگۈنىلا كۆرۈپ، ئەتىنى كۆرمەسلىك بولمايدۇ. باش شۇجى جياڭ زېمىن 15 -قۇرۇلتايغا بەرگەن دوكلاتىدا، بىر ئەسىرنى ئەسلەپ ئۆتتى، شۇنداقلا بۇنىڭدىن كېيىنكى 50 يىللىق نىشاننى سۈرەتلەپ بەردى. بىز چوقۇم باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ ئېگىزدە تۇرۇپ يىراقنى كۆرىدىغان، ئومۇمىي ۋەزىيەتنى كۆزدە تۇتىدىغان روھىنى ياخشى ئۆگىنىشىمىز كېرەك.

12 مۇقام - ئۇلۇغ ئەسەر، ئۇنى تەتقىق قىلىش ئاسان ئىش ئەمەس، بۇ بىر ئىلمىي خىزمەت بولۇپ، چاقچاق قىلىدىغان ئىش ئەمەس، بۇنىڭغا ئەستايىدىل پوزىتسىيە قوللىنىش كېرەك. 2 ئىلمىي جەمئىيەت ھەر مىللەت ئالىم، مۇتەخەسسىسلەرنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، تەشكىللەپ، جاپالىق ئەجىر سىڭدۈرۈپ، كېچە - كۈندۈز ئىشلەپ نۇرغۇن قان - تەر ئاققۇزۇپ، بۇ ئىشنى ئورۇندىدى. 2 ئىلمىي جەمئىيەت ۋە يولداش مەمتىمىن يۈسۈپ كۆپلىگەن خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. بۇ خىزمەت ئارقىلىق بىز بىر تۈركۈم تالانت ئىگىلىرىنى يېتىشتۈردۇق، بايقىدۇق. مۇشۇ تالانت ئىگىلىرى بولىدىكەن، بۇنىڭدىن كېيىن تېخىمۇ كۆپ خىزمەتلەرنى ئىشلىيەلەيمىز. مەن بۇنىڭدىن تولىمۇ خۇشال بولدۇم.

تارىخ بىزگە ئېغىر ۋەزىپىنى يۈكلىدى. بىزنىڭ قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلىرىمىز ناھايىتى كۆپ. مۇقام ئاھاڭ نوتىلىرىنى ئېيتىش، تەتقىقاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش قاتارلىق كۆپلىگەن خىزمەتلەر ئالدىمىزدا تۇرۇپتۇ. كىشىنى خۇشاللاندۇرىدىغىنى شۇكى، بىزدە بىر تۈركۈم تالانت ئىگىلىرى - بىر كۈچ بار. ئۇيغۇرلاردىن، خەنزۇ ۋە باشقا مىللەتلەردىن بولغان تالانت ئىگىلىرى قوشۇلۇپ، بىر تەتقىقات قوشۇنىنى شەكىللەندۈردى. بۇ ھەر مىللەتتىن تەشكىللەنگەن قوشۇن، بىر ئىتتىپاقلاشقان قوشۇندۇر. ئومۇمەن، بىزنىڭ خىزمەتلىرىمىز بېيجىڭدىكى مۇناسىۋەتلىك زىيالىيلارنىڭمۇ يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشتى.

ئۇيغۇر 12 مۇقامىنىڭ 13 توم كىتابى بۇ قېتىم 4 خىل يېزىق تىلىدا نەشر قىلىنىپ تارقىتىلدى. بۇنىڭغا ھەر مىللەت ئالىم، مۇتەخەسسىسلەر زور كۈچ چىقاردى، كارخانا ساھەسىدىكىلەرمۇ ئىقتىسادىي جەھەتتىن قوللاپ زور ياردەم بەردى. بۇ ئىشلارنى قىلىشقا پۇل بولمىسا بولمايدۇ. مالىيە مىنىستىرلىكى 1 مىليون يۈەن بەردى، بۇ ئىشلارنى قىلالىدۇق. ئۇنىڭدىن باشقا تارىم نېفىت قوماندانلىق شتابى، تۇرپان - قۇمۇل نېفىت قوماندانلىق شتابى، خەلق ئىشلىرى مىنىستىرلىكى قاتارلىق ئورۇنلارمۇ نەچچە يۈز مىڭ يۈەن بەردى. بۇنىڭ بىلەن بىز بۇ خىزمەتنى ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بارالىدۇق. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن مەن يىغىنغا قاتناشقان يولداشلارغا، 2 ئىلمىي جەمئىيەتنىڭ ئەزالىرىغا، كارخانا ساھەسىدىكى دوستلارغا ۋە ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەرگە چىن قەلبىمدىن رەھمەت ئېيتىمەن.

بىز بەزى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرەلىدۇق، بۇنى بىزگە دەۋر ئاتا قىلدى. دەۋر بىزگە كەڭ ئىستىقبال ئېچىپ بەردى، پارتىيە بىزگە ياخشى سىياسەت بەخش ئەتتى. قەدىمىي ئەسەرلەرنى قېزىش، توپلاش، رەتلەش پارتىيىنىڭ سىياسىتى، شۇڭا، بىز خىزمىتىمىزدە پارتىيىنىڭ سىياسىتىنى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈردۇق. پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت ئىزچىل قوللاپ كەلدى. بەزىلەر بۇ ئىشنى ھۆكۈمەت قوللىمايدۇ، دەيدىكەن. نەدە مۇنداق ئىش بولسۇن؟ قوللىمىسا بولامدۇ؟ مەن رەئىس ئابلەت ئابدۇرىشىت

بىلەن بىر قانچە قېتىم پاراڭلاشقان. ئۇ: سىز قىلغان ئىشنى بىز قوللايمىز، دېدى. جەمئىيەتتە ئېقىپ يۈرگەن بىر قىسىم سۆزلەر توغرا ئەمەس. 50_ يىللاردىن باشلاپ ھۆكۈمەت يولىيورۇق بېرىپ، ئىزچىل قوللاپ كەلدى. بۇنىڭدىن كېيىنمۇ داۋاملىق قوللايدۇ، بىزنىڭ كۆپرەك ياخشى ئىش قىلىشىمىزنى قوللايدۇ.

يەنە ئۇيغۇر 12 مۇقامى 13 توم كىتابىنىڭ نەشر قىلىنىپ تارقىتىلىشى توغرىسىدا سۆزلەپ قويغۇم كېلىۋاتىدۇ. ئەسلى پىلاندا بۇ يىل 5 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى رەئىس ماۋزېدۇڭنىڭ «يەنئەن ئەدەبىيات ـ سەنئەت سۆھبەت يىغىنىدا سۆزلەنگەن نۇتۇق» نىنىڭ ئېلان قىلىنغانلىقىنىڭ 55 يىللىقى خاتىرە كۈنىدە تارقىتىلماقچى ئىدى. لېكىن بەزى سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن دېگەن قەرەلدە تارقىتىش ئىمكانىيىتى بولمىدى. بۇنىڭدا ئاساسلىقى ماسلاشتۇرۇش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، ئاندىن تارقىتىش تەلەپ قىلىندى. يولداش خۇجىنتاۋ مەركىزىي كومىتېت بەنگۇڭتىڭنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى خۇگۇاڭبوغا يولىيورۇق بېرىپ، كۆڭۈل قويۇپ ئورۇنلاشتۇردى ھەمدە ئىنچىكە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى، ناھايىتى مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلدى. دۆلەتلىك ئاخبارات ـ نەشرىيات مەھكىمىسىنىڭ نەشرىيات ئىدارىسى، جۇڭگو قامۇس نەشرىياتىمۇ ئەستايىدىل تەكشۈرۈپ، مەتبەئە تېخنىكىسى جەھەتتە خەلقئارالىق سەۋىيىگە يەتكەن، شۇڭا بۇ ياخشى كىتاب، سىياسىي جەھەتتە مەسىلە يوق، ئىلمىي جەھەتتىمۇ مەسىلە يوق، دەپ قارىدى. ھېچكىم كىتابتا مەسىلە بار دېمىدى. كىتابنى تارقىتىشقا بولمايدۇ دېگەن گەپ، ئەمەلىيەتتە يوق گەپ.

بۇ كىتاب تارقىتىلىشتىن ئىلگىرى، يەنى 9 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى مۇئاۋىن مۇدىر خۇگۇاڭبۇ جۇڭگو قامۇس نەشرىياتىنىڭ باشلىقىغا يولداش خۇجىنتاۋنىڭ پىكرىنى يەتكۈزدى، شىنجاڭدىن بارغان بىر يولداشمۇ بۇنىڭغا قاتناشتى. يولداش خۇجىنتاۋ مەركىزىي كومىتېت بەنگۇڭتىڭنىڭ (97) 107 ـ نومۇرلۇق ھۆججىتىگە سالغان تەستىقىدە: «〈ئۇيغۇر 12 مۇقامى〉 ناملىق كىتاب ناھايىتى ياخشى، مەزمۇنى ياخشى كىتاب، سىياسىي جەھەتتە مەسىلە يوق. نەشرىيات زور كۈچ چىقىرىپتۇ، بولۇپمۇ يولداش تۆمۈر داۋامەت رەھبەرلىك قىلغان 2 ئىلمىي جەمئىيەت زور كۈچ چىقىرىپتۇ. قامۇس نەشرىياتى مەسئۇل بولۇپ تارقىتىدۇ. بۇ ئىشتا يولداش تۆمۈر داۋامەتنى يەنە ئاۋارە قىلىۋەرمەڭلار» دەپ يازغان. يىغىندا يەنە كىتابنى تۈركۈم ـ تۈركۈملەپ تارقىتىش كېرەك، بىرقىسمى تەقدىم قىلىنىدۇ، بىر قىسمى سېتىلىدۇ. 2 ئىلمىي جەمئىيەتكە، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىگە، دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىغا، مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىغا، ئالىي مەكتەپلەرگە تەقدىم قىلىنىپ، ئۇلارنىڭ تەتقىقاتى ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. ئۇيغۇر 12 مۇقامىنىڭ بۇ 13 توم كىتابى 10_ ئاينىڭ 10_ كۈنىدىن كېيىن 2 ئىلمىي جەمئىيەتنىڭ قايتا تەشكىللىشى ئارقىلىق تارقىلىدۇ، دەپ كۆرسىتىلدى.

بۇ يىل 5 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى مەن يولداش خۇجىنتاۋ بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇنىڭغا «ئۇيغۇر 12 مۇقامى» نىڭ تارىخىي ئەھمىيىتىنى، رەتلىنىش ئەھۋالىنى ۋە جەمئىيەتتىكى ئىنكاسىنى دوكلات قىلدىم. يولداش خۇجىنتاۋ ماڭا: «بۇ ئىشتىن خەۋىرىم بار، بەزى ماسلاشتۇرۇش خىزمەتلىرىنى ئىشلىدۇق، بۇ ئىشنى بېجىرىشكە يولداش خۇگۇاڭبونى بۇيرۇدۇم. ئۇيغۇر 12 مۇقامى جۇڭخۇا مىللەتلىرى مەدەنىيەت خەزىنىسىدىكى قىممەتلىك بايلىق، مۇشۇنداق كىتابنى نەشر قىلىش يامان ئىش ئەمەس، ياخشى ئىش. بۇ كىتاب ياخشى رەتلەنگەن، مەزمۇنى ياخشى، سىياسىي جەھەتتىمۇ ياخشى، چوقۇم تارقىتىش كېرەك. ئەلۋەتتە خىزمەتنى ياخشى ئىشلەپ، ئىتتىپاقلىقنى كۆزدە تۇتۇش، ئىتتىپاقلىقنى ئىلگىرى سۈرۈش، شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىغا پايدىلىق بولۇشى كېرەك. خىزمەتنى ياخشى ئىشلەپ، ئاندىن تارقىتىش كېرەك» دېدى. ئەھۋال مانا شۇنداق.

ئۇيغۇر 12 مۇقامى 13 توم كىتابىنىڭ نەشر قىلىنىپ تارقىتىلىشى كۆپچىلىكنىڭ ھىمايىسىگە، قوللىشىغا ئېرىشتى. بېرىلگەن باھامۇ ناھايىتى يۇقىرى بولدى. بۇ كىتابىنىڭ نەشر قىلىنىپ تارقىتىلىشى پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنى گەۋدىلەندۈردى. نەشر قىلىنىپ تارقىتىلغان بۇ يېڭى نۇسخىسىغا نىسبەتەن تونۇش بىردەك بولۇشى ناتايىن. ئەمما ئىتتىپاقلىققا تەسىر يەتكۈزۈشكە بولمايدۇ، يەنىلا قوللاشقا توغرا كېلىدۇ. كېيىنكى خىزمەتتە، تارقىتىشنى ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇش، بۇ خىزمەتنى ياخشى ئىشلەش، ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىش كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، تەتقىقات جەھەتتە كۆپلىگەن خىزمەتلەرنى قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. كۆپچىلىكنىڭ تېخىمۇ كۆپ ئۈنۈملۈك خىزمەتلەرنى ئىشلىشىنى، بۇ ئارقىلىق تېخىمۇ كۆپ مۇۋەپپەقىيەتلەرنىڭ مەيدانغا كېلىشىنى، تېخىمۇ كۆپ تالانت ئىگىلىرىنىڭ چىقىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

يېقىندا بىز مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللەر ئۆمىكى ئېستونىيە، بېلورۇسىيە، فىنلاندىيە قاتارلىق 3 دۆلەتتە زىيارەتتە بولدۇق. بۇ جەرياندا مەن ياۋروپا، فرانسىيە، روسىيىلەردىن ئۆتۈپ شىنجاڭغا كەلدىم. دەل بۇ يىغىنغا ئۈلگۈرۈپ كەپتىمەن. بۇ قېتىمقى زىيارەتتە، مەن يېڭىدىن رەتلىنىپ نەشر قىلىنغان ئابى چەشمە، ئىشرەت ئەڭگىز، مۇستەھزادلارنىڭ CD پلاستىنكىسىدىن 25 يۈرۈش ئېلىۋالغانىدىم، بارغان يەرلەردە زۇڭتۇڭ، زۇڭلى، پارلامېنت باشلىقى، شەھەر باشلىقى قاتارلىق كىشىلەرگە ۋە ئېلىمىزنىڭ چەت ئەلدە تۇرۇشلۇق ئەلچىخانىلىرىدىكى خادىملارغا تەقدىم قىلغانىدىم. ئۇلار بۇ مۇقاملارنى ئاڭلاپ ناھايىتى خۇشال بولدى، ناھايىتى قىزىقتى، كۆپ ماختىدى. مەن CD پلاستىنكىسىنىڭ دىپلوماتىيە ئالاقىسىدا كاتتا بىر سوۋغات بولۇپ قالىدىغانلىقىنى ئويلىمىغانىدىم.

زىيارەت جەريانىدا مەن جۇڭگونىڭ پۈتۈن دۇنيانىڭ دىققىتىنى تارتىۋاتقانلىقىنى، جەلپ قىلىۋاتقانلىقىنى، دۆلىتىمىزنىڭ ئابرۇيىنىڭ ئېشىۋاتقانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلدىم. بىز بارغان دۆلەتلەر بىر قەدەر تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەر ئىدى. ئەكسىچە ھازىر قىيىنچىلىق ئۈستىدە تۇرۇۋېتىپتۇ. جۇڭگونىڭ ئىسلاھاتى بولسا ھاياتىي كۈچكە تولۇپ، مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرۈۋاتىدۇ. نامراتلىق قالپىقىنى چۆرۈپ تاشلاپ، كۈچلۈكلەر قاتارىغا كىرىشكە تىرىشىۋاتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە، شياڭگاڭ ئوڭۇشلۇق ھالدا ۋەتىنىمىز قوينىغا قايتىپ كەلدى، 15 ـ قۇرۇلتاي غەلىبىلىك ئېچىلدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى پۈتۈن دۇنيانىڭ يۈكسەك دىققەت ـ ئېتىبارىنى قوزغىدى، ئېلىمىزنىڭ خەلقئارادىكى ئورنىمۇ مىسلىسىز يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. بىز بارغان دۆلەتلەر جۇڭگونى ئادىل دۆلەت، ئىشەنچىلىك دۆلەت، دەپ قارايدىكەن، ئۇلار دۆلىتىمىزنى قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. بۇ ئاددىي كىشىلەرنىڭ ئېيتقان سۆزى ئەمەس، بەلكى زۇڭتۇڭ، زۇڭلى، پارلامېنت باشلىقى قاتارلىق يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلارنىڭ ئېيتقان سۆزى. شۇڭا بىز جەزمەن بۇ چوڭ ياخشى ۋەزىيەتنى قەدىرلىشىمىز كېرەك. ئەلۋەتتە، بەزى يامان ئىشلارمۇ بار، دالاي لاما نورغۇن زەھەرلىك، يامان گەپلەرنى تارقىتىپ، مۇستەقىل بولۇشقا، بۆلگۈنچىلىك قىلىشقا ئورۇنۇۋېتىپتۇ. شىنجاڭ توغرىسىدىمۇ بەزى گەپلەرنى ئاڭلىدىم. بەزىلەر شىنجاڭنى ۋەتىنىمىز قوينىدىن ئايرىپ چىقىپ كەتمەكچى، ئاتالمىش مۇستەقىل بولماقچى بوپتۇ. بۇ مۇمكىن ئەمەس. ۋەتىنىمىز ۋە خەلقىمىز بۇنىڭغا ئۇنىمايدۇ. بۆلگۈنچىلەرنىڭ دېگىنى ھېچقانداق ياخشى نەتىجە بەرمەيدۇ. خەلق جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى رەھبەرلىكىدە مۇشۇنداق ياخشى تۇرمۇش كەچۈرگەندەك تۇرمۇش كەچۈرەلمەيدۇ، مۇشۇنداق بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرەلمەيدۇ. شۇڭا، بىز چوقۇم شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىنى ساقلىشىمىز، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىپ، تىرىشىپ ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، پارتىيە 15 ـ قۇرۇلتىيىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىشلىرىنى ئومۇميۈزلۈك ھالدا 21 ـ ئەسىرگە يۈزلەندۈرۈشىمىز لازىم!

# شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 12 مۇقام ۋە ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تەتقىقات فوندى ھەيئىتىنىڭ قىسقىچە ئەھۋالى

ش ئۇ ئا ر 12 مۇقام ۋە ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تەتقىقات فوندى ھەيئىتىنىڭ مۇدىرى

مۇھەممەت ئىسمايىل

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 12 مۇقام ۋە ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تەتقىقات جەمئىيىتىدىكى ھەر مىللەت ئالىم، مۇتەخەسسىسلەر بىر نەچچە يىل ئىلمىي ئەمگەك سىڭدۈرۈپ مۇقام تەتقىقاتى ۋە ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىغا دائىر 60 خىل، جەمئىي 77 مىڭ 800 پارچە كىتاب نەشر قىلىپ تارقاتتى، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە ئۇيغۇر 12 مۇقامىنىڭ تارىخى، ئىلمىي، رېئال ئەھمىيىتىنى كەڭ تەشۋىق قىلىپ، تەتقىقاتنى دۇنياغا يۈزلەندۈرۈش مەقسىتى بىلەن ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە، ئىنگلىزچە، ياپونچە يېزىقلاردا 28 مىڭ نۇسخا مۇراجىئەتنامە بېسىپ دۆلىتىمىزنىڭ ئىچى ۋە سىرتىغا تارقاتتى. 26 قېتىم مەملىكەت خاراكتېرلىك ئىلمىي مۇھاكىمە ۋە ئىلمىي سۆھبەت يىغىنلىرى ئۆتكۈزدى. بۇ يىغىنلارغا 1300دىن ئارتۇق ئالىم، مۇتەخەسسىس قاتناشتى، 278 پارچە ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلىندى. 2 ئىلمىي جەمئىيەت كىتابلارنى نەشر قىلىپ ۋە ئىلمىي پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بېرىپ، جۇڭخۇا مەدەنىيەت تارىخىغا ۋە پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىگە شان ـ شەرەپ كەلتۈردى.

128 ئورۇن ۋە يولداش ھەممە ھەر قايسى ۋىلايەت، ناھىيىلەردىكى مۇناسىۋەتلىك ئورۇن ۋە يولداشلار بۇ تەتقىقات كىتابلىرىنى چىقىرىشقا، ھەر خىل ئىلمىي تەتقىقات پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ بېرىشقا ئىقتىسادىي جەھەتتىن كۆپ ياردەملەرنى بەردى. بۇ يولداشلارغا ۋە ئورۇنلارغا فوندى ھەيئىتى ۋە 2 ئىلمىي جەمئىيەتنىكى ئالىم، مۇتەخەسسىسلەر نامىدىن رەھمەت، تەشەككۈر ئېيتىمىز.

بۇ ئورۇن ۋە يولداشلارغا ئىلگىرى گېزىت ـ ژۇرنال، رادىئو ـ تېلېۋىزىيىلەردە رەھمەت، تەشەككۈرىمىزنى ئېيتىپ ئۆتكەن ئىدۇق. بىز ھازىر داۋاملاشتۇرۇۋاتقان تەتقىقاتىمىزنىڭ ئاخىرىدا بىزگە ماددىي، مەنىۋى جەھەتتىن ياردەم بەرگەن ئورۇن، يولداشلارنىڭ نام شەرىپلىرىنى بايان قىلىدىغان كىتابچە ئىشلەپ تارقاتماقچىمىز.

بۇ قېتىم قامۇس نەشرىياتى تەرىپىدىن 1997 ـ يىلى 2 ـ ئايدا نەشر قىلىنغان 13 توم كىتابىمىزغا مالىيە مىنىستىرلىكى، خەلق ئىشلىرى مىنىستىرلىكى، تارىم نېفىت قوماندانلىق شتابى، تۇرپان ـ قۇمۇل نېفىت قوماندانلىق شتابى، مۇقام تەرەققىيات باش شىركىتى قاتارلىق ئورۇنلار ۋە ۋەتەنپەرۋەر مۇھاجىر، كارخانىچى لى يۈلىڭ خانىم، ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ سابىق ۋالىيسى، ھازىر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ باش كاتىپى تۇرسۇن سادىر، ئاپتونوم رايونلۇق سۇچىلىق نازارىتىنىڭ نازىرى تۇرسۇن توختى، قاتناش نازارىتىنىڭ نازىرى يۇنۇس يۈسۈپ، ئورمانچىلىق نازارىتىنىڭ نازىرى ماخمۇت مۇھەممەت، ئىلى ۋىلايىتىنىڭ سابىق ۋالىيسى، ھازىر ئاپتونوم رايونلۇق باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى مۇھەممەتجان قاتارلىق يولداشلار يۈكسەك ۋەتەنپەرۋەرلىك روھى بىلەن مىللىتىمىزنىڭ بۇ شانلىق تەتقىقات ئىشلىرىنى قىزغىن قوللاپ ئىقتىسادىي جەھەتتىن ياردەم بەردى. ئۇلارنىڭ 12 مۇقام ۋە ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تەتقىقاتىنى ئالىيجاناب ۋەتەنپەرۋەرلىك روھى بىلەن قوللىغانلىقىغا 2 ئىلمىي جەمئىيەتنىكى ئالىم، مۇتەخەسسىسلەر نامىدىن ۋە فوندى ھەيئىتى نامىدىن رەھمەت، تەشەككۈر ئېيتىمىز.

يۇقىرىدا ئېيتىلغان تەتقىقات، ئىلمىي پائالىيەتلىرىمىز ئۈچۈن فوندىمىزغا بېرىلگەن ئىئانە پۇللارنىڭ ئىشلىتىلىش ئەھۋالىنى ئاپتونوم رايونلۇق مۇپەتتىش ئورۇنلىرى 5 قېتىم مۇپەتتىش قىلىپ دۆلەتنىڭ مالىيە تۈزۈمىگە ئۇيغۇن ئىكەنلىكى ھەققىدە ھۆججەت چىقاردى. بۇ قېتىمقى جۇڭگو قامۇس نەشرىياتى تەرىپىدىن چىقىرىلغان 13 توم كىتابقا ئىشلىتىلگەن راسخوتلارنى يەنە ئاپتونوم رايونلۇق مۇپەتتىش ئورۇنلىرى مۇپەتتىش قىلىپ، دۆلەتنىڭ مالىيە تۈزۈمىگە ئۇيغۇن ئىكەنلىكى توغرىسىدا (97) 6 ـ نومۇرلۇق ھۆججەت چىقاردى. جۇڭگو قامۇس نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان 13 توم كىتابقا كەتكەن ئىقتىسادىي راسخوتلارنى يەنە بېيجىڭ جىڭرۇڭ بوغالتىرلىق مۇپەتتىش تەتقىقات ئورنى مۇپەتتىش قىلىپ، دۆلەتنىڭ مالىيە تۈزۈمىگە ئۇيغۇن بولغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، 1997 ـ يىل 89 ـ نومۇرلۇق ھۆججەت چىقاردى.

بىز ھەر مىللەت ئالىم، مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ كۈچىگە تايىنىپ، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ 15 ـ قۇرۇلتايدا بەرگەن دوكلاتىنىڭ روھى ئاساسىدا جۇڭخۇا مەدەنىيەت تارىخىغا ۋە پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىگە شان ـ شەرەپ كەلتۈرۈش ئۈچۈن 12 مۇقام ۋە ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تەتقىقاتىنى داۋاملىق ئېلىپ بارىمىز.

# شەرەپلىك تەتقىقات، شانلىق ۋەزىپە

## ـ ش ئۇ ئا ر 12 مۇقام ئىلمىي جەمئىيىتى ۋە ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ خىزمىتىدىن خۇلاسە

ش ئۇ ئا ر ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى مەمتىمىن يۇسۇپ

ش ئۇ ئا ر 12 مۇقام تەتقىقات ئىلمىي جەمئىيىتى ۋە شۇ ئۇ ئا ر ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تەتقىقات جەمئىيىتى بىر قانچە يىلدىن بۇيان مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى تۆمۈر داۋامەتنىڭ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبەرلىكىدە، شۇنداقلا ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەر بىرلەشمىسىنىڭ بىۋاسىتە يېتەكچىلىكىدە 12 مۇقام ۋە ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تەتقىقاتى جەھەتتە مول نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى.

2 ئىلمىي جەمئىيەت تەرىپىدىن نەشرگە تەييارلىنىپ، نەشر قىلىنىپ تارقىتىلغان كىتابلار، ئېلىپ بېرىلغان ئىلمىي پائالىيەتلەر

«ئۇيغۇر 12 مۇقامى ھەققىدە» دېگەن كىتاب 1992 ـ يىلى ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە يېزىقلاردا نەشر قىلىنىپ تارقىتىلدى.

«يەكەندە ئېچىلغان مەملىكەتلىك 12 مۇقام تەتقىقاتى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ ماتېرىياللىرى» ناملىق كىتاب 1992 ـ يىلى ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە يېزىقلاردا نەشر قىلىنىپ تارقىتىلدى.

«ئۇيغۇر 12 مۇقامى» ناملىق 12 كىتاب 1994 ـ يىلى ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە يېزىقلاردا نەشر قىلىنىپ تارقىتىلدى.

«شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 40 يىللىقىغا ئاتاپ نەشر قىلىنغان 30 كىتاب» 1995 ـ يىلى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە يېزىقلاردا نەشر قىلىنىپ تارقىتىلدى.

ئۇيغۇر مۇقامىنىڭ يېڭى نەشرى بولغان 13 توم كىتاب 1997 ـ يىلى جۇڭگو قامۇس نەشرىياتى تەرىپىدىن ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە، ئىنگلىزچە، لاتىنچە يېزىقلاردا نەشر قىلىنىپ تارقىتىلدى.

«ئۇيغۇر 12 مۇقامى ھەققىدە مۇلاھىزە» ناملىق كىتاب 1997 ـ يىلى جۇڭگو قامۇس نەشرىياتى تەرىپىدىن ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە يېزىقلاردا نەشر قىلىندى.

ھازىرغىچە 2 ئىلمىي جەمئىيەت تەرىپىدىن نەشرگە تەييارلىنىپ، نەشر قىلىنغان كىتاب جەمئىي 60 خىل بولۇپ، ئومۇمىي تىراژى 77 مىڭ 800.

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان كىتابلارنىڭ ئىلمىيلىكى بىر قەدەر يۇقىرى، مەزمۇنى ساغلام بولۇپ، 4 ئاساسىي پرىنسىپنىڭ روھىغا ئۇيغۇن كېلىدۇ.

2 ئىلمىي جەمئىيەت 12 مۇقام ۋە ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى توغرىسىدا 8 قېتىم مەملىكەت خاراكتېرلىك ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئاچتى. بۇ يىغىنلارغا جەمئىي 913 ئالىم، مۇتەخەسسىس قاتناشتى، 278 پارچە ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلىندى.

تەشۋىق قىلىش مەقسىتى بىلەن 12 مۇقام ۋە ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى توغرىسىدا

4 تېلېۋىزىيە فىلىمى ئىشلەندى. ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە، ئىنگلىزچە، ياپونچە يېزىقلاردا 28 مىڭ پارچە مۇراجىئەتنامە دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىغا تارقىتىلىپ، 12 مۇقام ۋە ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ تارىخىي، ئىلمىي ۋە رېئال ئەھمىيىتى كەڭ تەشۋىق قىلىندى.

2 ئىلمىي جەمئىيەت تەرىپىدىن يەكەندە مۇقام ئۇستازى ئامانىسساخاننىڭ قەبرىسى ياسالدى ۋە ھەيكىلى ئورنىتىلدى.

**جۇڭگو قامۇس نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان 13 توم كىتاب توغرىسىدا**

بۇ 13 توم كىتابنىڭ سۈپەتلىك، ئىلمىي، سىستېمىلىق ئىشلىنىشى ئۈچۈن، دېموكراتىيە كەڭ قانات يايدۇرۇلۇپ، ئالىم، مۇتەخەسسىسلەر بىلەن 18 قېتىم يىغىن ئېچىلىپ، پىكىر ئېلىندى، مۇزاكىرە قىلىندى، تۈزىتىش كىرگۈزۈلدى.

1995 ـ يىلى 5 ـ ئايدا 2 ئىلمىي جەمئىيەتنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزالىرى يىغىنى ئېچىپ، 11 تۈرلۈك ئىلمىي قائىدە، پرىنسىپ تۈزۈپ چىقىلىپ، ئەتراپلىق مۇزاكىرە قىلىش ئارقىلىق بېكىتىلدى. «ئۇيغۇر 12 مۇقامى» ناملىق كىتابنىڭ يېڭى نەشرى مۇشۇ ئىلمىي قائىدە، پرىنسىپلار بويىچە ئىشلەندى.

1995 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى 12 مۇقام كىتابىنىڭ تېكىستى، ترانسكرىپسىيىسى، تەرجىمىسى توغرىسىدا يىغىن ئېچىلدى. بۇ يىغىنغا 2 ئىلمىي جەمئىيەتنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزالىرى ۋە مۇناسىۋەتلىك ئالىم، مۇتەخەسسىسلەردىن 16 كىشى قاتنىشىپ، 12 مۇقام كىتابىنىڭ تەييارلىق خىزمەتلىرى ۋە كېيىنكى باسقۇچلۇق خىزمەتلىرى ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

1996 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى 12 ئالىم، مۇتەخەسسىس، كومپوزىتور، مۇزىكانتلارنىڭ قاتنىشىشى بىلەن يېڭىدىن تەييارلانغان 12 مۇقام تېكىستلىرىنىڭ ئاھاڭ بىلەن ماسلىشىدىغان ـ ماسلاشمايدىغانلىقى توغرىسىدا مۇزاكىرە ئېلىپ بېرىلدى. كومپوزىتورلار، مۇزىكانتلار تېكىستلەرنىڭ مۇزىكا ئاھاڭىغا ماسلىشىدىغانلىقىنى، تېكىستلەرنىڭ ياخشى تاللانغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈردى.

1996 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى مىجىت ناسىرنىڭ ئىشخانىسىدا 13 ئالىم، مۇتەخەسسىسنىڭ قاتنىشىشى بىلەن يىغىن ئېچىلىپ، مۇقام تېكىستلىرىنىڭ ترانسكرىپسىيە مەسىلىسى ۋە ئابى چەشمە، ئىشرەت ئەڭگىز، مۇستەھزاد توغرىسىدا مۇزاكىرە ئېلىپ بېرىلدى.

1996 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى ۋەن تۇڭشۇ، نۇرمۇھەممەت سايىت، جۇجى قاتارلىق 12 كومپوزىتور، مۇزىكانت ۋە ئاقىدار كىشىلەرنىڭ قاتنىشىشى بىلەن يىغىن ئېچىلىپ، «12 مۇقام كىتابىنىڭ يېڭى نەشرىدە 1994 ـ يىلى نەشر قىلىنغان 12 مۇقام كىتابىنىڭ نوتىسى ئاساس قىلىنىدۇ، ئەمما ئىلگىرى كىتابلاردا 5 مۇقامنىڭ كۈي ئورنى مۇۋاپىق بولمىغانلىقى ئۈچۈن، بۇ قېتىمقى يېڭى نەشرىدە ئاشۇ 5 مۇقامنىڭ كۈي ئورنى تۈزىتىلىپ قايتىدىن ئىشلىنىدۇ» دېگەن مەسىلە قارار قىلىندى.

1996 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى بېيجىڭدا يىغىن ئېچىلدى. يىغىنغا مۇئاۋىن كومىتېت باشلىقى تۆمۈر داۋامەت ۋە مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى قاتارلىق ئورۇنلاردىن ھەم مۇشۇ ئىش بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان ئالىم، مۇتەخەسسىسلەردىن 15 كىشى قاتنىشىپ، 12 مۇقام تېكىستلىرىنىڭ يەشمىسى، ئىزاھاتى، لۇغىتى، ترانسكرىپسىيىسى ۋە تەرجىمىسى توغرىسىدا

كونكرېت مۇزاكىرە قىلىنىپ، ئورۇنلاشتۇرۇش ئېلىپ بېرىلدى.
1996 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى بېيجىڭدا يىغىن ئېچىلدى. يىغىنغا مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى تۆمۈر داۋامەت، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى مىجىت ناسىر ۋە مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىللەتلەر ئەدەبىياتى تەتقىقات ئىنستىتۇتىدىكى ئالىم، مۇتەخەسسىسلەردىن 14 كىشى قاتنىشىپ، 12 مۇقام تېكىستلىرىنى ترانكرىپسىيە قىلىشتا قايسى خىل ترانسكرىپسىيىنى قوللىنىش كېرەك؟ دېگەن مەسىلە ئۈستىدە مۇزاكىرە ئېلىپ بېرىلىپ، ئاخىرىدا لاتىن يېزىقىدىكى ترانسكرىپسىيىنى قوللىنىش قارار قىلىندى.
1996 ـ يىلى 5 ـ، 6 ـ ئايلاردا ئۈرۈمچىدە يېڭىدىن تەييارلانغان 12 مۇقام تېكىستلىرىنى 50 نۇسخا بېسىپ، 50 ئالىم، مۇتەخەسسىسكە تارقىتىپ پىكىر ئېلىندى. 7 ـ ئايدا بېيجىڭدا 25 ئالىم، مۇتەخەسسىسكە تارقىتىپ پىكىر ئېلىندى. 7 ـ، 8 ـ ئايدا بېيجىڭدا شىنجاڭ ۋە بېيجىڭدىكى 75 ئالىم، مۇتەخەسسىستىن يىغىلغان پىكىرلەر ئاساسىدا 12 مۇقام تېكىستلىرى قايتىدىن تولۇقلاندى، تۈزىتىلدى.
1996 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنىدىن 8 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىگىچە قارامايىنىڭ بېيجىڭدىكى ئىش بېجىرىش باشقارمىسىدا 12 مۇقامنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولغان ئابى چەشمە، ئىشرەت ئەڭگىز. مۇستەھزادلارنىڭ تارىخى، ئىلمىي ئاساسى 4 قېتىم مۇزاكىرە قىلىنىپ كونكرېت ئىشلەش ئورۇنلاشتۇرۇلدى. بۇنىڭغا تۆمەر داۋامەت ۋە بېيجىڭدا تۇرۇپ ئىشلەۋاتقان ئالىم، مۇتەخەسسىسلەر قاتناشتى.
دېمەك، 1995 ـ يىلى 5 ـ ئايدىن 1997 ـ يىلى 1 ـ ئايغىچە 12 مۇقام كىتابىنىڭ يېڭى نەشرى توغرىسىدا ئالىم، مۇتەخەسسىسلەر بىلەن ئىلگىرى ـ ئاخىر 18 قېتىم چوڭ ـ كىچىك مۇزاكىرە، پىكىر ئېلىش، تۈزىتىش، ئورۇنلاشتۇرۇش يىغىنلىرى ئېچىلدى. بۇ يىغىنلارغا ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ جەمئىي 385 ئالىم، مۇتەخەسسىس، كومپوزىتور، مۇزىكانت قاتناشتى.

**بۇ قېتىمقى 13 توم كىتابنىڭ ئىلمىيلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن ئىشلەنگەن خىزمەتلەر**

بۇ قېتىمقى يېڭىدىن نەشر قىلىنغان 13 توم كىتابنىڭ تارىخى ۋە ئىلمىيلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، 11 ماددىلىق ئىلمىي قائىدە ـ پرىنسىپلار كەسپىي گۇرۇپپىلارنى تەسىس قىلىش ئارقىلىق ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى، يەنى 10 ئالىم، مۇتەخەسسىستىن تەركىب تاپقان 12 مۇقامنىڭ تېكىستلىرىنى ئىشلەش گۇرۇپپىسى، 5 ئالىم، مۇتەخەسسىستىن تەركىب تاپقان تېكىست گۇرۇپپىسىنىڭ مەسلىھەتچىلىرى، 9 كىشىدىن تەركىب تاپقان 12 مۇقام نوتا گۇرۇپپىسى، 8 يۇقىرى دەرىجىلىك تەرجىمانلاردىن تەركىب تاپقان مۇقام تېكىستلىرىنى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىش گۇرۇپپىسى، 4 ئالىي تەرجىماندىن تەركىب تاپقان مۇقام تېكىستلىرىنىڭ تەرجىمىسىنى تەكشۈرۈپ بېكىتىش گۇرۇپپىسى، 3 مۇتەخەسسىستىن تەركىب تاپقان لاتىنچە ترانسكرىپسىيىنى ئىشلەش گۇرۇپپىسى، 3 پروفېسسور، 1 ـ دەرىجىلىك كومپوزىتوردىن تەركىب تاپقان 12 مۇقام نوتىسىنى تەكشۈرۈپ بېكىتىش گۇرۇپپىسى قاتارلىق 7 كەسپىي گۇرۇپپا تەسىس قىلىش ئارقىلىق 11 ماددىلىق ئىلمىي قائىدە ـ پرىنسىپلار ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى. بۇ 7 گۇرۇپپىدىكى ئالىم، مۇتەخەسسىسلەر ۋە بېيجىڭدىكى بىر قىسىم مۇناسىۋەتلىك كىشىلەر بولۇپ، جەمئىي 69 ھەر مىللەت ئالىم، مۇتەخەسسىس بۇ كىتابنى ئىشلەشكە قاتناشتى. بۇ ئالىم، مۇتەخەسسىسلەر 1995 ـ يىلى 5 ـ ئايدىن 1996 ـ يىلى 6 ـ ئايغىچە ئۈرۈمچىدە 11 ئاي جاپالىق ئىشلىدى. خىزمەتنىڭ قەدەم باسقۇچلۇق، ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشى، خەلقئارا ترانسكرىپسىيىنى

مۇكەممەل ئىشلەش، خەلقئارالىق نوتىنى ئۆلچەملىك، سۈپەتلىك چىقىرىش ئۈچۈن، بېيجىڭدىكى مۇناسىۋەتلىك ئالىم، مۇتەخەسسىسلەر بىلەن ماسلىشىش، جۇڭگو قامۇس نەشرىياتىنىڭ نەشر تەلىپىگە ماسلىشىش ئۈچۈن، يۇقىرىدا ئېيتىلغان 7 گۇرۇپپىدىكى 20 يولداش ئىلگىرى ـ ئاخىر بېيجىڭدا 1996 ـ يىلى 5 ـ ئايدىن 1997ـ يىلى 2 ـ ئايغىچە 9 ئاي جاپالىق ئىشلەپ ئىلمىي جەھەتتىن ئەجىر سىڭدۈردى.

بۇ قېتىمقى تەتقىقاتىمىزدىكى ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدىغان بىر تەرەپ شۇكى، ئالىم، مۇتەخەسسىسلەرنىڭ تىرىشچانلىقى ئارقىسىدا 12 مۇقامنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولغان ئابى چەشمە، ئىشرەت ئەنگىز، مۇستەھزادلار قايتا يورۇقلۇققا چىقتى. 18 ـ ئەسىردە ئۆتكەن خوتەنلىك مۇقامشۇناس ئىسمەتۇللا ئىبنى مۆجىزە ئۆزىنىڭ «تارىخىي مۇسقىيۇن» ناملىق ئەسىرىدە مۇقامئۇستازى ئامانىيساخاننىڭ «ئىشرەت ئەنگىز مۇقامى» قاتارلىق 4 ئەسىرىنىڭ بارلىقىنى ئالاھىدە تىلغا ئالغان.

ئۇيغۇر 12 مۇقامىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولغان «ئىشرەت ئەنگىز»، «ئابى چەشمە»، «مۇستەھزاد» تىن ئىبارەت بۇ 3 ئەنگىۋشتەر 1950 ـ يىلى 3 ـ ئايدا مەركىزىي كومىتېت تەشۋىقات بۆلۈمى، دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى قاتارلىق ئورۇنلار تەشكىللىگەن گۇرۇپپا قەشقەرگە بارغاندا ئاتاقلىق مۇقام پېشۋالىرىدىن قاسىم ئاخۇن ئەلنەغمىچى، روزى ئاخۇن قالۇنچىنىڭ ئېيتىپ بېرىشى بىلەن سىنىغا ئېلىنغان. كېيىنكى چاغلاردا قەشقەردە روزى ئاخۇن قالۇنچىنىڭ قاتنىشىشى بىلەن ئۈنئالغۇ لىنتىسىغا كۆچۈرۈلگەن. 1952 ـ يىلى بۇ 3 ئەنگىۋشتەر ئىچىدىكى 7 ئاھاڭنى شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى مەركىزىي خەلق رادىئو ئىستانسىسىدىن كۆچۈرۈپ كېلىپ، ئارخىپتا ساقلىغان. مۇشۇ پاكىت بويىچە ئابى چەشمە، ئىشرەت ئەنگىز، مۇستەھزادنى قەدىمكىي تېكىستلەر ئاساسىدا 13 ـ كىتاب قىلىپ چىقاردۇق.

بۇ قېتىم جۇڭگو قامۇس نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان 13 توم كىتاب 12 مۇقامنىڭ ئەسلىگە ۋارسلىق قىلىنغان تولۇق تېكىستى، يەشمىسى، ئىزاھاتى، لۇغىتى، لاتىنچە ترانسكرىپسىيىسى، تارىخىي مەنبەسى، ۋەزىن كۆرسەتكۈچى، شېئىرلىرى كىرگۈزۈلگەن 44 شائىرنىڭ تەرجىمىھالى، خەلقئارالىق نوتا، نوتا ئاھاڭ كۆرسەتكۈچى جەدۋىلى، تېكىستلەرنىڭ خەنزۇچە تەرجىمىسى قاتارلىق 11 تۈرلۈك ئىلمىي سىستېمىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، زامانىمىزغا جاۋاب بېرەلىگۈدەك بىر قەدەر ئىلمىي ئاساسقا ئىگە كىتاب بولۇپ چىقتى. بۇ كىتاب ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە، لاتىنچە، ئىنگلىزچە يېزىقلاردا ئىشلەندى. بۇنىڭدا تېكىستلەرنىڭ ئەسلىگە سادىق بولۇش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، تۇردى ئاخۇن ئاكا، روزى تەمبۇر، قاسىم ئاخۇن ئەلنەغمە، روزى ئاخۇن قالۇنچىلارنىڭ تارىختىن بىزگە ئەكەلگەن تېكىستلىرىنى ناۋائى، لۇتپى، زەلىلى قاتارلىق كلاسسىكلارنىڭ 57 پارچە قولىيازمىسىنى سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق 3292 مىسرا شېئىر تاللاپ كىرگۈزۈلدى. 1960ـ يىلى مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان 12 مۇقامنىڭ نوتا كىتابىغا 240 ئاھاڭ نوتىسى كىرگۈزۈلگەن بولسا، بۇ قېتىم ئىشلەنگەن 13 توم كىتابىمىزغا 376 ئاھاڭ نوتىسى كىرگۈزۈلدى. 136 ئاھاڭ يېڭىدىن قوشۇلۇپ، 12 مۇقام ئاھاڭ نوتىسى بىر قەدەر تولۇقلاندى.

بۇ قېتىم 13 توم كىتابنىڭ ئىشلىنىشى جەريانىدا يولداش تۆمۈر داۋامەت مەيلى بېيجىڭدا بولسۇن، مەيلى سىرتقا خىزمەت تەكشۈرۈشكە چىققاندا بولسۇن، كۆڭۈل بۆلۈپ تەتقىقات ئىشىمىزنى سۈرۈشتۈرۈپ، ئەھۋال ئىگىلەپ، كۆزدىن كۆچۈرۈپ، يوليورۇق بېرىپ تۇردى.

بىز 15 ـ قۇرۇلتاي روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەتراپىغا زىچ ئۇيۇشۇپ، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبەرلىكىدە ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداپ، ھەر مىللەت ئالىملىرى بىلەن تېخىمۇ زىچ ئىتتىپاقلىشىپ، ئىلمىي تەتقىقات خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇپ، تارىخىي، رېئال ئەھمىيەتكە ۋە ئىلمىي قىممەتكە ئىگە ئېسىل ئەسەرلەرنى كۆپلەپ مەيدانغا چىقىرىپ، ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىغا، جۇڭخۇا مەدەنىيەت تارىخىغا زور تۆھپىلەرنى قوشۇپ، پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىگە شان ـ شەرەپ كەلتۈرىمىز.

# نامرات رايونلارنىڭ دىئالېكتىكىسى

مۇھەممەت تۇداجى
(قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنىڭ دوتسېنتى)

يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىدىيىسىنى ئاساس قىلغان ھازىرقى زامان جۇڭگو پەلسەپىسى، ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ رېئاللىقىنى ئەمەلىيەتتىن چىقىپ، نۆۋەتتە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان ھەر خىل زىددىيەتلەر مۇناسىۋىتىنى توغرا ھەل قىلىش ئارقىلىق كىشىلەرگە يېڭىچە دىئالېكتىك نۇقتىئىنەزەر بېغىشلىدى. ئۇ «دەۋر روھىنىڭ جەۋھىرى... بولۇشتەك ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكى بىلەن ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىشتىن ئىبارەت تۈپكى نىشاننى كۆزلەپ ئىجتىمائىي نېگىزلىك زىددىيەتلەرنىڭ توغرا ھەل قىلىنىشىغا يېتەكچىلىك قىلدى ۋە بىر قىسىم رايونلارنىڭ ئالدىن بېيىشىغا مېتودولوگىيە جەھەتتىن ياردەم بەردى. شۇنداقلا ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە دىئالېكتىك پرىنسىپلار ئارقىلىق ئارقىدا قالغان نامرات رايونلارغا ئۆلگە يارىتىپ، ئۇلارنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ ھاللىق سەۋىيىگە يېتىشىشىغا يول ئېچىپ بەردى. ئۇلارنىڭ بۇ خىل ئالدىن بېيىش دىئالېكتىكىسىنىڭ ئاساسىي پرىنسىپ، ئۇسۇل ۋە تەجرىبە ـ ساۋاقلىرىنى ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش پرىنسىپى ئاساسىدا يەكۈنلەپ، ھىلىھەمگىچە نامراتلىقتا تۇرۇۋاتقان رايونلارنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشىنىڭ ھەرىكەت دىئالېكتىكىسىنى تېپىپ چىقىش بەكمۇ زۆرۈر. يەنى مۇنداقچە ئېيتقاندا، باي رايونلارنىڭ ئۆزگىچە بېيىش دىئالېكتىكىسى بولغىنىغا ئوخشاش، نامرات رايونلارنىڭمۇ ئۆزىگە خاس بېيىش دىئالېكتىكىسى بولۇشى كېرەك، ئەلۋەتتە.

دىئالېكتىكا — شەيئىلەرنىڭ ئومۇمىي باغلىنىشى بىلەن مەڭگۈلۈك تەرەققىياتىنى ئاساسىي تەتقىقات ئوبيېكتى قىلىپ، نامرات رايونلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق شەيئى، ئەتراپىدىكى باشقا شەيئىلەر بىلەن گىرەلەشمە ھالەتتە باغلانغان، چەكسىز تەرەققىياتتىن تەركىب تاپقان جەريانلارنىڭ توپلىمىسى، دەپ قارايدۇ. بۇ نامرات رايونلارنىڭ ئەتراپىدىكى مۇھىتتىن ئايرىلغان باغلىنىشىنى، يەككە ـ يېگانە تاسادىپىيلىقلارنىڭ يىغىندىسى بولماستىن، بەلكى تاشقى مۇھىت بىلەن زىچ باغلانغان مەملىكەتتىن ئىبارەت ئومۇمىي گەۋدىنىڭ ئاجرالماس تەركىبىي قىسمى ئىكەنلىكىنى ھەمدە ئومۇمىي گەۋدە بىلەن بىرگە مەڭگۈلۈك تەرەققىيات ئىچىدە تۇرۇۋاتقانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. قەدىمكىلەرنىڭ «پۇت ـ پۇتقا ھەمرا، قول ـ قولغا، نان ـ يۈز قولدىن ئۆتۈپ ئاندىن ئېغىزغا كىرىدۇ...» دېگىنىدەك، نامرات رايونلار ھەرگىزمۇ تەنھا، يۆلەنچۈكسىز ئەمەس. ئۇلارنىڭ ئالدى بىلەن ئۆزلىرىنى يالغۇز ھېس قىلماسلىقىنى، ئۇلۇغۋار نىشانغا يېتىشتە قىلچىمۇ ئىككىلەنمەي، ئۈمىدسىزلەنمەي، قەتئىي غەيرەتكە كېلىشىنىڭ زۆرۈرلىكىنى، ھەمدە پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ ئۇلارغا يېقىندىن يار ـ يۆلەكتە بولىدىغانلىقىنى قەيت قىلىدۇ. بۇ مەسىلىدە 1997 ـ يىلى ئەتىيازدا، ۋەتەن دىيارىدىكى بارلىق خەلقنىڭ پەيزاۋات ناھىيىسىدە كۆرۈلگەن تەبىئىي ئاپەتكە نىسبەتەن ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىكى قوللاپ ـ قۇۋۋەتلەشلىرى، ھەممە كىشىلەرنىڭ ئۆزئارا باغلىنىشلىقلىقىنى ئەمەلىيەتتە دەلىللەپ، راھەت ـ پاراغەتتە، جاپا ـ مۇشەققەتتە بىرگە بولۇشتەك ئالىيجاناب خىسلەتنى ئەمەلىيەتتە نامايەن قىلدى.

ئۇزۇننىڭ ئارىسىدا قىسقا، قىسقىنىڭ ئارىسىدا ئۇزۇن، ئىككى تاغنىڭ ئارىسىدا بىر جىرا، ئىككى دولقۇن ئارىسىدا بىر پەسىيىش بولغىنىدەك، ئىجتىمائىي تەرەققىياتتىمۇ رايونلار بىلەن رايونلار، ئادەملەر بىلەن ئادەملەر ئىچىدىمۇ تەكشىسىزلىك، باي ـ كەمبەغەللىك، ھاللىق ـ نامراتلىق پەرقلىرى بولىدۇ.

بۇ خىل پەرق مەڭگۈ تۈگىمەيدۇ. بىراق، پەرق، نامراتلىق ھەرگىزمۇ مەڭگۈ ئۆزگەرمەس تەقدىرى قىسمەتتىن كىشىلەرنىڭ پېشانىسىگە، يەر - زېمىنغا پۈتۈلگەن بولماستىن، بەلكى تۈرلۈك زىددىيەتلەر تۈپەيلىدىن شەكىللەنگەن بولۇپ، بۇ زىددىيەتلەرنى ھەل قىلىش بەدىلىگە ئۇلار يېڭىلىنىپ، ئۆزگىرىپ، تۈگىتىلىپ بارىدۇ. مۇنداق ئۆزگىرىشتە، نامرات رايونلارنىڭ ئۆزى (ئىچكى زىددىيەت) نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشنىڭ، تەرەققىياتنىڭ ئاساسى، نامرات رايونلارنىڭ سىرت بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى (تاشقى زىددىيەت) نامرات رايونلار تەرەققىياتىنىڭ شەرت - شارائىتى ھېسابلىنىدۇ. مۇنداق ئىچكى - تاشقى زىددىيەتنىڭ دىئالېكتىك مۇناسىۋىتى بىزدىن نامرات رايونلارنىڭ ئىچكى - تاشقى باغلىنىشلىقىنى ۋە ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت مۇناسىۋىتىنى ئېنىق پەرقلەندۈرۈپ، نامراتلىقتا قېلىشنىڭ ئاساسىي سەۋەبىنى، ئىلگىرىلەش بىلەن چېكىنىشنىڭ تۈرلۈك تەجرىبە - ساۋاقلىرىنى ئىچكى زىددىيەت ھەرىكىتىدىن ئىزدەشنىڭ زۆرۈرلىكىنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ يەردە شۇنىسى ئېنىقكى، نامرات رايوننى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەر قانداق بىر ئورۇننىڭ تەرەققىياتى، شۇ جاينىڭ ئىجتىمائىي نىگىزلىك زىددىيەتلەرنىڭ دىئالېكتىك ھەرىكىتىدىن، ئىسلاھات شارائىتىدا ئۇلارنىڭ دىئالېكتىك ئۇسۇلدا توغرا ھەل قىلىنىشىدىن، ئۆز ئورنىدىكى ئەمگەكچى خەلقنىڭ تىرىشىپ جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىشىدىن ئايرىلالمايدۇ. نامرات رايونلار ئۆز تەۋەسىدىكى مۇرەككەپ زىددىيەتلەر ھەرىكىتىنى توغرا ھەل قىلىش ئۈچۈن يەرلىك ئاممىغا تايىنىپ ئاممىغا تولۇق ئىشىنىشى، ئۈنۈملۈك تەدبىرلەر ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ئاكتىپلىقىنى، ئىجادچانلىقىنى تولۇق قوزغاپ، ئورتاق بېيىشكە قاراپ ئاتلىنىشتەك ئىچكى ھاياتىي كۈچىنى ئۆستۈرۈشى، مۇستەقىل ئىش كۆرۈشتەك خوجايىنلىق ئورنىنى تىكلەپ، ئىچكى سەۋەبنىڭ شەيئىلەر تەرەققىياتىدا ئاساس بولۇشتەك مۇھىم رولىنى جارى قىلدۇرۇشى لازىم.

ئىچكى سەۋەبنىڭ ئاساس بولۇشتەك مۇھىم رولىنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرگۈچى دىئالېكتىكا يەنە تاشقى سەۋەبنىڭ رولىنىمۇ ئىنكار قىلمايدۇ. نامرات رايونلارنىڭ رېئاللىق مەۋجۇدىيىتى بىلەن زىچ باغلىنىشلىق بولغان، ئۇلارنىڭ تەرەققىياتىغا بەلگىلىك تەسىر كۆرسىتىدىغان بارلىق سىرتقى ئامىللارنىڭ يىغىندىسى - نامرات رايونلارنىڭ تاشقى سەۋەبى ياكى تاشقى شەرت - شارائىتى دېيىلىدۇ. بۇ خىل تاشقى سەۋەبنى ئىچكى سەۋەبكە ماسلاشتۇرۇپ كۆرۈلگەن زىددىيەتلىك مەسىلىلەرنى ۋاقتىدا ھەل قىلىپ مېڭىش نامرات رايونلارنىڭ تەرەققىياتىدا مۇھىم رول ئوينايدۇ. مەسىلەن، دۆلەتنىڭ نامرات رايونلار ئىقتىسادىنى يۈكسەلدۈرۈش توغرىسىدىكى كۈچلۈك تەدبىرى؛ دېھقانلارنىڭ سېلىقىنى يەڭگىللىتىش ۋە بېرىش بىلەن ئېلىش ئوتتۇرىسىدىكى دىئالېكتىك مۇناسىۋەتنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش جەھەتتىكى قائىدە - مىزانلىرى؛ مەبلەغ سېلىش، ماددىي ئەشيالارنى ئاجرىتىش، پەن - تېخنىكا ۋە ئىختىساسلىق خادىملارنى ئەۋەتىش تەرەپلىرىدىكى ئەمەلىي ياردەملىرى ... قاتارلىقلار نامرات رايونلارنىڭ تاشقى ئەۋزەل شارائىتىدۇر. نامرات رايونلار بۇ خىل شارائىتتىن، سىرتنىڭ ياردىمىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىشى لازىم. ئۇنىڭدىن باشقا دۆلەتمۇ يەنە ھاللىق رايونلار بىلەن نامرات رايونلار ئوتتۇرىسىدىكى ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتكە قارىتا ماكرولۇق تەڭشەشنى كۈچەيتىپ، ساناقەتنىڭ جايلىشىش تەرتىپىنى تەڭشىشى، خام ئەشيالارنى پىششىقلاپ ئىشلەش ساناقىتى ۋە ئەمگەك سىڭدۈرۈش كۈچلۈك بولغان بەزى كەسىپلەرنى نامرات رايونلارغا يۆتكەپ، نامرات - رايونلاردىكى ئىش كۈتۈپ تۇرغان ياشلارنىڭ ۋە دېھقان پەرزەنتلىرىنىڭ پەن - تېخنىكا ئىگىلىشىگە ياردەم بېرىشى، ئۇلارنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش سالمىقىنى كۆپەيتىشى لازىم. بۇلار نامرات رايونلارنىڭ ئۆز - ئۆزىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشكە ياردەم بېرىدۇ.

تاشقى شارائىتنىڭ ئىچكى شارائىتقا بولغان ماسلىشىشچانلىقىنى كۈچەيتىشتە، كىشىلەر تەرىپىدىن ئۇنتۇلغان يەنە بىر مۇھىم ئامىل بار. ئۇ بولسىمۇ قەدىمكىلەرنىڭ: «دەرەخ مىڭ گەز ئۆسسىمۇ يىلتىزىنى ئۇنتۇتماس» دېگەن ئاقىلانە سۆزىنىڭ ھەقىقىي قىممىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش مەسىلىسىدۇر. ئەينى ۋاقىتتا

خىزمەت ئېھتىياجى بىلەن سىرتقا ۋە باشقا شەھەرلەرگە چىقىپ كەتكەن ئىختىساسلىق خادىملار، كادىرلار ۋە ئادەتتىكى كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ «كىندىك قېنى تۆكۈلگەن» ئانا يۇرتىنى ئۇنتۇپ قالماسلىقى، چوڭ شەھەرلەردىكى باياشات تۇرمۇش بىلەنلا بولۇپ كېتىپ، چەت يېزا ـ قىشلاقلاردىكى ئاۋام خەلقنى ئېسىدىن چىقىرىپ قويماسلىقى؛ نامرات رايونلارغا يار ـ يۆلەكتە بولۇشتىن ئىبارەت مۇقەددەس بۇرچىنى ئورۇنلىغاندا، ماددىي جەھەتتىن ياردەم بېرىشكە ئېشىنالمىغان تەقدىردىمۇ، روھىي جەھەتتىن بولسىمۇ ھېسداشلىق بىلدۈرۈشلىرى ھەمدە بۇ خىل ياردەمنى، «ھېسداشلىق»نى بىردەملىك قىزغىنلىقىغا تايىنىپلا ھەش ـ پەش دېگىچە ئۈزۈپ قويماستىن، قەدەم باسقۇچلۇق، پىلانلىق ئاساستا ئۇزاق مۇددەتكىچە داۋاملاشتۇرۇشى لازىم. مۇشۇنداق ھەم ئورتاق ماسلىشىپ كۈچلۈك ئەۋزەل شارائىت بەرپا قىلغاندا، ئىچكى ـ تاشقى سەۋەبلەر ۋە ئۇلارنى تەشكىل قىلغۇچى ھەر قايسى ئامىللار بىر ـ بىرىگە بېقىنىپ، بىر ـ بىرىنى چەكلەپ، بىر ـ بىرىگە تەسىر كۆرسىتىپ ئۆزئارا ماس قەدەمدە زىچ بىرلىشىپ ھەرىكەت قىلغاندىلا، ئاندىن «تۇخۇمدىن چۈجە چىقىدۇ». ئىچكى سەۋەب ئاساس بولۇش، تاشقى سەۋەب شەرت بولۇشلۇق دىئالېكتىك مۇناسىۋەتنى توغرا بىر تەرەپ قىلغاندىلا، ئاندىن مۇۋاپپەقىيەت قازىنىپ بېيىش يولىنى تاپقىلى بولىدۇ.

«پاقىنىڭ كېرىلگىنى يىلانغا ئوخشىماس، مومايىنىڭ ياسانغىنى جۇۋانغا، ئاق كۆرۈنگەننىڭ ھەممىسى ئاق ئەمەس. شۇڭا، كېسەلگە قاراپ دورا بەر، سۇپىغا قاراپ بورا، ناننى تونۇرغا ياق، ئاتنى ئوقۇردا باق، …» دېگەن ماقال ـ تەمسىللەر بىزگە ھەر بىر زىددىيەتلىك مەسىلىلەرنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە ئىكەنلىكىنى، مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتا ئوبيېكتىپ قانۇنىيەتكە ئاساسەن شۇ مەسىلىنىڭ ئۆزىنىڭ ئالاھىدىلىكى بويىچە تەھلىل قىلىپ ئوخشىمىغان ئۇسۇل بويىچە ھەل قىلىشنى چۈشەندۈرىدۇ. ھالبۇكى رايونلارنىڭ ئالدىن بېيىش دىئالېكتىكىسىنى ئەينەن كۆچۈرۈپ كېلىپ ئۇنى نامرات رايونلارنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشىنىڭ ئەندىزىسى قىلىۋېلىشقا بولمايدۇ. پەقەت شۇ ئورۇننىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن دىئاگنوز قويۇپ، كېسەلگە قاراپ دورا بەرگەندە، ئاندىن «نامراتلىق كېسىلى»نى داۋالىغىلى ۋە تەرەققىياتتىن سۆز ئاچقىلى بولىدۇ. شىنجاڭدىكى نامرات ئورۇنلارنىڭ كۆپىنچىسى چەت يېزا ـ قىشلارلارغا جايلاشقان. تاغلىقلار كۆپ، تېرىلغۇ يەرلەر قىس، سۇ كەمچىل، ئانئورگانىك توپا ۋە شورلۇقلار ئەتراپىنى قاپلاپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە قاتناش قولايسىز، ئۇچۇر راۋان ئەمەس، دېھقانلارنىڭ تېخنىكا ئاساسى ئاجىز، تاۋار ۋە بازار كۆز قارىشى كەمچىل، ئۇلار مۇنداق ئەھۋالدا، ئومۇمىيۈزلۈك، كەڭ كۆلەمدە ئىجتىمائىيلاشقان تاۋار ۋە بازار ئىگىلىكى تەرەققىياتى بىلەن ماسلىشالمايدۇ. پايدا ـ زىيانغا ئۆزى ئىگە بولىدىغان دۇنياۋى خاراكتېرلىك مىللەتلەر ئارا، رايونلار ئارا ۋە ئادەملەر ئارا بولىۋاتقان بۈگۈنكى كەسكىن رىقابەتتە، زىددىيەتنىڭ يۇقىرىقى ئالاھىدىلىكى، دېھقانلىرىمىزنى پاسسىپ ۋە پايدىسىز ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويىدۇ. بىراق، ھەر قانداق شەيئىنىڭ ئىككى ياقلىمىلىقى بولغىنىدەك نامرات رايونلاردىكى پاسسىپ شارائىتنىڭمۇ پايدىلىق تەرىپى، پاسسىپ شارائىتنىڭ ئاكتىپ شارائىتقا ئۆزگىرىدىغان ئۈستۈنلۈك تەرىپى بار. ئۇلار ئاساسەن يەر ئاستى ـ ئۈستى تەبىئىي بايلىق مەنبەلىرى، ئۇلارنى ئېچىپ ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش، ئارتۇق ئەمگەك كۈچلىرىگە تايىنىپ خام ماتېرىياللارنى پىششىقلاپ ئىشلەش، تاۋار ئىشلەپچىقىرىش ئىچىقلىرىنى كۆپەيتىپ ھىلىھەمگىچە تاۋارلاشتۇرۇلمىغان يەرلىك مەھسۇلاتلارنى شۇنداقلا بەلگىلىك يوشۇرۇن قىممىتى بولغان ئۆسۈملۈكلەرنى، ھەر خىل بۇيۇملارنى ئېچىپ، قېزىپ بازارغا سېلىش، ئۇلارنى تاۋارلاشتۇرۇپ بازار ئىگىلىكىنىڭ رولىنى تېخىمۇ جارى قىلدۇرۇش …قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. ئۆتكەنكى تەجرىبە ساۋاقلار يەنى تەبىئىي بايلىق مەنبەئىدىن ئايرىلغان ئىقتىسادىي ئىگىلىكنىڭ ھاياتىي كۈچىنىڭ بولمايدىغانلىقىنى، بازار ئېھتىياجىدىن ئايرىلغان دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئىستىقبالىنىڭ يوقلۇقىنى، رىقابەت كۆز قارىشى كەمچىل،

كىشىلەرنىڭ بازار ئىگىلىكىدە ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىيەلمەيدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بەردى. بىز بۇ تەجرىبە - ساۋاقلارنى ئەستايىدىل يەكۈنلەپ، ئۆز رايونىمىزنىڭ زىددىيەت ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، تەبىئىي بايلىق مول بولۇشتەك ئەۋزەل شارائىتتىن پايدىلىنىپ، نىشاننى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئەلا سۈپەتلىك تاۋارلارنى كۆپلەپ ئىشلەپچىقىرىش ئارقىلىق بازار رىقابىتىدە ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىشىمىز لازىم.

نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش مەسىلىسى تېگى - تەكتىدىن ئېيتقاندا، دېھقانلارنىڭ كىرىم - چىقىم زىددىيىتى بىلەن باغلىنىشلىق مەسىلە. يېزىلىق ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ، كەنت رەھبەرلىكىنىڭ ۋە ھەر بىر ئائىلىلەرنىڭ چىقىمى بىلەن كىرىمى ئوتتۇرىسىدىكى دىئالېكتىك مۇناسىۋەتنى ئىلمىي ئۇسۇل بىلەن توغرا، مۇۋاپىق ھەل قىلىش بەكمۇ مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. ھېلىمۇ ئېسىمدە، قايسى بىر يازغۇچى ئەينى ۋاقىتتا «بەختنىڭ ئوڭ قولى مېھنەت، سول قولى تېجەش» دەپ تولىمۇ توغرا ئېيتقان. بۇ قەدىمكىلەرنىڭ ئەزەلدىن جاپالىق ئىشلەپ كىرىم توپلاپ چىقىمنى ئازايتىش ئارقىلىق بەختلىك تۇرمۇشنى قولغا كەلتۈرۈشكە ئىنتىلگەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. شۇڭا ئاددىي - ساددا ياشاشنى شەرەپ دەپ بىلىش، سۆلەتۋازلىق - ھەشەمەتچىلىكنى نومۇس بىلىش، تىرىشچانلىق - ئىقتىسادچانلىق بىلەن ئائىلە باشقۇرۇشنى ئادەتكە ئايلاندۇرۇش، ئامالىنىڭ بېرىچە كىرىمنى كۆپەيتىپ، چىقىمنى ئازايتىش، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشنىڭ يەنە بىر مۇھىم تەرىپى، تىرىشچانلىق - ئىقتىسادچانلىق بىلەن توپلىغان كىرىم بىلەن مەركەزنىڭ نامرات رايونلارغا بەرگەن ياردەم مەبلىغىدىن پايدىلىنىپ تېرىش، بېقىش ۋە پىششىقلاپ ئىشلەشتىن ئىبارەت ئۈچ تەرەپنى گەۋدە قىلغان بىر يۈرۈش تەكرار ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسىنى شەكىللەندۈرگەندە، ئاندىن دېھقانلارنىڭ بېيىشتا يول تاپالماسلىقتەك قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلغىلى بولىدۇ.

نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش مەسىلىسى كەڭ دائىرىلىك ماددىي، مەنىۋى ھەم ئىجتىمائىي تەرەققىياتقا مۇناسىۋەتلىك مۇرەككەپ ئىش. نامرات رايونلارنىڭ ھازىرقى تەييار ئىقتىسادىي كۈچى بىلەن ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى بىر يولىلا بىراقلا ھەل قىلىشقا، تېزدىن باياشاتلىققا ئېرىشىشكە ئىمكانىيەت يار بەرمەيدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن ماتېرىيالىستىك دىئالېكتىكىنىڭ ئىككى نۇقتىچىلىق ۋە مۇھىم نۇقتىچىلىق كۆز قارىشىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، ماۋزېدۇڭنىڭ سۆزى بويىچە «زىددىيەتلەرنى ئۆچرەتكە تىزىپ»، ئۇلارنى ئاساسىي ۋە ئاساسىي بولمىغان زىددىيەتلەرگە ئايرىپ، كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ بىر - بىرلەپ ھەل قىلىش لازىم. چۈنكى، ئالدى بىلەن ئاساسىي زىددىيەت ھەل قىلىنسا، ئاندىن باشقا زىددىيەتلەرنىڭ ھەل قىلىنىشىغا يول ئېچىلىدۇ ۋە قولايلىق شارائىت يارىتىلىدۇ». نامرات رايونلارنىڭ ھازىرقى زىددىيەت ئالاھىدىلىكىدىن قارىغاندا، دېھقانلارنىڭ پەن - تېخنىكا سەۋىيىسىنىڭ ئاجىزلىقى، ئەمگەك ساپاسىنىڭ تۆۋەنلىكى، ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىنىڭ قالاقلىقى - نامرات رايونلار ئىقتىسادىنىڭ تۆۋەن بولۇشىدىكى ئاساسىي زىددىيەتتۇر. ئىلگىرى بۇ رايونلار تەبىئىي ئىگىلىك ئىدىيىسىنىڭ تەسىرىگە كۆپ ئۇچرىغانلىقتىن، ئىشلەپچىقىرىش شەكلىنىڭ ئاددىيلىقى، تاۋار ۋە بازار ئىگىلىكى كۆز قارىشىنىڭ كەمچىللىكى، رىقابەت ئېڭىنىڭ تۆۋەنلىكى، شۈكرى- قانائەت ئىدىيىسىنىڭ قويۇقلۇقى، پەن- مەدەنىيەت سەۋىيىسى ۋە مائارىپىنىڭ ئاجىزلىقى ...... قاتارلىقلار بۇ رايوندىكى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا توسالغۇ بولغۇچى ئاساسىي ئامىللار، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ھەممىدىن مۇھىم ئورۇندا تۇرىدىغىنى يەنىلا ئادەم مەسىلىسىدىن ئىبارەت. بۇ بىزگە ئاساسىي زىددىيەتنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن پەن- تېخنىكىغا، مائارىپقا تايىنىش ئارقىلىق ئادەمنىڭ ساپاسىنى ۋە مەلىكىلىك ئەمگەك دەرىجىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشنى، ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرىنى ياخشىلاپ ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى ئۆستۈرۈشنىڭ زۆرۈرلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ.

ھازىرقى دەۋر ئىسلاھات دەۋرى. ئىسلاھات سوتسىيالىستىك تۈزۈمنىڭ ئۆز - ئۆزىنى

مۇكەممەللەشتۈرۈشى. ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشتىن مەقسەت: ئۈستۈنلۈكنى جارى قىلىپ، نۇقسانلارنى تۈگىتىپ، چوڭ يۈرەكلىك بىلەن يېڭىلىق يارىتىپ، كونا تۈزۈلمىلەرنى ئىسلاھ قىلىپ، يېڭى تۈزۈلمىلەرنى ئورنىتىپ، سوتسىيالىستىك يېزا ـ بازار ھاكىمىيەت قۇرۇلمىسىنى مۇستەھكەملەپ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشتىن ئىبارەت. مۇنداق چوڭ ھەرىكەتتە ئوتتۇرىغا چىقىۋاتقان يېڭى ـ كونا شەيئىلەر دىئالېكتىك مۇناسىۋەتنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش مەسىلىسى ئىسلاھاتنى ياخشى ئېلىپ بېرىش ـ بارالماسلىق بىلەن مۇناسىۋەتلىك چوڭ ئىش. ئىسلاھاتتا ئوتتۇرىغا چىققان يېڭى شەيئىلەرگە ئىلمىي پوزىتسىيە تۇتۇپ، ئۇنىڭ ئازغىنە نۇقسانلىرىنى، ئەنئەنىۋى كونا ئادەتلەر بىلەن ئوخشىمايدىغان تەرىپىنىلا كۆرۈپ، پۈتۈنلەي ئىنكار قىلىۋەتمەستىن، بەلكى تەجرىبە ـ ساۋاقلارنى ئۈزلۈكسىز يەكۈنلەش ئاساسىدا، ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش لازىم. يېڭى ـ كونا مۇناسىۋەتتە، ئومۇملۇق بىلەن ئايرىملىقنىڭ دىئالېكتىك باغلىنىشىغا نىسبەتەن قانداق مۇئامىلە قىلىش مەسىلىسىمۇ مەۋجۇت. بۇ ئىككىسىنىڭ مۇناسىۋەتتە ئومۇملۇق بىلەن ئايرىملىق ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى ۋە ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى بىرلىكنى ئېنىق تونۇپ، ئۇششاق، پارچە پۇرات ئىشلارغا ئېسىلىۋالماي، ئىسلاھاتنىڭ ئومۇمىي جەھەتتىن، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرغان ـ راۋاجلاندۇرمىغانلىقىغا، خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرگەن ـ ئۆستۈرمىگەنلىكىگە قاراش لازىم. خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنىڭ ياخشىلىنىشىمۇ ئومۇمىي دائىرىلىك ئىش. ئۇنى ھەرگىزمۇ تار دائىرە بىلەن ياكى ئايرىم شەخسنىڭ يېيىش ـ ئىچىشى، كىيىم ـ كېچەك ۋە يېمەك ـ ئىچمەكلىكى بىلەن سېلىشتۇرۇشقا، «ئۇنىڭ قاچىسىدا نېمە بولسا، مېنىڭ قاچامدىمۇ شۇ بولۇشى كېرەك، قازىنىمىزمۇ ماي، چۆمۈچىمىزمۇ ماي بولسا بولاتتى...» دېيىلسە بولمايدۇ. بۇ دىئالېكتىكىغا ئۇيغۇن ئەمەس. تۇرمۇش ياخشىلاندى دېگەنلىك، كىيىم ـ كېچەكتە، يېمەك ـ ئىچمەكتە ھەممە ئادەم باپباراۋەر بولىدۇ، دېگەنلىك ئەمەس، ئەلۋەتتە. دۇنيادا مۇتلەق باراۋەرلىك بولمىغىنىدەك، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ ھاللىق سەۋىيىگە يەتكەندىمۇ، ھەتتا «كوممۇنىزم جەمئىيىتى»گە بارغاندىمۇ، كىشىلەرنىڭ ئۈستى ـ بېشىنىڭ، قاچىسىدىكى تامىقىنىڭ ئوپمۇ ئوخشاش بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. مۇنداق دىئالېكتىك قانۇنىيەت بىلەن ھېسابلاشماي، ئوبيېكتىپ ئەمەلىيەتنى نەزەرگە ئالماي، باشقىلار بىلەن ئۆزەڭگۈ سوقۇشتۇرۇپ، تېز بېيىپ «ئالتۇن تاۋاق»تا چاي ئىچىشكە ئالدىراش؛ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشنىڭ ئۇزاق ـ مۇددەتلىك، جاپا ـ مۇشەققەتلىكلىكىگە سەل قاراش؛ ئازراق قىيىنچىلىققا يولۇققاندا جىددىيلىشىپ نېمە قىلارنى بىلمەسلىك ياكى ئۈمىدسىزلىنىپ بوشىشىپ قېلىش؛ ھەتتا ئىسلاھاتتىن گۇمانلىنىپ باشقىلاردىن ئۆگىنىش ... قاتارلىقلار نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش ھەرىكىتى جەريانىدىكى «ئولڭ» ياكى «سول» ئاغمىچىلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

دېمەك، ئىسلاھات سوتسىيالىزمنىڭ تەرەققىيات تەلىپى، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشنىڭ مۇقەررەر يولى ۋە بىر ياخشى پۇرسىتى، مۇنداق مۇھىم پۇرسەتتە، شەيئىلەرنىڭ ئوبيېكتىپ تەرەققىيات قانۇنىيىتىگە، دىئالېكتىك باغلىنىش ۋە پرىنسىپلىرىغا قاتتىق ئەمەل قىلىپ، دادىللىق بىلەن كونا تۈزۈلمىلەرنى ئۆزگەرتىپ، يېڭى تۈزۈلمىلەرنى تىكلەپ ئورتاق بېيىشكە قاراپ ئىلگىرىلىگەندە، ئاندىن ياخشى نەتىجىگە ئېرىشكىلى بولىدۇ. شەيئىلەرنىڭ تەرەققىيات يۈزلىنىشى دولقۇن يېرىپ ئالغا ئىلگىرىلىگىنىدەك، ئىسلاھاتنىڭ تەرەققىيات دىئالېكتىكىسىنىڭمۇ ئوخشاشلا ئىستىقبالى پارلاق، يولى ئەگرى ـ توقاي بولىدۇ. مانا بۇ بارلىق يېڭى شەيئىلەرنىڭ، جۈملىدىن نۆۋەتتە يول ئېچىپ ئىلگىرىلەۋاتقان نامرات رايونلارنىڭ كېلەچەك ئىستىقبالى بىلەن كونكرېت يولىدىن چىقىرىلغان دىئالېكتىك يەكۈندۇر.

# جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك ئىقتىساد بەرپا قىلىش مەسىلىسى ھەققىدە قىسقىچە مۇلاھىزە

ئارسلان ئەھمەد زىيائى

يولداش جياڭ زېمىن پارتىيىنىڭ 15 - قۇرۇلتىيىدا بەرگەن دوكلاتىدا: «جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك ئىقتىسادنى بەرپا قىلىش سوتسىيالىزم شارائىتىدا بازار ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇپ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئۈزلۈكسىز ئازاد قىلىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش دېگەنلىك» دەپ كۆرسەتتى. بۇ جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك ئىقتىسادقا بېرىلگەن سۈپەت مۇئەييەنلىكى بولۇپ، بۇ مەسىلىنى تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشىنىشتە، مۇنداق بىر قانچە مۇھىم نۇقتىلارنى ئىگىلەشكە ئەھمىيەت بېرىشكە ئەرزىيدۇ:

1. جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك ئىقتىساد بەرپا قىلىشتا بارلىق كۈچ ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلىش ۋە ئۇنى ئاكتىپ راۋاجلاندۇرۇشتىن ئىبارەت نۇقتىغا قارىتىلىشى لازىم. چۈنكى بۇ سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش تارىخى يىغىنچاقلىغان قىممەتلىك تەجرىبە، شۇنداقلا ماركسىزم پېشۋالىرىنىڭ ئورتاق قارىشى. يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇ سوتسىيالىزمنىڭ ماھىيىتى ۋە ۋەزىپىسىنى ئوبيېكتىپ تۈردە روشەن ئەكس ئەتتۈرىدىغانلىقتىن، ئۇنىڭدىن قىلچە گۇمانلىنىشقا ۋە ياكى تەۋرىنىشكە بولمايدۇ. يولداش دېڭ شياۋپىڭ سوتسىيالىزمنىڭ ماھىيىتى ئۈستىدە توختالغاندا روشەن ھالدا: «ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلىش ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇش، ئېكسپىلاتاتسىيىنى يوقىتىپ ئىككى قۇتۇپقا بۆلۈنۈشنى تۈگىتىش، ئاخىرىدا ئورتاق بېيىشقا يېتىش» دەپ كۆرسەتكەنىدى. ئېلىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش تارىخى تەرەققىياتى جەريانىدا، بەزى چاغلاردا بۇ مەسىلىگە يېتەرلىك ئەھمىيەت بېرىلمىدى، ھەتتا تامامەن بىر چەتكە قايرىپ قويۇلۇپ ھەدېسىلا «سىنىپىي كۈرەشنى تۇتقا قىلىش»، «پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسى شارائىتىدا داۋاملىق ئىنقىلاب قىلىش» بىلەن بولۇپ كەتكەنلىكتىن ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراپ خەلق ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتى بىر ئىزدا توختاپ قېلىش ھەتتا چېكىنىپ كېتىشتەك يامان ئاقىۋەت كېلىپ چىقتى. خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى يۇقىرى كۆتۈرۈلمەكتە يوق، ئەكسىچە تۆۋەنلەپ كەتتى. بۇ ھادىسىلەر سوتسىيالىزمنىڭ ماھىيىتىنى بۇرمىلاپ، جامائەتچىلىكتە نامراتلىقنى سوتسىيالىزم دەپ قارايدىغان ياكى سوتسىيالىزم ئاتالغۇسىدىن بىزار بولىدىغان غەلىتە كەيپىياتنى پەيدا قىلىپ قويدى. بۇ تارىخىي تەجرىبە ساۋاقلارنى ئەستىن چىقىرىشقا بولمايدۇ. ئېلىمىز يېرىم مۇستەملىكە، يېرىم فېئوداللىق ھالەت ۋە ئۇرۇش خارابىلىرى، ۋەيرانچىلىقلاردىن سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىغا كىرگەن. يولداش دېڭ شياۋپىڭ كۆرسەتكەندەك ئاساسىمىزنىڭ ئاجىزلىقى، ئاھالىنىڭ كۆپلىكى، ئېلىمىزنىڭ ھازىرقى باسقۇچتىكى تۈپكى دۆلەت ئەھۋالى، ھەل قىلىشقا تېگىشلىك ئاساسىي زىددىيەت. ئۇنىڭ ئۈستىگە دۇنياۋى ئىقتىسادىي تەرەققىيات سۈرئىتى ۋە ھالىتىدىن قارىغاندا، ئېلىمىزنىڭ تەرەققىي قىلغان كۈچلۈك ئىقتىسادىي دۆلەتلەر بىلەن پەرقى مانا مەن دەپلا چىقىپ تۇرماقتا. پارتىيىنىڭ يېقىنقى بىر قانچە قېتىملىق قۇرۇلتايلىرىدا قايتا - قايتا تەكىتلەنگەن بارلىق كۈچنى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشقا قارىتىپ ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ ستراتېگىيىلىك نىشانىنى ئىمكانقەدەر كۆتۈرۈلدىكىدەك ئورۇنلاش ئارقىلىق دۆلەتنى قۇدرەت تاپقۇزۇپ خەلقنى بېيىتىش، دۇنياۋى ئىقتىسادىي رىقابەتكە پائال قاتنىشىپ ئېلىمىزنى دۇنيا جامائەتچىلىكىگە تونۇتۇش ۋە ئىككى خىل تۈزۈمنىڭ رىقابىتى جەريانىدا سوتسىيالىستىك ئىجتىمائىي تۈزۈمنىڭ ئەۋزەللىكىنى نامايەن قىلىش، بۇلار ئارىسالدا بولۇشقا ياكى كېچىكتۈرۈشكە بولمايدىغان تارىخىي ۋەزىپە. بۇ ۋەزىپىنى ئوڭۇشلۇق ئورۇنلاشنىڭ ئەڭ ئۈنۈملۈك يولى — تىرىشىپ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلىش ۋە ئۇنى چاپسان راۋاجلاندۇرۇشتىن ئىبارەت. بۇنداق قىلىش جەمئىيەت تارىخىي تەرەققىيات قانۇنىيەتلىرى، جۈملىدىن ئېلىمىزنىڭ سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىنىڭ تارىخىي تەرەققىيات قانۇنىيەتلىرىگە تامامەن ئۇيغۇن.

2. جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك ئىقتىساد بەرپا قىلىشتا بازار ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇپ، بازار مېخانىزملىرىنىڭ رولىدىن تولۇق پايدىلىنىش لازىم. يولداش دېڭ شياۋپىڭ بازار ۋە پىلاننىڭ ئوخشاشلا ئىقتىسادىي ۋاسىتىلەر بولۇپ، ئۇنىڭ ئىنسانىيەت جەمئىيىتىدىكى بىرەر ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي تۈزۈمگە خاس بولغان نەرسىلەر ئەمەسلىكىنى كۆرسەتكەنىدى. ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى مۇقەررەر يۇسۇندا ئۆزىنى ئۆزى قامداش ۋە يېرىم قامداشنى بەلگە قىلغان قالاق ناتۇرال ئىگىلىكتىن تەدرىجىي يۇسۇندا بازاردا ئالماشتۇرۇشنى ئاساسىي بەلگە قىلغان تاۋار ئىگىلىكىگە ئۆتىدۇ. شۇنداقلا ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ راۋاجلىنىشىنىڭ تۈرتكىسىدە تاۋار ئىگىلىكىنىڭ يۇقىرى تەرەققىيات باسقۇچى بولغان بازار ئىگىلىكىگە ئۆتىدۇ. بۇ ئوبيېكتىپ مۇقەررەر يۈزلىنىش بولۇپ، ئۇنىڭغا سۈنئىي هالدا توسالغۇلۇق قىلىشقا ياكى سۇبيېكتىپ ئارزۇغا تايىنىپ ئۆز مەيلىچە ئۆزگەرتىشكە بولمايدۇ. بۇ نۇقتا پۈتكۈل جامائەتچىلىككە ئايان، ئۇنىڭ ئۈستىگە هازىرقى زامان بازار ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىيات ئەمەلىيىتى شۇنى ئىسپاتلىدىكى، بازار ۋە بازار مېخانىزملىرىنىڭ ئىجتىمائىي بايلىقلارنى مۇۋاپىق سەرەمجانلاشتۇرۇش، خەلق ئىگىلىكى تەرەققىياتىنى ئالغا سىلجىتىپ پۈتكۈل ئىقتىسادىي تۇرمۇشنى جانلاندۇرۇشتىكى ئاكتىپ رولىنى باشقا هەر قانداق ئىقتىسادىي ۋاسىتىلەر ئۇس مگە ئالالمايدۇ. دۇنيادا بازار ئىگىلىكى تەرەققىيات يولىغا بالدۇرراق قەدەم تاشلىغان دۆلەتلەرنىڭ قۇدرەت تېپىپ كۈچلۈك ئىقتىسادىي دۆلەتلەرگە ئايلانغانلىقى، شۇنىڭدەك ئېلىمىزنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنى يولغا قويغان، بولۇپمۇ تاۋار ئىگىلىكى ۋە بازار ئىگىلىكىنى پائال راۋاجلاندۇرۇشقا كىرىشكەندىن بۇيانقى ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتتا زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەنلىكى بۇنىڭ روشەن مىسالى. ئېلىمىزنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتىن بۇرۇنقى ئىقتىسادىي خىزمەتلىرىدە، بازار مېخانىزمى، قىممەت قانۇنىيىتى قاتارلىقلارنىڭ خاراكتېرى، رولى هەمدە بازار كاتېگورىيىسى بىلەن پىلان كاتېگورىيىلىرىنىڭ دىئالېكتىك مۇناسىۋىتى ئۈستىدە قاتمال ۋە خاتا قاراش پەيدا بولغانلىقى ۋە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشتا يېتەكچىلىك قىلغانلىقى نەتىجىسىدە، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتى توسالغۇغا ئۇچراپ، ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ ئاستىلاپ كەتكەنلىكىدەك تارىخىي تەجرىبە ـ ساۋاقلارنى ئەستە تۇتۇشقا ئەرزىيدۇ. ئېلىمىزنىڭ فېئوداللىق ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي تۈزۈمىنىڭ تەرەققىيات تارىخى بىر قەدەر ئۇزۇن بولغانلىقتىن مادىي تېخنىكىۋى ئاساسى ئەزەلدىن ئاجىز، گەرچە ئازادلىقتىن كېيىن سوتسىيالىستىك ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش داۋامىدا ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى تېز سۈرئەتتە راۋاجلانغان، خەلق ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىدا غايەت زور مۇۋەپپەقىيەتلەر قولغا كەلتۈرۈلگەن بولسىمۇ، لېكىن دۇنياۋى ئوتتۇرىچە ئۆلچەم ۋە باشقا كۆرسەتكۈچلەرگە سېلىشتۇرغاندا كۆڭۈلدىكىدەك دېگىلى بولمايدۇ. خەلق ئىگىلىكىدە ناتۇرال ئىگىلىك خېلى زور سالماقنى ئىگىلەيدۇ. شۇڭا نۆۋەتتە جىددىي تۇتۇش قىلىشقا تېگىشلىك ۋەزىپە يەنىلا بازار ۋە بازار مېخانىزملىرىنىڭ ئىقتىسادىي پائالىيەتلەرنى تەڭشەش ۋە ئىجتىمائىي بايلىقلارنى مۇۋاپىق سەرەمجانلاشتۇرۇشتىكى رولىدىن ئاكتىپ پايدىلىنىپ، ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي پائالىيەتلەرنى ئىمكانقەدەر بازارلاشتۇرۇش يولىغا باشلاش ئارقىلىق سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش بولۇشى لازىم. بۇنى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك ئىقتىساد بەرپا قىلىشنىڭ ۋاسىتىسى ۋە يولى دېيىشكىمۇ بولىدۇ.

3. دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك مۇهىم نۇقتا شۇكى، بىزنىڭ بەرپا قىلىدىغىنىمىز جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك ئىقتىساد، يەنى ئېلىمىزنىڭ سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي تەرەققىيات قانۇنىيەتلىرى ۋە ئېلىمىزنىڭ تۈپكى دۆلەت ئەهۋالىدىن كېلىپ چىققان شۇنداقلا ئۇلارغا ماس كېلىدىغان جۇڭگوچە ئالاهىدىلىككە ئىگە سوتسىيالىستىك ئىقتىساد شەكلى بولۇشى لازىم. كونكرېت مەسىلىنى كونكرېت ئانالىز قىلىش — ماركسىزمنىڭ جېنى، شەيئى، هادىسە ۋە مەسىلىلەرگە دىئالېكتىك يۇسۇندا مۇئامىلە قىلىشنىڭ ئىلمىي ئۇسۇلى. دېمەكچى بولغىنىمىز جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك ئىقتىساد بەرپا قىلىشتا ئېلىمىزنىڭ تۈپكى دۆلەت ئەهۋالى ۋە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنىڭ ئۆزىگە خاس بولغان تەرەققىيات قانۇنىيەتلىرى كۆزدە تۇتۇلۇشى لازىمكى، باشقا دۆلەت ۋە رايونلارنىڭ بازار ئىگىلىكى تەرەققىيات ئەندىزىلىرىنى ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىيات تەجرىبىلىرىنى قارا ـ قويۇق ياكى ئۆز پېتىچە قوللىنىشقا بولمايدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن، مۇنداق بىر قانچە جەھەتلەردىكى نىشان ۋە ۋەزىپىلەرنى ئورۇنلاشقا

توغرا كېلىدۇ.

1) جۇڭگوچە مۇلۇكچىلىك قۇرۇلمىسى يەنى سوتسىيالىستىك ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان، كۆپ خىل مۇلۇكچىلىكتىكى ئىقتىسادىي تەركىبلەر ئورتاق راۋاجلاندۇرۇلىدىغان مۇلۇكچىلىك قۇرۇلمىسىنى شەكىللەندۇرۇش لازىم. بۇ جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك ئىقتىساد بەرپا قىلىشتا ئالدى بىلەن ھەل قىلىشقا تېگىشلىك مۇھىم تەرەپ.

ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىغا بولغان مۇلۇكچىلىك شەكىللىرى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ خاراكتېرى ۋە تەرەققىيات سەۋىيىسىگە باغلىق بولىدۇ. شۇنداقلا ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا مەلۇم تەسىر كۆرسىتىدۇ. سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىيات ھالىتى ۋە سەۋىيىسى، ئېلىمىزنىڭ ھازىرقى باسقۇچتىكى مۇلۇكچىلىك قۇرۇلمىسىدا ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان، كۆپ خىل مۇلۇكچىلىكتىكى ئىقتىسادىي تەركىبلەر ئورتاق راۋاجلاندۇرۇلىدىغان ئالاھىدە ئىقتىسادىي تۈزۈمنىڭ بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇنىڭ ئوبيېكتىپ سەۋەبلىرى شۇكى: بىرىنچى، ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىغا بولغان ئومۇمىي مۇلۇكچىلىك تۈزۈمى ۋە ئۇنىڭ كونكرېت ئىقتىسادىي شەكىللىرى ھازىرقى زامان ئىجتىمائىيلاشقان يىرىك ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىياتىغا لايىقلىشىپ، دۆلەت، كوللېكتىپ ۋە شەخسلەرنىڭ مەنپەئەت مۇناسىۋەتلىرىنى مۇۋاپىق تەڭشىيەلەيدىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى كۈچلۈك ئىلگىرى سۈرىدىغان ئەڭ ئىلغار ئاكتىپ ئامىل ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا، سوتسىيالىستىك ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكنى ئاساسىي گەۋدە قىلىشتا چىڭ تۇرۇش كېرەككى، تەۋرىنىشكە بولمايدۇ. ئىككىنچى، ئېلىمىزنىڭ ھازىرقى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىيات ھالىتىدىن قارىغاندا، تەرەققىيات سەۋىيىسى نىسپىي ئارقىدا، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىنتايىن تەكشىسىز بولۇپ ھەر قايسى رايونلار ۋە تارماقلار ئوتتۇرىسىدىكى ئىقتىسادىي تەرەققىيات پەرقى بەك روشەن، زامانىۋىلاشقان يىرىك ئىشلەپچىقىرىش بىلەن ئىپتىدائىي تارقاق ئىشلەپچىقىرىش، زامانىۋى ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرى بىلەن قالاق ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرى بىرلىكتە مەۋجۇت. بۇنداق كۆپ قاتلاملىق ھالەتتە تۇرۇۋاتقان ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ئۆزلىرىنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسىگە لايىق كېلىدىغان كۆپ خىل مۇلۇكچىلىكتىكى ئىقتىسادىي شەكىللەرنى بەرپا قىلىشنى ۋە ئورتاق راۋاجلاندۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئومۇمەن، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئالغا سىلجىتىشتا، دۆلەتنىڭ ئۇنىۋېرسال كۈچ - قۇدرىتىنى ئاشۇرۇشتا، خەلقنىڭ ماددىي، مەدەنىيەت تۇرمۇش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشكە پايدىلىق بولغانلىكى چارە - تەدبىرلەر جۈملىدىن مۇلۇكچىلىك شەكىللىرى دادىللىق بىلەن قوللىنىلىشى لازىمكى. ئۇ «سوتسىيالىزم»، بۇ «كاپىتالىزم» دەپ تالاش - تارتىش قىلىشنىڭ ۋە ياكى غوۋالىق ئىچىدە تىنەپ - تەمتىرەپ يۈرۈشنىڭ ھېچقانداق ھاجىتى يوق.

ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكنىڭ ئاساسىي گەۋدە بولۇشتەك ئورنىنى تەۋرىتىشكە بولمايدۇ، ئەمما ئۇنىڭ ئەمەلگە ئېشىش شەكىللىرىنى كۆپخىللاشتۇرۇش زۆرۈر ھەم كۆپ خىللاشتۇرغىلى بولىدۇ. مەسىلىنىڭ تۈگۈنى — ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرەلەيدىغان ۋە ئىجتىمائىيلاشقان يىرىك ئىشلەپچىقىرىشنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى ئەكس ئەتتۈرەلەيدىغان ئۇسۇل ۋە شەكىللەرنى تېپىشتا، ئومۇمىي مۇلۇكچىلىك دۆلەت مۇلۇكچىلىكى ئەمەس. ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكنى ئاساسىي گەۋدە قىلىش ئۇنىڭ دۆلەت ئىگىلىكىدىكى نىسبىتى ياكى سالمىقىنىڭ يۇقىرى بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش دېگەنلىكمۇ ئەمەس. ئۇنىڭ ئاساسىي گەۋدە بولۇشتەك ئورنى ئۆزىنىڭ ئىلغار باشقۇرۇش ئۇسۇلى ۋە تەشكىلىي شەكىللىرى شۇنداقلا قۇدرەتلىك ئىقتىسادىي كۈچ - قۇدرىتى ئارقىلىق باشقا مۇلۇكچىلىك شەكىللىرىنىڭ سوتسىيالىستىك ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشقا خىزمەت قىلىشقا يېتەكچىلىك قىلالىشىدا ئىپادىلىنىدۇ. بۇ نۇقتىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈلىشى لازىم.

2) جۇڭگوچە ئىقتىسادىي تۈزۈلمە يەنى بىرتۇتاشچانلىق بىلەن جانلىقلىق ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈلگەن سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى ئىقتىسادىي تۈزۈلمىسىنى ئورنىتىپ، دۆلەتنىڭ ماكرولۇق تىزگىنلىنىشى ئاساسىدا بازار مېخانىزملىرىنىڭ بايلىقلارنى مۇۋاپىق سەرەمجانلاشتۇرۇشتىكى ئاكتىپ رولىدىن پايدىلىنىش لازىم.

سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى بازار ئىگىلىكىگە خاس بولغان بىر مۇنچە ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە.

مەسىلەن، بارلىق ئىقتىسادىي پائالىيەتلەر ۋە ئىقتىسادىي گەۋدىلەرنىڭ ھەممىسى بازارغا كىرىدۇ ۋە رىقابەتلىشىدۇ. ئىجتىمائىي بايلىقلار بازار مېخانىزمى ۋە قىممەت قانۇنىيىتىنىڭ تەسىر كۆرسىتىشى ئارقىلىق مۇۋاپىق سەرەمجانلاشتۇرۇلىدۇ ۋە باشقىلار. ئەمما بازار ھەممىگە قادىر ئەمەس. ئۇنىڭمۇ ئىقتىسادىي تۇرمۇشنىڭ نورمال داۋاملىشىشىغا پايدىسىز بولغان بىر تالاي نۇقسانلىرى ۋە ئاجىزلىقلىرى بار. شۇڭا، سوتسىيالىزىمنىڭ بازار ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتى داۋامىدا، بازار مېخانىزملىرىنىڭ ئاكتىپ رولىنى جارى قىلدۇرۇش بىلەن بىللە يەنە دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىكى فۇنكسىيىسىنى ئىشقا سېلىشقا يەنى ماكرولۇق تىزگىنلەش سىستېمىسىنى بەرپا قىلىش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. ھەر قايسى ئەللەرنىڭ بازار ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇش ئەمەلىيىتى ۋە تەجرىبە ـ ساۋاقلىرى شۇنى ئىسپاتلىدىكى، بازار مېخانىزمىنىڭ ئىقتىسادىي پائالىيەتلەرنى جانلىق تەڭشەشتىكى رولىنى جارى قىلدۇرۇش بىلەن دۆلەتنىڭ ماكرولۇق تىزگىنلىنىشىنى ئورگانىك بىرلەشتۈرۈش ئىنتايىن زۆرۈر. بۇ ھازىرقى زامان بازار ئىگىلىكى تەرەققىيات قانۇنىيەتلىرىنىڭ ئوبيېكتىپ تەلىپى ۋە ئالاھىدىلىكى. سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى ئورنىتىش ۋە بازار ئىگىلىكى ئىقتىسادىي پائالىيەتلىرىنى نورمال، ساغلام راۋاجلاندۇرۇشتا بۇ نۇقتىنى نەزەردىن ساقىت قىلىشقا بولمايدۇ. 15 ـ قۇرۇلتاينىڭ دوكلاتىدىمۇ بۇ مەسىلە جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك ئىقتىساد بەرپا قىلىشنىڭ مۇھىم مەزمۇنى سۈپىتىدە تەكىتلەنگەن.

بازارنىڭ مىكرولۇق تەڭشىشى بىلەن دۆلەتنىڭ ماكرولۇق تەڭشىشى بىرلەشتۈرۈلگەن بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىشنى تەشەببۇس قىلىشنىڭ مەقسىتى يەنىلا سوتسىيالىستىك ئىقتىسادىي تۈزۈمنىڭ ئەۋزەللىكىنىڭ روشەن نامايەن بولۇشىغا ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىپ، خەلق ئىگىلىكىنىڭ ساغلام، نورمال راۋاجلىنىشىغا يول ئېچىشتىن ئىبارەت. ئېلىمىزنىڭ بازار ئىگىلىكى سوتسىيالىستىك تۈپكى ئىقتىسادىي تۈزۈم بىلەن جىپسىلىشىپ كەتكەن بولۇپ، دۆلەتنىڭ ماكرولۇق تىزگىنلىشى مۇشۇنداق جىپسىلىشىشنىڭ مۇھىم تەرەپلىرىنى گەۋدىلەندۈرىدۇ. شۇڭا، دۆلەت زۆرۈرى ماكرولۇق تەڭشەش ۋاسىتىلىرى ئارقىلىق ئىقتىسادىي تۇرمۇشقا ۋاسىتىلىك ئارىلىشىپ بازار مېخانىزمى ھەل قىلىشقا ئاجىزلىق قىلىدىغان بەزى ئىقتىسادىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشى، مالىيە، باج، پۇل مۇئامىلىسى، مۇھىت ئاسراش ۋە باشقا ئىقتىسادىي تۇرمۇشقا چېتىلىدىغان سىياسەت، قانۇن ـ تۈزۈملەرنى تۈزۈش ۋە ئىجرا قىلىش ئارقىلىق خەلق ئىگىلىكى تەرەققىياتىنىڭ سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تەرەققىيات قانۇنىيەتلىرى ـــنىڭ ئوبيېكتىپ تەلىپىگە ماسلىشىپ نورمال ئىلگىرىلىشىگە ھەر ۋاقىت كاپالەتلىك قىلىشى لازىم.

3) جۇڭگوچە تەقسىمات تۈزۈلمىسى بەرپا قىلىش يەنى سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى مۈلۈكچىلىك قۇرۇلمىسىغا مۇناسىپ ھالدا «ئەمگىكىگە قاراپ تەقسىم قىلىش»نى ئاساسىي گەۋدە قىلغان كۆپ خىل تەقسىمات ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، بىر قىسىم رايون ۋە شەخسلەرنىڭ ئالدىن بېيىشىغا يول قويۇش ۋە ئىلھام بېرىش ئارقىلىق پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ ئورتاق بېيىشىنى قولغا كەلتۈرۈش لازىم.

تەقسىمات — ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش ۋە تەكرار ئىشلەپچىقىرىشنىڭ مۇھىم ھالقىسى سۈپىتىدە پۈتكۈل ئىقتىسادىي تۇرمۇشقا زور تەسىر كۆرسىتىش ۋە دۆلەت، كوللېكتىپ (كارخانا) ۋە شەخسلەرنىڭ جانىجان مەنپەئەتلىرىگە تاقىلىدۇ. جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك ئىقتىساد بەرپا قىلىشتا بۇ مەسىلىگە ئالاھىدە ئېتىبار بېرىشكە ئەرزىيدۇ. 15 ـ قۇرۇلتاينىڭ دوكلاتىدا ئۇنۇمگە ۋە ئادىللىققا تەڭ ئېتىبار بېرىش پرىنسىپى بويىچە، ئەمگىكىگە قاراپ تەقسىم قىلىش بىلەن ئىشلەپچىقىرىش ئامىللىرىغا قاراپ تەقسىم قىلىشنى بىرلەشتۈرۈش تەكىتلەندى ۋە «ئىشلەپچىقىرىش ئامىللىرىغا قاراپ تەقسىم قىلىش» تۇنجى قېتىم سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى يىغىنچە بىر خىل تەقسىمات شەكلى سۈپىتىدە پارتىيىنىڭ ھۆججىتىگە كىرگۈزۈلدى. بۇنىڭ ئۈچۈن، تەڭ تەقسىماتچىلىققا قەتئىي قارشى تۇرۇپ «كۆپ ئىشلىگەنلەر كۆپ ئېلىش، ئاز ئىشلىگەنلەر ئاز ئېلىش، ئىشلىمىگەنلەر چىشلىمەسلىك» پرىنسىپىنى ئىزچىللاشتۇرۇش بىلەن بىرلىكتە، رىقابەت مېخانىزمىنى تەقسىمات ساھەسىگە باشلاپ، كاپىتال، تېخنىكا قاتارلىق ئىشلەپچىقىرىش ئامىللىرىنىڭ پايدا تەقسىماتىغا قاتنىشــــىشقا يول قويۇش ۋە ئىـــلھاملاندۇرۇش، ئەمگەكچىلەرنىڭ قانۇنىي كىرىمىنى قوغداش، ھوقۇق سودىسى، پارىخورلۇق، قاقتى ـ سوقتى قىلىش، خىيانەتچىلىك، ئوغرىلىق قاتارلىق ئىقتىسادىي جىنايى قىلمىشلارغا قاتتىق زەربە بېرىش لازىم. ئۇنىڭدىن باشقا، يەنە باج تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىپ باج ۋاسىتىسىدىن پايدىلىنىپ جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ كىرىمىنى

مۇۋاپىق تەڭشەش ئارقىلىق ئىككى قۇتۇپقا بۆلۈنۈشنىڭ ئالدىنى ئېلىش لازىم. ئومۇمەن، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا «ئەمگىكىگە قاراپ تەقسىم قىلىش» ۋە ئادىل تەقسىماتقا پايدىلىق بولغانلىكى تەقسىمات شەكىللىرى ۋە چارە - تەدبىرلىرى ئۈستىدە ئىزدىنىش ۋە ئۇنى دادىللىق بىلەن ئىزچىللاشتۇرۇش، سەل قاراشقا بولمايدىغان مەسىلە ھېسابلىنىدۇ.

4) جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك ئىقتىساد بەرپا قىلىشتا يەنىلا سىرتقا ئېچىۋېتىش سىياسىتىدە چىڭ تۇرۇش، خەلقئارا ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتلەرنى ئاكتىپ راۋاجلاندۇرۇپ، خەلقئارا ئىقتىسادىي ھەمكارلىق ۋە رىقابەت داۋامىدا ئۆزىمىزنى زورايتىشىمىز لازىم.

ئىقتىسادىي تۇرمۇشنىڭ خەلقئارالىشىشى، ھازىرقى زامان ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنىڭ روشەن ئالاھىدىلىكى ۋە بەلگىسى. ئىقتىسادنى راۋاجلاندۇرۇشتا يالغۇز ئۆز دۆلىتىنىڭ ئىقتىسادىي شەرت - شارائىتلىرىغا تايىنىشلا كۇپايە قىلمايدۇكى، يەنە خەلقئارا بازارغا يۈزلىنىپ خەلقئارا بايلىقلار، ئىنسانىيەت ياراتقان ئىلغار پەن - تېخنىكا مۇۋەپپەقىيەتلىرى ۋە باشقۇرۇش تەجرىبىسى قاتارلىق خەلقئارا ئىقتىسادىي شەرت - شارائىتلاردىن پايدىلانغاندا كۆڭۈلدىكىدەك ئۈنۈمگە ئېرىشكىلى بولىدۇ.

بۇ ئاددىي داۋلى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش تەرەققىياتىنىڭ دۇنياۋى ئىقتىسادىي تەرەققىياتتىن ئايرىلالمايدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. بۇ مەسىلىدە يەنە بۇ «سوتسىيالىزم»، ئۇ «كاپىتالىزم» دەيدىغان تۇگىمەس تالاش - تارتىش ۋە تىگىرقاش ئىچىدە چۆگىلەپ يۈرۈشكە بولمايدۇ. كاپىتالىزم ئۇقۇمىغا يەنىلا قارىمۇ - قارشىلىقنىڭ بىرلىكىدىن ئىبارەت دىئالېكتىك يۇسۇندا ئىلمىي مۇئامىلە قىلىش، سوتسىيالىستىك ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشقا پايدىلىق بولغان تەرەپلىرىدىن ئۆگىنىش ياكى ئەينەك قىلىش لازىم. دەرۋەقە، سوتسىيالىستىك ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشتا «ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈش، جاپلىق مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلىش» لازىم. ئەمما بۇنى نوقۇل ھالدا «ئىشىكنى تاقاپ، سىرت بىلەن ئالاقە قىلماسلىق» دەپ چۈشىنىش ئىنتايىن بىمەنىلىك، شۇنى ئېتىراپ قىلىشقا توغرا كېلىدۇكى، ئېلىمىز گەرچە سوتسىيالىستىك ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش تەرەققىياتى داۋامىدا زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن بولسىمۇ، ھازىرقى تەرەققىيات ئەھۋالىدىن قارىغاندا يەنىلا تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەت، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسىنى تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەرگە سېلىشتۇرغاندا يەنىلا نىسپىي ئارقىدا، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاھالىنىڭ ئىنتايىن كۆپلىكىدىن ئىبارەت يۈكى خېلىلا ئېغىر. ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش تەرەققىياتىنىڭ ستراتېگىيىلىك نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، ئېلىمىزنى كېلەركى ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئوتتۇراھال تەرەققىي قىلغان دۆلەت سەۋىيىدە دۇنيا سەھنىسىگە چىقىرىش ئۈچۈن، بېكىنمىچىلىك قىلىشتىن كېلىپ چىققان يېتىمچىلىكنىڭ دەردىنى تارتقانلىقىمىزدىن ئىبارەت تارىخىي تەجرىبە - ساۋاقلارنى ئۇنتۇپ قالماسلىق، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش سىياسىتىدە داۋاملىق چىڭ تۇرۇش، خەلقئارا ئىقتىسادىي پائالىيەتلەر ۋە خەلقئارا رىقابەتكە پائال قاتنىشىپ ئۆزىمىزنى زورايتىش بىلەن بىرلىكتە ئىنسانىيەتنىڭ ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ئۈچۈن ھەسسە قوشۇش لازىم.

5) ئىقتىسادىي تەرەققىيات داۋامىدا، خەلق ئىگىلىكىنىڭ داۋاملىق تېز سۈرئەتتە ساغلام راۋاجلىنىشىنى قولغا كەلتۈرۈش لازىم.

ئېلىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىدا بىر قەدەر يۇقىرى سۈرئەت ساقلانمىسا تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەر بىلەن پەرقنى تارايتىش تەسكە چۈشىدۇ. ئەمما تەرەققىيات سۈرئىتىنى ساقلاش بىلەن ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ دىئالېكتىك بىرلىكىنى توغرا چۈشىنىش ۋە ھەل قىلىش لازىم. بۇنىڭ ئۈچۈن ئىقتىسادنىڭ ئېشىش شەكلىنى يىرىك تىپتىن ئۈنۈم تىپىغا ئۆزگەرتىشنى چىڭ تۇتۇش، ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى پەن - تېخنىكىنىڭ يۈكسىلىشى ۋە ئەمگەكچىلەرنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈشكە تايىنىش ئىزىغا سېلىپ، سۈپەت بىلەن ئۈنۈمگە ئەھمىيەت بېرىشكە توغرا كېلىدۇ. بۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا ئەمەلىيەتكە ئېتىبار بېرىپ مادارىمىزغا قاراپ ئىش قىلىشىمىز، خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئۇنۇۋېرسال تەڭپۇڭلۇقىنى ياخشى ئىشلەپ، ئىقتىسادىي تەرەققىيات سۈرئىتى بىلەن ئاھالىنىڭ كۆپىيىشى ۋە ئېكولوگىيىلىك مۇھىت ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىشنى لايىقىدا بىر تەرەپ قىلىش ئىنتايىن مۇھىم.

ئومۇمەن، 15 - قۇرۇلتاي تەلەپ قىلغان جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك ئىقتىساد بەرپا قىلىش جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشتەك تارىخىي ۋەزىپىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولۇپ، بۇنىڭ ئۈچۈن ھارماي - تالماي ئىزدىنىشكە توغرا كېلىدۇ.

# شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى تېزلىتىشتىكى ستراتېگىيىلىك تەدبىرلەر ھەققىدە

ئۆمەر بەكرى

شىنجاڭ ئىسمى - جىسمىغا لايىق گۆھەر زېمىن بولۇپ، يەر بايلىقى، ئېنېرگىيە بايلىقى، كان بايلىقى، نېفىت ۋە تەبىئىي گاز بايلىقى، يەر ئاستى سۇ بايلىقى، قۇياش ئېنېرگىيە بايلىقى، ئاشلىق، چارۋىچىلىق، ئورمانچىلىق، پاختا ۋە مېۋە - چېۋە بايلىقى، ساياھەتچىلىك بايلىقى بىلەن دۇنياغا مەشھۇر. لېكىن، شىنجاڭنى پۈتۈن مەملىكەتنىڭ، بولۇپمۇ جۇڭگونىڭ شەرقىي رايونلىرىنىڭ تەرەققىياتى بىلەن سېلىشتۇرغاندا پەرق ناھايىتى چوڭ. شۇڭا، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى تېزلىتىشتىكى ستراتېگىيىلىك تەدبىرلەرنى تاللاش ناھايىتى زور تارىخىي ۋە رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە.

شىنجاڭنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلىرىگە ئاساسەن، بۇ پەرقلەرنى كىچىكلىتىش ۋە ئاخىرقى ھېسابتا يوقىتىش ئۈچۈن، مېنىڭچە تۆۋەندىكى تەدبىرلەرنى قوللىنىش كېرەك:

بىرىنچى، تونۇشنى ئۆستۈرۈپ بازار قارىشى ۋە ئۈنۈم قارىشىنى تۇرغۇزۇش كېرەك. بايلىق ئۈستۈنلىكى ئىقتىسادىي ئۈستۈنلىككە ئايلىنالامدۇ - يوق، بۇ ئاساسلىقى بازار ئېھتىياجىنىڭ بولۇش - بولماسلىقىدا ئىپادىلىنىدۇ. كەسىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش داۋامىدا چوقۇم بازار قارىشىنى تۇرغۇزۇپ بازارنى تەتقىق قىلىش، بازارنى ئېچىش، بازار رىقابىتىدە تەرەققىي قىلىش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈش كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۈنۈم قارىشىنى پۇختا تۇرغۇزۇش كېرەك. كەسىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەشنىڭ مەقسىتى ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى ئۆستۈرۈشتىن ئىبارەت. شۇڭا سەرپىيات يۇقىرى، ئۈنۈم تۆۋەن، سېلىنما يۇقىرى، ئېلىنما تۆۋەن ھالەتنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن تەننەرخ ئېڭى، كۆلەم ئېڭىنى ۋە توجوپىلەپ باشقۇرۇش ئېڭىنى تۇرغۇزۇپ كەسىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەشنىڭ بازار ئېھتىياج قۇرۇلمىسىنىڭ ئۆزگىرىشىگە مۇناسىپ بولۇشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش لازىم.

ئىككىنچى، كەسىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش بىلەن تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشنى بىرلەشتۈرۈش كېرەك. تەشكىلىي قۇرۇلمىنى تەڭشەشنى كەسىپ، مەھسۇلات قۇرۇلمىسىنى تەڭشەشنىڭ باشلامچىسى قىلىش، ئىقتىسادىي قۇرۇلمىنىڭ ئەقىلغە مۇۋاپىق بولماسلىقىنى ئىقتىسادىي تەرەققىيات بىلەن تۈزۈلمە جەھەتتىكى مەسىلىلەر كەلتۈرۈپ چىقارغان. قانداق ئىقتىسادىي تۈزۈلمە بولسا شۇنىڭغا مۇناسىپ بايلىقنى تەقسىملەش ئۇسۇلى بولىدۇ. بايلىقنى تەقسىملەش ئۇسۇلى يەنە كېلىپ ئىقتىسادنىڭ ئېشىش ئۇسۇلىنى بەلگىلەيدۇ. شۇڭا كەسىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش بىلەن تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈش كېرەك. جۈملىدىن تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ قىلىپ كەسىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەشنى ئىلگىرى سۈرۈش، كەسىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش داۋامىدا تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى تەدرىجىي چوڭقۇرلاشتۇرۇش پارتىيىمىزنىڭ ئوتتۇرىغا قويغان «چوڭلىرىنى ئوبدان تۇتۇپ، كىچىكلىرىنى قويۇۋېتىپ، جانلاندۇرۇپ، دۆلەت كارخانىلىرىدا ستراتېگىيىلىك ئۆزگەرتىپ تەشكىللەش يولىنى تۇتۇش» ② فاڭجېنىنى قەتئىي ئىجرا قىلىش، رايونىمىز سانائەت كارخانىلىرىدا دۆلەت كارخانىلىرى ئاساسىي گەۋدە بولغاچقا، دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ كەسىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش ۋە ئۆستۈرۈش ناھايىتى مۇھىم. شۇڭا رايونىمىزدىكى دۆلەت كارخانىلىرىدا ستراتېگىيىلىك ئۆزگەرتىپ تەشكىللەشنى يولغا قويۇپ چوڭ تىپتىكى دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئارقىلىق رايونىمىز سانائەت كارخانىلىرىنىڭ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش، ئۆستۈرۈشنى ئىلگىرى سۈرۈش لازىم. بۇ كارخانىلار «كاپىتالنى ۋاستە قىلىش، بازار ئارقىلىق بىر قەدەر كۈچلۈك رىقابەتلىشىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولغان، رايون ھالقىپ، كەسىپ ھالقىپ، مۈلۈكچىلىكتىن

هالقىپ ۋە دۆلەت ھالقىپ تىجارەت قىلىدىغان چوڭ كارخانا گۇرۇھلىرىنى شەكىللەندۈرۈش كېرەك»③. ئوتتۇرا ـ كىچىك تىپتىكى كارخانىلار كۆپ خىل شەكىللەرنى قوللىنىپ جانلاندۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش لازىم. بۇ كارخانىلارنى «ئۆزگەرتىپ تەشكىللەش، بىرلەشتۈرۈش، قوشۇۋېتىش، ئىجارىگە بېرىش، باشقۇرۇشنى ھۆددىگە بېرىش ۋە پاي ھەمكارلىق تۈزۈمىنى يولغا قويۇش، سېتىشقا ئوخشاش شەكىللەرنى قوللىنىپ، دۆلەت ئىلكىدىكى كىچىك كارخانىلارنى قويۇۋېتىش-جانلاندۇرۇش قەدىمىنى تېزلىتىش لازىم». ④ بولۇپمۇ رايونىمىزدا كوللېكتىپ كارخانىلار، يەككە كارخانىلار، خۇسۇسىي كارخانىلار ۋە ئۈچ خىل مەبلەغ كارخانىلىرىمۇ تارماقلار، كەسىپلەر، رايونلار ۋە مۈلۈكچىلىك چېگرىسىنى بۆسۈپ تاشلاپ ئۆزئارا قوشۇلۇپ كېتىشكە ئىلھام بېرىپ ۋەيران بولۇشنى قېلىپلاشتۇرۇش لازىم.

ئۈچىنچى، دۆلەت مۈلكى قىممىتىنىڭ ساقلىنىشى ۋە ئېشىشىغا كاپالەتلىك قىلىش، دۆلەت مۈلكىنىڭ زىيانغا ئۇچرىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك. رايونىمىزنىڭ ئۇنىۋېرسال ئىقتىسادىي كۈچى بىر قەدەر ئاجىز بولغاچقا كۆپ خىل ئۇسۇللارنى قوللىنىپ قۇرۇلۇش مەبلىغىنى توپلاپ كارخانىلارنىڭ دەسمايىسىنى تولۇقلاش ئارقىلىق ئۇنىۋېرسال ئىقتىسادىي كۈچىنى كۈچەيتىشكە توغرا كېلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە شۇنىمۇ كۆرۈش كېرەككى، رايونىمىزدا بەزى ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى (ئىقتىسادىي ئۈنۈمى) تولۇق جارى قىلدۇرۇلمىغان ماشىنا ـ ئۈسكۈنىلەرنىڭ ئامباردا بىكار تۇرۇپ قېلىش ھالىتىنى ئۆزگەرتىپ، كەسىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش ئارقىلىق مۈلۈكنى قايتىدىن گۇرۇپپىلاشتۇرۇش ئارقىلىق ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى ئۆستۈرۈش كېرەك. شۇڭا ھەر قايسى كەسىپلەرنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن رايونىمىزدىكى ھازىرقى بار كارخانىلارنىڭ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەپ بايلىق ئۈستۈنلىكىنى جارى قىلدۇرۇشنى مۇھىم نۇقتا قىلىش، يېڭى قۇرۇلۇش تۈرلىرىنى پىلانلىغاندا ھازىرقى بار كارخانىلارنى ئاساس قىلىش، بازىرى ئىتتىك، ئۈنۈمى ياخشى بولغان كارخانىلارنىڭ تېخنىكا تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ كارخانا مەبلىغى ۋە ئىجتىمائىي مەبلەغنىڭ شۇ كارخانىلارنىڭ تېخنىكا ئۆزگەرتىشكە سېلىنىشىغا ئىلھام بېرىپ ۋە يول كۆرسىتىپ، يېڭى مەھسۇلات يارىتىش ۋە تېخنىكا يېڭىلاشنىڭ بازارغا يۈزلىنىدىغان مېخانىزمىنى شەكىللەندۈرۈش لازىم.

تۆتىنچى، ئىختىساسلىقلارنى شىنجاڭنى ئېچىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشتىكى مۇھىم كۈچ قىلىش. ئومۇمىي جەھەتتىن ئېيتقاندا رايونىمىزدىكى ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ ساپاسى تۆۋەن بولۇپ، ھازىرقى زامان سانائىتى تەلەپ قىلىدىغان يۇقىرى تېخنىكىلىق ئەمگەكچىلەر بەكمۇ ئاز. شۇڭا دۆلەتنىڭ رايونىمىزغا ئەمگەك كۈچلىرىنى تەربىيىلەشكە مەبلەغ سېلىشى ۋە خەلق مەبلەغ سېلىشنى بىرلەشتۈرۈپ تۈرلۈك ئىختىساسلىق خادىملارنى تەربىيىلەش، تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەر بىلەن دۆلىتىمىز شەرقىي رايونلىرىدىن يۇقىرى ساپالىق ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ شىنجاڭغا يۆتكىلىشىنى قولغا كەلتۈرۈش، دۆلەتنىڭ نۇقتىلىق ئالىي مەكتەپلەردە شىنجاڭغا نىشانلىق ئوقۇغۇچى تەربىيىلەشنى ئۈزلۈكسىز ئىجرا قىلىپ، ئەمگەكچىلەرنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا ھازىرقى بار ئىختىساسلىقلارغا قارىتقان ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرىنى بەلگىلەپ، ئۇلارنىڭ ئەندىشىسىنى تۈگىتىش لازىم.

بەشىنچى، شىنجاڭنىڭ تەرەققىياتى ئېھتىياج قىلىدىغان مەبلەغنى توپلاش كېرەك. بۇنىڭ يولى: ① چەتئەلنىڭ مەبلەغ سېلىشىنى قولغا كەلتۈرۈش. بولۇپمۇ بەزى چوڭ قۇرۇلۇش تۈرلىرىنى ئىجارىگە بېرىش ياكى چەتئەل مالىيە گۇرۇھلىرى بىلەن بىرلىشىپ تىجارەت قىلىش. ② دېڭىز بويىدىكى رايونلارنىڭ مەبلەغ سېلىشىنى قولغا كەلتۈرۈش. دېڭىز بويىدىكى رايونلار مەبلەغ، ئىختىساسلىق خادىملارنى چىقىرىش بىلەن شىنجاڭ تەبىئىي بايلىقىنى چىقىرىشنى بىرلەشتۈرۈش. ③ جايلار مەبلەغ توپلاشنى قولغا كەلتۈرۈش. ھەر خىل ئۈنۈملۈك تەدبىرلەرنى قوللىنىپ شەخسلەرنى پۇل ئامانەت قويۇشقا ۋە مەبلەغ توپلاشقا رىغبەتلەندۈرۈش. ④ دۆلەتنىڭ مەبلەغ سېلىشىنى قولغا كەلتۈرۈش. ھەر يىلقى دۆلەت مالىيە خام چوتىدا دۆلەت مەخسۇس بىر قىسىم مەبلەغنى شىنجاڭنى ئېچىش، تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ئىشلىتىشى، زۆرۈر تېپىلغاندا دۆلەت نامىدا چەتئەلگە شىنجاڭنى ئېچىش قەرز چېكى تارقىتىش. ⑤

ئەركىن سودا رايونلىرىنى تەسىس قىلىپ تاشقى پىرىۋوت كىرىمىنى ئاشۇرۇش، شىنجاڭنىڭ كۆپ دۆلەتلەر بىلەن چېگرىداش ئۈستۈنلىكىدىن پايدىلىنىپ، ئاز دېگەندە شىنجاڭنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىي رايونلىرىدا بىر ئەركىن سودا رايونلىرىنى قۇرۇپ، ئۇنىڭغا نىسبەتەن دۆلەت قانۇن ـ نىزام شەكلىدە بەزى پەرمانلارنى ئېلان قىلىپ قوغدىشى لازىم.

ئالتىنچى، ئوبوروت تۈزۈلمىسىنى ئىسلاھ قىلىش كېرەك. بازار قائىدىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، بازار باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش، بازار توسالغۇلىرىنى تازىلاش، رايون قامالى ۋە تارماق مونوپولىيىسىنى بۇزۇپ تاشلاپ، بىر تۇتاش ئۇچۇق رىقابەتلىك، تەرتىپلىك بازار سىستېمىسىنى تېز بەرپا قىلىش كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن ① ھەر يىلى ئېچىلىدىغان ئۈرۈمچى سودا كېڭىشىش يىغىنىنى ياخشى ئېلىپ بېرىش، چەت ئەل، قېرىنداش ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلارنىڭ ماددىي ئەشياسىنى قوبۇل قىلىپ، رايونىمىزنىڭ تەرەققىياتىغا ئېھتىياجلىق بولغان تۈرلۈك ئېھتىياجلارنى قاندۇرۇش. ② شىنجاڭنىڭ ئۈچىنچى كەسىپنى راۋاجلاندۇرۇش قەدىمىنى تېزلىتىپ، رايون ئالاھىدىلىكىگە ئىگە سەيلە ـ ساياھەت رايونلىرىنى ياخشى باشقۇرۇپ، چەت ئەل سودىگەرلىرى بىلەن قېرىنداش ئۆلكە، ئاپتونوم رايون خەلقلىرىنى جەلپ قىلىش. ③ تېخنىكا بازارلىرىنى قۇرۇش، بولۇپمۇ تېخنىكا ئۆتكۈزۈپ بېرىش، پاتېنت ھوقۇقى بىلەن تاۋار ماركىسىنى ئۆتكۈزۈپ بېرىشنى قولغا كەلتۈرۈش. ④ ھەر خىل كەسپىي بازارلارنى ئېچىش، شىنجاڭنىڭ تەبىئىي بايلىق ئۈستۈنلىكىدىن پايدىلىنىپ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە كەسپىي بازارلارنى ئېچىش، بولۇپمۇ مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان توقۇمىچىلىق سانائىتى بازىرى، خورۇم مەھسۇلاتلىرى بازىرى ۋە مىللىي كىيىم ـ كېچەك بازىرى، مىللىي ئوزۇق ـ تۈلۈك بازىرى قاتارلىقلارنى راۋاجلاندۇرۇپ، بازار ئارقىلىق روناق تېپىش ۋە گۈللىنىشنى قولغا كەلتۈرۈش لازىم.

يەتتىنچى، رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، يۈرۈشلەشكەن تۈرلۈك ئىسلاھاتنى پائال ئىلگىرى سۈرۈپ، كەسىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەشنىڭ تاشقى مۇھىتىنى يارىتىش كېرەك. كەسىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش بىر تۈرلۈك مۇرەككەپ سىستېما قۇرۇلۇشى. ئۇ ھەر قايسى تارماقلار، ساھەلەر ۋە ھەر قايسى جايلار ئوتتۇرىسىدا مەنپەئەت مۇناسىۋىتىنى تەقسىم قىلىشقا بېرىپ تاقىلىدۇ. چېتىلىش دائىرىسى كەڭ، سىياسەتچانلىقى كۈچلۈك، قىيىنلىق دەرىجىسى يۇقىرى. شۇڭا بازارنىڭ بايلىق تەقسىملەشتىكى ھۆللۈق رولىنى جارى قىلدۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا ھۆكۈمەتنىڭ كەسىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەشتىكى بىر تۇتاش پىلانلاش ۋە تىزگىنلەشتىكى يېتەكلەش رولىنى كۈچەيتىپ، كەسىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەشكە مۇناسىپ كېلىدىغان دۆلەت مۈلكىنى باشقۇرۇش، نازارەت قىلىش ۋە ئىشقا سېلىشنىڭ ئۈنۈملۈك مېخانىزمى بىلەن ئىجتىمائىي كاپالەت سىستېمىسىنى بەرپا قىلىپ، كەسىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش ۋە كارخانا ئىسلاھاتى بىلەن ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنى قايتىدىن ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشقا زۆرۈر بولغان شارائىتلارنى ھازىرلاپ، كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش لازىم.

قىسقىسى، بۇنىڭدىن كېيىنكى 15 يىل شىنجاڭدا ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئىلگىرى بولۇپ باقمىغان سۈرئەتتە تېز تەرەققىي قىلىدىغان مۇھىم بىر مەزگىل. شىنجاڭ ئېلىمىز ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنىڭ بىر يېڭى يۈكسىلىش نۇقتىسىغا ئايلىنىدۇ. ھازىر بىز ئىقتىسادنىڭ يۈكسىلىشى بىلەن جەمئىيەتنىڭ ئومۇميۈزلۈك تەرەققىي قىلىشىدىن ئىبارەت تارىخىي پۇرسەتكە دۇچ كەلدۇق. تارىخىي پۇرسەتنى چىڭ تۇتقاندىلا شىنجاڭ بىلەن شەرقىي رايونلارنىڭ تەرەققىيات جەھەتتىكى پەرقىنى كىچىكلىتىپ، ئەسىر ھالقىغان ئۇلۇغۋار نىشاننى ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدۇ. بولۇپمۇ پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكىدە رايون ئالاھىدىلىكىنى چىقىش قىلىپ، شىنجاڭنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا پايدىلىق بولغان يولنى بويلاپ ئالغا ئىلگىرىلىسەك، ھاياتىي كۈچكە تولۇپ تاشقان مەنزىرە رېئاللىققا ئايلىنىدۇ.

①②③④ «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ مەملىكەتلىك 15 ـ قۇرۇلتىيىدا بېرىلگەن دوكلات» نىڭ ئۇيغۇرچە نەشرى 53 ـ بەت، 43 ـ بەت.

# جىنايەت ۋە بازار ئىگىلىكى

## ئابابەكرى قادىر

ئىشەنچلىك سانلىق مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، دۆلىتىمىزنىڭ ئازادلىقتىن بۇيانقى جىنايەت يۈز بېرىش ئەھۋالى ۋە ئۆزلۈكسىز كۆپىيىپ بېرىۋاتقان نوپۇس سانى ئامىلىنى نەزەرگە ئېلىپ ھېسابلانغان جىنايەت ئۆتكۈزۈش نىسبىتى (ھەر 10 مىڭ كىشى ئىچىدە ئۆتكۈزۈلگەن جىنايەت دېلولىرىنىڭ سانى) تۆۋەندىكىدەك بولغان:

| يىللار | مەملىكەت بويىچە ھەر يىلى يۈز بەرگەن جىنايەت دېلولىرىنىڭ ئوتتۇرىچە سانى (بىرلىكى: مىڭ پارچە) | جىنايەت ئۆتكۈزۈش نىسبىتىنىڭ ئوتتۇرىچە سانى (بىرلىكى: $\frac{1}{10000}$ پارچە) |
|---|---|---|
| 50 - يىللار (1950—1959) | 299.9 | 4.95 |
| 60 - يىللار (1960—1965) | 275.3 | 4.05 |
| 70 - يىللار (1972—1979) | 517.4 | 6.41 |
| 80 - يىللار (1980—1990) | 667.6 | 6.99 |
| 90 - يىللار (1991—1995) | 1648 | 13.89 |

يۇقىرىدىكى سانلىق مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، ئازادلىقتىن بۇيان ئېلىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك ئىگىلىكى تەرەققىي قىلمىغان يىللاردا، مەملىكەت بويىچە يۈز بەرگەن جىنايەت دېلولىرىنىڭ سانى ئازراق بولغان، پۇقرالارنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزۈش نىسبىتى تۆۋەنرەك بولغان. ئېلىمىزنىڭ ئىگىلىكى تەرەققىي قىلغان يىللاردا، يۈز بەرگەن جىنايەت دېلولىرىنىڭ سانى كۆپرەك بولغان، پۇقرالارنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزۈش نىسبىتىمۇ يۇقىرىراق بولغان.

توغرىسىغا نەزەر سېلىپ، ئېلىمىزنى ئىگىلىكى تەرەققىي تاپقان غەرب ئەللىرى بىلەن سېلىشتۇرغىنىمىزدا 80 - يىللاردىكى جىنايەت دېلولىرىنىڭ يۈز بېرىش ئەھۋالى ۋە ئاھالىنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزۈش نىسبىتى تۆۋەندىكىدەك بولغان:

| دۆلەتلەر | ھەر يىلى يۈز بەرگەن جىنايەت دېلولىرىنىڭ ئوتتۇرىچە سانى (بىرلىكى: مىڭ پارچە) | ئوتتۇرىچە جىنايەت ئۆتكۈزۈش نىسبىتى (بىرلىكى: $\frac{1}{10000}$) |
|---|---|---|
| ئامېرىكا | 13000 | 565.2 |
| غەربىي گېرمانىيە | 4334 | 716.6 |
| ياپونىيە | 1001 | 100.1 |
| جۇڭگو | 667.6 | 7 |

يۇقىرىقى سانلىق مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، دۆلىتىمىزدە يۈز بېرىۋاتقان جىنايەت دېلولىرىنىڭ سانى ۋە ئاھالىلارنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزۈش نىسبىتى تەرەققىي تاپقان غەرب ئەللىرىنىڭكىگە قارىغاندا، ئايرىم - ئايرىم ھالدا 1.5~6.5 ھەسسە ۋە 14.3~102.4 ھەسسە

تۆۋەن تۇرىدۇ. مۇنداق بولۇشتىكى سەۋەبلەر ناھايىتى كۆپ. بۇنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ مۇھىم سەۋەبلەردىن بىرى، ئېلىمىز سوتسىيالىزم تۈزۈمىنىڭ كاپىتالىزم تۈزۈمىدىن ئەۋزەل ئىكەنلىكىدىن باشقا، يۇقىرىدا مىسال كەلتۈرۈلگەن تەرەققىي تاپقان غەرب ئەللىرىنىڭ 80- يىللاردىكى ئىگىلىك تەرەققىياتى ئېلىمىزنىڭ ئوخشاش يىللاردىكى ئىگىلىك تەرەققىياتىدىن كۆپ ھەسسە يۇقىرى بولغانلىقىدىن ئىبارەت.

دېمەك، دۆلەت تۈزۈمى جەھەتتىن ئالغاندا، كاپىتالىستىك دۆلەتلەردە سوتسىيالىستىك دۆلەتلەرگە قارىغاندا جىنايەت كۆپرەك يۈز بەرگەن. ئاھالىنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزۈش نىسبىتىمۇ يۇقىرى بولغان. ئىگىلىك تەرەققىياتى جەھەتتىن ئالغاندا، سوتسىيالىستىك دۆلىتىمىزنىڭ ئىگىلىكى تەرەققىي قىلغانسېرى جىنايەتمۇ كۆپ يۈز بەرگەن، ئاھالىنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزۈش نىسبىتىمۇ يۇقىرى ئۆرلىگەن.

ئېلىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك ئىگىلىك تەرەققىيات جەريانىنى ئەسلىسەك، سودا - سانائەت ۋە يېزا ئىگىلىكىگە سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈلگەندىن باشلاپ، 70 - يىللارنىڭ ئاخىرىغىچە ئېلىمىز سوتسىيالىستىك ئىگىلىكى ئومۇمىي مۇلۇكچىلىك ئاساسىدىكى پىلانلىق ئىگىلىك بولۇپ، بازار ئىگىلىكى زور دەرىجىدە چەكلەنگەنىدى، ئۇ پەقەت پىلانلىق ئىگىلىكنىڭ تولۇقلىمىسى سۈپىتىدە ناھايىتى كىچىك دائىرىدىلا مەۋجۇت بولۇ تۇراتتى، شۇڭا ئۇ چاغلاردا ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىيات سۈرئىتى ناھايىتى ئاستا، ئىگىلىك تەرەققىياتىنىڭ سەۋىيىسى ناھايىتى تۆۋەن ئىدى. 80 - يىللارنىڭ بېشىدىن تارتىپ ئېلىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى يىلدىن - يىلغا تەرەققىي قىلىش، زورىيىش، مۇكەممەللىشىش دەۋرىگە قەدەم قويدى. پارتىيىمىزنىڭ 12- قۇرۇلتىيىدىن 15- قۇرۇلتىيىغىچە بولغان ھەر قېتىملىق قۇرۇلتايلاردا بازار ئىگىلىكىنىڭ سوتسىيالىستىك ئىقتىسادتىكى ئورنى پەيدىنپەي ئۆستۈرۈلگەنلىكتىن، ئېلىمىزنىڭ ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى، ئۇنىۋېرسال دۆلەت كۈچى ۋە خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى يىلدىن- يىلغا ئۆسمەكتە. بۇ ئارقىلىق بازار مېخانىزمىدىن ئىبارەت بۇ ۋاستە سوتسىيالىستىك ئىگىلىكىمىزنىڭ تەرەققىياتىنى زور دەرىجىدە ئىلگىرى سۈرۈش رولىنى ئوينىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

جىنايەت ھادىسىلىرىنىڭ كۆپىيىش جەريانى بىلەن ئېلىمىز بازار ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىي قىلىش جەريانىنى سېلىشتۇرۇپ قارىغىنىمىزدا، جىنايەت ھادىسىلىرىنىڭ كۆپىيىشىگە بازار ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتى سەۋەبچى بولغاندەك كۆرۈنىدۇ. ئاپتورنىڭ قارىشىچە، بازار ئىگىلىكىنىڭ جىنايەت ھادىسىلىرىنى ئازايتىشقا ياردەم بېرىدىغان ئىجابىي تەسىرىمۇ بار، باشقا ئامىللار بىلەن بىرلىشىپ جىنايەت ھادىسىسىنىڭ كۆپىيىشىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان پاسسىپ تەسىرىمۇ بار. بازار ئىگىلىكىدە بارلىق ئىقتىسادىي پائالىيەتلەر بازار مۇناسىۋىتىدە بولىدۇ، بازار قىممەت قانۇنىنىڭ رولى ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ ئىقتىسادىي پائالىيىتىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ، بايلىق تەقسىماتىدا بازار ئاساسلىق رول ئوينايدۇ. لېكىن بازار ھەممىگە قادىر ئەمەس، ئۇ يەنە روشەن يېتەرسىزلىكلەرگىمۇ ئىگە. مەسىلەن، نەزەر دائىرىسى قىسقا بولۇش، مەنپەئەتپەرەسلىك، باشقىلارنى چەتكە قېقىش، يىراق مەنپەئەتنى ۋە ئومۇمىي مەنپەئەتنى نەزەرگە ئالالماسلىق قاتارلىقلار. بازار ئىگىلىكىنىڭ ئەشۇنداق يېتەرسىزلىكلىرى جىنايەت ھادىسىلىرىنىڭ كۆپىيىشىگە سەۋەبچى بولۇپ قالىدۇ. ئەمما بازار ئىگىلىكىنىڭ ئىجابىي تەسىرىگە سېلىشتۇرغاندا، ئۇنىڭ پاسسىپ (سەلبىي) تەسىرى تولىمۇ كىچىك بولۇپ، قوشۇمچە ئورۇندىلا تۇرالايدۇ. شۇنداقتىمۇ بازار ئىگىلىكىنىڭ پاسسىپ تەسىرىگە سەل قارىغىلى بولمايدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن، بازار مېخانىزمىنىڭ ئىجابىي رولىنى تولۇق جارى

قىلدۇرۇش بىلەن تەڭلا، دۆلەت ماكرولۇق تەڭشەش ـ تىزگىنلەش سىستېمىسىنى بەرپا قىلىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش ئارقىلىق بازار ئىگىلىكىنىڭ پاسسىپ تەسىرىنى تەدرىجى ئازايتىشى لازىم. بۇ ھەقتىكى كۆز قاراشلىرىمنى تۆۋەندىكى تەرەپلەردىن تەپسىلىي ئىزھار قىلماقچىمەن:

جىنايەت يۈز بېرىشنىڭ ئاساسلىق سەۋەبلىرى

جىنايەت بىر خىل ئىجتىمائىي ھادىسە بولۇپ، جەمئىيەتكە زىيانلىق، جىنايى ئىشلار قانۇنىغا خىلاپ، جىنايى جازا بېرىشكە تېگىشلىك بولغان قىلمىشلاردىن ئىبارەت. جىنايەت قانۇن ئارقىلىق دۆلەت تەرىپىدىن بېكىتىلىدۇ. جىنايەتكە جازا بېرىش دۆلەتنىڭ زورلۇق كۈچىگە تايىنىپ ئېلىپ بېرىلىدۇ. جىنايەت ئەزەلدىنلا مەۋجۇت بولۇپ كېلىۋاتقان ھادىسە ئەمەس، بەلكى ئىنسانلار جەمئىيىتى تەرەققىي قىلىپ خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك، سىنىپ، دۆلەت بارلىققا كەلگەندىن كېيىن، دۆلەت ھاكىمىيىتىنى يۈرگۈزۈۋاتقان سىنىپ ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى قوغداش ئۈچۈن قانۇن تۈزۈپ چىققان ۋە بۇ قانۇندا ئۆز سىنىپىنىڭ مەنپەئىتى ۋە ھۆكۈمرانلىق تەرتىپىگە زىيان يەتكۈزىدىغان قىلمىشلارنى جىنايەت دەپ بېكىتكەن. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن جىنايەت دېگەن ئۇقۇم بارلىققا كەلگەن. بۇ نۇقتىدىن قارىغاندا، جىنايەتنىڭ باش مەنبەسى مۈلۈكچىلىك. دۆلەت تۈزۈمى قانداق بولۇشتىن قەتئىينەزەر، ھەر قانداق بىر دۆلەتتە خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك مەۋجۇت بولۇپلا تۇرىدىكەن، ئۇ دۆلەتتە جىنايەت ھادىسىسى مۇقەررەر ھالدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. جۈملىدىن بىزنىڭ سوتسىيالىستىك دۆلىتىمىزمۇ جىنايەت مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشتىن مۇستەسنا ئەمەس. جىنايەت ئىنتايىن مۇرەككەپ بىر خىل ئىجتىمائىي ھادىسە بولغانلىقتىن، ئۇنىڭ يۈز بېرىش سەۋەبلىرىمۇ ناھايىتى كۆپ ۋە مۇرەككەپ بولىدۇ. مەزكۇر ماقالىدا پەقەت جىنايەت يۈز بېرىشنىڭ ئەشۇ كۆپ سەۋەبلىرى ئىچىدىكى ئەڭ ئاساسلىق سەۋەبلىرى ئۈستىدىلا توختىلىمەن.

1. ئېلىمىزدە ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىغا بولغان خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك تۈزۈمى مەۋجۇت. ئىسلاھات ۋە ئېچىۋېتىشنىڭ چوڭقۇرلىشىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك ئىگىلىكىنىڭ نىسبىتىمۇ بارغانسېرى كۆپەيمەكتە. ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنى ئاساسىي گەۋدە قىلىش، كۆپ خىل ئىگىلىكنى بىرلىكتە راۋاجلاندۇرۇش دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىغا خاس ئىقتىسادىي تۈزۈمى. بۇ يەردە ئېيتىلغان كۆپ خىل ئىگىلىك خۇسۇسىي ئىگىلىكنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك ئۈستىگە قۇرۇلغان خۇسۇسىي ئىگىلىك ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا، ئىشقا ئورۇنلىشىش يوللىرىنى كۆپەيتىپ خەلق تۇرمۇشىنى يۈكسەلدۈرۈشتە، خەلق ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە مۇھىم رول ئوينايدۇ. لېكىن خۇسۇسىي ئىگىلىكتە مەلۇم مىقداردىكى ئېكسپىلاتاتسىيە، تەقسىماتتىكى تەڭسىزلىك، ئەڭ زور پايدىغا ئېرىشىش ئۈچۈن ۋاستە تاللىماسلىق قاتارلىق ئىللەتلەر مەۋجۇت بولغانلىقتىن، خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىكنىڭ يۇقىرىدا ئېيتىلغان ئىجابىي رولىغا ئەگىشىپ، يەنە بەلگىلىك پاسسىپ تەسىر كۆرسىتىدۇ ـ دە، ھەر خىل جىنايەتلەرنىڭ يۈز بېرىشى ۋە كۆپىيىشىگە سەۋەبچى بولىدۇ. خۇسۇسىي ئىگىلىك تەرەققىي قىلىپ زورايغانسېرى، خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىكنىڭ ئىجابىي رولىمۇ چوڭىيىدۇ، سەلبىي رولىمۇ چوڭىيىپ جىنايەتمۇ كۆپ يۈز بېرىدۇ.

2. شەھەرلىشىش جەريانىدا بارلىققا كەلگەن ھەر خىل زىددىيەتلەرنىڭ تېز، تولۇق ھەل قىلىنمىغانلىقىمۇ جىنايەت ھادىسىلىرىنىڭ كۆپىيىشىگە سەۋەبچى بولدى. يېزا

ئاھالىلەرنىڭ شەھەرلىشىشى ـ ئىنسانىيەت جەمئىيىتى تەرەققىياتىنىڭ ئورتاق يۈزلىنىشى، ئېلىمىزنىڭ سانائەتلىشىشكە يۈزلىنىشىگە ئەگىشىپ، يېزا ئاھالىسىنىڭ شەھەرلەرگە كىرىپ ئولتۇراقلىشىش نىسبىتى تېز ئۆرلىدى. ھازىر دۆلىتىمىزنىڭ شەھەر بازار ئاھالىسى 400 مىليونغا يېقىنلاپ قالدى. قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدە شەھەر ـ بازارلاردا تۇرۇشلۇق ئاھالىنىڭ مۇنچىۋالا تېز كۆپىيىشى تۇرالغۇ ئۆي، مائارىپ، قاتناش، مۇھىت تازىلىقى، ئىشقا ئورۇنلىشىش، داۋالىنىش، كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىش ··· قاتارلىق نۇرغۇن تەرەپلەردە كۆپلىگەن يېڭى زىددىيەتلەرنى پەيدا قىلدى. بۇ زىددىيەتلەرنى تېز ئارىدا، تولۇق ھەل قىلىشقا شارائىت يار بەرمىگەنلىكى سەۋەبىدىن، جىنايەت ھادىسىلىرى بەلگىلىك دەرىجىدە كۆپىيىپ قالىدۇ. شەھەر ـ بازارلاردا جىنايەت دېلولىرى يېزىلاردىكىگە قارىغاندا ھەسسىلەپ كۆپ يۈز بېرىدىغانلىقى خەلقئارادىكى بارلىق دۆلەتلەرنىڭ، جۈملىدىن دۆلىتىمىزنىڭ ئۇزۇن يىللاردىن بۇيانقى ئەمەلىيىتىدە ئىسپاتلانغان.

3. يېڭى شەكىلدىكى ئالاھىدە سىنىپىي كۈرەشنىڭ ئىپادىلىنىشى. سىنىپىي كۈرەش سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچىدىكى ئاساسلىق زىددىيەت بولۇشتىن قېپقالغان بولسىمۇ، ئۇ يەنە بەلگىلىك دائىرىدە ئۇزاق مۇددەت مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. خۇددى يولداش دېڭ شياۋپىڭ ئېيتقاندەك: سوتسىيالىستىك جەمئىيەتتىكى سىنىپىي كۈرەشنىڭ ئالاھىدىلىكى ئۇ مۇكەممەل ئىككى سىنىپنىڭ ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي جەھەتتىكى توقۇنۇشىدا ئىپادىلىنىدىغان بولماستىن، خەلق مەنپەئىتىگە قارشى كىشىلەرنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزۈپ، جەمئىيەت مەنپەئىتىگە ئېغىر زىيان يەتكۈزۈش توقۇنۇشى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. جىنايەت ئۆتكۈزگۈچىلەر ۋە يېڭى ئېكسپىلاتاتورلاردىن ئىبارەت جەمئىيەتكە قارشى كىشىلەرنىڭ ئۈزلۈكسىز تۈردە ھەر خىل جىنايى ھەرىكەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلىقى يېڭى شەكىلدىكى ئالاھىدە سىنىپىي كۈرەشنىڭ ئىپادىسى ھېسابلىنىدۇ.

4. چەتتىن كىرگەن پاسسىپ مەدەنىيەتنىڭ تەسىرى ـ دۆلىتىمىزدە يېقىندىن بۇيانقى يىللار مابەينىدە جىنايەت كۆپ يۈز بېرىۋاتقانلىقىنىڭ يەنە بىر ئاساسلىق سەۋەبى. ئېلىمىزنىڭ ئون نەچچە يىللىق ئەمەلىيىتى شۇنى ئىسپاتلىدىكى، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش، ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇشقا ناھايىتى زور پايدا يەتكۈزدى، شۇنىڭ بىلەن تەڭ سىرتنىڭ ئىقتىسادىي تېخنىكىسى، باشقۇرۇش ئۇسۇللىرى، تۇرمۇش شەكلى قاتارلىق تەرەپلەردىكى ئاكتىپ ۋە پاسسىپ ئامىللارمۇ ئېلىمىز جەمئىيىتىگە بىللە ئېقىپ كىردى. سىرتنىڭ پاسسىپ مەدەنىيىتىنىڭ يادروسى چېكىدىن ئاشقان شەخسىيەتچىلىك ئىدىيىدىن ئىبارەت. جىنايەت ئۆتكۈزگۈچىلەرنىڭ سۇبيېكتىپ جەھەتتىكى سەۋەبلىرىنى تەھلىل قىلغاندا، جىنايى ھەرىكەتلەرنىڭ كۆپىنچىسىنى چېكىدىن ئاشقان شەخسىيەتچىلىك ئىدىيىسى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە سىرتنىڭ پاسسىپ مەدەنىيىتىنى ئېلىمىز جەمئىيىتى، بولۇپمۇ ياشلار ۋە ئۆسمۈرلەر ناھايىتى ئاسان قوبۇل قىلىدۇ. بۇمۇ ئېلىمىزدە ھازىرقى باسقۇچتا جىنايەت ھادىسىلىرىنىڭ كۆپىيىشى ۋە ئاھالىنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزۈش نىسبىتى ئۆرلەپ كېتىشتىكى مۇھىم سەۋەبلەرنىڭ بىرى.

5. پىلانلىق ئىگىلىك باشقۇرۇش قېلىپى قالدۇرغان ئاسارەتلەر بەزى جىنايى ھەرىكەتلەرنىڭ كۆپىيىپ قېلىشىغا مەلۇم دەرىجىدە سەۋەبچى بولدى. 70 ـ يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدىن ئىلگىرى ئېلىمىز ئىزچىل ھالدا پىلانلىق ئىگىلىكنى يولغا قويغانىدى. ئىگىلىك باشقۇرۇشنىڭ ھەر خىل تۈزۈم ۋە ئۇسۇللىرىمۇ پىلانلىق ئىگىلىككە ماس كېلەتتى. پىلانلىق ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا توسالغۇ بولۇۋاتقانلىقى بايقالغاندىن كېيىن، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلىپ تاۋار ئىگىلىكى يەنى بازار ئىگىلىكى يولغا

قويۇلدى. پىلانلىق ئىگىلىكتىن بازار ئىگىلىكىگە ئۆتۈشتىن ئىبارەت بۇ جىددىي بۇرۇلۇشتا، مۇناسىپ قانۇن ۋە تۈزۈملەرنىڭ ئۆز ۋاقتىدا ئوتتۇرىغا چىقمىشى ۋە يۈرۈشلەشتۈرۈلمىشى يېتىشەلمىگەنلىكتىن، سۇبيېكتىپ ئامىللىرى ھازىرلانغان بەزى دۆلەت خىزمەتچىلىرى پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ خىيانەتچىلىك قىلىش، پارىخورلۇق قىلىش قاتارلىق جىنايى ھەرىكەتلەر بىلەن شۇغۇللاندى.

6. دۆلىتىمىزدە قانۇن - تۈزۈملەرنىڭ يۈرۈشلەشتۈرۈلمىشى يەنىلا يېتەرلىك بولمايۋاتقانلىقى، بولۇپمۇ دۆلەت خادىملىرى ۋە باشقا پۇقرالارنىڭ قانۇن ئېڭىنىڭ تۆۋەن ھالەتتە تۇرۇۋاتقانلىقى جىنايەت كۆپرەك يۈز بېرىشنىڭ يەنە بىر سەۋەبى. پارتىيىمىزنىڭ 11 - نۆۋەتلىك 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، دۆلىتىمىزنىڭ قانۇن - تۈزۈم قۇرۇلۇش تەرەققىياتى تېز بولۇپ، ئارقا - ئارقىدىن ئاھايىتى نۇرغۇن قانۇن - نىزاملار ئېلان قىلىندى ۋە يولغا قويۇلدى. لېكىن، بولۇشقا تېگىشلىك بارلىق قانۇن - نىزاملار تولۇقلىنىپ، مۇكەممەللىشىپ كەتتى دېگىلى بولمايدۇ. بولۇپمۇ دۆلەت خادىملىرى ۋە باشقا پۇقرالارنىڭ قانۇننى ئۆگىنىش، قانۇنغا ئەمەل قىلىش، قانۇننى ئىجرا قىلىش، قانۇندىن پايدىلىنىپ ئۆزىنىڭ، كوللېكتىپنىڭ، دۆلەتنىڭ، باشقىلارنىڭ ھوقۇق - مەنپەئىتىنى قوغداش ئاڭلىقلىقى تۆۋەن بولغانلىقتىن، بەزىلەر قانۇن يوق كاۋاكتىن پايدىلىنىپ نەپ ئالىمەن دەپ جىنايەت ئۆتكۈزۈۋاتىدۇ، بەزى دۆلەت خادىملىرى قانۇننى بىلمىگەنلىكتىن قانۇننى خاتا ئىجرا قىلىپ، جەمئىيەتكە ئېغىر زىيان يەتكۈزۈش ئارقىلىق جىنايەت شەكىللەندۈرمەكتە، نۇرغۇن پۇقرالار كۈندىلىك تۇرمۇش، ھەق - تەلەپ، ئائىلە، نىكاھ، مۇھەببەت، تىجارەت، ئىشلەپچىقىرىش، قۇرۇلۇش جەريانىدا شەكىللەنگەن ھەر خىل ماجىرالارنى قانۇندىن پايدىلىنىپ ھەل قىلىشنى ئۇقماي، ئىنتايىن كەسكىن ۋە قانۇنسىز ھەرىكەتلەرنى قوللىنىپ جىنايەت شەكىللەندۈرمەكتە.

7. بازار ئىگىلىكىنىڭ ئاكتىپ (ئىجابى) تەسىرىگە ئەگىشىپ پەيدا بولغان، تارماق ئېقىمغا مەنسۇپ بولغان پ سىسپ تەسىرلە ى سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقان دۆلىتىمىزدە جىنايەت ب رغانسېرى كۆپىيىۋاتقانلىقىنىڭ، ئاھالىنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزۈش نىسبىتى بارغانسېرى ئۆرلەۋاتقانلىقىنىڭ يەنە بىر مۇھىم سەۋەبى.

**بازار ئىگىلىكىنىڭ جىنايەت يۈز بېرىشكە كۆرسىتىدىغان ئىجابىي ۋە سەلبىي تەسىرى**

1. بازار ئىگىلىكى ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇش ئالاھىدىلىكىگە ئىگە. يەنى تاۋار ئىشلەپچىقارغۇچىلار، تىجارەت قىلغۇچىلار ۋە ئىستېمال قىلغۇچىلار ئۆزىنىڭ پايدا - زىيىنىغا ئۆزى ئىگە بولىدۇ، نېمە ئىشلەپچىقىرىش، نېمە سېتىش ۋە نېمە ئېلىشنى، تاۋارلارنىڭ سېتىش - سېتىۋېلىش باھاسىنى ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن بېكىتىدۇ. مانا بۇ ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولغانلىق ھېسابلىنىدۇ. بازار ئىگىلىكىنىڭ بۇ ئالاھىدىلىكى جەمئىيەتتىكى ئىشقا ئورۇنلىشىش يوللىرىنى كۆپەيتىدۇ، ئىشقا ئورۇنلىشىش نىسبىتىنى ئۆستۈرىدۇ. جەمئىيەت بايلىقىنى موللاشتۇرىدۇ، خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلايدۇ. نەتىجىدە ئىشسىزلىقتىن، يوقسۇزلۇقتىن جىنايەت ئۆتكۈزىدىغانلارنىڭ سانى ئازىيىدۇ. بۇ تەرىپى جىنايەتنىڭ ئازىيىشىغا تۈرتكە بولىدىغان ئىجابىي تەسىرى ھېسابلىنىدۇ. لېكىن، ئىشلەپچىقارغۇچىلار ۋە تىجارەت قىلغۇچىلار ئۆزلىرىنىڭ ماددىي مەنپەئىتىنىلا قوغلىشىپ، ئىستېمالچىلارنىڭ مەنپەئىتىنى زىيانغا ئۇچرىتىپ، سۈپەتسىز ھەتتا زىيانلىق نەرسىلەرنى ئىشلەپچىقىرىپ، يالغان ماركا چاپلاپ ساتىدىغان، ناچار تاۋارنى ئەلا تاۋار قىلىپ نىقابلاپ ساتىدىغان، مال باھاسىنى ئۆزى خالىغانچە ئۆستۈرۈپ ساتىدىغان قانۇنسىز ھەتتا جىنايى ھەرىكەتلەرنىڭ يۈز بېرىشىدىن خالى

بولغىلى بولمايدۇ. مانا بۇ — بازار ئىگىلىكىنىڭ جىنايەت كۆپىيىشىگە سەۋەبچى بولىدىغان پاسسىپ (سەلبى) تەسىرى ھېسابلىنىدۇ.

2. بازار ئىگىلىكى ئېچىۋېتىلىش ئالاھىدىلىكىگە ئىگە. يەنى بازار بارلىق ئىشلەپچىقارغۇچىلارغا، تىجارەتچىلەرگە، ئىستېمالچىلارغا، دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىغا ئېچىۋېتىلىدۇ. نەتىجىدە تاۋار ئوبوروتى راۋانلىشىپ، ئېھتىياج بىلەن تەمىنلەشنىڭ مۇناسىۋىتى تەڭپۇڭلىشىشقا قاراپ يۈزلىنىدۇ، بازارلار ئاۋاتلىشىپ مال باھاسى مۇقىملىشىدۇ. بۇلار بازار ئىگىلىكىنىڭ جەمئىيەتنىڭ تىنچ ۋە مۇقىملىقىغا، جىنايەتنىڭ ئازىيىشىغا ياردەم بېرىدىغان ئاكتىپ (ئىجابى) تەسىرى ھېسابلىنىدۇ. لېكىن ئېچىۋېتىلىشكە ئەگىشىپ چەتنىڭ چىرىك، چاكىنا تۇرمۇش شەكىللىرى، ئىدىيىۋى ئېقىملىرى ۋە ھەر خىل جىنايى ھەرىكەتلەرمۇ ئېلىمىزگە سىڭىپ كىرىدۇ. ھەتتا ھەر خىل جىنايى ھەرىكەتلەر بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارمۇ ئېلىمىزگە يوشۇرۇن كىرىدۇ. مانا بۇلار بازار ئىگىلىكىنىڭ جىنايەت كۆپىيىشىگە سەۋەبچى بولىدىغان پاسسىپ تەسىرى ھېسابلىنىدۇ.

3. بازار ئىگىلىكى باراۋەرلىك ئالاھىدىلىكىگە، ئىشلەپچىقارغۇچىلار، تىجارەتچىلەر ۋە ئىسلاھاتچىلار جەمئىيەتتىكى سىياسىي ئورنى، ئىقتىسادىي ئورنى، تۇرۇشلۇق رايونى قاتارلىقلارنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ھەممىسى تەڭ باراۋەر ئورۇندا تۇرۇپ، ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن تەڭ باھادا ئالماشتۇرۇش پرىنسىپى بويىچە بازار پائالىيىتىگە قاتنىشىدۇ. بازار ئىگىلىكىنىڭ بۇ ئالاھىدىلىكى ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇش، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە خەلق تۇرمۇشىنى بېيىتىشقا زور پايدىلىق بولۇپ، جەمئىيەت ئامانلىقىنىڭ ياخشىلىنىشى ئۈچۈن، جىنايەتنىڭ ئازىيىشى ئۈچۈن كۈچلۈك ياردەم بېرىدۇ. بۇ بازار ئىگىلىكىنىڭ ئاكتىپ تەسىرى قاتارىغا كىرىدۇ. ئەمما، بازار ئىگىلىكىنىڭ مۇشۇ ئالاھىدىلىكى تۈپەيلىدىن، جەمئىيەت بايلىقى ئىگىلىكى تەرەققىي قىلغان رايونلارغا ۋە بېيىغان شەخسلەرگە ئېقىپ توپلىنىدۇ - دە، رايونلار ئارىسىدىكى، شەھەر بىلەن يېزا ئوتتۇرىسىدىكى، شەخسلەر ئوتتۇرىسىدىكى باي - كەمبەغەللىك پەرقى چوڭىيىپ كېتىدۇ، جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ پسىخىكىلىق تەڭپۇڭلۇقى بۇزۇلىدۇ، پسىخىكىلىق تەڭپۇڭلۇقنىڭ بۇزۇلۇشى جىنايەتنىڭ كۆپىيىشىگە سەۋەبچى بولىدۇ. مەسىلەن: كەمبەغەللەشكەن، ۋەيران بولغان شەخسلەرنىڭ بەزىلىرى مال - مۈلۈكنى كۆزلەپ ئادەم ئۆلتۈرۈش، بۇلاڭچىلىق قىلىش، ئوغرىلىق قىلىش، زەھەرلىك چېكىملىكلەرنى ئېلىپ سېتىش، توشۇش، ساقلاش، ئالدامچىلىق قىلىش قاتارلىق جىنايى ھەرىكەتلەر بىلەن شۇغۇللانسا، بېيىپ كەتكەن شەخسلەرنىڭ بەزىلىرى پۇلنى جايىدا ئىشلەتمەستىن كۆپ نىكاھلىنىش، قىمار ئويناش، زەھەرلىك چېكىملىكلەرنى چېكىش قاتارلىق قانۇنسىز ھەرىكەت ۋە جىنايى ھەرىكەتلەرنى ئۆتكۈزۈشكە ئىشلىتىپ جەمئىيەت ئامانلىقىنى بۇزىدۇ. مانا بۇلار - بازار ئىگىلىكىنىڭ جىنايى ھەرىكەتلەرنىڭ كۆپىيىشىگە تۈرتكە بولىدىغان يەنە بىر پاسسىپ تەسىرى.

4. بازار ئىگىلىكى رىقابەتلىشىش ئالاھىدىلىكىگە ئىگە. بازار پائالىيىتىگە قاتنىشىدىغانلار ئارىسىدىكى ئىشلەپچىقارغۇچىلار بىلەن ئىشلەپچىقارغۇچىلار، تىجارەت قىلغۇچىلار بىلەن تىجارەت قىلغۇچىلار ئوتتۇرىسىدا سۈپەت، باھا، مۇلازىمەت جەھەتلەردىكى رىقابەت ناھايىتى كەسكىن ئېلىپ بېرىلىدۇ. رىقابەتلىشىش نەتىجىسىدە ئەلالىرى ئۇتۇپ چىقىدۇ. ناچارلىرى شاللىنىۋېتىلىدۇ. بۇ خىل رىقابەتلەر تاۋارلارنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش، باھاسىنى تۆۋەنلىتىش، مۇلازىمەت سۈپىتىنى ياخشىلاش، ئىگىلىك قۇرۇلمىسىنى سەرخىللاشتۇرۇش قاتارلىق تەرەپلەردە ناھايىتى زور ئاكتىپ رول ئويناپ ئىگىلىكنى جانلاندۇرىدۇ، جەمئىيەت بايلىقىنى ئاشۇرىدۇ، ئەمما رىقابەتلىشىش نەتىجىسىدە

شاللىۋېتىلگەن ئىشلەپچىقارغۇچىلار ۋە تىجارەتچىلەر قايتا ئىشقا ئورۇنلاشقىچە ئىشسىز قېلىپ، جەمئىيەت مۇقىملىقىنىڭ بۇزۇلۇشى ۋە جىنايەتنىڭ كۆپىيىشىگە سەۋەبچى بولىدىغان يېڭى بىر پاسسىپ ئامىلغا ئايلىنىدۇ.

لېنىن «تەبىئەت دۇنياسىدىكى (روھ ۋە جەمئىيەتمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) ھەممە ھادىسىلەر ۋە جەريانلار بىر - بىرىگە زىت، بىر - بىرىنى چەتكە قاقىدىغان، بىر- بىرىگە قارىمۇ- قارشى خاھىشلارنىڭ بولىدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىش لازىم» دېگەنىدى. بازار ئىگىلىكىدىن ئىبارەت بۇ شەيئىنىڭ تەرەققىياتى جەريانىدىمۇ ئاكتىپ تەسىر بىلەن پاسسىپ تەسىردىن ئىبارەت بىر - بىرىگە زىت، بىر - بىرىنى چەتكە قاقىدىغان، بىر- بىرىگە قارىمۇ- قارشى بۇ ئىككى تەرەپتىن تەركىب تاپقان زىددىيەتنىڭ باشتىن - ئاخىر مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىش لازىم. بازار ئىگىلىكىدىن ئىبارەت بۇ شەيئىنىڭ تەرەققىياتىنى مانا مۇشۇ زىددىيەتلەر ئىلگىرى سۈرىدۇ. يولداش ماۋزېدۇڭ: «زىددىيەتلىشىدىغان ئىككى تەرەپ ئىچىدە بىر تەرەپ جەزمەن ئاساسلىق ئورۇندا تۇرىدۇ، يەنە بىر تەرەپ قوشۇمچە ئورۇندا تۇرىدۇ» دەپ كۆرسەتكىنىدەك، بازار ئىگىلىكىنىڭ ئاكتىپ تەسىرى بىلەن پاسسىپ تەسىرىدىن ئىبارەت زىددىيەتنىڭ بۇ ئىككى تەرىپى ئىچىدە، ئاكتىپ تەسىرى ئاساسىي ۋە يېتەكچى ئورۇندا تۇرىدۇ. ئاكتىپ تەسىرى ئالدىدا پاسسىپ تەسىرى ئىنتايىن كىچىك ۋە تارماق ئېقىم بولۇپ، قوشۇمچە ئورۇندىلا تۇرالايدۇ. لېكىن، پاسسىپ تەسىرىگە سەل قارىغىلىمۇ بولمايدۇ. «قۇچقاچتىن قورقۇپ تېرىق تېرىماسلىق» توغرا ئەمەس، لېكىن «قۇچقاچ»نى قورساي ئۆز مەيلىگە قويۇپ بېرىشكىمۇ بولمايدۇ.

يولداش جياڭ زېمىن پارتىيىمىزنىڭ 15 - قۇرۇلتىيىدا بەرگەن دوكلاتىدا مۇنداق دېدى: «بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، بازارنى دۆلەتنىڭ ماكرولۇق تەڭشەش - تىزگىنلىشى ئاساسىدا بارلىق تەقسىملەشتە ئۇللۇق رول ئوينايدىغان قىلىش لازىم». بۇنىڭغا ئاساسەن بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇپ، ئۇنىڭ سوتسىيالىستىك ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇش، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاش جەھەتتىكى غايەت زور ئاكتىپ رولىنى تېخىمۇ كۆپ جارى قىلدۇرۇشىمىز، مۇشۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە يەنە بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنىڭ تازا مۇكەممەل بولۇپ كېتەلمىگەن جايلىرىنى داۋاملىق مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئىقتىسادىي، قانۇنىي ۋاسىتىلەردىن پايدىلىنىپ دۆلەتنىڭ بازار ئىگىلىكىگە قارىتا ماكرولۇق تەڭشەش ۋە تىزگىنلىشىنى تېخىمۇ كۈچەيتىپ، بازار ئىگىلىكىنىڭ يۇقىرىدا ئېيتىلغاندەك پاسسىپ تەسىرلىرىنى بارا - بارا ئازايتىشىمىز لازىم.

---

پايدىلانغان ماتېرىياللار:

① «بازار ئىگىلىكى قىبلىنامىسى» — جۇڭخۇا نەشرىياتى، 1993 - يىل 12 - ئاي، خەنزۇچە 1 - نەشرى.

② جياڭ زېمىن — «دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ جۇڭگو سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىشلىرىنى 21 - ئەسىرنى نىشانلاپ ئومۇميۈزلۈك ئالغا سىلجىتايلى» جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ 15 - قۇرۇلتىيىدا بېرىلگەن دوكلات.

③ كاڭ شۇخۇا: «جىنايەتشۇناسلىق ھەققىدە ئومۇمىي بايان»، بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1992 - يىلى 1 - ئاي خەنزۇچە نەشرى.

④ جامائەت خەۋپسىزلىكى مىنىستىرلىكى تەمىنلىگەن 90 - يىللاردىكى مەملىكەت بويىچە يۈز بەرگەن جىنايەت دېلولىرى ھەققىدە مەلۇمات.

# ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكنىڭ رېئاللىشىش شەكلىنى كۆپ خىللاشتۇرۇشنىڭ زۆرۈرلىكى توغرىسىدا

ئابدۇكېرىم يۇسۇپ

ئېلىمىزدە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان ئون نەچچە يىلدىن بۇيان، مۇلۇكچىلىك تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتى چوڭقۇرلاشتۇرۇلۇپ «بىرىنچىدىن چوڭ، ئىككىنچىدىن ئومۇمىي» بولغان بىر تەرەپلىمە قاتمال تۈزۈلمە تۈپتىن ئۆزگەرتىلدى. ئومۇمىي مۇلۇكچىلىك ئاساسىي گەۋدە قىلىنغان دۆلەت، كوللېكتىپ ۋە خۇسۇسىي مۇلۇكچىلىك بىرگە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان ۋە راۋاجلىنىدىغان تۈزۈلمە شەكىللەندى. لېكىن ئۇ ئېلىمىز ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى تەرەققىياتى ۋە بازار ئىگىلىكى بەرپا قىلىشنىڭ ئوبيېكتىپ تەلىپىگە ماسلىشالمايۋاتىدۇ. شۇڭا، بازار ئىگىلىكىگە ماس بولغان ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكنىڭ رېئاللىشىش شەكلىنى يارىتىش ۋە راۋاجلاندۇرۇشقا بولغان ئىدىيىۋى تونۇشنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

## 1. مۇلۇكچىلىك ۋە مۇلۇكچىلىكنىڭ رېئاللىشىش شەكلى

مۇلۇكچىلىك بىلەن مۇلۇكچىلىكنىڭ رېئاللىشىش شەكلى ئوخشاش بولمىغان ئىككى ئۇقۇم بولۇپ، ئۇلار ئارىسىدا پەرق بار. مۇلۇكچىلىك — كىشىلەرنىڭ ماددىي ۋاسىتىلەرگە بولغان مۇلۇكچىلىك شەكلىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ ئومۇمىي مۇلۇكچىلىك ۋە خۇسۇسىي مۇلۇكچىلىكتىن ئىبارەت ئىككى شەكىلگە بۆلۈنىدۇ. ئومۇمىي مۇلۇكچىلىك ئىگىلىكى دۆلەت ئىگىلىكى بىلەن كوللېكتىپ ئىگىلىكنى ئۆز ئىچىگە ئېلىپلا قالماي، ئارىلاش مۇلۇكچىلىك ئىگىلىكىنىڭ دۆلەت ئىگىدارلىقى تەركىۋى بىلەن كوللېكتىپ ئىگىدارلىقى تەركىبىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. دۆلەت ئىگىلىكى ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىنى بارلىق خەلق ئورتاق ئىگىلەيدىغان بىر خىل ئومۇمىي مۇلۇكچىلىك شەكلى. بارلىق تەبىئىي بايلىق، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى زاۋۇت، كان، كارخانىلار بۇ تىپقا كىرىدۇ. ئۇ ئومۇملۇق دەرىجىسى بىر قەدەر يۇقىرى بولغان ئومۇمىي مۇلۇكچىلىك شەكلى بولۇپ، خەلق ئىگىلىكىنىڭ جان تومۇرىنى تىزگىنلەپ، ئىقتىسادىي تەرەققىياتتا يېتەكچى رول ئوينايدۇ. كوللېكتىپ ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىگە ئەمگەكچىلەر ئاممىسى كوللېكتىپ ئىگىدارچىلىق قىلىدىغان بىر خىل ئىگىلىك شەكلى بولۇپ، ئۇ ئومۇمىي مۇلۇكچىلىك ئىگىلىكىنىڭ مۇھىم تەركىبى قىسمى، كوللېكتىپ ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇش ئومۇمىي مۇلۇكچىلىك ئىگىلىكىنىڭ ئاساسىي گەۋدىلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. چۈنكى كوللېكتىپ ئىگىلىك ئورتاق بېيىش پرىنسىپىنى گەۋدىلەندۈرىدۇ. ئۇ شەھەر، يېزىلاردىكى ئەمگەكچىلەر ۋە ئىجتىمائىي تارقاق مەبلەغنى كەڭ جەلپ قىلىپ، دۆلەتنىڭ مالىيە بېجىنى ئاشۇرىدۇ، جەمئىيەتتىكى ئىشقا ئورۇنلىشىش بېسىمىنى يېنىكلىتىدۇ. ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكتىن باشقا ئىگىلىك خۇسۇسىي ئىگىلىك ۋە چەتئەل كاپىتال ئىگىلىكى قاتارلىق ئىگىلىك شەكلىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ ئېلىمىز سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولۇپ، ئۇنىڭغا داۋاملىق ئىلھام بېرىپ ۋە يول كۆرسىتىپ ئۇنى ساغلام راۋاجلاندۇرۇش

كېرەك. ئۇ سوسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. كىشىلەرنىڭ كۆپ خىل ئېھتىياجىنى قاندۇرۇپ، ئىشقا ئورۇنلىشىشنى كۆپەيتىپ، خەلق ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇشتا مۇھىم رول ئوينايدۇ. مۇلۇكچىلىكنىڭ رېئاللىشىش شەكلى ئومۇمىي ئىگىلىكنىڭ ئىچكى قىسمىنىڭ قۇرۇلما شەكلى ۋە ئايلىنىش شەكلى بولۇپ، ئۇ كارخانىلارنىڭ كاپىتال تۈپلاش شەكلىنى كۆرسىتىدۇ. كارخانىلارنىڭ كاپىتال تۈپلاش شەكلىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، ھەسسىدارلىق چەكلىك شىركىتى، شىرىكچىلىكتىكى كارخانىلار، ھەمكارلىق كارخانىلىرى، پاي ھەمكارلىق كارخانىلىرىغا بۆلۈنىدۇ. ئوخشاش مۇلۇكچىلىكتىكى ئوخشىمىغان كارخانىلارنىڭ كۆپ خىل رېئاللىشىش شەكلى بولىدۇ. ئوخشاش بولمىغان مۇلۇكچىلىكتە ئوخشاش بىر خىل رېئاللىشىش شەكلىنى قوللىنىشقا بولىدۇ. دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلار، كوللېكتىپ ئىگىلىكىدىكى كارخانىلار ۋە ئومۇمىي مۇلۇكچىلىك بولمىغان كارخانىلارنىڭ ھەممىسى مۇستەقىل مەبلەغ سېلىش، پاينى تىزگىنلەش ۋە پاي قوشۇشقا قاتنىشىشتىن ئىبارەت كۆپ خىل رېئاللىشىش شەكىللىرىنى قوللانسا بولىدۇ. پىلانلىق ئىگىلىك تۈزۈلمىسىدە دۆلەت ئىگىلىكىنىڭ كاپىتال تۈپلاش شەكلى بىرلا خىل بولۇپ، ھۆكۈمەت كارخانىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى پائالىيىتىگە بىۋاسىتە قاتنىشىدۇ ۋە باشقۇرىدۇ. بۇ خىل كاپىتال تەشكىللەش شەكلى سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ئەھۋالى، ئىجتىمائىيلاشقان يىرىك ئىشلەپچىقىرىش ۋە سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى بەرپا قىلىش ئېھتىياجىغا ماسلىشالمايۋاتىدۇ. ئىسلاھاتنىڭ چوڭقۇرلىشىشى، كۆپ خىل مۇلۇكچىلىكتىكى ئىگىلىكنىڭ راۋاجلىنىشى، مەبلەغ سېلىش سۇبيېكتىنىڭ كۆپ خىللىشىشىغا ئەگىشىپ، مۇلۇكچىلىكنىڭ رېئاللىشىش شەكلىنىمۇ كۆپ خىللاشتۇرۇپ، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇش لازىم.

## 2. نۆۋەتتە مۇلۇكچىلىك قارىشىدا ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر

ئېلىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى نۇقتىئىينەزەر جەھەتتە پىلانلىق ئىگىلىك كونا قارىشىنى يوقىتىپ، بازار ئىگىلىكى يېڭى قارىشىنى تىكلەش جەريانى، شۇنداقلا ئومۇمىي مۇلۇكچىلىك قارىشىنى يېڭىلاش جەريانى. لېكىن بىر قىسىم كىشىلەر، بولۇپمۇ بىر قىسىم رەھبىرى كادىرلارنىڭ ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكنى قانداق قۇرۇش ۋە راۋاجلاندۇرۇش كېرەكلىكى ۋە ئۇنىڭ رېئاللىشىش شەكلىگە بولغان قارىشى يېتەرلىك ۋە بىردەك بولماي، يەنىلا نۇرغۇن مەسىلىلەر ساقلانماقتا.

1) مۇلۇكچىلىك مەزمۇنىنى ئاددىيلاشتۇرۇپ، ئومۇمىي مۇلۇكچىلىك بىلەن خۇسۇسىي مۇلۇكچىلىكنى قارىمۇ قارشى قىلىپ قويۇپ، بىر ـ بىرىنى چەتكە قاقىدۇ دەپ قاراپ، مۇلۇكچىلىكنىڭ كونكرېت شەكلىگە تارىخىي تەھلىل يۈرگۈزمەي، مۇلۇكچىلىكنىڭ خاراكتېرى بىلەن كونكرېت شەكلىنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئاددىيلاشتۇرماقتا، مۇتلەقلەشتۈرمەكتە. بۇنىڭ بىلەن خۇسۇسىي مۇلۇكچىلىك بىلەن ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكنىڭ كونكرېت شەكىل جەھەتتىكى تارىخىي باغلىنىشىنى ئىنكار قىلىپ، ئومۇمىي مۇلۇكچىلىك قۇرۇلمىسىنىڭ كۆپ مەنبەلەشكەن شەكىللىرى ۋە ھەر خىل ئىقتىسادىي تەركىبلەرنىڭ بىرگە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇپ ئۆزئارا تولۇقلاش، سىڭىشىشتىن ئىبارەت ھەمكارلىق مۇناسىۋىتىنى كۆرەلمەي، ئومۇمىي مۇلۇكچىلىك قانچە چوڭ، ساپ بولسا شۇنچە ياخشى دەپ قارىماقتا.

2) مۇلۇكچىلىكنى ئۆزگەرتىشتە خۇسۇسىي مۇلۇكچىلىكنى يوقىتىپ ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكنى ئورنىتىشنى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلىش، راۋاجلاندۇرۇشنىڭ ۋاستىسى دەپ قارىماي، ئوقۇل مەقسەت دەپ قارىماقتا. نەتىجىدە ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكنىڭ كونكرېت شەكلىدە مەنپەئەت مېخانىزمىنىڭ رېئال ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ سەۋىيىسى ۋە تەلىپىگە ئويغۇن كەلگەن ياكى

كەلمىگەنلىكىگە، رېئال ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش رولىنى ئۈنۈملۈك ھالدا جارى قىلدۇرغان ياكى قىلدۇرمىغانلىقىغا سەل قارىماقتا.

3) مۈلۈكچىلىك شەكلى جەھەتتە ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنى ئاساسىي گەۋدە قىلىشنى ئاددىي ھالدا دۆلەت ئىگىلىكىنى ئاساسىي گەۋدە قىلىش دەپ چۈشىنىپ، ئۇنى ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنىڭ بىردىنبىر شەكلى دەپ قاراپ، كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىك، پاي ھەمكارلىق تۈزۈمى، ئارىلاشما ھەسسىدارلىق مۈلۈكچىلىكى، گۇرۇھ مۈلۈكچىلىكى قاتارلىق ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنىڭ باشقا شەكىللىرىنى ئىنكار قىلىپ، دۆلەت ئىگىلىكى دېگەنلىك دۆلەت ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي بايلىقلارغا ئىگىدارچىلىق قىلىش ۋە ئىشلەپچىقىرىش، ئىگىلىك باشقۇرۇش جەريانىنى بىۋاسىتە تىزگىنلەش دېگەنلىك دەپ قارىماقتا. ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنى ئاساسىي گەۋدە قىلىشنى ھەممە ۋاقىت، ھەممە جايدا يېتەكچى رول ئويناش دەپ چۈشىنىپ، رايونلار پەرقى ۋە كەسپىي پەرقىنى ئىنكار قىلماقتا. ئەنئەنىۋى ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك شەكلىنى قاتماللاشتۇرۇپ، ئۇنىڭ يېڭىدىن پەيدا بولغان شەكىللىرىنى چەتكە قاقماقتا. بۇ خىل خاتا ئىدىيىلەر بازار ئىگىلىكى بەرپا قىلىش، مۈلۈك ھوقۇقى تۈزۈمى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ۋە كۆپ خىللاشتۇرۇشقا توسقۇنلۇق قىلىدۇ. ئەمەلىيەتتە بازار ئىگىلىكى تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، ئوخشاش بولمىغان خاراكتېردىكى كارخانىلار ئوتتۇرىسىدىكى ھەسسىدارلىق تۈزۈمىدىكى قوشۇۋېتىش، بىرلەشتۈرۈش، ئۆزگەرتىپ تەشكىللەش، ئىجارىگە بېرىش، باشقۇرۇشنى ھۆددىگە بېرىش قاتارلىقلار ئەنئەنىۋى ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش شەكلىنى زور دەرىجىدە ئۆزگەرتىۋەتتى. شۇڭا، نۆۋەتتە ئىدىيىنى ئازاد قىلىپ، ئەنئەنىۋى ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك قارىشىنى ئۆزگەرتىپ، بازار ئىگىلىكى تەرەققىيات ئېھتىياجىغا ماس ھالدا ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولىدىغان ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنىڭ رېئاللىشىش شەكلى ئۈستىدە ئىزدىنىش ئىنتايىن زۆرۈر.

## 3. ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنىڭ رېئاللىشىش شەكلىنى كۆپ خىللاشتۇرۇشنىڭ زۆرۈرلىكى

ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنىڭ كونكرېت رېئاللىشىش شەكلى كىشىلەرنىڭ سۇبيېكتىپ ئېڭى تەرىپىدىن بەلگىلەنمەستىن بىر دۆلەتنىڭ ئوبيېكتىپ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ئەھۋالى، ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئىجتىمائىيلىشىش دەرىجىسى، دۆلەت ئەھۋالى، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش تەرەققىيات جەريانىنىڭ ئېھتىياجى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدىغان، مۇتلەق قېتىپ قالغان ئۆزگەرمەس نەرسە بولماستىن، بىر يۈرۈش سىناق ۋە تاللاش ئارقىلىق مۇقىملاشتۇرۇلىدىغان، ئەمەلىيەت تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ ئۈزلۈكسىز ئۆزگىرىپ كۆپ خىللىشىدىغان ۋە مۇكەممەللىشىپ بارىدىغان ئۇزاق مۇددەتلىك جەريان. شۇڭا، ئىگىلىكنى، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن مۈلۈكچىلىك مۇناسىۋىتىنى تەڭشەپ، ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنىڭ رېئاللىشىش شەكلىنى كۆپ خىللاشتۇرۇش دەۋرنىڭ مۇقەررەر تەلىپى.

1) ئېلىمىز ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ۋە ئىجتىمائىيلاشقان ئىشلەپچىقىرىشنىڭ كۆپ قاتلاملىقى ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنىڭ رېئاللىشىش شەكلىنى كۆپ خىللاشتۇرۇشنى بەلگىلىگەن. ئىنسانلار تارىخىي تەرەققىياتىدا ھەر قانداق جەمئىيەتنىڭ مۈلۈكچىلىك قۇرۇلمىسى ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى جەزمەن ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ خاراكتېرىگە ئۇيغۇن بولۇش قانۇنىيىتى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. مۈلۈكچىلىك ئىجتىمائىي قۇرۇلمىسىنى بەلگىلەيدىغان ئەڭ ئاساسىي شەرت ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالى بىلەن ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئىجتىمائىيلىشىش دەرىجىسى، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ ئەھۋالى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ يۇقىرى تۆۋەنلىكى، ئىشلەپچىقىرىش

قۇراللىرىنىڭ ئىلغارلىق دەرىجىسى، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلمىسى ۋە ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ھەر قايسى ئاساسىي تەشكىلاتلار ئەھۋالىنىڭ ئومۇمىي ئالاھىدىلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئىجتىمائىيلىشىشى بولسا تارقاق كىچىك كۆلەمدىكى يەككە ئىشلەپچىقىرىشنىڭ مەركەزلەشكەن يىرىك كۆلەمدىكى ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىشقا بۇرۇلۇش جەريانىنى كۆرسىتىدۇ. ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى تەرەققىياتى، ئىجتىمائىيلىشىش، مەركەزلىشىش دەرىجىسى نىسبەتەن يۇقىرى بولغان يىرىك ئىشلەپچىقىرىشتا، مۈلۈكنى ئىجتىمائىيلاشتۇرۇش تەشكىلىي شەكلى نىسبەتەن يۇقىرى بولغان دۆلەت مۈلۈكچىلىكى، پاي تۈزۈمى قاتارلىق مۈلۈكچىلىك شەكلىنى قوللىنىش مۇۋاپىق. ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى تەرەققىياتى، ئىجتىمائىيلاشقان ئىشلەپچىقىرىش دەرىجىسى تۆۋەن، تارقاقلاشقان ئىشلەپچىقىرىش ئىگىلىك باشقۇرۇش پائالىيىتىدە مۈلۈكنى ئىجتىمائىيلاشتۇرۇش تەشكىلىي شەكلى نىسبەتەن تۆۋەن بولغان مۈلۈكچىلىك شەكلىنى قوللىنىش مۇۋاپىق. ئېلىمىزدە رايونلار، تارماقلار، كارخانىلار ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى تەرەققىياتى تەكشىسىز كۆپ قاتلاملىق، ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئىجتىمائىيلىشىش دەرىجىسىمۇ تەكشىسىز كۆپ قاتلاملىق بولۇپ، بۇ مۈلۈكچىلىك قۇرۇلمىسى ئىسلاھاتىنى تېزلىتىپ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ كۆپ قاتلاملىق ھالىتىگە ئۇيغۇن بولغان ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنىڭ كۆپ خىللاشقان شەكلىنى ئورنىتىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىدىن ئىبارەت ئۆلچەم ئالدىدا خەلق ئاممىسىنىڭ ئاكتىپلىقىنى قوزغاپ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى زور دەرىجىدە ئىلگىرى سۈرەلەيدىغان مۈلۈكچىلىك شەكلىلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش مۇقەررەرلىكىگە ئىگە بولىدۇ، ھەم بىردىنبىر توغرا مۈلۈكچىلىك شەكلى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئەكسىچە بولغان مۈلۈكچىلىك شەكلى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ ئۆزگىرىدۇ. مۈلۈكچىلىكنىڭ رېئاللىشىش شەكلى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ ۋاسىتىسى، ئۇسۇلى بولۇپ، بەلگىلىك ئىجتىمائىي شارائىتتا تارىخ ئوخشاش بولمىغان مۈلۈكچىلىكنىڭ رېئاللىشىش شەكىللىرىنى تاللىشىنىڭ توپ سەۋەبى، بۇ مۈلۈكچىلىكنىڭ رېئاللىشىش شەكىللىرىنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى تەرەققىياتىغا پايدىلىق بولغانلىقىدا. ئېلىمىزنىڭ بىرلا خىل، ساپ بولغان ئەنئەنىۋى ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنىڭ رېئاللىشىش شەكلى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ سەۋىيىسىگە ماس كەلمىگەنلىكتىن بايلىقنى تېخىمۇ ئۈنۈملۈك سەرخىللاشتۇرۇپ ئورۇنلاشتۇرالمىدى. خەلق ئاممىسىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، ئىگىلىك باشقۇرۇشتىكى ئاكتىپلىق، تەشەببۇسكارلىق، ئىجادچانلىق روھىنى تولۇق قوزغىيالمىدى. بۇنىڭ بىلەن ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى تەرەققىياتى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراپ، خەلق تۇرمۇشىنىڭ ياخشىلىنىشىغا ئېغىر تەسىر كۆرسەتتى. شۇڭا دېڭ شياۋپىڭ بۇ ساۋاقنى يەكۈنلەپ «ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنىڭ شەكلى زادى قانداق بولسا ئەڭ ياخشى بولىدۇ دېگەن مەسىلىدە مۇنداق پوزىتسىيە تۇتساق بولار، يەنى جايلاردا يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئاسانراق، تېزرەك ئەسلىگە كېلىشىگە ۋە راۋاجلىنىشىغا قانداق شەكىل ئىمكانىيەت بەرسە، شۇنداق شەكىلنى قوللىنىش كېرەك؛ ئامما قانداق شەكىلنى قوللىنىشنى خالىسا شۇنداق شەكىلنى قوللىنىش لازىم. قانۇنىي ئورۇنغا ئىگە بولمىغانلىرىنى قانۇنىي ئورۇنغا ئىگە قىلىش لازىم» («دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما» 1 ـ توم، ئۇيغۇرچە نەشرى، 720 ـ بەت.) دەپ كۆرسەتكەنىدى، 18 يىلدىن بۇيانقى

مۇلۇكچىلىك قۇرۇلمىسى ئىسلاھاتى تەجرىبىلىرى ئەنئەنىۋى مۇلۇكچىلىك قارىشىنى ئۆزگەرتىپ، ناھايىتى زور كۈچ سەرپ قىلىپ، ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكنىڭ رېئاللىشىش شەكلىنى كۆپ خىللاشتۇرۇپ، بارلىق ئىجتىمائىيلاشقان ئىشلەپچىقىرىش قانۇنىيىتىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ئىگىلىك باشقۇرۇش شەكىللىرى ۋە تەشكىلىي شەكىللەردىن، بارلىق ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، خەلقنىڭ ئاكتىپلىقىنى قوزغىيالايدىغان ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكنىڭ رېئاللىشىش شەكىللىرىنىڭ ھەممىسىدىن يورەكلىك ھالدا پايدىلىنىش لازىملىقىنى تولۇق ئىسپاتلىدى.

2) ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكنىڭ رېئاللىشىش شەكلىنى كۆپ خىللاشتۇرۇش ئېلىمىزنىڭ سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا تۇرغانلىقىدىن ئىبارەت رېئاللىق تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن. جۇڭگو سوتسىيالىزمى يېرىم مۇستەملىكە يېرىم فېئوداللىق جەمئىيەتتىن پەيدا بولغان، ئۇ ماركسىزم كلاسسىكلىرى تەسەۋۋۇر قىلغان كاپىتالىزمنىڭ يۇكسەك تەرەققىياتى ئاساسىدا قۇرۇلغان سوتسىيالىزمغا ئوخشىمايدۇ. ئۆتۈش ئۈچۈن شارائىت ھازىرلاۋاتقان، دەسلەپكى باسقۇچتا تۇرۇۋاتقان سوتسىيالىزم، ئۇنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى سەۋىيىسى، ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئىجتىمائىيلىشىش دەرىجىسى تەرەققىي تاپقان كاپىتالىستىك دۆلەتلەردىن قالاق بولۇپ، بىر ئۇزاق دەسلەپكى باسقۇچ ئارقىلىق باشقا دۆلەتلەر كاپىتالىزم شارائىتىدا تاماملىغان سانائەتلەشتۇرۇش، ئىجتىمائىيلاشتۇرۇش، زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا مۇھتاج. ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى تەرەققىياتى ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئىجتىمائىيلىشىش دەرىجىسى تەكشىسىز پەرقلىق، كۆپ قاتلاملىق بولۇش ۋە ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى تەشكىلىي قۇرۇلمىسى كۆپ خىل بولۇش، ھەر خىل ئەمگەك ئۇسۇلى ۋە مەنپەئەت سۇبيېكتى بىرگە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش، ئۆتكۈنچىلىك، پىشىپ يېتىلمەسلىك، غەيرىي سايلىق ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بولۇپ، بۇلار ئىجتىمائىيلىشىش دەرىجىسىنىڭ يۇقىرى تۆۋەنلىكى ئوخشاش بولمىغان ھەر خىل ئىقتىسادىي شەكىللەرنىڭ ئۇزاق مۇددەت بىرگە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇپ، ئۆزئارا بىر ـ بىرىنى تولۇقلاپ ئورتاق راۋاجلىنىشىنى بەلگىلىگەن. بۇ بىزدىن سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىنى چىقىش قىلىپ، مۇلۇكچىلىك قۇرۇلمىسى ئىسلاھاتىنى تېزلىتىپ، ھەر خىل ئوخشاش بولمىغان ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى سەۋىيىسىگە ماس بولغان ئىگىلىك شەكلىنى يولغا قويۇپ، ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكنىڭ رېئاللىشىش شەكلىنى كۆپ خىللاشتۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىن ئىبارەت رېئاللىقتىن ھالقىپ، رېئال ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى سەۋىيىسىدىن چەتنەپ، قارىغۇلارچە چوڭ، ئومۇمىي بولۇشنى قوغلىشىش، ئىگىلىك سۇبيېكتلىرىنىڭ ئاكتىپلىقىغا تەسىر كۆرسىتىپ خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئوخشۇشلۇق راۋاجلىنىشىغا توسقۇنلۇق قىلىدۇ.

خەلقئارا مۇھىتتىن قارىغاندا ئېلىمىز تەرەققىي قىلغان كاپىتالىستىك دۆلەتلەر بىلەن تىنچ رىقابەتلىشىش دەۋرىدە تۇرماقتا. ئېلىمىزنىڭ ئىقتىسادى، پەن ـ تېخنىكا ئاساسى ئاجىز، مەبلىغى كەمچىل بولغاچقا خەلق ئىگىلىكىنى تېز سۈرئەتتە راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن تەرەققىي قىلغان كاپىتالىستىك دۆلەتلەرنىڭ مەبلىغىنى، ئىلغار تېخنىكىسى، ئۇسكۇنىسى ۋە باشقۇرۇش تەجرىبىسىنى ئاكتىپ قوبۇل قىلىش ۋە پايدىلىنىش لازىم. بۇ جەزمەن كاپىتالىستىك دۆلەتلەر بىلەن سودا ئالاقىسى ۋە ئىقتىسادىي ھەمكارلىقنى كۈچەيتىش، ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكنىڭ رېئاللىشىش شەكلىنى كۆپ خىللاشتۇرۇش ئاساسىدا بەلگىلىك دەرىجىدە چەتئەل مەبلىغى، ئىگىلىكىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىغا يول قويۇپ، جۇڭگو

چەتئەل شىرىكچىلىكى ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ.

3) ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكنىڭ رېئاللىشىش شەكلىنى كۆپ خىللاشتۇرۇش، بازار ئىگىلىكى بەرپا قىلىش قەدەمىنى تېزلىتىشنىڭ ئېھتىياجى. ئوخشاش بولمىغان تارىخىي شارائىتتا ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن ئوخشاش بولمىغان ئىگىلىك شەكلىنى قوللىنىشقا توغرا كېلىدۇ. ناتۇرال ئىگىلىك، بازار ئىگىلىكى، مەھسۇلات ئىگىلىكى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ ئوخشاش بولمىغان باسقۇچلىرىدا ئايرىم - ئايرىم قوللىنىلغان. سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش ئەمەلىيەتتە بازار ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرغانلىق، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى زور دەرىجىدە راۋاجلاندۇرالايدىغان ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكنىڭ رېئاللىشىش شەكلىنى تېپىپ چىقىش ئەمەلىيەتتە سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرەلەيدىغان ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكنىڭ رېئاللىشىش شەكلىنى تېپىپ چىققانلىق. ئون نەچچە يىلدىن بۇيان گەرچە ئەنئەنىۋى ئومۇمىي مۇلۇكچىلىك شەكلىگە قارىتا بىر يۈرۈش ئىسلاھات ئېلىپ بېرىپ، ئۇنى بازار ئىگىلىكىنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلاشتۇرغان بولساقمۇ، لېكىن ئۇ يەنىلا نۇرغۇن تەرەپلەردە بازار ئىگىلىكىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇش ئېھتىياجىغا ماسلىشالمايۋاتىدۇ. ھازىرقى زامان بازار ئىگىلىكى ئېنىق بولغان مۇلۇك ھوقۇقى تۈزۈمى ۋە ئۆزئارا مۇستەقىل بولغان مال مۇلۇك سۇبيېكتىنى ئۆزىنىڭ ئايلىنىش ئاساسى قىلىدۇ. بازار ئىگىلىكى مۇلۇك ھوقۇقى ئوچۇق بولۇش، ھوقۇق-مەسئۇلىيەت ئېنىق بولۇش، مەمۇرىيەت بىلەن كارخانىنى ئايرىپ، كارخانىلارنى ئۆز ئالدىغا ئىگىلىك باشقۇرىدىغان، پايدا - زىيىنىغا ئۆزى ئىگە بولىدىغان، ھەقىقىي بازار سۇبيېكتىغا ئايلاندۇرۇشنى تەلەپ قىلىپلا قالماي، بەلكى كاپىتال ۋە باشقا ئىشلەپچىقىرىش ئامىللىرى يۈرۈشۈپ تۇرۇش، ھەم يۈرۈشۈش جەريانىدا بايلىقنى سەرخىللاشتۇرۇپ ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى، مەبلەغنى ئۈنۈملۈك ئايلاندۇرۇپ، پايدىنى ئېخىمۇ كۆپەيتىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئۇنداق بولمىغاندا بازار مېخانىزمى نورمال ئايلىنالمايدۇ. ھازىرقى زامان مەنىسىدىكى بازار ئىگىلىكىمۇ شەكىللەنمەيدۇ. لېكىن ئەنئەنىۋى مۇلۇكچىلىك شەكلىدە مۇلۇك ھوقۇقى، ھوقۇق - مەسئۇلىيەت ئېنىق ئەمەس. مەمۇرىيەت بىلەن كارخانا ئايرىلمىغان بولغاچقا كارخانىلار ھەقىقىي بازار سۇبيېكتىغا ئايلىنالمىغان، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كاپىتال مەمۇرىي ۋاستە ئارقىلىق ئايلىنىپ، ئەركىن يۈرۈشۈپ تۇرمىغانلىقتىن تەكرار ئىشلەپچىقىرىش ۋە تەكرار قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىش ھادىسىسى پەيدا بولۇپ، دۆلەت مۈلكىنىڭ ساقلىنىشى ۋە ئېشىشى كاپالەتكە ئىگە بولماي ئېغىر زىيانغا ئۇچرىغان. بۇ خىل ئەنئەنىۋى مۇلۇكچىلىك شەكلى ئىقتىسادىي مۇناسىۋەت نىسبەتەن ئاددىي، ئىجتىمائىيلىشىش دەرىجىسى يۇقىرى بولمىغان ئەھۋالدا ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرالايدۇ. لېكىن ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ مۇرەككەپلىشىشى ۋە ئىجتىمائىيلاشقان ئىشلەپچىقىرىش تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، يەككە سۇبيېكتلىق مۇلۇكچىلىك شەكلى بازار ئىگىلىكى بەرپا قىلىپ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش ئېھتىياجىغا ماسلىشالمايدۇ. شۇڭا ئەنئەنىۋى مۇلۇكچىلىك شەكلى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكنىڭ رېئاللىشىش شەكلىنى كۆپ خىللاشتۇرۇش سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى بەرپا قىلىشنىڭ جىددىي تەلىپى.

# ماركسىزملىق پەلسەپە سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ جېنى

## مۇھەممەترەھىم مەمتىلى

سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ مەزمۇنلىرى ئىنتايىن مول. ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، ئۇنى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ۋە ئىدىيىۋى قۇرۇلۇش دېگەن ئىككى ساھەگە ئايرىش مۇمكىن. مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى مائارىپ، ئىلىم ـ پەن، ئەدەبىيات ـ سەنئەت، ئاخبارات، نەشرىيات، رادىئو ـ تېلېۋىزىيە، سەھىيە، تەنتەربىيە، كۇتۇپخانا، مۇزېي قاتارلىق ھەر قايسى مەدەنىيەت ئىشلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئىدىيىۋى قۇرۇلۇشنىڭ ئاساسىي مەزمۇنلىرى ئىشچىلار سىنىپىغا خاس ماركسىزملىق دۇنيا قاراش ۋە ئىلمىي نەزەرىيە، كوممۇنىستىك غايە، ئېتىقاد ۋە ئەخلاق، سوتسىيالىستىك ئومۇمىي مۇلۇكچىلىككە ئۇيغۇن كېلىدىغان خوجايىنلىق ئىدىيىسى، سوتسىيالىستىك سىياسىي تۈزۈمگە ئۇيغۇن كېلىدىغان ھوقۇق ـ مەجبۇرىيەت قارىشى ۋە تەشكىلىي ئىنتىزام قارىشى، خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان پىداكارانە روھ ۋە كوممۇنىستىك ئەمگەك پوزىتسىيىسى، سوتسىيالىستىك ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە ئىنتېرناتسىئونالىزم ۋە باشقىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. يىغىنچاقلاپ ئېيتقاندا، ئۇنىڭ ھەممىدىن مۇھىم مەزمۇنى ئىنقىلابىي غايە، ئىنقىلابىي ئەخلاق ۋە ئىنقىلابىي ئىنتىزامدىن ئىبارەت.

سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ بىرىنچى ساھەدىكى مەزمۇنلىرىدىن قارىغاندا ئۇلارنىڭ ھەممىسى ماركسىزملىق پەلسەپە، دۇنيا قاراش ۋە مېتودولوگىيىسىنىڭ يېتەكچىلىكىنى قوبۇل قىلىدۇ. مائارىپ ئىشلىرىنى ئالساق، سوتسىيالىستىك مائارىپ ماركسىزملىق پەلسەپىنى نەزەرىيىۋى ئاساس، كوممۇنىستىك دۇنيا قاراش ۋە كىشىلىك تۇرمۇش قارىشىنى يېتەكچى ئىدىيە قىلغاچقا، ئۇ تەربىيىلەنگۈچىلەرنى سوتسىيالىزم ئىشلىرى، كوممۇنىزم ئىستىقبالى ئۈچۈن ئاڭلىق كۈرەش قىلىدىغان، ئەخلاقىي، ئەقلىي، جىسمانىي جەھەتلەردىن ئەتراپلىق تەرەققىي قىلغان كىشىلەردىن قىلىپ يېتىشتۈرۈپ چىقىشنى بەلگىلىگەن. كاپىتالىستىك مائارىپ بولسا، بۇرژۇئا پەلسەپىسىنى نەزەرىيىۋى ئاساس قىلىدۇ. ئۇنىڭ تۈپكى مەقسىتى تەربىيىلەنگۈچىلەرنى كاپىتالىستلارنىڭ كاپىتال كۆپەيتىشتىكى ماشىنىسى ۋە قورالىغا، پۇلنىڭ قۇلىغا ئايلاندۇرۇشتىن ئىبارەت. ئوخشاش بولمىغان مائارىپ تۈزۈمىدە گەرچە ئورتاق مەزمۇن ۋە قانۇنىيەتلەر بولسىمۇ، شۇنداقلا بۇ ئارقىلىق ئۇلار بىر ـ بىرىنى ئەينەك قىلىشسىمۇ، لېكىن مۇھىمى ئۇلاردىكى تۈپ پەرقنى ئېنىق تونۇش، سوتسىيالىستىك مائارىپ ئىشلىرىمىزنى سوتسىيالىستىك مائارىپنىڭ تەربىيىلەش نىشانى ۋە ئالاھىدە قانۇنىيىتى بويىچە راۋاجلاندۇرۇش لازىم.

يەنە ئىلىم ـ پەننى مىسالغا ئالساق، ئىجتىمائىي پەنلەر سىنىپىيلىققا ئىگە بولىدۇ. ئوخشاش بولمىغان سىنىپلار ھامان ئوخشاش بولمىغان پەلسەپىنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئۆزىنىڭ ئىجتىمائىي ئىلىم ـ پەنلىرىنى بەرپا قىلىدۇ ۋە راۋاجلاندۇرىدۇ. بۇ ناھايىتى ئېنىق مەسىلە بولۇپ، كۆپ سۆزلەش ھاجەتسىز. تەبىئىي پەنلەرنىڭ ئۆزىدە ھېچ بىر سىنىپىيلىك

بولمىسىمۇ، لېكىن ئوخشاش بولمىغان سىنىپلارنىڭ ئالىملىرى ئوخشاش بولمىغان پەلسەپىنىڭ يېتەكچىلىكىدە تەبىئىي پەنلەرنى تەتقىق قىلىش ۋە قوللىنىش بىلەن شۇغۇللىنىدۇ، ئۇلار مەلۇم خىلدىكى پەلسەپىنىڭ يېتەكچىلىكىنى ئاڭلىق ھالدا قوبۇل قىلمىسا، ئاڭسىز ھالدا قوبۇل قىلغان بولىدۇ. نۇرغۇنلىغان تەبىئىي پەن ئالىملىرى ئىدىيە سىستېمىسى بولغان ماتېرىيالىزم پەلسەپىسىنى ئېنىق بىلمىسىمۇ، لېكىن بۇ، ئۇ ئالىملارنىڭ پەن ساھەسىدە ماتېرىيالىزمغا ئىستېخىيىلىك ھالدا مايىل بولۇشىغا ھەمدە بۇ خىل پەلسەپىنىڭ يېتەكچىلىكىدە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىغا دەخلى يەتكۈزمەيدۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە ئالىملارنىڭ مەلۇم خىلدىكى خاتا پەلسەپىنىڭ ئاسارىتىگە ئۇچرىغانلىقى تۈپەيلىدىن ئېزىتقۇ يولىغا كىرىپ قېلىشى ياكى قاراپ تۇرۇپ زور مۇۋەپپەقىيەتنى قولدىن بېرىپ قويۇشتەك مىساللارمۇ ئىلىم - پەن تارىخىدا ئاز كۆرۈلگەن ئەمەس. پاكىتلار شۇنى تەكرار ئىسپاتلىدىكى، ماركسىزملىق دۇنيا قاراش ۋە مېتودولوگىيىنىڭ ئىلىم - پەنگە بولغان يېتەكچىلىكى ئىنتايىن مۇھىم. ئەگەر توغرا دۇنيا قاراش ۋە مېتودولوگىيە ئالدىنقى شەرت قىلىنمىسا ئىلىم - پەننىڭ ھەقىقىي ئىدىيە سىستېمىسىنىڭ بولۇشى ھەرگىزمۇ مۇمكىن ئەمەس. بۇنىڭدىن باشقا، ئەدەبىيات - سەنئەت قاتارلىقلارمۇ ھەم شۇنداق. بۇ شۇنى ئۇقتۇرىدۇكى، ماركسىزملىق پەلسەپە سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ بىرىنچى ساھەدىكى مەزمۇنى يەنى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن مۇھىم يېتەكچى رولغا ئىگە بولۇپ، بۇ ئىشلىرىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك خاراكتېرىنى ساقلاپ قېلىش ۋە يۆنىلىشىگە كاپالەتلىك قىلىشنىڭ جېنىدۇر.

سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ ئىككىنچى ساھەدىكى مەزمۇنى بولغان ئىدىيىۋى قۇرۇلۇشقا كەلسەك، ماركسىزملىق پەلسەپە بۇلارنىڭ ئىچىگە تېخىمۇ بىۋاستە سىڭگەن بولۇپ، ئۇنىڭدا يادرولۇق ۋە جانلىق رولىنى بىۋاستە ئوينايدۇ. ئەخلاقنىڭ ئۆزىنىلا مىسالغا ئالىدىغان بولساق، سوتسىيالىستىك ئەخلاق ماركسىزملىق پەلسەپە يېتەكچىلىكىدىكى كوممۇنىستىك كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى ئاساسىغا ئورنىتىلغان بولىدۇ. ماركسىزملىق پەلسەپىنىڭ تارىخىي ماتېرىيالىزملىق قائىدىلىرى ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا يىغىنچاقلايدۇ. ھەمدە ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى بىلەن ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىدىن ئىبارەت نېگىزلىك زىددىيەتنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتىگە ئاساسەن خۇسۇسىي مۇلۇكچىلىك تۈزۈمى ۋە خۇسۇسىي مۇلۇكچىلىك قارىشىنى تۈگىتىشنىڭ ئوبيېكتىپ مۇقەررەرلىكىنى، ئومۇمىي مۇلۇكچىلىك تۈزۈمىنى بارلىققا كەلتۈرۈش ۋە كوللېكتىۋىزملىق، كوممۇنىستىك قاراشنى تىكلەشنىڭ ئوبيېكتىپ مۇقەررەرلىكىنى ئېچىپ بېرىدۇ. ماركسىزملىق پەلسەپە ئىلمىي دەلىللەش ئارقىلىق زامانىمىزدىكى ئەڭ ئىلغار، ئەڭ ئىنقىلابىي سىنىپ پرولېتارىيات سىنىپىغا بىر خىل يېپيېڭى كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى ۋە ئەخلاق قارىشىنى يەتكۈزۈپ بەردى. شۇنداق قىلىپ ئۇ، كوللېكتىۋىزم يادرو قىلىنغان كوممۇنىستىك ئەخلاق قارىشىنى بۇرژۇئازىيە ۋە بارلىق ئېكسپىلاتاتور سىنىپلارنىڭ شەخسىي مەنپەئەتپەرەسلىك ئەخلاقى قارىشى بىلەن روشەن ھالدا قارىمۇ - قارشى ئورۇنغا قويۇپلا قالماستىن، بەلكى كىشىلەرنى ئىلمىي يوسۇندا كوممۇنىستىك كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى ۋە ئەخلاق قارىشىنىڭ جەزمەن پەيدىنپەي بارلىق ئەزالارنىڭ ئورتاق قارىشى بولۇپ قالىدىغانلىقىدىن ئىبارەت پارلاق مەنزىرىسى ئالدىنئالا كۆرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. ماركسىزملىق پەلسەپە كىشىلەرگە شۇنى تونۇتتىكى،

كوللېكتىۋىزم يادرو قىلىنغان كوممۇنىستىك ئەخلاق ئۇلۇغ، ئالىيجاناپ، مۇكەممەل بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئىلمىي بولىدۇ، بۇنىڭ بىلەن كىشىلەر يۈكسەك ئىنقىلابىيلىق بىلەن يۈكسەك ئىلمىيلىك ئۆز ئارا بىرلەشتۈرۈلگەن ئاساستا كوممۇنىستىك ئەخلاقنى تىكلەش ۋە جارى قىلدۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولىدۇ. شۇنداقلا ماركسىزملىق پەلسەپىنىڭ يېتەكچىلىكىدە كوممۇنىستىك ئەخلاق ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ سىنىپىنى ۋە كىشىلىرىنى ئاڭلىق تۈردە قوراللاندۇرۇپ، ئۇلارنى ھەقىقىي يۇسۇندا ئەڭ ئىلغار سىنىپقا ۋە ئىلغارلارغا ئايلاندۇرىدۇ.

لېي فېڭ روھىنىڭ كوممۇنىستىك ئەخلاقنىڭ ئىپادىسى بولۇپ قېلىشىغا دەل لېي فېڭنىڭ مەدەنىيەتلىك، ئەخلاقلىق بولۇش، ئۇنىڭ كىشىلەرگە ياردەم بېرىشنى خۇشاللىق دەپ بىلىش، ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا خىزمەت قىلىش، جاپا ـ مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلىشتەك ھەرىكەتلىرى كوممۇنىستىك دۇنيا قاراش بىلەن كىشىلىك تۇرمۇش قارىشىنى ئاساس قىلىپ، ماركسىزملىق پەلسەپىنىڭ دەۋر روھىنى جانلىق گەۋدىلەندۈرگەنلىكى سەۋەب بولدى. ئېلىمىزدە 60 ـ يىللاردا مەيدانغا كەلگەن لېي فېڭ، 70 ـ يىللاردا مەيدانغا كەلگەن جاۋ يۈيلۇ، 80 ـ يىللاردا مەيدانغا كەلگەن جاڭ خەيدى، 90 ـ يىللاردا مەيدانغا كەلگەن كۆڭ فەنسەنلار سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ تىپى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئوبيېكتىپ جەھەتتە سوتسىيالىزم ئىشلىرى تەرەققىياتى قانۇنىيىتىنىڭ تەلىپىنى ئەكس ئەتتۇرۇپ، سۇبيېكتىپ جەھەتتە كوممۇنىستىك ئىستىقبالغا بولغان ئېتىقاد ۋە ئىنتىلىشنى گەۋدىلەندۈرۈپ، كوممۇنىستىك دۇنيا قاراش ۋە كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى بىلەن قوراللانغان بىر ئەۋلاد يېڭى كىشىلەرنىڭ يېڭى قىياپىتىگە ۋەكىللىك قىلدى.

ماركسىزملىق پەلسەپە يېتەكچىلىكىدىكى سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەتنى بەرپا قىلىش ۋە تېخىمۇ جانلاندۇرۇش پۈتۈن پارتىيە ۋە پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك، ئۇلۇغ تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە ستراتېگىيىلىك ۋەزىپىسى. بۇ ئۇلۇغ تارىخىي ۋەزىپىنى ئورۇنداش ئۈچۈن كەڭ پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلار ۋە ئامما پائال ھەرىكەتكە كېلىشى، بولۇپمۇ پارتىيىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك كادىرلىرى سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەتنى بەرپا قىلىشتا باش تارتىپ بولمايدىغان پەۋقۇلئاددە زور مەسئۇلىيەتنى ئۆز ئۈستىگە ھەقىقىي ئېلىشى كېرەك. شۇنداق قىلغاندا رەھبىرى كادىرلار ئىچىدىكى چىرىكلىشىشكە ئۇنۇملۇك زەربە بېرىپلا قالماي، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى تېخىمۇ مۇستەھكەملىگىلى بولىدۇ.

دەرۋەقە، ھازىرقى سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەتمۇ ئاسماندىن چۈشكەن ئەمەس. ئۇ ئىنسانىيەت تارىخىدىكى بارلىق چىنلىق، ياخشىلىق، گۈزەللىكنىڭ، مەنىۋى، مەدەنىي مىراسلىرى بىلەن ھازىرقى زاماندىكى بارلىق ئەللەر ۋە مىللەتلەرنىڭ ئىدىيىۋى ئېڭىنىڭ جەۋھەرلىرىنى قوبۇل قىلىش ئارقىلىق بارلىققا كەلگەن بولغاچقا، ئۇ، ئۆتكەن زاماننىڭ سادىسى بولماستىن، بەلكى كەلگۈسى زاماننىڭ ئارزۇ ـ ئىستىكى، ھازىرقى دەۋر روھىنىڭ جەۋھىرى بولۇشى كېرەك. قىسقىسى، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت ماركسىزملىق پەلسەپە يېتەكچىلىكى ئاستىدا بارلىققا كەلگەن ئىنسانىيەت تارىخىدىكى ئەڭ مۇنەۋۋەر، ئەڭ ئېسىل، ئەڭ ئۇلۇغ مەنىۋى مەدەنىيەتتۇر.

ماركسىزملىق پەلسەپە مانا مۇشۇنداق يېپيېڭى سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ جېنىدۇر.

# بازار ئىگىلىكى ئەخلاقى ۋە ئۇنىڭ رول ئويناش دائىرىسىنىڭ چەكلىمىلىكلىكى توغرىسىدا مۇلاھىزە

ئابدۇغېنى ئوبۇلھەسەن

يېڭى تارىخىي دەۋردە، ئېتىكا ئەخلاق قۇرۇلۇشىنىڭ يۆنىلىشىنى قانداق بەلگىلەش كېرەك؟ بەزىلەر يېڭى دەۋردىكى ئېتىكا ئەخلاق قۇرۇلۇشىنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى — بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىگە ماس كېلىدىغان ئەخلاق ئۆلچەملىرى سىستېمىسىنى بەرپا قىلىشتىن ئىبارەت بولۇشى كېرەك، دەپ قارايدۇ. بۇ خىل قاراشنىڭ مەلۇم ئاساسى بولسىمۇ، ئەتراپلىق ئەمەس. يېڭى دەۋردىكى ئېتىكا ئەخلاق قۇرۇلۇشىنىڭ يۆنىلىشىنى بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىگە ماسلىشىش قاتلىمىغىلا ئاددىي ھالدا باغلاپ قويۇش، نەزەرىيە جەھەتتىن ئىلمىي بولمايلا قالماستىن، ئەمەلىيەت جەھەتتىنمۇ زىيانلىق. يېڭى دەۋردىكى ئېتىكا ئەخلاق قۇرۇلۇشى چوقۇم بازار ئىگىلىكىگە ماسلىشىشى ھەم بازار ئىگىلىكىدىن ھالقىغان بولۇشى كېرەك. بۇ ماقالىدا مۇشۇ مەسىلە ئۈستىدە مۇلاھىزە ئېلىپ بارىمىز.

بازار ئىگىلىكى مېخانىزمىنىڭ ئىچكى چەكلىمىسىگە ئۇچرايدىغان بازار ئىگىلىكىگە ماس كېلىدىغان ئەخلاق ئۆلچەملىرى پەقەت ئىقتىسادىي ساھەلەردىكى ئالاھىدە بەلگىلىك دائىرە ئىچىدىلا رول ئوينىيالايدۇ. بازار ئىگىلىكىنىڭ ساغلام، تەرتىپلىك تەرەققىي قىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، جەمئىيەت قانۇن- قائىدە، تۈزۈم، سىياسەت، نىزام قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر قاتار تەڭشەش، كونترول قىلىش مېخانىزمىنى بەرپا قىلىشقا مۇھتاج. لېكىن ھەر قانداق «قاتتىق چەكلىمە»لەر ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ خىلمۇ- خىل ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان بارلىق ئىقتىسادىي ھەرىكەتلىرىنى پۈتۈنلەي قېلىپلاشتۇرۇپ كەتكىلى بولمايدۇ، بۇ بازار ئىگىلىكىگە ماس كېلىدىغان ئەخلاق ئۆلچەملىرىنى شەكىللەندۈرۈشنى ۋە شۇ ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ بازار ئىگىلىكى پائالىيەتلىرىنى چەكلەش ۋە تەڭشەشنى تەلەپ قىلىدۇ.

ئۇنداق بولسا، بازار ئىگىلىكى ئەخلاق ئۆلچىمى دېگەن نېمە؟ مېنىڭچە، بازار ئىگىلىكى ئەخلاق ئۆلچىمى دېگىنىمىز، كىشىلەر بىلەن كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى، شەخس بىلەن جەمئىيەت ئوتتۇرىسىدىكى ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتلەرنى تەڭشەيدىغان ھەرىكەت قائىدىلىرىنىڭ يىغىندىسى، ئىقتىسادىي پائالىيەتلەر داۋامىدا كىشىلەر ئەمەل قىلىشى زۆرۈر بولغان ئەخلاق مىزانى، شۇنداقلا ئۇ سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىقتىسادىي سۇبيېكتىكە قارىتىلغان ئەخلاق تەلىپى. بازار ئىگىلىكى ئەخلاق ئۆلچىمى بىلەن بازار ئىگىلىكىنىڭ مۇقەررەر تەلىپى بىردەكلىككە ئىگە بولىدۇ، مانا بۇ- بازار ئىگىلىكى ئەخلاق ئۆلچىمىنىڭ ئەڭ گەۋدىلىك ئالاھىدىلىكى. مەسىلەن، قىممەت قانۇنىيىتى كىشىلەردىن تەڭ قىممەتتە ئالماشتۇرۇش، باراۋەرلىك ئاساسىدا ئۆز ئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈشتىن ئىبارەت ئەخلاق ئۆلچىمىگە رىئايە قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ؛ رىقابەت قانۇنىيىتى كىشىلەردىن ئادىل رىقابەتلىشىشتىن ئىبارەت ئەخلاق قارىشىنى تىكلەشنى تەلەپ قىلىدۇ؛ ئىقتىسادىي ئالاقىنىڭ مۇرەككەپ، كۆپ خىللىقى كىشىلەردىن ئىنتىزامغا رىئايە قىلىش، ۋەدىدە تۇرۇش، ئىناۋەتنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇش، خېرىدارلارنى ھەممىدىن ئەلا دەپ بىلىش قاتارلىق ئەخلاق ئېڭىنى تۇرغۇزۇشنى تەلەپ قىلىدۇ؛ خۇسۇسىي ۋە ئايرىم مەنپەئەتنىڭ ئىجتىمائىي مەنپەئەتكە بېقىنىشى كىشىلەردىن جەمئىيەتكە مەسئۇل بولۇش ئېڭىنى تىكلەشنى تەلەپ قىلىدۇ، ۋەھاكازالار. دېمەك، كىشىلەرنىڭ بازار ئىگىلىكىنىڭ كۆپ خىل قانۇن- قائىدە ۋە نىزاملارغا رىئايە قىلغانلىقى، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ ئەخلاق ئۆلچەملىرىگە رىئايە قىلغانلىقىنى—

گەۋدىلەندۈرىدۇ، مانا بۇ — ئەخلاقلىق ئىقتىسادىي ھەرىكەت ھېسابلىنىدۇ.

بازار ئىگىلىكى ئەخلاقى كىشىلەرنىڭ مەنپەئەت ھەرىكىتى بىلەن زىچ باغلىنىشلىق بولىدۇ، بۇ ئۇنى روشەن مەنپەئەت تۈسىگە ئىگە قىلىدۇ. ئۇنداق بولسا، ئىقتىسادىي پائالىيەتلەر جەريانىدا، ئەخلاقنىڭ رولى نېمىلەردىن ئىبارەت بولىدۇ؟ بەزىلەر، ئەخلاقنىڭ ئىقتىسادىي ھەرىكەتتە بولغان رولى بولسا ئىنساپ ئارقىلىق مەنپەئەتنى بېسىش، ئەخلاق ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ مەنپەئەتكە ئىنتىلىش ئارزۇسىنى چەكلەشتىن ئىبارەت دەپ قارايدۇ. ئەمەلىيەتتە، بۇنداق دەپ قاراش توغرا ئەمەس. ئىقتىسادىي پائالىيەتلەر جەريانىدا، ئەخلاقنىڭ رولى ئىقتىساد سۇبيېكتىنىڭ ئەڭ زور مەنپەئەتكە بولغان ئىنتىلىشىنى چەكلەش بولماستىن، بەلكى ئىقتىسادىي سۇبيېكتنىڭ ئەخلاق ئۆلچەملىرىگە ئۇيغۇن بولغان تاللاش ۋە شەكىل ئارقىلىق مەنپەئەتكە ئېرىشىشنى، ئىقتىسادىي سۇبيېكتنىڭ ئەخلاققا قارشى شەكىل ئارقىلىق مەنپەئەتكە ئېرىشىشنى چەكلەشنى تەلەپ قىلىشتىن ئىبارەت. ئەگەر ئىقتىساد سۇبيېكتى ئىقتىسادىي ھەرىكەتتە چېتىشلىق بولغان ھەر قايسى تەرەپ، ھەر قايسى ھالقىلاردا بازار ئىگىلىكى ئەخلاقىغا ئۇيغۇن بولسا، ئۇ ھالدا ئەڭ زور مەنپەئەتنى قولغا كەلتۈرگەن ھەرىكەت ئەخلاقى جەھەتتىن ئەيىبسىز بولىدۇ. قېلىپلاشقان بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا، ياخشى ئەخلاق ئوبرازىلا ئىقتىسادىي سۇبيېكتنىڭ ئەڭ زور مەنپەئىتىنى قولغا كەلتۈرۈشىگە ياردەم بېرەلەيدۇ. بۇ بازار ئىگىلىكى ئەخلاقىنى ھامان روشەن مەنپەئەت تۈسىگە ئىگە قىلىدۇ.

ئەخلاق بىلەن مەنپەئەتنىڭ بىردەكلىك تەرىپى بولىدۇ، ئەمما ئەخلاقنىڭ يەنە مەنپەئەتتىن ھالقىغان تەرىپى بولىدۇ. ئىقتىسادىي ساھەدە، ئادىل رىقابەتلىشىش شەكىل ئارقىلىق چەكلىك بايلىقلارنى تەقسىم قىلىش بولسا بازار ئىگىلىكىدىكى ئورۇنلۇق ھەرىكەت. رىقابەت قانۇن ـ نىزاملارغا ئۇيغۇن بولسىلا، ئۇ ھالدا، رىقابەت جەريانىدا ئۆزىنى پايدا ـ مەنپەئەتكە ئىگە قىلغان ئىقتىسادىي ھەرىكەت بازار ئىگىلىكى ئەخلاقىغا ئۇيغۇن بولغان ھەرىكەت بولىدۇ، نۇرغۇنلىغان مۇنەۋۋەر كارخانىلار، نۇرغۇنلىغان داڭلىق مەھسۇلاتلار رىقابەت جەريانىدا ئۆزىنىڭ كارامىتىنى كۆرسىتىۋاتىدۇ. لېكىن قانۇن نىزاملارغا، بازار ئىگىلىكى ئەخلاقىغا ئۇيغۇن بولغان رىقابەت، ئوبيېكتىپ جەھەتتە رايونلار، تارماقلار، كارخانىلار ۋە شەخسلەر ئوتتۇرىسىدىكى كىرىم پەرقى ۋە باي ـ نامراتلىق دەرىجىسىنىڭ چوڭىيىپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بۇ سوتسىيالىستىك ئورتاق بېيىش بىلەن زىددىيەتلىك. مانا بۇ — بازار ئىگىلىكى ئەخلاقىنىڭ چەكلىمىلىكلىكىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ.

بازار مېخانىزمى يەنە كىشىلەرنىڭ ئالىيجاناب ئەخلاق مەنزىلىگە بولغان ئىنتىلىشىنى شەرت قىلىدۇ. ئىقتىسادىي ساھەدە، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسى يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، ئىقتىسادىي سۇبيېكتلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت مەنپەئەت مۇناسىۋىتىنى بۇزۇپ تاشلىدى. ئىقتىسادىي ئالاقە جەريانىدا مەلۇم قائىدە ـ نىزاملار ئاساسەن سودىلىشىش، پايدا ـ زىيان بىلەن ھېسابلىشىشقا ئەخلاقىي جەھەتتىن يول قويۇلىدۇ، بۇنداق قىلىش ئورۇنلۇق ھېسابلىنىدۇ. بىز ھەم جان ـ دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش، خالىسانە تەقدىم قىلىش روھىنى تەشەببۇس قىلىشىمىز، تەقدىرلىشىمىز ۋە قانات يايدۇرۇشىمىز، ھەم كىشىلەرنىڭ توغرا، مۇۋاپىق يوللار ئارقىلىق شەخسىي مەنپەئەتنى قوغلىشىشنىڭ ئەقلىغە مۇۋاپىقلىقىنى ئېتىراپ قىلىشىمىز لازىم. بەزى ئىقتىسادىي ئورۇنلار ياكى شەخسلەر بازار ئىگىلىكىدە رىقابەتلىشىشكە جۈرئەت قىلىپ ۋە ماھىر بولۇپ، ئىنچىكىلىك بىلەن ھېسابات قىلىپ، پايدىغا ئىگە بولغاندىن كېيىن دۆلەتكە، كوللېكتىپقا، نامراتلارغا پۇل ئىئانە قىلىپ، جامائەت پاراۋانلىق ئىشلىرىغا ياردەم بېرىپ، جەمئىيەت ئۈچۈن بەخت ياراتتى. ئالدىنقى بىر خىل ھەرىكەت بولسا بازار ئىگىلىكى ھەرىكىتى بولۇپ، ئىقتىسادىي قانۇنىيەتكىلا ئەمەل قىلىنغان، كېيىنكى بىر خىل ھەرىكەت بولسا «تەقدىم قىلىش» ھەرىكىتى بولۇپ، ئاڭلىق ئىجتىمائىي مەسئۇلىيەتچانلىق ھېسسىياتىنى گەۋدىلەندۈرىدۇ. بۇ خىل «ياردەم بېرىش»، «قوللاپ قۇۋۋەتلەش»، «تەقدىم قىلىش» يەنە ئۆز نۆۋىتىدە شۇ ئورۇن،

شۇ كارخانا ياكى شۇ ئادەمگە بەلگىلىك نام ـ مەنپەئەت ئېلىپ كېلىپ، ياخشى ئوبرازنىڭ تىكلىنىشىگە سەۋەب بولىدۇ، «جان ـ دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش»، «خالىسانە تەقدىم قىلىش»، «ئۆز نەپسىدىن كېچىپ، باشقىلارنى قۇتۇلدۇرۇش» قاتارلىق تېخىمۇ يۇقىرى قاتلامدىكى ئەخلاقىي ھەرىكەتلەر بازار ئىگىلىكى ئەخلاقىنىڭ دائىرىسى ئىچىگە كىرمەيدۇ. ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، بازار ئىگىلىكى مېخانىزمىنىڭ ئىچكى خاسلىقى كىشىلىك تۇرمۇش ئەھمىيىتىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك ئەمەلگە ئېشىشى ۋە ئەخلاقىنىڭ ھەقىقىي ياخشىلىنىشىنى شەرت قىلىدۇ.

نۆۋەتتە، بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسى ۋە ئۇنىڭ نازارەتچىلىك مېخانىزمى تېخى ئانچە مۇكەممەل ئەمەس، بۇ خىل ئەھۋال ئاستىدا، بازار ئىگىلىكى ئەخلاق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشنى تەكىتلەش ئىنتايىن زۆرۈر. لېكىن، شۇنىمۇ سەگەكلىك بىلەن ئېنىق كۆرۈشىمىز كېرەككى، بازار ئىگىلىكى ئەخلاقى پەقەت ئىقتىسادىي ساھەدىكى ئالاھىدە بەلگىلىك دائىرە ئىچىدىلا قېلىپلاشتۇرۇش ۋە تەڭشەش رولىنى ئوينىيالايدۇ.

بازار ئىگىلىكى ئەخلاقىنىڭ پۈتكۈل جەمئىيەت ئەمەل قىلىدىغان، ھەر قايسى ساھە، ھەر قايسى كەسىپلەردە رول ئوينايدىغان ئومۇمىي ئەخلاق ئۆلچىمىگە ئايلىنىشى مۇمكىن ئەمەس، جەمئىيەتتىكى ھەر قايسى ساھە، ھەر قايسى كەسىپلەر ئەخلاقىنىڭ قىممەت نىشانىنى بازار ئىگىلىكى ئەخلاقىنىڭ قىممەت نىشانىسى بىلەن تامامەن ئوخشاش قىلىپ قويۇشقا بولمايدۇ.

بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنىڭ بەرپا قىلىنىشى ئېلىمىز ئىجتىمائىي تۇرمۇشىنىڭ ھەر قايسى ساھەلىرىدە چوڭقۇر تەسىرلەرنى پەيدا قىلىپ، ھەر قايسى ساھە، ھەر قايسى كەسىپلەرنىڭ ئۆزىنىڭ بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش ۋە تەرەققىي قىلىش مەسىلىسى ئۈستىدە مۇلاھىزە ئېلىپ بېرىشقا تۈرتكە بولدى. ئەمما ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ھەرگىزمۇ ھەر قايسى ساھە، ھەر قايسى كەسىپلەرنىڭ ھەممىسىنى بازارلاشتۇرۇشتىن دېرەك بەرمەيدۇ، بازارلاشتۇرۇشمۇ مۇمكىن ئەمەس. ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىشتا چىڭ تۇرۇش ھەرگىزمۇ ھەر قايسى ساھە، ھەر قايسى كەسىپلەرنىڭ «ئىقتىساد» بىلەن شۇغۇللىنىشىنى تەشەببۇس قىلغانلىق، ئىقتىسادىي ساھەنىڭ ھەرىكەت مېخانىزمى بىلەن ئەخلاق ئۆلچەملىرىنى بارلىق ساھەلەرگە كېڭەيتكەنلىك ئەمەس. بازار ئىگىلىكى ئەخلاقى پۈتكۈل جەمئىيەت ئەمەل قىلىدىغان ئومۇمىي ئەخلاق ئۆلچەملىرىگە ئايلىنالمايدۇ ۋە جەمئىيەتتىكى ھەر قايسى ساھە، ھەر قايسى كەسىپلەرنىڭ ھەممىسىدە رول ئوينىيالمايدۇ، ئۇ پەقەت بازار ئىگىلىكى جەريانىدىكى ئىقتىسادىي ئالاقە، ئىقتىسادىي پائالىيەتلەردە ئۆزىنىڭ تېگىشلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، ھەر خىل ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتلەرنى ئۈنۈملۈك ھالدا تەڭشەپ، ئىقتىسادنىڭ ساغلام، تەرتىپلىك تەرەققىي قىلىشىغا تۈرتكە بولىدۇ.

ھازىرقى جەمئىيەتتە، ئىش تەقسىماتى — بىر خىل ئومۇمىي ئىجتىمائىي ھادىسە. جەمئىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، ئىجتىمائىي ئىش تەقسىماتى ئۈزلۈكسىز بۆلۈنۈش، قوشۇلۇش ئارقىلىق كۆپلىگەن تارماق ۋە سانسىزلىغان كەسىپلەرنى شەكىللەندۈرىدۇ. تارماق ۋە كەسىپ ئىش تەقسىماتىنىڭ چوڭقۇرلاشقانلىقى، ئىجتىمائىي ئېھتىياجنىڭ كۆپ خىللىقلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. جەمئىيەتنىڭ ھەر قايسى تارماق، ھەر قايسى كەسىپلەرنىڭ ئۆزىگە قويغان ئالاھىدە تەلىپى بولىدۇ، ھەر بىر تارماق، ھەر بىر كەسىپ ئۆزىگە خاس ئالاھىدە شەكىل ئارقىلىق پۈتكۈل جەمئىيەت بىلەن مۇناسىۋەت ئورنىتىپ، جەمئىيەت ئۈچۈن، خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ھەر قايسى تارماق، ھەر قايسى كەسىپنىڭ ئۆزىنىڭ تارماق ئەخلاقى، كەسىپىي ئەخلاقى بولۇشى كېرەك. تارماق، كەسىپىي ئەخلاقى، تۈرلۈك تارماق، كەسىپلەر ئۆتەشكە تېگىشلىك مەسئۇلىيەت ۋە مەجبۇرىيەتنى بەلگىلەش ئارقىلىق، ئۆزىنىڭ ئىجتىمائىي فۇنكسىيىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، جەمئىيەتتىكى ھەر قايسى تەرەپلەرنىڭ

ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشى لازىم. ھەر بىر تارماق ۋە ھەر بىر كەسىپ ئەگەر ئەقەللىي تارماق، كەسپىي ئەخلاقىنىڭ تەلەپلىرىگە رىئايە قىلمىسا، مۇقەررەركى، جەمئىيەتنىڭ نورمال تەرتىپى ۋە كىشىلەرنىڭ نورمال تۇرمۇشىنى قالايمىقانلاشتۇرۇۋېتىدۇ. ئۆزىنىڭ كەسپىي خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغاندا، چوقۇم مۇناسىۋەتلىك كەسپىي ئەخلاققا رىئايە قىلىش، باشقا ئىجتىمائىي تۇرمۇش ساھەلىرىگە بارغاندىمۇ چوقۇم شۇنىڭغا مۇناسىپ كەسپىي ئەخلاققا رىئايە قىلىش لازىم. ھەر قايسى تارماق، ھەر قايسى كەسىپلەر ياخشى كەسپىي ئەخلاق روھىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرگەندila، پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ ساغلام، ماس ھالدا تەرەققىي قىلىشىغا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ.

جەمئىيەتتىكى ھەر قايسى ساھە، ھەر قايسى كەسىپلەرنىڭ كەسىپ ئەخلاقىنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدە ئۆلچىمى، ئالاھىدە تەلىپى بار، بۇلارنى بازار ئىگىلىكىنىڭ قىممەت نىشانىسى بىلەن ئوخشاش قىلىپ قويۇشقا بولمايدۇ. مەسىلەن، كېسەلنى داۋالاپ ئادەمنى قۇتقۇزۇش — دوختۇرلارنىڭ كەسپىي ئەخلاقى، تۈرلۈك چارە - ئاماللارنى قىلىپ، بىمارلارنىڭ ئازابىنى يەڭگىللىتىش، بىمارلارنىڭ ھاياتىنى قۇتقۇزۇش — تىببىي ئەخلاقىنىڭ توپ تەلىپى. بىپەرۋالىق، مەسئۇلىيەتسىزلىك، قول ئۇچىدا ئىشلەش قاتارلىق داۋالاش پوزىتسىيىسىنى قوللىنىش، داۋالاش، كۆرۈش، مېھرى - شەپقەت يەتكۈزۈش ھېسابىغا پۇل ۋە ماددىي بۇيۇم ئۇندۇرۇۋېلىش، «قىزىل بولاق»، «شېرىنكانە» قوبۇل قىلىش قاتارلىق قىلمىشلار تىببىي ئەخلاق ۋە ئىنسانپەرۋەرلىك پرىنسىپىغا خىلاپ. شۇنىڭ ئۈچۈن، بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىگە ماس كېلىدىغان دوختۇرلار ئەخلاقى، كادىرلار ئەخلاقى، دۆلەت خىزمەتچىلىرى ئەخلاقى، ئوقۇتقۇچىلار ئەخلاقى قاتارلىقلارنى بەرپا قىلىشنى تەشەببۇس قىلىشقا بولمايدۇ. بازار ئىگىلىكى ئەخلاقى ئۆلچەملىرى، مەسىلەن، تەڭ قىممەتتە ئالماشتۇرۇش، باراۋەرلىك ئاساسىدا ئۆز ئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈش قاتارلىقلار ئىقتىسادىي ھەرىكەت جەريانىدا ئەخلاقلىق بولىدۇ، ئەگەر ئىقتىسادىي ساھەدىن ھالقىپ كەتسە، باشقا غەيرىي ئىقتىسادىي ساھەلەردە رول ئوينىسا، ئۇ ھالدا ئەخلاقسىزلىققا ئۆزگىرىپ كېتىدۇ- دە، سەلبىي تەسىر پەيدا قىلىدۇ. نۆۋەتتە، كىشىلەر شۇنى ئومۇميۈزلۈك ھېس قىلدىكى، بازار ئىگىلىكىنىڭ ئالماشتۇرۇش پرىنسىپى، مەنپەئەت پرىنسىپى، نەپ پرىنسىپى قاتارلىقلار ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ھەر قايسى ساھەلىرىگە سىڭىپ كىردى، شۇنىڭ بىلەن رېئال ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا پۇلپەرەسلىك، راھەتپەرەسلىك، ئۆچىغا چىققان شەخسىيەتچىلىك، خىيانەتچىلىك، پارىخورلۇق قىلىش، ھوقۇق - ئەمەل سودىسى قىلىش، قانۇنسىز سودا بىلەن شۇغۇللىنىش، دۆلەت ۋە كوللېكتىپنىڭ بايلىقى ۋە مال - مۈلكىنى يۇتۇۋېلىش قاتارلىق چىرىكلىك، رەزىللىك ھادىسىلىرى يامراپ كەتتى. ھازىرقى جەمئىيەتتە، ھەر قانداق ئادەم ياشاش ۋە تەرەققىي قىلىشتا ھەر قايسى ساھە، ھەر قايسى كەسىپلەردىن ئايرىلالمايدۇ، ھەر قايسى ساھە، ھەر قايسى كەسىپلەر بىلەن ئالاقە قىلىدۇ. تۈرلۈك كەسىپلەردە ناچار ئىستىللارنىڭ ئېغىر دەرىجىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى، خەلق ئاممىسىنىڭ مەنپەئەتىگە ناھايىتى زور دەخلى - تەرۇز يەتكۈزۈپ، جەمئىيەتنىڭ نورمال تەرتىپىنى قالايمىقانلاشتۇرۇپ، ئىجتىمائىي كەيپىياتنى بۇلغىدى. ئېلىمىزنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان نۇرغۇنلىغان مەسىلىلەر توغرىسىدا، پارتىيىنىڭ 14 - نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيى 6 - ئومۇمىي يىغىنىدا ماقۇللانغان «سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشكە دائىر بىر قانچە مەسىلىلەر توغرىسىدىكى قارار» دا مەركەزلىك ھالدا شەرھىلەش ئېلىپ بېرىلدى، چارە - تەدبىرلەر، فاڭجېن، سىياسەت، ۋەزىپىلەر بەلگىلەندى، ئاساسىي تەلەپلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، نۆۋەتتە پۈتكۈل جەمئىيەتتىكى ئەخلاق قۇرۇلۇشىنى ھەقىقىي تۈردە كۈچەيتىش ناھايىتى زۆرۈر.

ئەخلاق قۇرۇلۇشىنىڭ يۆنىلىشىنى پەقەت بازار ئىگىلىكىگە ماسلىشىش قاتلىمى جەھەتتىنلا ئاددىي ھالدا بەلگىلەپ قويۇش، ئەخلاقنىڭ ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكى ۋە ئىنسانلارنىڭ ئەخلاق تۇرمۇشىغا بولغان ئىنتىلىشىگە مۇۋاپىق كەلمەيدۇ.

ئەخلاق ئىجتىمائىي ئىدېئولوگىيىنىڭ تەركىبىي قىسمى بولۇپ، بىر تەرەپتىن، ئۇ ئىقتىسادىي بازىس تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ ھەم ئىقتىسادىي بازىس ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، ئەخلاق يەنە نىسپىي مۇستەقىللىققا ئىگە بولۇپ، ئۇ ئۆزىگە خاس تەرەققىي قىلىشتىن ئىبارەت ئالاھىدە قانۇنىيەتكە ئىگە. مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، ئەخلاق — ئىنسانلارنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشتىكى ئاڭلىق ئىنتىلىشى، بىزنىڭچە، ئەخلاقىيلا نىسبەتەن ئېيتقاندا، يېڭى دەۋرردىكى ئەخلاق قۇرۇلۇشى چوقۇم بازار ئىگىلىكىگە ماسلىشىشى ۋە بازار ئىگىلىكىدىن ھالقىپ كېتىشى كېرەك. يەنى ئۇ ھەم نۆۋەتتىكى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسى ۋە كىشىلەرنىڭ ئىدىيىۋى ئاڭ دەرىجىسىگە ماسلىشىپ، جەمئىيەتتىكى مۇتلەق كۆپ ساندىكى ئەزالارنىڭ قوبۇل قىلىشى ۋە ئەمەلگە ئاشۇرۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈشى، ھەم رېئاللىقتىن ئۈستۈن تۇرۇشى، رېئاللىقتىن ھالقىپ ئۆتۈپ كېتىشى، كىشىلەرنىڭ ئىلغار ئەخلاق غايىسىگە بولغان تەلپۈنىشىنى ئىپادىلىشى، ئىنسانلارنىڭ ئالىيجاناب ئەخلاق روھىغا بولغان ئىنتىلىشىنى ئەكس ئەتتۈرۈشى زۆرۈر. كېيىنكى بىر تەرىپى بولمىسا، ئىنسانلارنىڭ ئەخلاق تۇرمۇشى مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش ئەھمىيىتىدىن مەھرۇم بولىدۇ.

ئىجتىمائىي ئىقتىساد بىلەن ئىجتىمائىي ئىدېئولوگىيىنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋىتىنىڭ دىئالېكتىك تەرەققىياتىدىن قارىغاندا، بەلگىلىك مەزگىل ئىچىدە، كىشىلەرنىڭ ئەخلاقىي ئىنتىلىشى بىلەن ئىقتىسادىي تۇرمۇشنىڭ تەكشىسىزلىكى بولسا تارىختا دائىم كۆرۈلۈپ تۇرىدىغان ھادىسە، يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئىقتىسادىي تۇرمۇش ئېغىر قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كەلگەن 60 ـ يىللاردا، ئېلىمىزدە لېي فىڭ روھى، جىياۋ يۈلۇ روھى، تۆمۈر ئادەم روھى بارلىققا كەلدى. بۇلار جان پىدالىق بىلەن ئۆزىنى تەقدىم قىلىشنى بەلگە قىلغان ئالىيجاناب ئەخلاق روھى بولۇپ، ئېلىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرىدا غايەت زور تۈرتكىلىك رول ئوينىدى.

يېڭى تارىخىي دەۋردە، بىز كەڭلىك، ئىلغارلىق، ئاممىۋىلىك خاراكتېرىگە ئىگە بولغان ئەخلاق تەلەپلىرىنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرۈش ئاساسىدا، پۈتكۈل جەمئىيەتتە خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش، خالىسانە تەقدىم قىلىش، جاپاغا چىداپ ئىگىلىك يارىتىشتىن ئىبارەت ئەخلاق روھىنى تەشەببۇس قىلىپ، ياخشى ئىجتىمائىي ئەخلاق قىياپىتىنى يارىتىپ، بازار ئىگىلىكىنىڭ ساغلام، تەرتىپلىك راۋاجلىنىشىغا تېخىمۇ پايدىلىق مەنىۋى مۇھىت ھازىرلاپ بېرىشىمىز لازىم. پارتىيىنىڭ ياخشى كادىرى كوڭ فەنسىن، خەلقنىڭ ياخشى ھەربىي قىزى خەنسۇيۈن، مۇلازىمەت سېپىدىكى ياخشى ئىشچى شۈخۇ، دېھقانلارغا باشلامچىلىق قىلىپ ئورتاق بېيىغان ۋاڭ يەنجاڭ قاتارلىق يېڭى دەۋردىكى قەھرىمان نەمۇنىچىلارنىڭ ئىلغار ئىش ئىزلىرى كەڭ خەلق ئاممىسى ئىچىدە كۈچلۈك سادا پەيدا قىلدى، بۇ بازار ئىگىلىكى ئېھتىدىن ھالقىغان ئالىيجاناب ئەخلاق روھىنى تەقدىرلەش، مەدھىيىلەشنىڭ مەلۇم كىشىلەرنىڭ سۇبيېكتىپ ئارزۇسى بولماستىن، بەلكى دەۋر ۋەزىپىسىنىڭ تەلىپى، خەلق ئاممىسىنىڭ چاقىرىقى ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

ئەخلاق ئىنسانلارغا خاس بىر خىل روھىي ھادىسە بولۇپ، ئۇ كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مەنپەئەت مۇناسىۋىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈپلا قالماستىن، بەلكى يەنە كىشىلەرنىڭ مەنىۋى ئېھتىياجى ۋە ئىنتىلىشىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. ماددىي ئېھتىياج، ماددىي ئىنتىلىش بىلەن سېلىشتۇرغاندا، كىشىلەرنىڭ مەنىۋى ئېھتىياجى ۋە مەنىۋى ئىنتىلىشى تېخىمۇ ئەھمىيەتلىك، تېخىمۇ يۇقىرى قاتلاملىق ئېھتىياج ۋە ئىنتىلىش ھېسابلىنىدۇ. كىشىلەرنىڭ مەنىۋى ئېھتىياجى، مەنىۋى ئىنتىلىشى گەرچە ئىجتىمائىي ماددىي ئاساسنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايدىغان بولسىمۇ، لېكىن كۆپ ئەھۋال ئاستىدا رېئال ماددىي شارائىتتىن ھالقىپ كېتىدۇ، بەزىدە يەنە ئىجتىمائىي ماددىي شارائىتتىن كېيىنمۇ قالىدۇ. بۈگۈنكى جەمئىيەتتىكى بەزى بىردىنلا بېيىپ كەتكۈچىلەر، ماددىي جەھەتتە خېلىلا باي بولسىمۇ، لېكىن مەنىۋى جەھەتتە ناھايىتى

ئادەتتىكىچە، ھەتتا پەسكەش، نۇرغۇنلىغان ماددىي شارائىتى جاپالىق، ئۆزى قىيىن ئەھۋالدا قالغان كىشىلەرنىڭ ئىنسانلار جەمئىيىتىدىكى چىنلىق، ياخشىلىق، گۈزەللىككە بولغان ئىنتىلىشى ناھايىتى كۈچلۈك، مەنىۋى دۇنياسى گۈزەل، ئەخلاق ـ پەزىلىتى ئالىيجاناب، ئەخلاق ئېھتىياجى ۋە ئەخلاقىي ئىنتىلىشىنىڭ يەنە بىر ئالاھىدىلىكى بار، ئۇ بولسىمۇ، ئۇنىڭغا جەمئىيەتتىن ئېلىش ئارقىلىق يەتكىلى بولمايدۇ، بەلكى ئۇنى جەمئىيەتكە ياكى باشقىلارغا تەقدىم قىلىش ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولىدۇ. ئەگەر بىز ئەخلاق قۇرۇلۇشىنىڭ قىممەت نىشانىسىنى پەقەت بازار ئىگىلىكىنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشىش قاتلىمى جەھەتتىنلا بەلگىلەپ قويساق، ھەم ئىقتىسادنىڭ ساغلام، تەرتىپلىك تەرەققىي قىلىشىنى تۈپ جەھەتتىن ئىلگىرى سۈرەلمەيمىز، ھەم ئادەم ۋە جەمئىيەتنى كەلگۈسىگە يۈزلەندۈرۈپ ئەتراپلىق تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ ئوبيېكتىپ قانۇنىيىتى ۋە ئىچكى تەلىپىگە خىلاپلىق قىلىمىز.

دەل شۇنداق بولغانلىقتىن، ئەخلاق قۇرۇلۇشى جەھەتتە، بىز بازار ئىگىلىكى ساھەسىدىكى ئەخلاق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشتىن تاشقىرى، يەنە ھەر قايسى ساھە، ھەر قايسى كەسىپلەردە كەسىپىي ئەخلاق، ئىجتىمائىي ئومۇمىي ئەخلاق ۋە ئائىلە ئەخلاقىنى زور كۈچ بىلەن تەشەببۇس قىلىشىمىز ۋە جارى قىلدۇرۇشىمىز لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە پۈتكۈل جەمئىيەتتە يۇقىرى قاتلامدىكى ئىدىيە ـ ئەخلاقنى تەشەببۇس قىلىشىمىز لازىم. سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى بۇنداق ئىدىيە ـ ئەخلاق ـ «قارار»دا كۆرسىتىلگەن سوتسىيالىستىك ئىدىيە ـ ئەخلاق ۋە كوممۇنىستىك ئىدىيە ـ ئەخلاقتىن ئىبارەت. بۇ خىل ئىدىيە ـ ئەخلاق ئاددىي ھالدا ئىقتىسادىي ھەرىكەت مېخانىزمى تەرىپىدىن بەلگىلەنمەستىن، بەلكى سوتسىيالىستىك ئاساسىي ئىقتىسادىي تۈزۈم ۋە سىياسىي تۈزۈم تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. ئۇ سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت بەرپا قىلىشنىڭ ئېھتىياجى ۋە تەلىپى.

يېڭى دەۋردىكى ئەخلاق قۇرۇلۇشىنىڭ بىر يېتەكچى قىممەت نىشانىسى بولۇپ، ئۇ كۆپ قاتلاملىق، كۆپ تەرەپلىك ئەخلاق تەلەپلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مۇكەممەل ئەخلاق سىستېمىسى. قاتلىمى جەھەتتىن قارىغاندا، ئۇنىڭ ھەم ئىجتىمائىي رېئاللىققا ماس كېلىدىغان كەڭلىك تەلىپىنىڭ مەزمۇنلىرى بار، ھەم رېئاللىقتىن ئۇستۇن تۇرىدىغان ئىلغارلىق تەلىپىنىڭ مەزمۇنلىرى بار؛ تەرەپ جەھەتتىن قارىغاندا، ئۇنىڭ ھەم بىر ـ بىرىگە ئوخشاش بولمىغان ساھەلەردىكى كەسىپىي ئەخلاق قۇرۇلۇشى بار، ھەم پۈتكۈل جەمئىيەتتە تەشەببۇس قىلىنىدىغان سوتسىيالىستىك ئەخلاق، كوممۇنىستىك ئەخلاق ۋە ئىجتىمائىي ئومۇمىي ئەخلاق، ئائىلە ئېتىكا ئەخلاقى قاتارلىق تەرەپلەردىكى ئەخلاق قۇرۇلۇشى بار. ھەر قايسى تەرەپ، ھەر قايسى قاتلامدىكى ئەخلاق قۇرۇلۇشىنىڭ يۆنىلىشى بىردەك بولۇپ، ئۇلار بىر بىرىگە ماسلىشىدۇ، كىشىلەرنىڭ ئەخلاق ساپاسى ۋە پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ ئەخلاق سەۋىيىسىنىڭ ئۆسۈشىگە ئورتاق تۈرتكە بولىدۇ.

---

پايدىلانغان ماتېرىياللار

(1) «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشكە دائىر مەسىلىلەر توغرىسىدىكى قارارى»، 3 ـ قىسىم.

(2) «پارتىيە 15 ـ قۇرۇلتىيىنىڭ دوكلاتى»، (5 ـ 7 ـ قىسىم).

(3) «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىشقا دائىر بەزى مەسىلىلەر توغرىسىدىكى قارارى»، (10 ـ قىسىم).

(4) «21 ـ ئەسىرگە غەلىبىلىك قەدەم تاشلاش خىتابنامىسى» (27ـ، 28ـ، 29ـ، 30ـ لېكسىيەلەر)

# يەنە ئىككىدىن ئايرىلالماسلىق ھەققىدە

ئالىم قادىر

خەنزۇلار ئاز سانلىق مىللەتلەردىن، ئاز سانلىق مىللەتلەر خەنزۇلاردىن ئايرىلالمايدۇ دېگەن سىياسىي قاراش ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 1981 ـ يىلى ئىيۇلدا شىنجاڭ مەسىلىسىنى مۇزاكىرە قىلغان خاتىرىسىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولۇپ، بۇنىڭغا توپتوغرا 17 يىل ۋاقىت ئۆتتى. 17 يىللىق ئەمەلىيەت بۇ سىياسىي كۆز قاراشنىڭ جۇڭگو مىللەتلىرىنىڭ ئورتاق مەنپەئەتىگە ئۇيغۇن كېلىدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپلا قالماستىن، ھەر بىر مىللەتنىڭ تەرەققىيات تەلىپىنىمۇ ئىپادىلەپ، ھازىرقى كۈندە بىزنى مىللىي ئىتتىپاقلىققا باشلايدىغان قىبلىنامە بولۇپ قالدى. بۇنى بىز قىبلىنامە دەپ ئاتىشىمىزدىكى سەۋەب ئۆتمۈش ۋە كېلەچەككە قارىتا ئېيتىلغان بولۇپ، ئۆتمۈش دېگىنىمىزدە بىز ئېلىمىزدىكى مىللەتلەر ئورتاق كۈرەش قىلىپ قۇرۇپ چىققان جۇڭگو تارىخىنى، بولۇپمۇ ئازادلىقتىن بۇيانقى ئەمەلىيەتنى نەزەردە تۇتىمىز. جۇڭگو تارىخى تېگى ـ تەكتىدىن ئېيتقاندا، جۇڭخۇا مىللەتلىرى ئورتاق ياراتقان تارىخ. ئورتاق دېگەندە، خەنزۇلارنى ئاساس قىلغان ئورتاقلىق بولۇپ، خەنزۇلار جۇڭگودا خەن بەگلىكى نامى بىلەن مىللەت ئاتالغان كۈندىن باشلاپ جۇڭگونى قۇرۇپ چىقىشتا باشقا مىللەتلەردىن نەچچە چەندان ئۇزاق ھەم كۆپ ئەجىر سىڭدۈردى. شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا جۇڭگونى قۇرۇشقا خەنزۇلار ئەتراپىدىكى 55 مىللەت ھەم كۆپ ئەجىر سىڭدۈردى. بولۇپمۇ شىمالىي جۇڭگو ۋە غەربىي شىمالىي جۇڭگودا ئەزەلدىن زېمىن تۇتۇپ ياشاپ كېلىۋاتقان ھۇن، تۈرك، تۇڭگۇسلار ۋە ئۇلارنىڭ ھازىرقى ئەۋلادلىرى بولغان ئۇيغۇر، مانجۇ، موڭغۇل، قازاق، قىرغىز، ئۆزبېك، شىبە، داغۇر، ئۇلۇنچۇنلەر بىلەن غەربىي ـ جەنۇبىي جۇڭگودا ياشاۋاتقان توبۇتلار ھەم ئۇلارنىڭ ھازىرقى ئەۋلادلىرى بولغان تاڭغۇتلار بىر پۈتۈن جۇڭگونى قۇرۇشقا پەۋقۇلئاددە كۈچ چىقىرىپ، جۇڭگونىڭ تېررىتورىيىسىنى ھەتتا خەنزۇلاردىنمۇ كۆپ دەرىجىدە ئاچتى ۋە ئەينى چاغلاردا خەنزۇلارمۇ كۆرۈپ باقمىغان تاجاۋۇزچىلار بىلەن ئېلىشىپ چېگرا رايونلارنى قوغدىدى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، بولۇپمۇ ئىسلاھات ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇشنىڭ يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىغا كىرگەندىن كېيىن، جۇڭگو تارىخىدا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىشىپ جۇڭگو مەدەنىيىتىنى ئورتاق يارىتىش، چەت ئەل تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى كۈرەش قىلىش ئەنئەنىسىنى تېخىمۇ جارى قىلدۇرۇپ، ھەر مىللەت ئوتتۇرىسىدىكى ئىتتىپاقلىق ئالاقىسىنى، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشنى، ھەر مىللەت ئوتتۇرىسىدىكى ھەقىقىي ھەمكارلىقنى تېخىمۇ كۈچەيتتى ـ دە، ئىككىدىن ئايرىلالماسلىق ئەھۋالى تېخىمۇ مۇقىم، تېخىمۇ مۇقەررەر ھالەتكە كەلدى. ئازادلىقتىن ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى ئەمەلىيەتتە يۈز بەرگەن ۋەقەلەر ناھايىتى كۆپ بولسىمۇ، بۇلارنىڭ مېغىزىنى يىغقاندا، جۇڭگودىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ھەممىنەپەس، تەقدىرداش ئىكەنلىكى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. بۇ ھال بىزنى مۇقەررەر ھالدا مىللەتلەرنىڭ ھەممىنەپەسلىكىدىن ھاسىل بولغان جۇڭخۇا بۈيۈك ئائىلىسىنى قوغداشقا ئۈندەيدۇ. بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇشقا ئۈندەيدۇ.

بىراق، بۈگۈنكى كۈندە بىر ئوچۇم مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەر ئۆزلىرىنىڭ ۋەتىنى

پارچىلاشتىن ئىبارەت مەقسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن خەنزۇلارنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشىنى ئەڭ چوڭ توسالغۇ دەپ قاراپ، جۇڭخۇا بۈيۈك ئائىلىسىنىڭ تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشىنى بۇرمىلىماقتا. ئۇزۇندىن بۇيان ئۇلار كىشىلەرنىڭ ساددا مىللىي ھېسسىياتىدىن پايدىلىنىپ، مىللىي زىددىيەت پەيدا قىلىپ خەنزۇلارغا قارشى تۇرۇش، خەنزۇلارنى چەتكە قېقىشقا رىغبەتلەندۈردى. شىنجاڭدا ئەزەلدىن ھەر مىللەت خەلقى بىللە ياشىغان، خەنزۇلارنىڭ شىنجاڭدىكى تارىخىمۇ خېلى ئۇزاق. بۇنداق ئىكەن، ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ شىنجاڭنى ئېچىپ قۇرۇش ھوقۇقى ۋە مەجبۇرىيىتى بار. ھەممەيلەننىڭ شىنجاڭدا ئولتۇراقلىشىش، ئىشلەپچىقىرىش ئېلىپ بېرىش ۋە تۇرمۇش كەچۈرۈش ھوقۇقى بار. ھەر قانداق بىر مىللەتنىڭ ئۆزىنى باشقا مىللەتتىن ئۈستۈن تۇتۇش ھوقۇقى يوق.

خەنزۇلارغا قارشى تۇرۇش ۋە خەنزۇلارنى چەتكە قېقىش بىلەن مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداپ قالغىلى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق مەنپەئىتىگە كاپالەتلىك قىلغىلى بولمايدۇ. شۇڭا، «خەنزۇلار بىلەن ئاز سانلىق مىللەتلەر بىر - بىرىدىن ئايرىلالماسلىق» نۇقتىئىنەزەرىدە چىڭ تۇرغاندىلا، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش ئاڭلىقلىقىنى كۈچەيتكىلى بولىدۇ.

«خەنزۇلار بىلەن ئاز سانلىق مىللەتلەر بىر - بىرىدىن ئايرىلالماسلىق» نۇقتىئىنەزەرىدە چىڭ تۇرغاندا، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ مەنپەئىتى بىلەن ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مەنپەئەت مۇناسىۋىتىنى توغرا تونۇغىلى بولىدۇ. ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشى ئېلىمىز ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق مەنپەئىتى ۋە ئەڭ يۇقىرى مەنپەئىتى. تارىخ شۇنى ئىسپاتلىدىكى، جۇڭخۇا مىللىتى چوڭ ئائىلىسىنىڭ گۈللىنىشى ھەر قايسى مىللەتنىڭ گۈللىنىشىدىن ئايرىلالمايدۇ. ھەر مىللەت خەلقىنىڭ گۈللىنىشىمۇ جۇڭخۇا مىللىتى چوڭ ئائىلىسىنىڭ قوللىشى ۋە ياردىمىدىن ئايرىلالمايدۇ. ئىقتىسادىي جەھەتتە كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەرنىڭ چارۋىچىلىق ئىقتىسادى بىلەن خەنزۇلارنى ئاساس قىلغان يېزا ئىگىلىك مىللەتلىرى ئىقتىسادى بىر - بىرىدىن ئايرىلالمايدۇ، ھەم ئۆز ئارا بىر - بىرىنى تولۇقلايدۇ. ھەر قايسى مىللەتلەر ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىياتى قارشى تەرەپ ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىياتىنى تىرەك قىلغان. مەدەنىيەت جەھەتتە ئاز سانلىق مىللەت مەدەنىيىتى بىلەن خەنزۇلار مەدەنىيىتى ئۆز ئارا قوبۇل قىلىش مۇناسىۋىتىدە بولغان. مۇشۇنداق قوشۇلۇش، تولۇقلاش ئارقىسىدا پارلاق جۇڭخۇا مەدەنىيىتى شەكىللەنگەن. ھازىر سىياسىي جەھەتتە ھەر مىللەت خەلقى ئايرىۋەتكىلى بولمايدىغان گۆش بىلەن قان مۇناسىۋىتىنى ئورنىتىپ بولدى، شۇڭا، پەقەت جۇڭخۇا مىللىتى بىلەن ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئورتاق تەرەققىياتىدا چىڭ تۇرغاندىلا خەلق ئاندىن بەختلىك بولىدۇ. مىللەت گۈللەپ ياشنىيالايدۇ، ۋەتەن قۇدرەتلىك بولالايدۇ، جۇڭخۇا مىللەتلىرى چوڭ ئائىلىسىدە، ھەر قايسى مىللەتلەر بولۇپمۇ نوپۇسى كۆپ ساننى ئىگىلەيدىغان خەنزۇلارنىڭ تەرەققىياتى ۋە گۈللىنىشى جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئالغا بېسىشى ۋە گۈللىنىشىنىڭ ئاساسى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ مۇقىملىقى ۋە كۈچلۈكلىكى، ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ تەرەققىياتى ۋە ئالغا ئىلگىرىلىشىنىڭ ئالدىنقى شەرتى ۋە ئىشەنچلىك كاپالىتى. جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئورتاق مەنپەئىتى ئومۇملىقتا، ھەر قايسى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئالاھىدە مەنپەئىتى قىسمەنلىكتە ئىگە. مانا بۇ جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئورتاق مەنپەئىتى ھەر قايسى مىللەتنىڭ ئالاھىدە مەنپەئىتىدىن ئۈستۈن تۇرۇشىنى بەلگىلىگەن. جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئورتاق مەنپەئىتى ھەممىدىن ئۈستۈن بولۇش

ئەمەلگە ئاشسا، ھەر قايسى مىللەتنىڭ ئالاھىدە مەنپەئەتى بىلەن جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئورتاق مەنپەئەت مۇناسىۋىتىنى ياخشى بىر تەرەپ قىلغىلى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق ئالغا بېسىشى ۋە گۈللىنىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولىدۇ.

شۇڭا، بۈگۈنكى كۈندە، پەقەت «خەنزۇلار بىلەن ئاز سانلىق مىللەت بىر - بىرىدىن ئايرىلالماسلىق» كۆز قارىشىدا چىڭ تۇرغاندىلا ئاز سانلىق مىللەت ۋە مىللىي رايونلارنىڭ تەرەققىي قىلىپ گۈللىنىشى بىلەن پۈتكۈل جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ تەرەققىي قىلىپ گۈللىنىش مۇناسىۋىتىنى ياخشى بىر تەرەپ قىلغىلى بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئېلىمىز ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق ئالغا بېسىشى ۋە گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدۇ. ئاز سانلىق مىللەتنىڭ گۈللىنىشى بىلەن پۈتكۈل جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ گۈللىنىشى، ئاز سانلىق مىللەت رايونىنىڭ زامانىۋىلىشىشى بىلەن دۆلەتنىڭ زامانىۋىلىشىشى بىر - بىرىدىن ئايرىلمايدۇ ھەم بىر - بىرىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. ئېلىمىزدىكى ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ تەرەققىي قىلىپ گۈللىنىشى شەرقىي قىسىم رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىنىڭ گۈللىنىشى ۋە تېز سۈرئەتتىكى تەرەققىياتىدىن ئايرىلالمايدۇ. ھەم ئوتتۇرا، غەربىي قىسىمنى ئۆز - ئىچىگە ئالغان ئاز سانلىق مىللەت رايون ئىقتىسادىنىڭ گۈللىنىشى ۋە تېز سۈرئەتتىكى تەرەققىياتىدىن ئايرىلالمايدۇ. تارىختىكى ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن نوپۇسى كۆپ بولغان خەنزۇ مىللىتى شەرقىي قىسىم دېڭىز بويلىرىغا ۋە ئوتتۇرا قىسىمدىكى بىر قەدەر تەرەققىي تاپقان رايونلاردا ئولتۇراقلاشقان. ۋەھالەنكى 55 ئاز سانلىق مىللەت نوپۇسى ئاز بولسىمۇ ئولتۇراقلىشىش كۆلىمى پۈتۈن مەملىكەتنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكىنى ئىگىلەيدۇ، ئاز سانلىق مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان كەڭ بىپايان زېمىندا، يېزا ئىگىلىك مەنبەسى مول، كۆمۈركان بايلىق تۈرى تولۇق بولۇپ، سانائەتنى راۋاجلاندۇرۇش ئەۋزەللىكىگە ئىگە بولۇپلا قالماي، بەلكى يەنە ئالاھىدە گۇمانتارلىق ساياھەت مەنزىرىسىگە ئىگە. جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئورتاق تەرەققىي قىلىپ گۈللىنىشىدە خەنزۇ مىللىتى بىلەن ھەر قايسى ئاز سانلىق مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق كۈرەش قىلىشى، ئورتاق كۈچ چىقىرىپ ھەمكارلىشىشى بولمىسا بولمايدۇ. ئەگەر چېگرا رايوندىكى ئاز سانلىق مىللەت خەلقى ۋەتەننىڭ ئىشىكىنى مەھكەم قوغدىمىسا ۋە مول بايلىق مەنبەسى ئېچىلمىغان بولسا، ئوتتۇرا قىسىم ۋە شەرقىي قىسىمدىكى خەنزۇلارنى ئاساس قىلغان ھەر قايسى مىللەت خەلق ئاممىسى خاتىرجەم ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللىنالمايدۇ ھەم ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىياتىنىمۇ تېزلەتكىلى بولمايدۇ. ئەكسىچە، ئوتتۇرا ۋە شەرقىي قىسىمدىكى خەنزۇلارنى ئاساس قىلغان ھەر مىللەت خەلق ئاممىسى ئادەم كۈچى، ماددىي كۈچ ۋە مالىيە كۈچى قاتارلىق تەرەپلەردە غەربىي رايون ۋە چېگرا رايوندىكى ئاز سانلىق مىللەت خەلقىنى قوللىمىغان (ياردەم قىلمىغان) بولسا، غەربىي رايون ۋە چېگرادىكى ئاز سانلىق مىللەت رايونىنىڭ قۇرۇلۇشىمۇ ھازىرقىدەك تەرەققىي قىلىپ ئىلگىرىلەش مەنزىرىسى بارلىققا كەلمىگەن بولاتتى. شۇڭا، يولداش ماۋزېدۇڭ ئاللىبۇرۇنلا: «پەقەت خەنزۇلارلا ئاز سانلىق مىللەتكە ياردەم بېرىپ قالماستىن، ئاز سانلىق مىللەتلەرمۇ خەنزۇلارغا ناھايىتى چوڭ ياردەملەرنى بەرگەن، بەزىلەر دائىم پو ئېتىپ «بىز سىلەرگە ياردەم بەردۇق دېگىنى بىلەن ئاز سانلىق مىللەتلەر بولمىسا بولمايدىغانلىقىنى كۆرۈپ يەتمىگەن» دەپ كۆرسەتكەنىدى. 40 نەچچە يىلدىن بېرى ئېلىمىز ھەر مىللەت خەلقى «ئىككى ئايرىلالماسلىق» سىياسىي نۇقتىئىنەزىرىدە چىڭ تۇرۇپ، بىر نىيەت، بىر مەقسەتتە ۋەتەننىڭ تەرەققىي قىلىپ گۈللىنىشىنى ئورتاق قوغداپ ۋە ئىلگىرى سۈرۈشتە غايەت زور تۆھپىلەرنى قوشتى. بۇندىن كېيىن، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ياخشىلاش ئۈچۈن، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق گۈللىنىشىنى يەنىمۇ ئىلگىرى سۈرۈپ، غەربىي رايون ۋە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنى ئېچىش قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىش كېرەك. شۇڭا غەربىي رايون ۋە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ تەرەققىيات قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىش ئېلىمىز ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنىڭ مۇقەررەر يۆنىلىشى.

# قاراقتان خانلىقى مەزگىلىدىكى يەتتە سۇ رايونىنىڭ ئىجتىمائىي ئىگىلىكى توغرىسىدا

بەختىيار تۇرسۇن

قاراقتان خانلىقى قۇرۇلۇپ 1134 ـ يىلىنىڭ بېشىدا بالاساغۇننى خانلىقنىڭ پايتەختى قىلىپ بېكىتكەندىن تارتىپ تاكى موڭغۇللار بۇ رايوننى ئىگىلىگەنگە قەدەر بالاساغۇننى مەركەز قىلغان يەتتە سۇ رايونى ئاساسەن قاراقتان خانلىقىنىڭ بىۋاستە باشقۇرۇشىدا بولىدۇ. بىزگە مەلۇم، بىلگە قادىرخان (پانتېكىن) ئۆزىنىڭ ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنى باشلاپ ئۇرخۇن دەريا ۋادىسىدىن يەتتە سۇ رايونىغا كېلىپ قارلۇقلارنى ئەل قىلىپ يېڭى ئۇيغۇر خانلىقى ـ قاراخانىلار خانلىقىنى تىكلىگەندە بالاساغۇننى پايتەخت قىلىدۇ. ئەنە شۇ دەۋرلەردىن باشلاپ ئۇيغۇرلار يەتتە سۇ رايونىدىن تارتىپ ماۋرائۇننەھرگىچە بولغان كەڭ رايوننىڭ ئاساسلىق ئاھالىلىرىنىڭ بىرى بولۇپ قالىدۇ. قاراقتان خانلىقى قۇرۇلغاندىن كېيىن ئۇلار ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا بولۇپمۇ يەتتە سۇ رايونىدا ئاساسەن ئۇيغۇر، قارلۇق، ياغما ۋە باشقا تۈركىي قەبىلىلەرنىڭ ئالاھىدە بىر ئىجتىمائىي تۇرمۇش شارائىتى ئىچىگە كىرىپ قالىدۇ. گەرچە ئۇلار بۇ رايوندا (يەتتە سۇ رايونىدا) بىۋاستە ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزۈپ، ئاساسەن مۇشۇ رايوندا توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان بولسىمۇ، لېكىن بۇ رايون ئومۇمىي نوپۇسىنىڭ ئىنتايىن ئاز قىسمىنىلا تەشكىل قىلاتتى. بۇندىن سىرت قىتانلار مەركەزلىشىپ ئولتۇراقلاشقان يەتتە سۇ رايونىنىڭ ئەسلى تەرەققىيات سەۋىيىسى قىتانلارنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسىدىن خېلىلا يۇقىرى ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ياللۇغ تاشىن بۇ رايوننى ئىگىلىگەندىن كېيىن بۇ رايوننىڭ ئەسلىدىكى ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋىتىنى ساقلاپ قالىدۇ. ئەمما ئۇ قاراخانىلار دەۋرىدىن بۇيان بۇ رايونلاردا يولغا قويۇلۇپ كېلىۋاتقان ھەمدە شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە شەرقىي قاراخانىلارنىڭ باشقا زېمىنى بىلەن غەربىي قاراخانىلار زېمىنىدە داۋاملىق يولغا قويۇلىۋاتقان ئىقتا تۈزۈمىنى بىكار قىلىدۇ، يەنى تېرىلغۇ يەرلىرىنى خان جەمەتىدىكىلەر بىلەن تۆھپىكارلارغا سيۇرغاللىق قىلىپ بۆلۈپ بەرمەيدۇ. قاراقتان خانلىقى مەزگىلىدە بۇ رايوننىڭ فېئوداللىق ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋىتى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا راۋاجلىنىپ ئىجتىمائىي ئىگىلىكنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك يۈكسىلىشى ئۈچۈن تۈرتكە بولىدۇ.

(1) يېزا ئىگىلىك جەھەتتە: ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا ھۆل ـ يېغىن ناھايىتى ئاز بولغاچقا، سۇ ئىنشائات يېزا ئىگىلىكىنىڭ جان تومۇرى ھەم يېزا ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ ئالدىنقى شەرتى بولۇپ قالغان. راھىب چۇچۇجىمۇ ئۆزىنىڭ «ئەۋلىيا چۇچۇجىنىڭ غەربكە ساياھەت خاتىرىسى» ناملىق ئەسىرىدە: «بۇ جاي [بالاساغۇن] نىڭ ھاۋا كېلىماتى ئالتۇن تاغنىڭ شىمالىنىڭكىگە ئوخشىمايدۇ، تۈزلەڭلىك كۆپ، دېھقانچىلىق ۋە جۇجەم يېتىشتۈرۈش بىلەن شۇغۇللىنىدۇ، ئۈزۈمدە هاراق ئىشلەيدۇ. تەمى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭكىگە ئوخشايدۇ. ياز ۋە كۈز پەسىللىرىدە يامغۇر بولمىغاچقا دەريا سۈيىنى باشلاپ يەر سۇغۇرۇپ، ھەر خىل زىرائەتلەردىن مول ـ ھوسۇل ئالىدۇ.» دەپ خاتىرىلىگەن.

ئەينى چاغدىكى بالاساغۇن ئوترار ۋە ئىلى قاتارلىق رايونلارنىڭ ھەممىسىدە بىر قەدەر تەرەققىي قىلغان مۇكەممەل سۇ ئىنشائات قۇرۇلۇشى بولغان، ئېرىق - ئۆستەڭلەر ھەر قايسى بوستانلىقلار بىلەن ئاجايىپ ئەپچىل تۇتاشتۇرۇلۇپ، ھەم تېرىلغۇ يەر ھەم ئاھالىلارنى ھاياتلىق سۈيى بىلەن ئۈزلۈكسىز تەمىنلەپ تۇرغان.

بىزگە مەلۇمكى يەتتە سۇ رايونىدىكى ئەسلىدە كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بىر قىسىم تۈركى قەبىلىلەر قاراخانىلار خانلىقى بۇ رايوندا ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان مەزگىللەردە تەدرىجىي مۇقىم دېھقانچىلىق تۇرمۇشىغا كۆچكەن. قاراقىتان[①] خانلىقى بۇ رايوندا ھۆكۈمرانلىق قىلغاندىن كېيىن ئەسلىدە چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان قىتانلارنىڭ بىر قىسمى ياكى كۆپ قىسمى دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

بەزى ساياھەتچىلەرنىڭ خاتىرىلىشىچە، قاراقىتان خانلىقىغا بىۋاسىتە قاراشلىق رايوننىڭ يېزا ئىگىلىكى ئالاھىدە تەرەققىي قىلغان، ھەر خىل دانلىق زىرائەتلەر تېرىلغاندىن سىرت، يەنە كېۋەز تېرىلاتتى. جۇجەم ئۆستۈرۈلۈپ پىلە بېقىلاتتى، باغۋەنچىلىكمۇ ناھايىتى تەرەققىي قىلغان. ئالمالىقتا ھەر خىل مېۋىلەر بار بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە «قوغۇن - تاۋۇز، ئۈزۈم بىلەن ئانار ئەڭ ئېسىل ئىدى» (لىيۇيۇ «غەربكە ئەلچىلىككە بېرىش خاتىرىسى»). ياللۇغ چۇسەي ئالمالىق شەھىرى ئەتراپىدىكى پۈتۈنلەي مېۋىلىك باغ بىلەن ئورالغانلىقىنى كۆرگەن ھەمدە بۇ جايدا «كۆپىنچە ئۈزۈم بىلەن ئالما، نەشپۈت بولىدۇ؛ بەش خىل زىرائەت تېرىلىدۇ» دېگەن («غەربكە ساياھەت خاتىرىسى»).

دېھقانچىلىق بىلەن باغۋەنچىلىكنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ ئاشلىق پىششىقلاپ ئىشلەش، ئۈزۈم ھارىقى ئىشلەش قاتارلىق كەسىپلەرمۇ تەرەققىي قىلدى. ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشلەردە بۇ رايونلاردا ھەر خىل تۈگمەن بىلەن كۆلىمى ئوخشاش بولمىغان ئۈزۈم ھارىقى ئىشلەش دۇكانلىرىنىڭمۇ بارلىقى مەلۇم بولغان.

(2) چارۋىچىلىق جەھەتتە:

يەتتە سۇ رايونى قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭ ئاساسلىق چارۋىچىلىق رايونى ئىدى. قاراقىتانلار بۇ جايدا ھۆكۈمرانلىق تىكلىگەندىن كېيىن چارۋىچىلىق يەنىلا مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. گەرچە بۇ مەزگىلدە بۇ رايوندىكى نۇرغۇن تۈركى مىللەتلەر بىلەن بىر قىسىم قىتانلار دېھقانچىلىق تۇرمۇشىغا كۆچكەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى زور بىر قىسىم كىشىلەر يەنىلا كۆچمەن چارۋىچىلىق تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتاتتى، بەزى مۇقىم ئولتۇراق تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقانلار چارۋىچىلىق بىلەن بولغان ئالاقىنى ساقلاپ قالغان، ھەتتا يېرىم چارۋىچىلىق يېرىم دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان.

ئىبنى ئاتھېرنىڭ دېيىشىچە: «ئۇلار (قىتانلار) ئۆزلىرىنىڭ (بۇ رايوندا) ھۆكۈمرانلىق قىلىشتىن ئىلگىرىكى ئادىتى بويىچە چېدىرلاردا ياشايتتى. ئۇلار ئۆز كەنت، بالاساغۇن، قەشقەر ھەمدە ئۇلارنىڭ ئەتراپىدىكى رايونلاردا ئولتۇراقلاشقان.»[②] «جىن سۇلالىسى تارىخى»دا، جۇرجىن چېگرىسىغا سودىلاشقىلى كەلگەن ئۈچ ئۇيغۇر سودىگەر ئۇلارغا: بالاساغۇندا «قىتانلار تۇرۇشلۇق پاسىللىق بارگاھنى ئاتلىق ئەتىگەندىن چۈشكىچە بىر ئايلىنىپ چىققىلى بولىدۇ»[③] دېيىلگەن. ئىبنى ئاتھېرى يەنە ئۆز ئەسىرىدە: بۇ رايوندىكى

① «قازاق س س ر تارىخى» ئالماتا 1979 - يىل نەشرى، 2 - توم، 82 - بەت.
② ئىبنى ئاتھېرى «كىتاب ئال كامىل نىت تارىخ» (تارىخى ئومۇمىيە) «قىرغىزلار ۋە قىرغىزلار رايونىغا ئائىت تارىخى ماتېرىياللار» موسكۋا، 1973 - يىل نەشرى، 73 -، 60 - بەتلەر.
③ «جىن سۇلالىسى تارىخى»، 121 - جىلد «جەنگېفەنتۇ تەرجىمىھالى».

چارۋىچىلار «يازدا بۆرىئال رايونى (ۋولگا دەريا ۋادىسى) غا بېرىپ مال باقسا، قىشتا بالاساغۇنغا كېلىپ قىشلايتتى» ① دەپ كۆرسەتكەن.

تەبىئىي شارائىتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، قاراقتانلارنىڭ بىۋاسىتە باشقۇرۇشىدىكى رايون ئەينى چاغدىكى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئەڭ ياخشى يايلاقنىڭ بىرى بولۇپ، ھاۋاسى سالقىن، ئوت - چۆپى قويۇق ئىدى. ئىبنى ئاتھىرى ئۆز ئەسىرىدە مۇنداق بىر ۋەقەنى بايان قىلغان، ئەينى چاغدا قاراخانىلارنىڭ چېگرىسىنى ساقلاۋاتقان قىتانلار يولدا كېتىۋاتقان بىر سودا كارۋىنىنى توسۇۋېلىپ، ئۇلاردىن ئۆزلىرىگە ھەم چوڭ ھەم مۇنبەت بىر يايلاقنى كۆرسىتىپ بېرىشنى تەلەپ قىلغاندا، سودىگەرلەر بىردەك ھالدا «بالاساغۇن»① نى كۆرسەتكەنىكەن. بۇندىن باشقا ئەينى چاغدىكى ئىلىنىڭ ئېتى بىلەن قويرۇقلۇق قويىمۇ ئىنتايىن داڭلىق ئىدى.

(3) قول ھۈنەرۋەنچىلىك جەھەتتە:

قاراقتان خانلىقى بىۋاسىتە باشقۇرۇۋاتقان رايونلارنىڭ قول ھۈنەرۋەنچىلىك ئىشلەپچىقىرىشىمۇ كۆزگە كۆرۈنەرلىك ھالدا تەرەققىي قىلغان. بۇنى بىز دەۋرىمىزدىكى ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ماتېرىياللىرى ھەمدە ئەينى چاغدىكى قىسمەن يازما ماتېرىياللاردىن كۆرۈۋالالايمىز.

يەتتە سۇ رايونىنىڭ ئەينەك ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسى بىلەن مەھسۇلاتى ئاساسەن ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ باشقا رايونلىرىنىڭكىگە ئوخشاپ كېتىدۇ. بىۋاسىتە قاراشلىق رايوندىن نۇرغۇن ئەينەك بۇيۇملار تېپىلغاندىن سىرت، تالاس، ئوترار قاتارلىق جايلاردىن ئەينەك ياساش دۇكانلىرىنىڭ ئىزى بايقالغان. بۇ رايوندا ياسالغان ئەينەك بۇيۇملارنىڭ كۆپىنچىسى قېلىپلاشقان ئېگىز رومكا بىلەن ئۇزۇن بويلۇق بوتۇلكىلار بولۇپ، كۆپىنچە سۈزۈك ئەينەكتىن ياسالغان، ئەمەلىيەتتە يېشىل، ھاۋارەڭ، سېرىق، سۇس قىزىل رەڭلىك بۇيۇملارمۇ بار ئىدى. ئىشىك دەرىزىلىرىگە ئەينەك سېلىش ئىنتايىن ئومۇملاشقان.

بۇ رايوندا ئېمال ساپال (سىرلانغان ساپال) بۇيۇملار ئومۇميۈزلۈك ئىشلىتىلگەن. ئېمال بۇيۇملىرىدىن ئاساسلىقى قاچا، پىيالە، پەتنۇس، تەخسە، قارا چىراغ قاتارلىقلار بار ئىدى. بۇندىن سىرت ئاشلىق ۋە باشقا سۇيۇق نەرسىلەرنى ساقلاشقا ئىشلىتىلىدىغان چوڭ ھەجىملىك ئىدىش، كۆپ قاتارلىق تۇرمۇش بۇيۇملىرى (ئادەتتە سىرلانمايتتى) بىلەن خىش، كاھىش، سۇ تۇرۇبىسى قاتارلىق قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرىمۇ كۆپلەپ ئىشلەنگەن.

بۇ رايوندىكى ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشلەر جەريانىدا يەنە نۇرغۇن مېتال بۇيۇملار تېپىلغان. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئوق، نەيزە ئۇچى، قېلىچ، قاتارلىق ئۇرۇش قوراللىرى بىلەن ئوغاق، گۈرجەك، پالتا، پىچاق، مىق، قۇلۇپ، ئاچقۇچ، تۆمۈر زەنجىر قاتارلىق دېھقانچىلىق قوراللىرى بىلەن تۇرمۇش بۇيۇملىرى بار.

(4) سودا ۋە پۇل ئايلىنىش جەھەتتە:

ئەينى چاغدىكى يەتتە سۇ رايونىنىڭ سودا سېتىق بىلەن پۇل ئايلىنىش ئىشلىرى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ باشقا رايونلىرىغا ئوخشاشلا جانلانغانىدى. ئەينى چاغدىكى ئىچكى سودا شەھەر بىلەن يېزا، دېھقانچىلىق بىلەن چارۋىچىلىق رايونلىرى ئوتتۇرىسىدا ئېلىپ بېرىلاتتى. يېزا - بازار سودىسىدا ئاساسلىقى دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرى بىلەن قول ھۈنەرۋەنچىلىك مەھسۇلاتلىرى ئالماشتۇرۇلاتتى. ھەر قايسى شەھەرلەردىن تارتىپ يېزىلارغىچە مەخسۇس بازار بولىدىغان مۇقىم ئورنى بولاتتى. ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ كەڭ يېزىلىرىنىڭ ھەممىسىدە قەرەللىك

① ئىبنى ئاتھىرى «كىتاب ئال كامىل فىت تارىخ» (تارىخى ئومۇمىيە) «قىرغىزلار رايونىغا ئائىت تارىخ ماتېرىياللار»، موسكۋا، 1973 - يىل نەشرى، 66 - بەت.

بازارلار بولاتتى. ھازىرغىچە جەنۇبىي شىنجاڭدا دۈشەنبە بازاردىن يەكشەنبە بازارغىچە بولغان يەتتە بازار بولىدىغان كونا نامى بىلەن ئاتالغان يېزا ـ كەنتلەرنىڭ بارلىقى بۇنى تولۇق ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. بۇ بازارلار شۇ ئەتراپتىكى خەلقلەرنىڭ قول ھۈنەرۋەنچىلىك، دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى ئالماشتۇرىدىغان ئەڭ قولايلىق بازىرى ھېسابلىناتتى.

قاراقتان خانلىقى مەزگىلىدە سودا قاتناش تۈگۈنىگە جايلاشقان تالاس، ئوترار قاتارلىق شەھەرلەرنىڭ ھەممىسىدە مەخسۇس سودا كارۋانلار ئۈچۈن تەييارلانغان مېھمانخانا، ئاشخانا، ئىسكىلات ۋە تاۋار سېتىش ئورنى بار ئىدى. بۇ مەزگىلدىكى خەلقئارالىق سودىدىكى ئاساسلىق تاۋارلار ئالىي دەرىجىلىك ئىستېمال بۇيۇملىرى يەنى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ يىپەك توقۇلمىلىرى بىلەن ئالىي دەرىجىلىك ھۈنەر ـ سەنئەت بۇيۇملىرى ھەمدە ئوتتۇرا ئاسىيا بىلەن غەربىي ئاسىيانىڭ ئۇپا ـ ئەڭلىك، ئۈنچە ـ مەرۋايىتلىرىدىن ئىبارەت ئىدى. بۇندىن سىرت شىمالدىكى كۆچمەن چارۋىچى قەبىلىلەردىن سېتىۋېلىنغان قۇللارمۇ ماۋرائۇننەھر بىلەن غەربىي ئاسىيا رايونلىرىغا توشۇپ سېتىلاتتى.

قاراخانىلار خانلىقى قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىللەردىن باشلاپلا ئۆز ئالدىغا ئالتۇن، كۈمۈش ۋە مىس پۇل تارقاتقان. قاراقتان خانلىقى قۇرۇلغاندىن كېيىنمۇ قاراخانىلار ئۆز رايونلىرىدا پۇل تارقىتىشنى داۋاملاشتۇرىدۇ. نۇرغۇن ئالىملارنىڭ قارىشىچە قاراقتان خانلىقى قۇرۇلغاندىن كېيىن يەتتە سۇ رايونىدا ئۆز پۇلىنى تارقاتقان، بۇ پۇللار «كاڭگو تۇڭباۋ يارمىقى»، «گەنتيەن يۈەنباۋ يارمىقى»، ھەمدە «تيەنشى تۇڭباۋ يارمىقى» دەپ ئاتالغان دەپ قارايدۇ. خۇاڭ ۋېنبىي ئەپەندىمۇ «تارىم ئويمانلىقىدىكى ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش خاتىرىسى» ناملىق ئەسىرىدە (109 ـ بېتىدە) قاراقتانلارنىڭ پۇلى سۇڭ سۇلالىسىنىڭ پۇلىنى تەقلىد قىلغان ئاساستا ياسالغان دەپ بايان قىلىدۇ. ئەمما ھازىرغىچە تېپىلغان ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئوتتۇرا ئەسىرگە مەنسۇپ نۇرغۇن قەدىمكى پۇللار ئىچىدە بىرىمۇ قاراقتان خانلىقى تارقاتقان پۇل يوق. مۇشۇ ئەھۋالغا ئاساسەن ھازىرچە قاراقتان خانلىقىنىڭ پۇل تارقىتىشى ناتايىن ياكى تارقاتقان بولسىمۇ مىقدارى ئىنتايىن ئاز بولغان، دەپ ھۆكۈم چىقارساق خاتالاشمايمىز.

ھازىرقى ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللاردىن قارىغاندا، قاراقتان خانلىقى قاراخانىلار تارقاتقان پۇلنىڭ قاراقتانلار بىۋاسىتە باشقۇرۇۋاتقان رايونلاردا ئىشلىتىلىشىگە ھەمدە بۇ رايوندىكى ئەسلىدىكى پۇل ئىشلەش زاۋۇتلىرىنىڭ داۋاملىق قاراخانىلار پۇلىنى ئىشلەپ تارقىتىشىغا رۇخسەت قىلغان. ياللۇغ چۇسەي «غەربكە ساياھەت خاتىرىسى» دە: (سەمەرقەنتتە) «ئالتۇن بىلەن مىستىن ياسالغان پۇل ئىشلىتىدۇ. پۇلنىڭ تۆشىكى ھەم چېتىدە گىرۋىكى بولمايدۇ» دېگەن. لىيۇيۇ «غەربكە ئەلچىلىككە بېرىش خاتىرىسى» دە: «بورتالا شەھىرى غەربكە قىيپاش كەلگەن، ئالتۇن، كۈمۈش ۋە مىس پۇل ئىشلىتىدۇ، ئۈستىگە خەت بېسىلغان ئەمما تۆشىكى يوق.» دەيدۇ. «ئەۋلىيا چۇچۇجىنىڭ غەربكە ساياھەت خاتىرىسى» دە: «سودا قىلغاندا ئالتۇن پۇل ئىشلىتىدۇ. (پۇلنىڭ) تۆشىكى بولمايدۇ، ئىككى تەرىپىگە ئۇيغۇرچە يېزىق بېسىلغان.» دېيىلگەن. بۇ ماتېرىياللار ئەينى چاغدىكى بازارلاردا يەنىلا قاراخانىلارنىڭ ئەسلىدىكى پۇلى ئىشلىتىلىۋاتقانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

### (5) شەھەرلەرنىڭ تەرەققىي قىلىشى

قاراقتان خانلىقىنىڭ بىۋاسىتە باشقۇرۇشىدىكى رايونلاردىكى شەھەرلەرنىڭ تەرەققىياتى باشقا رايونلاردىكىدىن تېز بولىدۇ. قايالىق، قاراچۇق، ئالمالىق قاتارلىق بىر يۈرۈش شەھەرلەرنىڭ ھەممىسى مانا مۇشۇ مەزگىللەردە بارلىققا كەلگەن. سىر دەرياسىنىڭ ئىككى

چېتى، تالاس دەريا ۋادىسى، چۇ دەريا ۋادىسى بىلەن ئىلى دەريا ۋادىسىدىمۇ بىر تۈركۈم شەھەر ـ بازارلار بارلىققا كېلىدۇ. بالاساغۇن، ئۆزكەنت، تالاس، ئوترار قاتارلىق قەدىمىي شەھەرلەر تېز سۈرئەتتە كېڭىيىدۇ. بۇ چوڭ شەھەرلەرنىڭ ھەممىسى سودا يوللىرى ئۈستىگە ياكى چارۋىچىلىق رايونى بىلەن دېھقانچىلىق رايونى چېگرىلىنىدىغان ئورۇنغا جايلاشقان.

مەھمۇد قەشقەرى «دىۋان لۇغەتتىت تۈرك»تە «قۇز ئوردا» ۋە «قوز ئۇلۇس» دېگەن ئىككى خىل نام بىلەن ئاتىغان بالاساغۇن ناھايىتى چوڭ شەھەر ئىدى. جۇۋەينى «تارىخى جاھانكۇشاي»دا، 1210 ـ يىلى بالاساغۇن ئاھالىسى شەھەر قوۋۇقىنى مەھكەم تاقاپ قىتان قوشۇنىنى شەھەرگە كىرگۈزمىگەنلىكى ھەمدە 16 ـ كۈنى قاراقتان قوشۇنى پىلدىن پايدىلىنىپ شەھەر دەرۋازىسىنى بۇزۇپ شەھەرگە باستۇرۇپ كىرىپ 47000 مۇسۇلماننى قىرىپ تاشلىدى.① دەپ كۆرسەتكەن. بۇ سانىنىڭ ئېشەنچلىك دەرىجىسى قانچىلىك بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بۇ ۋەقە بىزگە ئەينى چاغدىكى بالاساغۇن نوپۇسىنىڭ ئىنتايىن كۆپ، شەھەر مۇداپىئەسىنىڭ ئىنتايىن مۇستەھكەم ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ياللۇغ چۇسەي «غەربكە ساياھەت خاتىرىسى»دە بالاساغۇننىڭ «ئەتراپىدا بىر قانچە ئون بازار ـ كەنتلەر بار ئىدى» دەپ خاتىرىلىگەن. ئەمما چاڭ دې (1259 ـ يىلى ھىلاكۇنىڭ چاقىرىقىغا بىنائەن ئوتتۇرا ئاسىياغا كەلگەن) غەربكە ئەلچىلىككە بارغاندا بالاساغۇننىڭ «ئۆي ـ ئىمارەت ۋە شەھەر سېپىللىرىنىڭ تولىسى بۇزۇلۇپ كەتكەن»②

ئۆزكەنت قاراخانىلارنىڭ مۇھىم شەھىرى بولۇپ، پەرغانە رايونىنىڭ مەركىزى ئىدى. قاراقتان خانلىقى مەزگىلىدە، بۇ شەھەر بىۋاستە قاراشلىق رايون تەۋەلىكىدە بولۇپ، گۆرخاننىڭ مال ـ دۇنياسىنى ساقلايدىغان ئورنى ئىدى.

ئوترار قاراقتانلارغا بىۋاستە قاراشلىق رايوندىكى چوڭ شەھەرلەرنىڭ بىرى بولۇپ، 12 ـ ئەسىردە كۆلىمى 200 گېكتارغا يەتكەن. بۇ شەھەرمۇ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى باشقا قەدىمكى شەھەرلەرگە ئوخشاش شەھەر مەركىزى ۋە شەھەر ئەتراپىدىن ئىبارەت ئىككى چوڭ قىسىمدىن تەركىب تاپقان ھەمدە سېپىل ۋە خەندەك بىلەن ئورالغان، مەركىزىي قىسمىغا ئاساسەن چوڭ ئوردا ـ ساراي، مەسچىت ۋە خانقالار جايلاشقان. ئىمارەتلەر بىر قەدەر زىچ. شەھەر ئەتراپى رايونىدا ئۆي ـ ئىمارەتلەر بىر قەدەر شالاڭ، كۆلچەكلەر، مېۋىلىك باغ ۋە تېرىلغۇ يەرلەر بار ئىدى.

تالاس يەتتە سۇ رايونىنىڭ مۇھىم سىياسىي، ئىقتىسادىي ھەربىي ۋە مەدەنىيەت مەركىزى، ئەينى چاغدا قاراقتان خانلىقىنىڭ ئاساسلىق قوشۇنى مۇشۇ يەردە تۇراتتى. بۇ شەھەردە نۇرغۇن ھەيۋەتلىك ئىمارەتلەر بار ئىدى. بۇ شەھەرنىڭ شەھەر قۇرۇلۇشى جەھەتتە باشقا شەھەرلەردىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇرىدىغان يېرى شۇكى، بۇ مەزگىلدە تالاس شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئىچىملىك سۈيى ئۇزۇنلۇقى 25 ـ 80 سانتىمېتىرغىچە بولغان ساپال نوكەشلەردىن ئۇلانغان يەر ئاستى تۇرۇبا ئارقىلىق يەتكۈزۈلەتتى. بۇندىن سىرت بۇ شەھەر خارابىسىدىن كۆلىمى 152 كۋادرات مېتىر كېلىدىغان بىر مونچىنىڭ ئىزى بايقالغان. بۇنىڭدىن بىز ئەينى ۋاقىتتىكى تالاس شەھەر قۇرۇلۇش ۋە شەھەر تۇرمۇش سەۋىيىسىنىڭ خېلى يۇقىرى ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز.

---

① جۇۋەينى «تارىخى جاھانكۇشاي»، خەنزۇچە نۇسخىسى، 1980 ـ يىل نەشرى، 2 ـ توم، 421 ـ بەت.
② لىيۇيۇ «غەربكە ئەلچىلىككە بېرىش خاتىرىسى»، ۋاڭ گوۋېي كاررېكتورلۇق قىلغان نۇسخىسى، شاڭخەي قەدىمكى ئەسەرلەر نەشرىياتى نەشر قىلغان «ۋاڭ گوۋېي ئەسەرلىرى»نىڭ 13 ـ توم 28 ـ بېتىدىن ئېلىندى.

# يىپەك يولى ئالاقىلىرىدىكى ئاتلىق مىللەتلەر

مۇناجىدىن مۇنۇر

مىسىر، ئىككى دەريا ۋادىسى (مىسوپاتامىيە)، ھىندىستان، گىرىتسىيە، فارىس، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك (جۇڭگو) ئارخېئولوگىيىلىك ئىسپاتلار ئارقىلىق ئىلىم دۇنياسىنىڭ بىردەك ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشكەن دۇنيادىكى ئالتە چوڭ قەدىمكى مەدەنىيەتلىك رايونلار ھېسابلىنىدۇ. شەرق ـ غەربنىڭ سودا ۋە مەدەنىيەت ئۇچۇرلىرى ئالماشتۇرۇلىدىغان قانال ـ يىپەك يولى مىسىر، ئىككى دەريا ۋادىسى، ھىندىستان، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىن ئىبارەت مەدەنىيەتلىك ئەل ۋە رايونلارنى كېسىپ ئۆتكەن. «1958 ـ يىلى بۇنىڭدىن 500 يىل بۇرۇنقى جېجياڭ ۋۇشىڭ ناھىيىسى چيەنشەنياڭ يېڭى تاش قوراللار دەۋرىگە ئائىت ئىزدىن 4700 يىل بۇرۇنقى بىر تۈركۈم يىپەك ئىلمە توقۇلما بۇيۇملار تېپىلغان.»① بۇ دۇنيا بويىچە ئەڭ دەسلەپكى يىپەك توقۇلما بولۇپ جۇڭگونىڭ تۇنجى قېتىم يىپەك ئىشلەپچىقارغان دۆلەت ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان مۇھىم پاكىت. يىپەك يولى يىپەكنىڭ ئەسلى ماكانى بولغان سېرىق تۇپىلىق ئېگىزلىكتىن باشلىنىپ غەربكە قاراپ سوزۇلۇپ ھۆل ـ يېغىن مىقدارى مول بولغان يېشىللىقلار، قويۇق ئورمانلار، تاغ باغرىلىرىدىكى بىپايان تەكشى كەتكەن يايلاقلار، كۆيۈپ ئۆرغاندەك كۆرۈنىدىغان سۇسىز چۆللەر، ھالاكەت قۇملۇقلىرى، ئۆمۈر بېغىشلىغۇچى يېشىل بوستانلىقلار، قىش ـ ياز قېلىن قار بىلەن قاپلىنىپ تۇرىدىغان ھەيۋەتلىك ئېگىز تاغلار، ئۇزۇندىن ـ ئۇزۇنغا سوزۇلغان دەريالار، كۆز يەتكۈسىز دېڭىزلارنى كېسىپ ئۆتۈپ ئاخىرى رىم ھەتتاكى شىمالىي ئافرىقىدىكى مىسىرغا تۇتىشىدۇ. خىلمۇ ـ خىل ئېرىقلار، خىلمۇ ـ خىل مىللەتلەر، خىلمۇ ـ خىل رايونلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇرەككەپ، رەڭگا ـ رەڭ ئالاقىلارنىڭ مەھسۇلى سۈپىتىدە بارلىققا كەلگەن «يىپەك يولى» ئەڭ دەسلەپ ئىقتىسادىي ئالماشتۇرۇش، بولۇپمۇ تاۋار ئالماشتۇرۇشنى ئاساس قىلغانىدى. كېيىنكى ئۇزۇن مەزگىللىك تەرەققىيات جەريانىدا بۇ يول تار كاتېگورىيىدىكى تاۋار ئالماشتۇرۇش بىلەنلا چەكلەنمەستىن كەڭ مەنىدىكى مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش يولىغا ئايلاندى. كېيىنكىلەر «يىپەك يولى» دېگەن ئاتالغۇ ئاستىدا بۇ يولدا بارلىققا كەلگەن ئەمما كۆمۈلگەن ۋە ئىزى ئۆچۈشكە باشلىغان ئېسىل مەدەنىيەت ئۇتۇقلىرىنى قېزىپ چىقىرىپ ئۇنىڭ ھەر قايسى ئەل خەلقلىرى مەدەنىيىتى ۋە دۇنيا مەدەنىيەت تارىخىدا تۇتقان ئورنىغا يۇقىرى باھا بېرىپ كەلدى.

يىپەك يولى ھەققىدىكى ئەڭ دەسلەپكى ماتېرىياللار جاڭ چيەننىڭ غەربكە قىلغان ئەلچىلىك ئەجرى بىلەن خەنزۇچە ھۆججەتلەرگە كىرىپ كەلگەن، ئەمما بۇ يىپەك يولىنىڭ باشلانغان ۋاقتى ئەمەس. بەلكى يىپەك يولى توغرىسىدىكى ئەڭ دەسلەپكى خاتىرىلەردىنلا ئىبارەت خالاس. يىپەك يولى ناھايىتى ئۇزۇن قەدىمكى تارىخقا ئىگە بولۇپ، خۇاڭشىگيا ئەپەندى ئۆزىنىڭ «يىپەك يولى مەدەنىيىتى (قۇملۇق قىسمى)» ناملىق كىتابىدا بۇ نۇقتىدا توختىلىپ «يىپەك يولى 3000 يىل بۇرۇن تەڭرى تاغلىرىنىڭ شىمالىي ئېتەكلىرى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا يايلاقلىرىدا بارلىققا كەلگەن»② دەيدۇ.

خەنزۇچە يازما مەنبەلەردە «غەربىي يۇرت»، چەتئەل يازمىلىرىدا «سىرس»، «سىرىندا» نامى بىلەن تىلغا ئېلىنىدىغان بۇگۈنكى شىنجاڭنى مەركەز قىلغان ئوتتۇرا ئاسىيا رايونلىرى شەرق ـ غەربنى تۇتاشتۇرىدىغان يىپەك يولىنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان. گۈزەل جۇغراپىيىلىك ئورۇنغا ئىگە بولغان بۇ زېمىن ئۆزىدىكى مۇستەھكەم مەدەنىيەت تراداتسىيىسى ئاساسىدا خىلمۇ ـ خىل مەدەنىيەت ئۇچۇرلىرى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۇچراشتۇرۇلۇپ تېخىمۇ يۇكسەك، تېخىمۇ پارلاق مەدەنىيەت يارىتىلغان مۇقەددەس جايلارنىڭ بىرى. ئۇيغۇرلارنىڭ ئىتنىك ئاساسىنى تەشكىل قىلغۇچى، بۇنداق يۇكسەك سەۋىيىلىك ئىقتىساد ـ مەدەنىيەت تىندۇرمىلىرىنىڭ ئىلىك ئىگىلىرى ئۇستىدىكى تالاش ـ تارتىشلار تېخى ئاخىرلاشمىغان بولسىمۇ، ئارخېئولوگىيىلىك بايقاشلار، تىلشۇناسلىق ئىلمى، دۆلىتىمىز ئىچى ۋە سىرتىدىكى يازما بايانلار ئاساسىدا كەلتۈرۈپ چىقىرىلغان ئىلمىي يەكۇنلەر «تارىم ۋادىسىدا ياشىغان قەدىمكى ئارىئان ئاھالىسى ھازىرقى ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ يىراق ئۆتمۈش ئەجدادلىرىنىڭ ئاساسى ياكى غولىدۇر»③ دېگەن ھۆكۈمنى چەتكە قاقمايدۇ. ھەممىمىزگە مەلۇمكى توخارىلار ۋە ساكلار ئارىئان ئۇرۇقىغا كىرىدۇ. ئۇلار تەرىپىدىن يارىتىلغان ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت ئۇتۇقلىرى ئۇلارنىڭ ئېتنونىملىرى تارىخ بېتىدىن ئۆچىشى بىلەنلا يوقاپ كەتمىدى، بەلكى ئۇيغۇر نامىدا داۋاملىق جارى قىلدۇرۇلۇپ، راۋاجلاندۇرۇلۇپ بۇگۈنگىچە داۋاملاشتى. دېمەك «ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ شەكىللىنىش جەريانىدا ئەڭ ئاۋۋال ئارىئانلار ئائىلىسىدىن كەلگەن توخارىلار ۋە ساكلار ئۇنىڭ ئىتنىك مەنبەسىنى تەشكىل قىلدى.»④ ھۇنلارمۇ مەملىكىتىمىزنىڭ شىمالىدىكى ئۇرخۇن سىلىنگا دەريا ۋادىلىرىدىكى بىپايان يايلاقلاردىن تارتىپ ئالتاي تاغلىرى جۇملىدىن تەڭرى تاغلىرىنىڭ شىمالىدىكى ئوتلاقلارغىچە بولغان بۇ كەڭرى زېمىندا ئەركىن پائالىيەت ئېلىپ بارغان «تەڭرىنىڭ ئەركىن باللىرى» ئىدى. ھۇنلارنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتى چارۋىچى توخارىلارغا ئوخشاپ كەتسىمۇ، ئەمما ھىندى ـ ياۋروپا تىل سىستېمىسىدا سۆزلىشىدىغان توخارىلارغا سېلىشتۇرغاندا ئالتاي تىللىرى سىستېمىسىدا سۆزلىشىدىغان تۈركى خەلقلەرگە يېقىن ئىكەنلىكى مەلۇم، ئۇلار ئات ئۇستىدىكى چەۋاندازلىقى بىلەن غەربىي خەن سۇلالىسىغىچە غەربىي يۇرتنىڭ تىزگىنىنى ئۆز قولىدا تۇتۇپ كەلگەن. بىز يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن ساك، ھۇن، توخار قاتارلىق ئاتلىق قەۋملەرنىڭ يۇكسەك مەدەنىيىتىنى چۈشىنىش ۋە ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىش جۇملىدىن بۇگۈنكى مىللەت ھالقىغان، دۆلەت ھالقىغان، سودا ۋە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ يىپەك يولىنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە كېيىنكى تەرەققىياتىدا ئوينىغان رولى شۇنداقلا تۇتقان ئورنىنى بىلىش ھەممىمىز ئۈچۈن تولىمۇ ئەھمىيەتلىك.

1. ھۇنلار

«ئۇلار (ھۇنلار) جۇڭگونىڭ شىمالى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا يايلاقلىرى ئارىسىدا ئەڭ دەسلەپ يىپەك يۆتكىگەنلەر بولۇشى مۇمكىن. بۇ نۇقتىدا ھۇنلارنىڭ خەن سۇلالىسىدىن بۇرۇن غەربىي يۇرتنى كونترول قىلغانلىقى تاسادىپىي ئەمەس».⑤ ھۇنلار يىپەك يولىدىكى ئەڭ بۇرۇن يىپەك يۆتكىگەن سودىگەرلەر بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك كىشىلىرى بىلەن بولغان سودا ئالاقىلىرى ۋە مۇناسىۋەتلىرى يىراق قەدىمدىن باشلىنىدۇ. «1955—1957 ـ يىللىرى شەنشى ئۆلكىسىنىڭ چاڭئەن ناھىيىسى فىڭشياڭ يېزىسىدىن جو

سۇلالىسى دەۋرىگە ئائىت قەبرىلەر ئېچىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە 140ـ نومۇرلۇق قەبرىنىڭ هۇنلارنىڭ ئىچكى ئۆلكىلەردىكى ئەلچىسى ياكى ئەلچىلەر ئۆمىكىنىڭ ئەزاسى ئىكەنلىكى ئېھتىمالغا يېقىن.⑥» بۇنىڭدىن قارىغاندىمۇ هۇنلار بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ تېرىمچى خەلقلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقىلارنىڭ كەم دېگەندىمۇ جۇ سۇلالىسى دەۋرىدىن باشلىنىدىغانلىقى مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدۇ. جۇڭگونىڭ غەربىي ۋە شىمالىدىكى چارۋىچى قەۋملەر، غەربىي ئاسىيالىقلار ھەتتا ياۋروپا خەلقلىرىنىڭ كۆچلۈك قىزىقىشىنى قوزغىغان «سېھىرلىك» ئىلمە توقۇلما بۇيۇم يىپەك ـ ھۆن سودىگەرلىرى ۋە كارۋانلىرى ئارقىلىق ئوتتۇرا ئاسىيا يايلاقلىرى، تەڭرى تېغىنىڭ شىمالى ۋە جەنۇبىدىكى خەلقلەرگە يەتكۈزۈلگەن. هۇنلار ئۆزلىرى ئېلىپ بارغان يىپەكلىرىنى ئۇلارنىڭ قىممەتلىك بۇيۇملىرىغا ئايرىۋاشلىغان ۋە بۇ ئارقىلىق ئوتتۇرىدا ۋاستىچى بولىۋاتقان هۇنلار ناھايىتى زور پايدىغا ئېرىشكەن. مانا بۇ مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، كېيىنكى دەۋردىكى كۈچلۈك ھۆن دۆلىتىنىڭ قۇرۇلىشىدىكى ئىقتىسادىي ئاساسلارنىڭ بىرى.

«1976 ـ يىلى جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى خېنەن ئەنياڭدىن شاڭ دەۋرىدىكى خانلار قەبرىستانلىقىدىن قەبرە قازدى. ئېنىقلاش ئارقىلىق بۇ دەۋرنىڭ شاڭ خانى ۋۇدىڭنىڭ خانىشى «فۇخاۋ» (妇好)نىڭ قەبرىسى ئىكەنلىكى مۇئەييەنلەشتۈرۈلدى. ۋە يىل دەۋرى بۇنىڭدىن 3200 يىل بۇرۇن دەپ بېكىتىلدى. قوشۇپ كۆمۈلگەن 1928 ماددىي بۇيۇم ئىچىدە 756 پارچە قاشتاش بولۇپ، ئومۇمىي بۇيۇملارنىڭ 39.2% نى تەشكىل قىلىدۇ. ئەنياڭ قاشتېشى زاۋۇتى ۋە جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى گېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى بۇ قاشتېشلىرىنىڭ ئىچىدە ئۈچ نۇسخىسىدىن باشقىلىرى شىنجاڭنىڭ قاشتېشى ئىكەنلىكىنى باھالاپ بېكىتتى.⑦» شىنجاڭ قاشتېشى كۇئېنلۇن ئېتىكىدىكى ئورۇندىن چىقىدىغان بولۇپ، قەدىمكى زامانلاردىن تارتىپلا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك كىشىلىرى قاشتېشى توغرىسىدا ئەپسانىلەر توقۇشقان ئىدى. ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ئېسىلزادىلىرى قاشتېشىنىڭ مىقدارى ئارقىلىق ئۆز بايلىقلىرىنى ئۆلچەپ كەلگەن. شاڭ خانىشى «فۇخاۋ» نىڭ قەبرىسىگە كۆمۈلگەن قاشتېشىنىڭ كۆپ بولۇشى ئۇنىڭ مەرتىۋىسىنىڭ ئالاھىدە يۇقىرى ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. بۇ قاشتاشلار قاشتېشى يۇرتى ئودۇندىن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە يېتىپ كەلگىچە نۇرغۇن جەريان ۋە باسقۇچلارنى بېسىپ ئۆتكەن. هۇنلارنىڭ بۇ جەريان ۋە باسقۇچلاردا ئوينىغان رولى بىر ئاز گەۋدىلىك. ئەڭ دەسلەپكى قاشتېشلىرىنى هۇنلار ئودۇننىڭ قەدىمكى ئاھالىسى ساكلار بىلەن يىپەك بۇيۇملارغا تېگىشىپ كەلگەن ۋە ئۇنى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك كىشىلىرىگە قىممەت باھادا ساتقان. كېيىنچە بۇ خىل پايدىسى كۆپ سودا تۇخارىلارنىڭ قىزىقىشىنى قوزغىغان ۋە تۇخارىلار تەرىپىدىن مونوپول قىلىنغان. ئەمما بىز هۇنلارنىڭ بۇ سودىدىكى باشلامچىلىق ئورنىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشىمىز كېرەك. چۈنكى هۇنلار باشقا چارۋىچى مىللەتلەرگە قارىغاندا قاشتېشى بۇيۇملىرىغا ئالاھىدە قىزىققان. ئۇلاردىمۇ قاشتېشىنى ئۆلگەن ئادەم بىلەن بىللە كۆمىدىغان ئادەت بار. «1922 ـ يىلى موڭغۇلىيىنىڭ مەركىزى ئۇلانباتورنىڭ شىمالى نويان تېغىدىكى قەدىمكى ھۆن قەبرىلىرى قېزىلدى. ۋە كۆپ مىقداردا جۇڭگو يىپەك توقۇلما بۇيۇملىرى، مىس سايمانلار، قاشتېشى ئەسۋابلىرى، فار ـ فۇر قاچىلار بايقالدى.⑧» بۇ يەردە دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك ئىككى

نۇقتا بار. بىرى «قاشتېشى ئەسۋابلىرى»، بۇ بىزنىڭ يۇقىرىقى كۆز قارىشىمىزنى دەلىللەپ بېرىدىغان ماددىي پاكىت ئەلۋەتتە. يەنە بىرى بۇ بۇيۇملاردا يۇنان ـ باكتېرىيە ئۇسلۇبىمۇ كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. ئۇندىن باشقا نويان تېغىدىكى باشقا ھۇن قەبرىلىرىدىن تېپىلغان يۇنان ـ باكتېرىيە ئۇسلۇبىدىكى يىپەك ئىلمە توقۇلمىلارنىڭ تېپىلىشى ھۇنلارنىڭ ئەھلى ـ سەلىبنىڭ شەرققا يۈرۈشىدىن كېيىن شەكىللەنگەن ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيەت تارىخىدىكى مۇھىم ھادىسە ـ يۇنانلىشىش دولقۇنىنىڭ بىۋاسىتە تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقىنى بىلىۋېلىش تەس ئەمەس. چۈنكى مەدەنىيەت تارىخى ھۇن ئاتلىرىنىڭ ئامۇ ۋە سىر دەريا ۋادىسىدىكى سكىتايلارنىڭ زېمىنىغا چۈشكەن ئىزلىرىنى ئىنكار قىلمايدۇ.

ھۇنلار ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ۋە ئەتراپىدىكى چارۋىچى قەۋم، مىللەتلەرنىڭ ئىسىل مەدەنىيەت تەسىرلىرىنى قوبۇل قىلىپلا قالماستىن ئۆز نۆۋىتىدە يەنە، ئۇلارنىڭ ئىچكى مەدەنىيەت كۈچى باشقا قەۋم، مىللەت ۋە رايونلارنىڭ مەدەنىيىتىدە مۇئەييەن تەسىرلەرنى پەيدا قىلغان. ھۇنلار ياراتقان ھۇن مۇزىكىلىرى ۋە چالغۇلىرى ئەنە شۇ جۈملىدىندۇر. ھۇنلارنىڭ بىپايان يايلاقلاردىكى تەبىئەت بىلەن زىچ باغلانغان ئىجتىمائىي ھاياتى ئۇلارنىڭ تەبىئەتتىكى مۇزىكا سېزىملىرىنى ئويغاتقان. ئۇلار ئاۋازى بوم ۋە دەھشەتلىك چىقىدىغان، رىتىمى دۈپۈلدەپ سوقۇپ تۇرغان يۈرەك رىتىمىغا تەڭكەش «دۇمباق»نى كەشىپ قىلغان. بۇرغىمۇ ئۇلارنىڭ ئىجادىيىتى ئىدى. «جۇڭگو مەدەنىيەت لۇغىتى»نىڭ «خۇ مۇزىكىسى» ماددىسىدا خەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرلىرىدا ئاۋۋال شىمالدىكى كۆچمەن چارۋىچى مىللەت ھۇنلارنىڭ مۇزىكىسى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە تارقالغان ······ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە «دۇمباق بۇرغا مۇزىكىسى»نىڭ ئومۇملىشىشىدا ھۇنلار زور رول ئوينىغان⑨» دېيىلىدۇ. بۇمۇ ھۇنلارنىڭ مەملىكىتىمىز مۇزىكا مەدەنىيىتىگە قوشقان تۆھپىسى سۈپىتىدە مەدەنىيەت تەسىرىنىڭ قوش يۆنىلىشلىك بولىدىغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ.

ھۇنلارنىڭ ئاتقا ماھىرلىقى ئۇلارنىڭ يىپەك يولىنىڭ تۇنجى سودىگەرلىرى بولۇشىنى بەلگىلىگەن. ئۇلار ئەزەلدىن قويۇق مۇناسىۋەتتە بولۇپ كەلگەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ خاس تاۋار مېلى بولغان يىپەكنى ۋە يىپەككە جەملەنگەن مەدەنىيەت ئۇچۇرلىرىنى ئوتتۇرا ئاسىيا يايلاقلىرىغا جۈملىدىن تەڭرى تاغلىرىنىڭ جەنۇب ۋە شىمالىغا يەتكۈزگەن. شۇنداقلا مەزكۇر رايونلارنىڭ ۋە خەلقلەرنىڭ مەدەنىيەت جەۋھەرلىرىنى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە يەتكۈزۈپ يىپەك يولىنىڭ دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللىنىش ۋە كېيىنكى زور تەرەققىياتى ئۈچۈن ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشقان.

2. تۇخارىلار

قەدىمكى مەدەنىيەت مەركەزلىرىنىڭ بىرى بولغان بابىلوننىڭ قوشنا رايونلىرىدىن مىلادىدىن بۇرۇنقى 3000 ـ يىللاردا شەرققە قاراپ كۆچكەن قەدىمكى مەدەنىيەتلىك خەلق تۇخارىلار خېشى، كوسەن ۋە قارا شەھەر رايونلىرىغا كېلىپ ئولتۇراقلاشقان. خېشى رايونى ناھايىتى قەدىمكى زامانلاردىن باشلاپلا ئىنسانىيەت ياشاپ كەلگەن جايلارنىڭ بىرى. سەيدام كۆلىنىڭ كۆل يۈزىدىن 8—13 مېتىر كېلىدىغان قۇم شېغىل ئارىسىدىن 23000 يىل ئاۋۋالقى كونا تاش قورال ئىزىنىڭ بايقالغانلىقى بۇ نۇقتىنى دەلىللەپ تۇرۇپتۇ. تۇخارىلار خېشى رايونىغا كۆچۈپ كېلىپ يەرلىك ئاھالە چىڭئاڭلار بىلەن بىللە تۇرغان ۋە قويۇق باردى ـ كەلدى

مۇناسىۋىتىدە بولغان. چياڭلار چارۋىچىلىقنى ئاساسىي ئىگىلىك قىلىدىغان ئوت، سۇ قوغلىشىپ ئولتۇراقلىشىدىغان خەلق بولۇپ، كېيىن خۇاشيا مىللىتىنىڭ ئىتنىك تەركىبىگە كىرىپ كەتكەن. يەنى «خۇاشيا مىللىتىنىڭ يول باشلىغۇچىلىرىدىن بىرى يەندى جياڭ (姜) فامىلىك بولۇپ، جياڭ بىلەن چياڭ (羌) ئوخشاش بىر خەتتىن ئۆزگىرىپ كەلگەن. شۇڭا يەندى ئۇرۇقى شەرققە كۆچكەن چياڭلار بولۇشى مۇمكىن.»⑩

چياڭلار بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ئارىسىدىكى قويۇق مۇناسىۋەت ئەلۋەتتە توخارىلار بىلەن چياڭلار ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقىلارنى ئىلگىرى سۈرگەن. توخارىلار چياڭلار ئارقىلىق ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ يىپەك توقۇلمىلىرى، مىس ماتېرىياللىرى، فار - فۇر قاچىلىرىغا ئېرىشكەن ۋە جوڭگونىڭ ئېسىل مەدەنىيەت جەۋھەرلىرىنى قوبۇل قىلغان بولسا، توخارىلار ئېلىپ كەلگەن مەدەنىيەت كۆچمىنىڭ تەسىرىدە چياڭلار ۋە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ مەدەنىيەت كەمتۈكلىرى تولۇقلانغان. بۇنىڭ بىلەن خېشى رايونىدا غەرب ، شەرق ۋە يەرلىك مەدەنىيەت گىرەلەشكەن يېڭىچە سىنكرېتىك مەدەنىيەت ئوچاقلىرى شەكىللەندى. بۇ خىل سىنكرېتىك مەدەنىيەت ھادىسىسى ئارخېئولوگىيىلىك تېپىلمىلار بولغان ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرى، تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرى ۋە ئىپتىدائىي سەنئەت بۇيۇملىرىدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. ھازىرغىچە خېشى رايونىدىن تۆت مەدەنىيەت رايونى بايقالدى. ماجىياياۋ (马家窑) مەدەنىيىتى تۇنجى قېتىم 1923 - يىلى گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ لىنتاۋ ماجىياياۋ كەنتىدىكى قەدىمكى مەدەنىيەت ئىزىدىن بايقالغان بولۇپ، شۇ كەنتنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان. بۇ خىل مەدەنىيەت گەنسۇنىڭ تياۋخې (桃河) دەرياسى، داشيا (大夏) دەرياسى ۋە چىڭخەي خۇاڭشۇي (皇水) ۋادىلىرىغا تارقالغان. مەدەنىيەت رايونىدىن ئۈچۈر بەرگۈچى ماتېرىياللارنى كاربون 14 ئوكسىدى ئارقىلىق تەكشۈرۈپ، بۇ مەدەنىيەتنىڭ مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 2000—3000 يىللارغا توغرا كېلىدىغانلىقىنى ئېنىقلاپ چىقتى. ئۇنىڭدىن باشقا بەنشەن - ماچاڭ مەدەنىيىتى (半山—马厂文化) بايقالغان بولۇپ، ئۇنىڭ يىل دەۋرى مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 2500—2000 - يىللارغا توغرا كېلىدۇ. مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 1000- يىللارغا توغرا كېلىدىغان چىجيا مەدەنىيىتىمۇ خېشى رايونىدىكى گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ خىجىڭ ناھىيىسى چىجيا رايونىدىن تېپىلغان. خېشى رايونىدىكى يۇقىرىقى مەدەنىيەت ئىزلىرىنىڭ يىل دەۋرى توخارىلارنىڭ غەربتىن شەرققە كۆچكەن يىل دەۋرىدىن زور پەرق قىلمايدىغان بولۇپ، بۇ مەدەنىيەت رايونلىرىنىڭ بارلىققا كېلىشىدە توخارىلارنىڭ ئوينىغان رولىنىڭ زور بولغانلىقى كىشىنى گۇمانلاندۇرمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە مەملىكىتىمىز تەتقىقاتچىلىرى بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلاپ خېشى رايونىدىكى مەدەنىيەت ئىزلىرىغا خۇاشيا مەدەنىيىتى ۋە غەرب ساك مەدەنىيىتىنىڭ تامغىسى بېسىلغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈردى. بۇ يەردە تەھلىل قىلىپ كۆرۈشكە ئەرزىيدىغان نۇقتا «ساك مەدەنىيىتى» دېگەن ئاتالغۇ، بىزنىڭچە بۇ «ساك مەدەنىيىتى» بولماستىن بەلكى توخار مەدەنىيىتى، چۈنكى ساكلار خېشى رايونىدىن يىراق بولغان غەربتە ئولتۇراقلاشقان. ھەممە ھازىرقى تەتقىقاتلاردىن مەلۇم بولغان ساكلارنىڭ شەرققە كۆچۈش يىل دەۋرى يۇقىرىقى يىللاردىن كۆپ كېيىن. بۇ خىل مەدەنىيەتنى «ساك مەدەنىيىتى» دېگەندىن كۆرە غەرب مەدەنىيىتى دېگەن بىر ئاز ئەقىلگە مۇۋاپىق، شۇنداقتىمۇ غەرب مەدەنىيىتىنىڭ مەدەنىيەت كۆچى توخارىلار ئارقىلىق تەسىر كۆرسەتكەنلىكىنى تىلغا

ئېلىپ ئۆتۈش زۆرۈر. بۇنداق بولغاندا خېشى رايونىدىكى مەدەنىيەت تۇخارىلار ۋە چىشتاڭلار ئاساس بولۇپ يارىتىلغان مەدەنىيەت بولىدۇ.

تۇخارىلار ئۆزلىرى بىلەن ئۆرپ - ئادەت جەھەتتە ئوخشاپ كېتىدىغان شىمالدىكى ھۇنلار بىلەنمۇ كەڭ كۆلەملىك مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش ئېلىپ بارغان. ھۇنلار مودۇ تەڭرىقۇت دەۋرىگىچە تۇخارىلار بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈپ ئۆزلىرى ئىگىلىگەن زېمىنلىرىغا ئىگىدارچىلىق قىلغان. بۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئوتتۇرىسىدا باراۋەرلىكنى ئاساس قىلغان مۇئامىلىلەر كۆچەيگەن بولۇپ، تۇخار مەدەنىيەت تەركىبلىرى ئىچىدە ھۇنلارنىڭ خاس مەدەنىيىتى ۋە ئۇلار ئارقىلىق كىرگەن باشقا مەدەنىيەت ئامىللىرىنىڭ بولغانلىقى تەبىئىي ئەھۋال. ئەكسىچە ھۇن مەدەنىيىتى تەركىبلىرى ئىچىدە تۇخارىلار ياراتقان مەدەنىيەتنىڭ تەسىرى بولغانلىقىدا شۈبھە يوق.

مىلادىدىن ئىلگىرىكى 174 - يىلى ھۇنلار تۇخارىلارنى غەربكە كۆچۈشكە مەجبۇر قىلغان. خېشى رايونىدىكى كۆپ قىسىم تۇخارىلار كۆچۈپ ئىلى دەريا ۋادىلىرىدىكى ساكلارنى غەربكە كۆچۈشكە مەجبۇر قىلغان. ئەمما ئۆزلىرىمۇ مىلادىدىن ئىلگىرىكى 161- يىلى ھۇنلار تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنغان ئۇيسۇنلارنىڭ زەربىسىدە ساكلارنىڭ ئىزىنى بويلاپ غەربكە كۆچۈش قىسمىتىدىن قۇتۇلالمىغان. تۇخارىلار غەربتە ئامۇ دەرياسى ۋادىسىدىكى باكتېرىيىلىكلەرنى مەغلۇپ قىلىپ شۇ جايلاردا مۇقىم ئولتۇراقلىشىپ قالغان.

مىللەتلەرنىڭ پۈتۈن تۈركۈم بويىچە بىر جايدىن يەنە بىر جايغا كۆچۈشى ئۆز نۆۋىتىدە مەدەنىيەتنىڭ كۆچىشى بولۇپ ئىپادىلىنىپ، كۆچۈپ بارغان جايدىكى مەدەنىيەت بىلەن كىرىشىپ يېڭى بىر سىنكرېتىك مەدەنىيەتنى بەرپا قىلىدىغان ئاساسىي سەۋەبلەرنىڭ بىرى. تۇخارىلار ئاستا - ئاستا كۆچىيىپ مىلادىدىن ئىلگىرىكى 50 - يىللارغا كەلگەندە كوشان دۆلىتى قۇرۇلدى. مىلادى I ئەسىرگىچە بولغان ئارىلىقتا كوشان دۆلىتىنىڭ زېمىنى كېڭىيىپ شىمالدا ئارال دېڭىزى، سەمەرقەند، جەنۇبتا گانگا دەرياسى، شەرقتە پامىردىن ھالقىپ مەملىكىتىمىزنىڭ شىنجاڭ رايونىنىڭ جەنۇبىغىچە سوزۇلغان كۈچلۈك ئىمپېرىيە بولۇپ قۇرۇلدى. ئۇلار يەرلىك پارسلار، گىرېكلار، ھىندىلارنىڭ ئېسىل مەدەنىيەت جەۋھەرلىرىنى قوبۇل قىلىپ ئۆزىگە خاس، كۆپ قىرلىق، ئاجايىپ سىنكرېتىك مەدەنىيەت ياراتتى. بولۇپمۇ كوشان ئىمپېرىيىسىنىڭ مەشھۇر ئىمپېراتورى كانىشكا دەۋرىدە بۇددا ھەيكەلتىراشلىقى ۋە رەسساملىق سەنئىتىنىڭ يۈكسەك پەللىسى بولغان قەندىھار سەنئىتى بارلىققا كەلدى. قەندىھار سەنئىتى مىلادىدىن بۇرۇنقى 2 - ئەسىردە بارلىققا كەلگەن باكترىيە سەنئىتىنى تۇپراق قىلغان ئاساستا يۇنان، ھىندىستان، رىم، پارس سەنئىتىنىڭ نادىر ئۇتۇقلىرىنى ئۆزىدە مۇستەھكەم ئۆزلەشتۈرگەنلىكىنىڭ مەھسۇلى.

قەندىھار سەنئىتى بۇددا دىنىنىڭ تارقىلىشىغا ئەگىشىپ مەملىكىتىمىزنىڭ شىنجاڭ ۋە غەربىي شىمال رايونلىرىدىكى تاش كىمىر سەنئىتى ۋە ھەيكەلتىراشلىقىغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن. بۇ خىل سەنئەت ئىزنالىرىنى تۇرپان، كۇسەن، كىرورەن ۋە دۇنخۇاڭدىكى تاش كىمىر ئۆيلىرىدىكى سىزىلغان سۈرەتلەر ۋە ھەيكەللەردىن ھېلىھەم بايقىغىلى بولىدۇ. بۇ خىل مەدەنىيەت تەسىرلىرى كوشان ئىمپېرىيىسى زېمىنىدىن كەلگەن تۇخار سودىگەرلىرى، تۇخار بۇددا راھىبلىرى ۋە سەيياھلىرىنىڭ جاپالىق ئەجىر مېۋىسى ھېسابلىنىدۇ. خەنزۇ

تەتقىقاتچىلىرىمۇ بۇ نۇقتىنى تەكىتلەپ «جۇڭگوغا بۇددا دىنىنى ئېلىپ كىرگەن راھىبلار ئىچىدە توخارىلار ناھايىتى كۆپ ئىدى»⑪ دەيدۇ.

توخارىلارنىڭ كۇسەنگە كۆچۈپ كەلگەن تارىخى كۇسەننىڭ يىپەك يولىدىكى ئەۋزەل ستراتېگىيىلىك ئورنى، قولاي تەبىئىي شارائىتىنىڭ ھەممىتى بىلەن تېز لا ئۆزلىشىپ كەتتى. ئۇلار بىر تەرەپتىن شەرقتىن كەلگەن تەقدىرداش قېرىنداشلىرى توخارىلار بىلەن ئالاقە قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن غەرب تەرىپىدىن كېلىدىغان جەڭگىۋار ئاتلىق ساكلار بىلەنمۇ زىچ ئالاقە قىلاتتى. كېيىنچە ئۇلار ئۆز ئالدىغا كۇسەن خانلىقىنى قۇرۇپ ئەسكەر تۇرغۇزۇپ ئۆزلىرىنىڭ يىپەك يولىدىكى مەنپەئىتىنى قوغدىدى ۋە مۇستەھكەملىدى. خېشى توخارىلىرى غەربكە كۆچۈپ كەتكەندىن كېيىن، كۇسەن توخارىلىرىنىڭ ئالاقە مۇناسىۋەتلىرىدە ئۆزگىرىش بولۇپ، ساكلار ۋە ھۇنلار ئاساسلىق ئورۇنغا ئۆتتى. بۇ يەردە كۇسەن دۆلىتىنىڭ يەرلىك سودىگەرلىرى ۋە ئەلچىلىرىنىڭ پائالىيەتلىرىنى نەزەردىن ساقىت قىلماسلىق كېرەك. ئەلۋەتتە.

كۇسەن ئۆزىدىكى يۈكسەك ئىقتىساد ـ مەدەنىيەت ئىرادىتىسىنى ئاساسىدا مەدەنىيەت قوبۇل قىلىش جەھەتتىكى ئاكتىپ خۇسۇسىيىتىنى ئىپادىلىدى. كۇسەندە يات مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتى يەكلەنمىگەن بولۇپ، يىپەك يولى ئارقىلىق ئېقىپ كىرگەن غەرب مەدەنىيىتىنىڭ كۈچلۈك تەسىرىنى قىزىقىقلىق بىلەن قوبۇل قىلغان. شۇڭا «كۇسەن ناھايىتى ئۇزۇن بىر مەزگىللىچە ئىچكىرى ئۆلكىلەر تەرىپىدىن غەيرى دۆلەت دەپ قارالغان ئىدى.⑫» كۇسەننىڭ ئەينى دەۋر مەدەنىيىتىدىن بوگۈنكى دەۋرىمىزگە خەۋەر بەرگۈچى مۇھىم مەدەنىيەت مىراسلىرىدىن قىزىل مىڭ ئۆيى، قومتۇرا مىڭ ئۆيى، سىم ـ سىم مىڭ ئۆيى، قىزىل قاغا مىڭ ئۆيى قاتارلىق مىڭ ئۆيلەر دۆلىتىمىز ئىچى ۋە سىرتىدىكى تەتقىقاتچىلارنىڭ دىققىتىنى قوزغاپ كەلمەكتە. بۇ مىڭ ئۆيلەر مىلادى 3 ـ ئەسىردىن 10 ـ ئەسىرگىچە ياسالغان. مىڭ ئۆيلەرنىڭ تام، تورۇسلىرىغا سىزىلغان سۈرەتلەردە قەندىھار بۇددا سەنئىتىنىڭ روشەن ئالاھىدىلىكلىرى بىلىنىپ تۇرىدۇ. قەندىھار سەنئىتى كۇسەنگە كوشان توخارىلىرىنىڭ يىپەك يولىنى بويلاپ ئېلىپ بارغان بۇددا دىنىنى تونۇشتۇرۇش، بۇددا سەنئىتىنى تارقىتىشنى ئاساس قىلغان جاپالىق ئەمگەكلىرى نەتىجىسىدە ئېلىپ كېلىنگەنلىكىدە شۇبھە يوق. كۇسەن بۇددا راھىبلىرىمۇ ئۇلار ماڭغان ئىزلارنى بېسىپ بۇددا دىنىنىڭ مەيدانغا كەلگەن مۇقەددەس جايلىرىنى تاۋاپ قىلغىلى بارغانلىقى، شۇنداقلا يىپەك يولىنىڭ شەرق يۆنىلىشىنى بويلاپ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە بۇددا دىنىنى تارقاتقانلىقىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتۈش كېرەك. بۇنىڭغا كۇماراجىۋانىڭ ئاتىسى كومورانىڭ كوشان ئېمپېرىيىسى تەۋەسىدىن كۇسەنگە كېلىپ جىۋا بىلەن توي قىلغانلىقى، كومۇراجىۋانىڭ ئانىسى جىۋا بىلەن بۇددانى تاۋاپ قىلغىلى بارغانلىقى، كېيىن كومۇراجىۋانىڭ جۇڭگودىكى ئۈچ چوڭ بۇددا ئالىمىنىڭ بىرى سۈپىتىدە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە بېرىپ بۇددا شەرھەشۇناسلىقى ۋە تەرجىمەشۇناسلىقى بىلەن شۇغۇللىنىپ جۇڭگو بۇددا مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتى ۋە ئۆزلىشىشى ئۈچۈن كۆمۈلمەس تۆھپىلەرنى قوشقانلىقى جانلىق مىسال قىلىپ ئېلىشقا بولىدۇ.

سۇي ـ تاڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدە يىپەك يولى مەدەنىيىتىدە كۇسەن بىر خىل جەلبكار

ئالاھىدىلىكىنى ئىپادىلىدى. بولۇپمۇ كۈسەننىڭ ئۇسسۇل - مۇزىكىلىرى ئالاھىدە بولۇپ، غەربىي يۇرتلار كۈچلۈك تەسىرگە ئىگە بولۇپ قالماستىن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك كىشىلىرى تەرىپىدىنمۇ ناھايىتى قارشى ئېلىنغان. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئوردىدا چېلىنغان مۇزىكىلار ئىچىدە كۈسەن مۇزىكىلىرىمۇ بار ئىدى. غەربىي يۇرت مۇزىكىلىرى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك مۇزىكىلىرىنىڭ بېيىشى ۋە تاكامۇللىشىشى ئۈچۈن ئەندىزە بولغان، يەنى «جۇڭگو مۇزىكىلىرىنىڭ ئاھاڭى كۈسەن مۇزىكىلىرىنىڭ ئاھاڭىنى ئۆلچەم قىلىپ شەكىللەنگەن»⑬ تەتقىقاتچىلار كۈسەن مۇزىكا ئەسۋابلىرىنىڭ غەربنىڭ بولۇپمۇ ئىراننىڭ، ھىندىستاننىڭ ۋە مىسىرنىڭ مۇزىكا ئەسۋابلىرى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى ئېنىقلاپ چىقتى. بۇمۇ كۈسەننىڭ غەرب ۋە شەرق تەسىرلىرىنى قوبۇل قىلغانلىقىنى ھەم ئۆز تەسىرىنى ئۆتكۈزگەنلىكىنىڭ بىر ئىسپاتى سۈپىتىدە يۇقىرىقى كۆز قاراشلىرىمىزنى دەلىللەيدۇ.

كۈسەن مەدەنىيىتى يالغۇز غەربنىڭ مەدەنىيەت تەسىرىگە ئۇچراپلا قالماستىن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىگىمۇ ئۇچرىغان. غەربىي خەن سۇلالىسى غەربىي يۇرتنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ مەدەنىيەت تەسىرى تەسىر كۆرسىتىشكە باشلىدى. ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ غەربىي يۇرتتا تەسىس قىلغان «غەربىي رايون تۇتۇق ھىراۋۇل مەھكىمىسى» تۇرپاندىن كۈسەنگە يۆتكەلگەندىن كېيىن بۇ خىل تەسىرلەر تېخىمۇ روشەن، كۆزگە كۆرۈنەرلىك بولدى. كۈسەندىن تېپىلغان خەنزۇچە بۇددا نوملار ۋە خەنزۇچە ھۆججەتلەر بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ.

يۇقىرىقىلاردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، توخارىلارنى ئاساسىي ئېتنىك تەركىب قىلغان كۈسەن ئاھالىسى كۈسەن تۇپرىقىدا بارلىققا كەلتۈرگەن ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت ئاساسىدا يىپەك يولى ئارقىلىق ئېقىپ كەلگەن غەرب ۋە شەرقنىڭ مەدەنىيەت تەسىرلىرىنى قوبۇل قىلىپ ۋە يۇغۇرۇپ يېڭى بىر مەدەنىيەت پەللىسىنى ياراتقان. بۇنىڭ نامايەندىلىرى بولغان مىڭ ئۆيلەر ۋە كۈسەن ئۇسسۇل مۇزىكىلىرى ھازىرغىچە ساقلانغان ۋە داۋاملاشقان. بۇ خىل مەدەنىيەت غەربىي يۇرت مەدەنىيىتىنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى بولغان ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ كۆپ خىللىشىشى ۋە كېيىنكى تەرەققىياتى ئۈچۈن زور تەسىرلەرنى پەيدا قىلىپلا قالماي، بەلكى يەنە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك مەدەنىيەت تەرەققىياتىدا بەلگىلىك تۈرتكىلىك رول ئوينىغان بولۇپ، ئۇنىڭ تەسىرى يىراق شەرق چاۋشيەن ۋە ياپونىيەلەرگىچە سوزۇلغان.

3. ساكلار

شىنجاڭنىڭ قەدىمكى ئاھالىلىرىنىڭ بىرى بولغان ساكلار ھىندى - ياۋروپا تىل سىستېمىسىدا سۆزلىشىدىغان خەلق بولۇپ، غەربىي يۇرت بىلەن غەربىي ئاسىيا ئوتتۇرىسىدىكى سودا ئالاقىسى ۋە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشىدا ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرۇپ كەلگەن. ئۇلار ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئاتنى تۇنجى كۆندۈرگەن خەلقلەرنىڭ بىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئات ئۈستىدىكى چەۋەندازلىققا ماھىر ئىدى. يىپەك يولىنىڭ غەربىي بۆلىكى تۇنجى قېتىم ئۇلارنىڭ ئۇچقۇر ئاتلىرىنىڭ تۇياق ئىزلىرىنى بويلاپ پەيدا بولغان ئىدى. بۇ نۇقتىدا تارىخ پىرى ھىرودوتنىڭ «تارىخ» ناملىق ئەسىرىدە توختىلىپ «ئارال دېڭىزى، سىر دەرياسى ۋە بالقاش كۆلى ئوتتۇرىسىدىكى رايونلاردا سكىتايلار ياشايدۇ. ئۇلار تەڭرى تاغلىرىنىڭ ئەتراپىدىكى يىسەيدۇن (伊塞顿) لار بىلەن دائىم ئالاقە قىلىپ تۇراتتى. ھالبۇكى

يىسەيدۇنلار ئىلى دەرياسى ۋادىسىدىكى ساكلار ئىدى. ئۇلار غەربىي يۇرتنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئاھالىسى»⑭ دەيدۇ. بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان سىكتايلار ساكلارنىڭ بىر تارمىقى بولۇپ، ئۇلار ئىلى دەريا ۋادىلىرىدىكى قېرىنداشلىرى يىسەيدۇنلار بىلەن يىراق قەدىمدىن باشلاپ ئالاقە قىلىپ كەلگەن، جۇملىدىن تەڭرى تاغلىرىنىڭ جەنۇبىي ئېتەكلىرى، تارىم دەريا ۋادىلىرىنى بويلاپ ئولتۇراقلاشقان ساكلار بىلەنمۇ بىۋاستە ياكى ۋاستىلىك يېقىن مۇناسىۋەتتە بولغانلىقى مەلۇم.

تەڭرى تاغلىرىنىڭ جەنۇبىي ۋە تارىم ۋادىسىدىكى ئاھالىلارنىڭ ئېتنىك تەركىبى توغرىسىدا ئىزدەنگۈچى ئالىملار بۇ يەرلەردە ھىندى - ياۋروپا تىل سىستېمىسىدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەرنىڭ ياشىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىدۇ. «سۇن ھىدىن ۋە ستەيىنلەر باشچىلىق قىلغان ئاركېئولوگىيە ئەترىتى مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا تارىم دەرياسى قىرغاقلىرىدا پائالىيەت ئېلىپ بارغان. ئۇلار كۆپلىگەن يىپەك يولىنىڭ قەدىمكى ئىزى ۋە مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى بايقىغان. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا نەپىس تاش قوراللار دەۋرىگە ئائىت تاش قوراللارنى تاپقان ھەمدە بۇ نەپىس تاش قوراللار مەدەنىيىتىنىڭ ياراتقۇچىلىرى ساكلار ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىغان.»⑮ تەڭرى تاغلىرىنىڭ شىمالىدىكى ساكلار ئىلى دەريا ھاۋازىسىنى بويلاپ كەتكەن تەڭرى تېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىدىكى يىپەك يولىنى ئاچقان بولسا، تەڭرى تاغلىرىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىدىكى ساكلار پامىر تېغىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ ھىندىستان ۋە غەربىي ئاسىياغا تۇتىشىدىغان يىپەك يولىنى ئاچقان. ساكلار ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ ئېسىل يىپەكلىرىگە خېشى رايونىغا ئولتۇراقلاشقان توخارىلار ۋە شىمالدىكى ھۇنلار ئارقىلىق ئېرىشكەن ۋە بۇ ماللارنى جەنۇب ۋە شىمالىي يوللار بىلەن ياۋروپاغىچە ئېلىپ بارغان. ئافىنادىكى ۋىي شەھىرى باتىي دېھقان ئىلاھى ئىبادەتخانىسىنىڭ كارىدورىغا ياسالغان تۇركلەر كۇتكۇچى قىزلار تەرىقىسىدە بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئايال ئىلاھلار كىيىۋالغان بەدەنگە چىڭ چاپلىشىپ تۇرىدىغان يۇمشاق، سىپتا كۆينەكلەر، نېپىزلىقىدىن بەدەن شەكىللىرى روشەن بىلىنىپ تۇرىدىغان ئۇزۇن تونلار نۇرغۇن غەرب ئالىملىرى تەرىپىدىن يىپەك دەپ بېكىتىلدى. بۇ يىپەككەلەرمۇ دەل ساكلار ياكى ساكلار بىلەن قويۇق باردى - كەلدى قىلىدىغان غەربىي ئاسىيالىقلارنىڭ قارا دېڭىزدىن ھالقىپ ئۆتكەنلىكىنىڭ ئىسپاتى. يىپەك يولىدىكى مۇناسىۋەت تاق لىنىيىلىك مۇناسىۋەت بولماستىن بەلكى قوش لىنىيىلىك مۇناسىۋەتتىن ئىبارەت. ساكلارمۇ ئۆز نۆۋىتىدە غەربنىڭ ئەينەك بۇيۇملىرى، غەربىي ئاسىيانىڭ ئېسىل تۇلپارلىرىنى يىپەككە ئالماشتۇرغان. بۇنداق قولدىن - قولغا ئۆتىدىغان سودىدا باھا بىر نەچچە ھەسسە قاتلىنىپ كېتىدىغان بولغاچقا ياۋروپا ۋە غەربىي ئاسىيادىكى دۆلەتلەرگە زور بېسىم بولغان. شۇ سەۋەبتىن ئەينى مەزگىللەردە رىم پاپاسى قانۇن چىقىرىپ، ئەرلەرنىڭ يىپەكتىن كىيىم كىيىشىنى چەكلىگەن. بۇنىڭ ئىككى تۈرلۈك سەۋەبى بولۇشى مۇمكىن. بىرى، يىپەك كىيىملەر بەدەنگە چاپلىشىپ تۇرىدىغىنى ئۈچۈن ئەخلاقنى چۇشكەنلەشتۈرىدۇ دەپ قارىغان بولسا، يەنە بىر مۇھىم سەۋەب يىپەك سېتىۋېلىشقا چىقىرىلغان ئىقتىسادىي چىقىم ھەددىدىن ئارتۇق بولۇپ كېتىپ دۆلەت مالىيىسىگە ئېغىر يۈك بولۇپ قالغانلىقىدىن بولسا كېرەك.

ئىلى دەريا ۋادىسىدىكى ساكلارنىڭ توخارىلارنىڭ زەربىسىدە غەربكە كۆچۈپ كېتىشى،

توخارىلارنىڭمۇ ئۇيسۇنلار تەرىپىدىن غەربكە كۆچۈشكە مەجبۇر قىلىنىشى بىلەن تەڭرى تاغلىرىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىدىكى يىپەك يولى تېخىمۇ ئاۋاتلىشىپ ئاساسلىق يول بولۇپ قالدى. «تۇرپان تۇيۇقنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 4—5 كىلومېتىر كېلىدىغان جايدىن بۇنىڭدىن 2600 — 2700 يىللار بۇرۇنقى قەۋرىلەر ئېچىلدى. قەۋرىدىن چىققان بۇيۇملار سوۋېت ئىتتىپاقى مىنىسىك ئويمانلىقى تاغار مەدەنىيەت ئىزىدىن چىققان بۇيۇملار بىلەن ئوخشاش ⑯» بولۇپ، تۇرپان ئاھالىسىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا ساكلىرى بىلەن باغلىنىشلىق ئىكەنلىكى مۇئەييەنلەشتۈرۈلمەكتە. تۇرپان ئاستانە كەنتىنىڭ شىمالىدىكى مورتۇق دەرياسى بويىدىن تېپىلغان نەپىس ئىشلەنگەن تاش ياپراق، تاش نەيزە ۋە قەدىمكى ساپال قاچىلىرىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا ئىچكى قۇرۇقلۇقىدا ياشىغان ساكلارغا تەۋە ئىكەنلىكىنىڭ ئىسپاتلىنىشىمۇ يۇقىرىقى مۇئەييەنلەشتۈرۈشلەرنىڭ ھەقىقەت ئىكەنلىكىنى دەلىللەپ تۇرۇپتۇ. غەربىي يۇرتتىكى ئەڭ دەسلەپكى بۇددا مىڭ ئۆيلىرىنىڭ بىرى بولغان تۇيۇق مىڭ ئۆيى (مۇشۇ ئەسىرنىڭ بېشىدا ئېغىر دەرىجىدە بۇزۇلغان) غەربىي ئاسىيا ۋە ھىندىستان بىلەن توختىماي ئالاقە قىلىپ تۇرىدىغان ساك بۇددىستلىرى تەرىپىدىن ياسالغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىشقا بولىدۇ. چۈنكى تۇرپاننىڭ قەدىمكى ئاھالىسى دەپ قارىلىپ كېلىۋاتقان قاڭقىللارمۇ ئەمەلىيەتتە ساك ياكى ساكلارغا ئوخشاش خەلقتۇر. بۇ يەردە كوشان ئېمپېرىيىسى زېمىنىدىن كەلگەن توخارىلارنىڭ مەدەنىيەت تەسىرىگە سەل قاراشقا بولمايدۇ، ئەلۋەتتە.

يىپەك يولىدىكى ئەڭ ئاۋات، ئەڭ باي مەدەنىيەت شەھىرى ئودۇننىڭ ساكلارنىڭ قەدىمكى ماكانلىرىنىڭ بىرى ئىكەنلىكى ئارخېئولوگىيىلىك بايقاشلار ئارقىلىق ھەقىقى پاكىتلارغا ئېرىشتى. ئودۇن يۇرۇڭقاش دەريا ۋادىلىرىدىن تەبىئىي ئېسىل قاشتېشى چىقىدۇ. ساكلار بۇ قاشتاشلاردىن نەپىس بۇيۇملارنى ياساپ ھۇن ۋە توخار سودىگەرلىرى ئېلىپ كەلگەن ماددىي بۇيۇملارغا، تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرىگە ئالماشتۇرغان. بولۇپمۇ يىپەك بۇيۇملار ئاساسلىق ئايرىۋاشلىنىدىغان ماتېرىيال بولغان. بۇ يەردە تەبىئىي قاشتېشىنىڭمۇ ئالماشتۇرۇلغان تاۋار ئىكەنلىكىنى قىستۇرۇپ ئۆتۈش كېرەك. بۇ ئودۇننىڭ ئىقتىسادىنىڭ گۈللىنىشى، ئاۋاتلىشىشى ۋە باشقا جايلارغا قارىغاندا بۇرۇنراق يىپەك توقۇملارغا ئېرىشىشىنى كاپالەتلەندۈرگەن.

ئودۇننىڭ يىپەك ئىشلەپچىقىرىش تارىخىنىڭ باشلىنىشى ھەققىدە بۇددا راھىبى شۈەنزاڭ خاتىرە قالدۇرغان. خاتىرىدە خوتەن شاھزادىسى ئۆيلەنگەن «يىپەك مەلىكىسى» نىڭ شەرق دۆلىتىدىن كەلگەنلىكى قەيت قىلىنىدۇ. شەرق دۆلىتى ھەققىدە تەتقىقاتچىلار بىردەك پىكىردە بولمىدى. بەزىلەر شەرقىي خەن سۇلالىسىنى كۆرسىتىدۇ دېسە، بەزىلەر پىشامشاننى كۆرسىتىدۇ دەپ كەلگەندى. ستەيىن كىرىيە خارابىسىدىن ياغاچ تاختىغا رەڭلىك قىلىپ سىزىلغان «يىپەك ئەلچىسى» نىڭ سۈرىتىنى تاپقان. بۇ سۈرەتنىڭ سېلىشتۇرۇلۇپ تەتقىق قىلىنىشى ۋە خۋاڭ ۋېنبى ئەپەندىنىڭ «لوپنۇر ئارخېئولوگىيىسى» ناملىق كىتابىدىكى «خەن ۋە ۋېي سۇلالىرى دەۋرىدە پىشامشانى جۇڭگونىڭ جىيەنى بولغانلىقىنى ئاساس قىلغاندا پىلە بېقىش خوتەندىن بۇرۇن بولغان⑰» دېگەن بايانلارغا نەزەر ئاغدۇرغاندا، رىۋايەتتىكى شەرق دۆلىتىنىڭ پىشامشاننى كۆرسىتىدىغانلىقى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. ئەمما ئودۇننىڭ تەبىئىي مۇھىتىنىڭ ماسلاشقانلىقى، ئۈجمە دەرەخلىرىنىڭ كۆپ بولۇشى يىپەكچىلىكنىڭ بۇ يەردە

ئۇچقاندەك تەرەققى قىلىشىغا تۈرتكە بولدى. مىلادى 5 ـ ئەسىرلەرگە كەلگەندە ئودۇننىڭ يىپەك ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسى خېلى يۇقىرى سەۋىيىگە يەتكەن. بۇنى ئودۇن ئاھالىسى بولغان ساكلارنىڭ ئۆتكۈر زېھنى، چېۋەر قوللىرى ۋە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بىلەن بولغان يىپەك؛ قاشتېشى، ئات سودىسىنى ئاساس قىلغان مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشلىرىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ. ئودۇننىڭ يىپەك توقۇلما ئىگىلىكى جۇڭگونىڭ يىپەكچىلىك تېخنىكىسىنى چەت ئەللەرگە تونۇشتۇرىدىغان كۆزنەككە ئايلانغان. شۇنداقلا ئودۇن ئاھالىسى بولغان ساكلار جۇڭگونىڭ يىپەكچىلىك تېخنىكىسىنىڭ غەربكە تارقىلىشىدا ئاساسلىق رول ئوينىغان. ئودۇن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ مەدەنىيەت تەسىرلىرىگە ئۇچراپ قالماستىن يەنە پامىر تېغىنىڭ غەربىدىكى ھىندىستان، ئىران ۋە يۇنان مەدەنىيەتلىرىنىڭ ئاكتىپ تەسىرلىرىگىمۇ ئۇچرىغان. ئودۇندا ئەينى ۋاقىتتا كامالەتكە يەتكەن مەشھۇر رەسسام پىشۋالىرى يېتىشىپ چىققان. بۇلارنىڭ ئىچىدە مەشھۇر رەسسام ۋىيسائىراساتىكا ئاتا ـ بالا راھىبنىڭ تەسىرى ناھايىتى زور. ئۇلار غەربىي ئاسىيادىن كەلگەن قەندىھار رەسساملىقىنى پىششىق ئۆگىنىپ ئۆزىگە خاس «ئويما ـ قوپما» (قاپارتما) رەسىم ئۇسلۇبىنى ياراتقان ۋە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رەسساملىقىنىڭ كۆپ خىللىشىشى ۋە تەرەققىياتى ئۈچۈن ئاجايىپ زور تۆھپىلەرنى قوشقان. ھەتتا «رەسساملار پىرى» دېگەن نام ئالغان خەنزۇ رەسسامى ۋوراۋزى ئۇلاردىن رەسىم سىزىش ئۇسلۇبىنى ئۆگەنگەن.

كۇسەن ئۇسۇل مۇزىكىلىرىدىن قالسىلا تەسىرى زور بولغىنى ئودۇن ئۇسسۇل ـ مۇزىكىلىرى ھېسابلىنىدۇ. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئودۇن مۇزىكىلىرى خان ئوردىلىرىدا چېلىنغان بولۇپ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ئۇسسۇل ـ مۇزىكىلىرىنىڭ بۈگۈنكىدەك زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشىشىدە بەلگىلىك تۆھپىسى بار. بۇندىن باشقا ئودۇن ئىسلام دىنى ئومۇملاشقىچە بولغان ئۇزۇن بىر تارىخىي باسقۇچتا بۇددا دىنىنىڭ ئەڭ چوڭ مەركەزلىرىدىن بىرى بولغان. ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە بۇددا دىنىنى تارقاتقۇچى تۇخار راھىبلىرى بىلەن بىللە ئودۇندىن بارغان ساك راھىبلىرىنىڭ بولغانلىقى مەلۇم، ساكلارنى ئاساسىي ئىتنىك تەركىب قىلغان ئودۇن ئاھالىسى يىپەك يولىنىڭ جەنۇبىي يولىدىكى ئەۋزەل تۈگۈنلۈك ئورنىدىن پايدىلىنىپ پامىرنىڭ غەربىدىكى رايونلار ۋە شەرقتىكى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك مەدەنىيىتى بىلەن كەڭ ئۇچرىشىش پۇرسىتىگە ئېرىشكەن. شۇنداقلا بۇ مەدەنىيەت ئۇچۇرلىرى ئاساسىدا يېڭىچە، ئۆزىگە خاس مەدەنىيەت ياراتقان بولۇپ، قاشتېشى ھۈنەر ـ سەنئىتى، ئۇسسۇل ـ مۇزىكا، رەسساملىق، يىپەك توقۇش تېخنىكىسى قاتارلىق جەھەتلەردە سارايۋەنلىك ئورۇندا ئەمەس بەلكى ئۆزلىرى بىۋاستە ئىشتىراكچىلىك رول ئوينىغان.

خۇلاسە قىلغاندا، «بوستانلىق ۋادا بولمايدىكەن يىپەك يولىمۇ بولمايتتى، گىرېك تارىخشۇناسى ھىرودۇتنىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا يىپەك يولىنى ئاخىرقى ھېسابتا بوستانلىق ۋادىلارنىڭ ئىلتىپاتى دېيىشكە بولىدۇ.⑱» بوستانلىق ۋادىلار ئۆز قوينىدىكى قەدىمكى خەلقلەرسىز ئۆز ئەھمىيىتىنى يوقىتىدۇ. يىپەك يولىنىڭ بارلىققا كېلىشىدىن تېخىمۇ ئېغىز ئاچقىلى بولمايدۇ. بوستانلىقلارنىڭ قەدىمكى ئاھالىلىرىدىن بولغان ساك، تۇخار، ھۇن قاتارلىق تارىخ بېتىدە ئۆز ئىزلىرىنى قالدۇرغان قەدىمكى مەدەنىيەتلىك مىللەتلەر يىپەك يولىنىڭ شەكىللىنىشىدىن تارتىپ ئۇنىڭ كېيىنكى مەزگىللەردىكى گۈللەنگەن مەنزىرىسىنىڭ بارلىققا كېلىشىدە ھەل قىلغۇچ رول ئوينىغان. ئۇلار ئۆز دەۋرىنىڭ ئەڭ قولايلىق ئالاقە

قورالى ئاتنى مونوپول قىلغانلىقى ئۇلارنىڭ شەرق غەرب ئالاقىلىرىدىكى ئاۋانگارتلىق ئورنىنى بەلگىلىگەن. غەربلىكلەر شەرقنىڭ يىپەكلىرىگە تونجى قېتىم بۇ ئاتلىقلار ئارقىلىق ئېرىشكەن ۋە ئۆز سودىگەرلىرى، ئەلچىلىرىنى ئاتلىقلارنىڭ ئات توياقلىرىنى بويلاپ سودا قىلىشقا شەرققە ئېۋەتكەن. «ئۇيغۇرلارنىڭ ئاساسلىق ئېتنىك تەركىبلىرى بولغان ساك، توخار، ھۇن»لار تەقدىر قىسمەتلىرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە غەربتىن شەرققە، كېيىن شەرقتىن غەربكە كۆچكەن. ئۇلارنىڭ بۇ خىل كۆچۈشلىرى ئۆز نۆۋىتىدە مەدەنىيەتنىڭ بىر رايوندىن يەنە بىر رايونغا ئېقىشى، يۆتكىلىشى، كۆچىشى بولۇپ ئىپادىلىنىپ ئۆزلىرى يېتىپ بارغان رايونلارنىڭ مەدەنىيىتىنى يېڭى مەزمۇنلار بىلەن بېيىتىپ، مەدەنىيەت كەمتۈكلىرىنى تولۇقلاپ، يېڭى تەرەققىياتلارغا ئېرىشىشىنى كاپالەتلەندۈرگەن ۋە ئۆز - ئۆزىنى ئىپادىلەپ تولۇپ تاشقان ھاياتىي كۈچكە ئىگە مەدەنىيەت كۈچىنى بارلىققا كەلتۈرگەن. بۇ نۇقتىدا ئاتلىق مىللەتلەرنىڭ تىنىمسىز كۆچۈشلىرى ئەمەلىيەتتە يىپەك يولىدىكى بىر خىل ئالاقە سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. يىپەك يولى سەھنىسىنىڭ مۇقەددىمە پەردىسىنى ئاچقان ھۇن، ساك، توخار سودىگەرلىرى ۋە ئۇلارنىڭ توختاۋسىز چېپىپ تۇرغان ئاتلىرىسىز يىپەك يولى مەدەنىيىتىنىڭ دۇنيا مەدەنىيەت تارىخىدا كۆزنى قاماشتۇرغىدەك خاسىيەتلىك ئورۇنغا ئىگە بولۇشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇڭا ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى ياراتقان مەدەنىيەت مۇۋەپپەقىيەتلىرىگە ۋە ھەر قايسى ئەل مەدەنىيەتلىرىنى تارقىتىشتا ئوينىغان رولىغا ئىجابىي باھا بېرىشىمىز شۇنداقلا مۇئەييەنلەشتۈرۈشىمىز كېرەك.

---

ئىزاھلار:

① A. ليۈيىڭ شىڭ «يىپەك يولى مەدەنىيىتى ‹يايلاق قىسمى›»، جېجياڭ خەلق نەشرىياتى 1996 - يىل 2 - نەشرى، 2 - بەت.

② B. خۋاڭشىڭيا «يىپەك يولى مەدەنىيىتى ‹قۇملۇق قىسمى›»، جېجياڭ خەلق نەشرىياتى 1996 - يىل 2 - نەشرى، 5 - بەت.

③ ④ لى يولڭ «ئۇيغۇر كلاسسىك مۇزىكا سەنئىتىنىڭ يىراق ئۆتمۈشى ئىقتىساد - مەدەنىيەت ۋە ئېتنىك ئاساسى»، «مىراس» ژۇرنىلى 1994 - يىللىق 3 - سان.

⑤ A كىتاب 46 - بەت.

⑥ A كىتاب 44 - بەت

⑦ A كىتاب 16 - بەت.

⑧ B كىتاب 48 - بەت.

⑨ ھۈسەيىن كېرەم، «ھۇن مۇزىكىسى توغرىسىدا ئىزدىنىش»، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى 89 - يىللىق 4 - سان.

⑩ B كىتاب 200 - بەت.

⑪ B كىتاب 50 - بەت.

⑫ B كىتاب 319 - بەت.

⑬ B كىتاب 320 - بەت.

⑭ ⑮ B كىتاب 4 - بەت.

⑯ B كىتاب 312 - بەت.

⑰ B كىتاب 355 - بەت.

⑱ چيەنداۋشىنىسى (ياپونىيە)، «يىپەك يولىدىكى 99 سىر»، شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى 1986 - يىل نەشرى. 9 - بەت.

# شىنجاڭدىكى قەدىمكى دىنلار ھەققىدە

غەيرەتجان ئوسمان

## 1. شامان دىنى

شىنجاڭدا ياشىغان قەدىمكى قەۋملەر ئارىسىدا شامان دىنى ئېتىقادى بولغان. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇنىڭ تەسىرى بۈگۈنكى كۈنگىچە ساقلىنىپ كېلىنگەن.

شامان دىنى بىر خىل ئىپتىدائىي دىن، شۇنىڭ بىلەن بىرگە سۇنئىي دىنلارغا تەرەققىي قىلىش شەرتىنى دەسلەپكى قەدەمدە ھازىرلىغان دىن.

«شامان» سۆزى ئالتاي تىللىرى سىستېمىسى مانجۇ تۇڭگۇس تىللىرى ئائىلىسىگە مەنسۇپ سۆز دەپ قارالماقتا، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇنىڭ مەنىسى «ھاياجانلانماق»، «روھلانماق»، «سەۋدايى كىشى» دەپ يېشىلمەكتە. قەدىمكى تۈركىي تىللىرىدا بۇ سۆزگە مۇناسىپ «قام» سۆزى ئىشلىتىلگەن. يەنى مەھمۇد قەشقەرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا قەدىمكى ئۇيغۇرلار سېھرى كۈچكە ئىگە بولغان پىرىخۇننى «قام» دەپ ئاتايدۇ، دەپ خاتىرىلەنگەن.①

«يېڭى تاڭنامە» دە «گەنخۇن» دېگەن ئاتالغۇ خاتىرىلەنگەن بولۇپ، بۇ «قام» دېگەن سۆزنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى دەپ چۈشەندۈرۈلىدۇ. ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز قاتارلىقلار شامانلارنى «باخشى» ياكى «قام» دەپ ئاتاپ كەلگەن بولسا، موڭغۇل تىلى ئائىلىسىدىكى خەلقلەر ئايال باخشى (پىرىخون) نى «ئودگىن»، ئەر باخشى (پىرىخون) نى «بۇگا» دەپ ئاتىغان.

شامان دىنىدا، ئالەمدىكى كۆللى مەۋجۇداتلارنىڭ روھى بولىدۇ دەپ ھېسابلىنىدۇ، ھەمدە مەڭگۈلۈك، قايتا دۇنياغا كېلىدىغان ۋە ۋاقىتلىق مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان ئۈچ خىل روھ بولىدۇ، ئالەم بولسا ئەرش (ئاسمان) يەر يۈزى ۋە جەھەننەم دەپ ئۈچ قىسىمغا ئايرىلىدۇ. ئەرشتە ئىلاھلار تۇرىدۇ. دۇنيادا ئىنسان ۋە ھايۋانلار تۇرىدۇ. جىن ـ ئالۋاستىلار بولسا جەھەننەمدە تۇرىدۇ دەپ قارىلىدۇ. بۇ ئالەمدىكى ئامەت ـ تەلەي، بەخت ـ سائادەت ۋە پېشكەللىك ـ بالايىئاپەتنى تەڭرى بىلەن جىن ـ يەكلەر بەلگىلەيدۇ دەپ ئىشىنىدۇ. شامان دىنىدا كۆك (ئەرش) كۈن، ئاي، يۇلتۇز، يەر، سۇ، تاغ، ئورمان، ئوت، ھايۋان، ئادەم ۋە روھلارغا چوقۇنۇش ھادىسىسى ساقلانغان.

شىنجاڭ تارىخىدا ياشىغان ساكلار، ھونلار، جوجانلار، ئويسۇنلەر، قىرغىزلار، قەدىمكى تۈركلەر، ئۇيغۇرلار، موڭغۇللاردىن تارتىپ XVIII ئەسىرنىڭ كېيىنكى مەزگىلىدە شىنجاڭغا كۆچۈپ كەلگەن شىۋە ۋە داغۇرلارنىڭ ھەممىسىدە شامان ئېتىقادى كەڭ ئومۇملاشقان، شامان مەدەنىيىتى ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز، موڭغۇل، شىۋە قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتىدە چوڭقۇر ئىز قالدۇرغان.

---

① «تۈركىي تىللار دىۋانى»، II توم، 215 ـ بەت.

قەدىمكي ساكلارنىڭ دەپنە ئادەتلىرىدە شامان مەدەنىيىتىنىڭ ئىزلىرىنى روشەن ھالدا كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئۇلار گۆرلۈكنى تاش بىلەن يۇمىلاق شەكىلدە ياسىغان بولۇپ، بۇ مەڭگۈ يوقالمايدىغان قۇياش ئوبرازىغا تەققاسلىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. بەزى جەسەتلەرنىڭ ئۇستىخانلىرى ئوخرا بىلەن بويالغان بولۇپ، بۇنىڭ بىر خىل سېھىرگەرلىك رولىنىڭ بارلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ. دەرۋەقە ئوخرا «شامان تېشى» دەپمۇ ئاتالغان. ساكلار قەبرىستانلىقىدىن قېزىۋېلىنغان باش سۆڭەكلەرنىڭ چوققا سۆڭىكىدىن بىر تۆشۈك ئېچىپ قويۇلغان بولۇپ، روشەنكى بۇ روھنىڭ ئۇچۇپ چىقىپ كېتىشى توغرىسىدىكى شامان چۈشەنچىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

ھونلاردىكى شامان ئېتىقادى. تارىخي ماتېرىياللاردا ھەر يىلى ئۈچ قېتىم ئۆتكۈزۈلىدىغان نەزىر ـ چىراق ئەھۋالىدىن بەزى ئەھۋاللارنى بىلگەندىن باشقا، يەنە ھونلارنىڭ قەبرىسىدىن چىققان ئادەمسىمان مىس قوزۇق ئارقىلىق ھەم بەلگىلىك بىر چۈشەنچىنى چىقىرىۋالالايمىز. بۇ ئادەمسىمان قوزۇق ئەمەلىيەتتە شامانلار تىكلەيدىغان «ئوبو» نىڭ ئۆزگەرگەن شەكلى بولۇپ، تېڭرىنىش ئوبيېكتى قىلىنغان. سىماچيەننىڭ «تارىخي خاتىرىلەر. ۋېي چىڭ، خوچۈبىڭ تەزكىرىسى» دە ئېيتىلىشىچە خەن سۇلالىسى پادىشاھىسى خەنۇۋدى خې شى رايونىدا سۇتۇق خاننىڭ تەڭرىگە تېڭرىنغۇچى ئالتۇن ئادىمىنى قولغا چۈشۈرگەن بولۇپ، بۇمۇ يۇقىرىقىغا ئوخشاش نەرسە ئىدى. بۇنىڭدىن باشقا «تارىخي خاتىرىلەر. ھونلار تەزكىرىسى» دىن بىلىنىشىچە ھەر يىلى نورۇز ئېيىدا، ھون باشلىقلىرى تەڭرىقۇت ئوردىسىدا باش قوشۇپ نەزىر ـ چىراق قىلاتتى، بەشىنچى ئايدا لوڭچىڭ (ئەجدىھا بالىق) شەھىرىگە يىغىلىپ چوڭ مەرىكە ئۆتكۈزۈپ، ئاتا ـ بوۋىلىرى، ئاسمان ـ زېمىن، روھ ـ ئەرۋاھلارغا ئاتاپ زارا ـ خەتمە قىلاتتى... تەڭرىقۇت ھەر تاڭدا قارار گاھىدىن چىقىپ كۈنگە قاراپ تازىم قىلاتتى. ئاخشىمى ئايغا تازىم قىلاتتى ... ھونلار يۇلتۇز ۋە ئايغا قاراپ پائالىيەت ئېلىپ باراتتى، ئاي تولۇلغاندا جەڭگە چىقاتتى، ئاي كۆتمەك ۋاقتىدا جەڭدىن قايتاتتى.»①

بۇنىڭدىن باشقا بەنگۇنىڭ «خەننامە» ناملىق كىتابىدا خاتىرىلەنگەن «چوڭخې بېگى ئەسىر ئالغان ھونلارنىڭ بىر چارلىغۇچىسى: ‹ھونلار خەن سۇلالىسى قوشۇنلىرى كېلىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ، ئۇلار ئۆتىدىغان يول ۋە دەريالارغا ئەفسۇنچىلارنى ئېۋەتىپ، ئەفسۇن ئوقۇتۇپ، قوي ۋە كالىلارنى كۆمدۈردى. تەڭرىقۇت خەن خانىغا ئېۋەتكەن ئات ۋە جۇۋا تونلىرىغىمۇ ئەفسۇن ئوقۇتۇپ قوياتتى. ئاتنى چۈشەپ قويۇشىمۇ خەن سۇلالىسىنىڭ قوشۇنلىرىنى يېڭىش ئۈچۈن ئوقۇغان ئەفسۇن ئىدى، دېدى»② دېگەن بايانلار داخان ـ باخشىلارنىڭ تەسىرى ئىدى. ئۇ ماھىيەتتە كىشىلەرنىڭ غەيرىتىنى ئۇستۇرۇپ، غەلىبە قىلىش ئىشەنچىسىنى كۈچەيتىش رولىنى ئوينايتتى. جەنۇبىي ھونلارنىڭ خەن سۇلالىسىغا بېقىنىپ سەددىچىن سېپىلىنىڭ ئەتراپىغا كۆچۈپ كېلىشى بىلەن ھونلاردىكى بۇ خىل پىرىخونلۇق خەنزۇلار ئارىسىدا مەلۇم نوپۇزغا ئىگە بولدى. بۇ ھەقتە بىر قەدەر تىپىك مىسال قىلىپ جياڭ چوڭ ھەققىدىكى ھېكايىنى كۆرسىتىش مۇمكىن. خەنۇۋدىنىڭ جىڭخې 2 ـ يىلى (م. ب 91 ـ يىلى) باش

---

① سىماچيەن «تارىخي خاتىرىلەر» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1989 ـ يىلى نەشرى، 402ـ 403 ـ بەتلەر.
② بەنگۇ «خەننامە»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1994 ـ يىلى، ئۇيغۇرچە نەشرى، 922 ـ بەت.

ۋەزىر گۆكسۈنخېنىڭ ئوغلى «خەنزۇدىغا شۇملۇق تىلەپ ئەفسۇن ئوقۇدى» دېگەن گۇناھ بىلەن ئەيىبلىنىپ ئاتا ـ بالا ئىككىيلەن بىراقلا زىندانغا تاشلىنىدۇ. بۇ ۋاقىتتا ۋەزىر جياڭ چوڭ پادىشاھقا مەكتۇپ سۇنۇپ «گۆكسۈنخېلارنىڭ يامان نىيەتتىكى ئەفسۇنىنى ھون داخانلىرىغا پىرە ئوينىتىش ئارقىلىق قايتۇرۇش ۋە شۇ ئارقىلىق پادىشاھنىڭ كېسىلىنى داۋالاش» تەكلىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى. تەكلىپ تەستىقلانغاندىن كېيىن جياڭ چوڭ ھون باخشىلىرىدىن بىر نەچچىسىنى تېپىپ كېلىپ پادىشاھقا سېھىر ـ جادۇ قىلغاندىن كېيىن ئۇنىڭ كېسىلى ئاستا ـ ئاستا ساقىيىپ كېتىدۇ. پادىشاھنىڭ كېسىلىنى داۋالىيالىغانلىق داغدۇغىسى ھونلاردىكى بۇ خىل ئىپتىدائىي دىنىي ئادەت ئوتتۇرا جۇڭگودا چوڭ تەسىر پەيدا قىلىدۇ ۋە كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭغا بولغان قىزىقىشى بىر مەھەل چوڭ قىزغىنلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.[①]

قەدىمكىي تۈركلەردىكى شامان دىنى چۈشەنچىسى. تۈركلەرگە دائىر دەسلەپكى خاتىرىلەرنىڭ فۇدېفىن قاتارلىقلار يازغان «جۇنامە. تۈركلەر تەزكىرىسى» بولۇپ، ئۇنىڭدا تۈركلەرنىڭ شامان ئېتىقادىغا مۇناسىۋەتلىك خاتىرىلەر بار. بۇنىڭدا تىلغا ئېلىنغان تۈركلەرنىڭ ماكانى بولغان ئالتۇن تاغ (نىڭ) «شەكلى تۈركە (دۇبۇلغا) شەكلىدە بولغاچقا ئۇلار تۈركەنى ‹تۈرك›، دەپ ئاتاپتۇ ۋە كېيىنچە شۇ نام بىلەن ئاتىلىپتۇ» دېگەن بايانلاردىكى «تۈركە» (دۇبۇلغا) شامانلارنىڭ سېھىرگەرلىك قىلغان چېغىدا كىيىدىغان «يۈزنى نىقاپلايدىغان مىس قالپاق» دەپ ئىزاھلىنىدۇ.[②]يەنە شۇنىڭدا ئېيتىلىشىچە، تۈركلەرنىڭ ئەجدادى «ئىگىل نىشاچوردا ئاجايىپ خىسلەت بار ئىدى، شامال چىقىرىپ يامغۇر ياغدۇرالايتتى (ئۇ) ئىككى خوتۇنغا ئۆيلەنگەن بولۇپ، بىرى ياز ئىلاھىنىڭ، يەنە بىرى قىش ئىلاھىنىڭ قىزى ئىدى. (ئۇلاردىن) بىرى تۆت ئوغۇل تۇققان بولۇپ، بىرى، ئاق ھاڭغۇتقا ئايلىنىپ كەتكەن» دېيىلگەن. بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان ئىگىل نىشاچور ئادەم بىلەن ئىلاھنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ئۆزىدە مۇجەسسەم قىلغان «پىرىخۇن»نىڭ ئوبرازى. تۈرك خاقانى ناردۇلۇ ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ خانلىق ئورنىغا ۋارىسلىق قىلىشتا تالىشىۋالغان مۇراسىم ئادىتىدىمۇ قويۇق سىرلىق تۈس بولۇپ «ئۇن ئانىنىڭ ئوغلىدىن بىردىن تاللاپ، چوڭ دەرەخنىڭ تۈۋىگە رەتلىك ئېلىپ كېلىپ «دەرەخقە قاراپ سەكرەڭلار، كىم ئەڭ ئېگىز سەكرىيەلىسە شۇنى بېكىتىمىز» دېيىشكەن. شۇنداق قىلىپ خان تەختكە چىققاندىن كېيىن، شامان مۇراسىمى ئارقىلىق بېكىتىلگەن. بۇلاردىن باشقا، قەدىمكىي تۈركلەر ياشىغان ھەر قايسى رايونلاردا ئادەم شەكىللىك بالباللا تىكلەنگەن بولۇپ، بۇ شامان دىنى ئېتىقادى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى. «جۇنامە» دە ئېنىق ھالدا تۈركلەرنىڭ «بارگاھى شەرققە قاراپ تۇرىدۇ، كۈن چىقار ياققا ئېھتىرام بىلدۈرىدۇ، ھەر يىلى ئېسىلزادىلەر يىغىلىپ، ئەجداد غارىغا بېرىپ دۇئا ـ تىلاۋەت قىلىدۇ، يەنە 5 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا دەريا بويىغا يىغىلىپ تەڭرىگە سېغىنىدۇ» دېيىلگەن.

ئۇيغۇرلاردىكى شامان دىنى. بۇ دىن ئۇيغۇرلار ئارىسىدا بەك ئەۋج ئالغان. تارىخىي ماتېرىياللاردا ئېيتىلىشىچە، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى بولمىش ئېگىز قاڭقىللاردا شامان

---

① بەنگو «خەننامە» 45 ـ جىلد «جياڭ چوڭنىڭ تەرجىمىھالى»، 2192 ـ بەت، جۇڭخۇا نەشرىياتى، 1974 ـ يىلى نەشرى.
② لىيوبىن «غەربىي يۇرتتىكى شامان دىنى ھەققىدە»، «غەربىي يۇرت تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، خەنزۇچە. 1996 ـ يىلى، 3 ـ سان، 91 ـ بەت.

دىنى قويۇق ساقلانغا. مەسىلەن، «ۋېينامە، ئېگىز قاڭقىلار تەزكىرىسى» دە ئېيتىلىشىچە، قوغۇرسۇ قەبىلىسىنىڭ ئاتامانى بەگقۇلى «50 دانە پال چوكىسىدىن پايدىلىنىپلا ياخشىلىق بىلەن يامانلىقنىڭ بىشارىتىنى بىر دەمدىلا بىلىۋالالايتتى»، بۇ ئادەت كېيىن ئۇنىڭ نەۋرىسى قوغۇرسۇ ئالتۇنغا مىراس بولۇپ قالغان. قوغۇرسۇ ئالتۇن «نەۋكەرلەرنى ھۇنلارنىڭ رەمباللىق قائىدىسى بويىچە ئىشلىتەتتى.» بۇ ئادەت قوغۇرسۇ ئالتۇندىن ئۇنىڭ ئوغلى قوغۇرسۇ گۇاڭغا مىراس قالغان بولۇپ، ئۇمۇ «نەۋكەرلەرنى ھۇنلارنىڭ رەمباللىق قائىدىسى بويىچە ئىشلىتىپ، ياخشىلىق بىلەن يامانلىقنى ئايرىيتتى.» ئېگىز قاڭقىلاردا ياز پەسلىدە ھاۋانىڭ گۈلدۈرمامىسىغا قارىتا مۇنداق بىر غەلىتە ئادىتى بولغان. يەنى «ئېگىز قاڭقىلار ئادىتىدە پاكىزلىقنى ياخشى كۆرمەيتتى، گۈلدۈرمامىنى ئوبدان كۆرەتتى. ھەر نۆۋەت گۈلدۈرماما چېقىمنى چۈشكەندە قىقاس ـ چۇقان كۆتۈرۈشۈپ، ۋارقىراپ، كۆككە قارىتىپ ئوق ئاتاتتى ھەم دەرھال شۇ يەردىن كۆچۈپ كېتەتتى. ئىككىنچى يىلى كۈزدە ئات ـ ئۇلاقلار سەمرىگەندە يەنە گۈلدۈرماما چېقىمنى چۈشكەن يەرگە قايتا توپلىنىپ، قوي كۆمەتتى، پىچاق بىكىتىلگەن شام ياقاتتى، ئايال پىرىخۇن ئۆلگەنلەر ئۈچۈن دۇرت ئوقۇپ، بەخت تىلەيتتى، بۇ ئادەت خۇددى ئوتتۇرا جۇڭگونىڭ بەختسىزلىكنى قوغلايدىغان مۇراسىمىغا ئوخشايتتى، بىر توپ ئاتلىقلار مۇشۇ يەرنىڭ ئەتراپىدا كۆپ قېتىم ئايلىناتتى، كېيىن تال ۋە سۆگەت شاخلىرىنى ئېلىپ كېلىپ، ئۇچىنى تۆۋەنگە قارىتىپ تۇرۇپ، ئۇستىگە قىمىز قۇياتتى.» بۇ بايانلاردا روشەن ھالدا شامان دىنى مەزمۇنى ئىپادىلەنگەن.

ئۇيغۇر خانلىقى زامانىسىدا بۇ دىنغا ئادەتتىكى ئۇيغۇر پۇقرالىرى ئېتىقاد قىلىپلا قالماستىن، بەلكى ئۇيغۇر خاقانلىرىمۇ ئېتىقاد قىلغان. شامان داخانلىرى ھەمىشە ئۇيغۇر خاقانلىرى ئۈچۈن پال ئېچىپ، خاقاننىڭ سىياسىي ۋە ھەربىي مەسلىھەتچىلىرىدىن بولۇۋېلىپ خانلىقتا مۇئەييەن سىياسىي ئورۇننى ئىگىلىۋالغان.① «كونا تاڭنامە، ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى» دە ئۇيغۇرلارنىڭ شامان باخشىلىرىنىڭ سېھىرگەرلىكى ئارقىلىق تۇبۇتلار بىلەن بولغان ئۇرۇشتا غەلىبە قىلغانلىقى توغرۇلۇق مۇنداق دېيىلگەن: «دەسلەپتە بەي يۈەنگۇاڭ لىڭتەي ناھىيىسىنىڭ غەربىگە يېتىپ كېلىپ، ۋەزىيەتنى مۆلچەرلىدى. يوپ ـ يورۇق ئايدىڭ بولغانلىقى ئۈچۈن، ھاۋانى تۇتۇق ھالەتكە كەلتۈرمەكچى بولدى، ئۇيغۇر پىرىخونلىرى شامال چىقىرىپ قار ياغدۇردى. ئۇرۇش كېچىكتۈرۈلدى. تۇبۇتلار قاتتىق سوغۇق دەستىدىن ئوقيالىرىدىن ئوق ئۈزەلمىدى، كىگىزلەرنى يېپىنچاقلاپ، ئاستا ـ ئاستا كىرىپ كېتىشتى».

خەنزۇچە تارىخىي مۇجەتلەرگە قارىغاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى مىلادىدىن بۇرۇنقى VII ئەسىرلەردە «ئاق دى»، «قىزىل دى» دەپ ئاتالغان. بۇلار ئاق ۋە قىزىل چاپان كىيىدىغانلىقى ئۈچۈن، شۇنداق پەرقلىق ئاتىلىدىكەن، مانا مۇشۇ شامان دىنىنىڭ ئېنىق تەسىرى. شامان دىنىدا رەڭ ئالاھىدە قارىلىدىغان نەرسە ھېسابلانغان، ياكى تۆت خىل رەڭ ئارقىلىق تەرەپلەر ئاجرىتىلغان. مەسىلەن، كۆك رەڭ — شەرق، قىزىل رەڭ — جەنۇب، ئاق رەڭ — غەرب، قارا رەڭ — شىمال.

شامان دىنى ئىپتىدائىي تەبىئەتكە چوقۇنۇش ئېتىقادى بىلەن ئارىلاش ياكى شامانىزم

① ليۇجې شاۋ «ئۇيغۇر تارىخى» مىللەتلەر نەشرىياتى، 1988 ـ يىلى نەشرى، 88 ـ بەت.

ئىپتىدائىي تەبىئەتكە چوقۇنۇش ئېتىقادىدىن راۋاجلىنىپ كەلگەن. شۇڭا ئۇنىڭ كۆپلىگەن ئېتىقاد مەزمۇن ۋە شەكىللىرى، رەسمىيەتلىرى ئوخشىشىپ كېتىدۇ. «ئوغۇزنامە»دە ئوغۇزخاننىڭ تەنتەنىلىك مۇراسىمىدا قىرىق غۇلاچلىق بىر ياغاچنىڭ ئۇچىغا ئالتۇن توخۇ قوندۇرۇشى، جەنۇبنىڭ بەلگىسى، يەنە بىر قىرىق غۇلاچلىق ياغاچنىڭ ئۇچىغا كۆمۈش توخۇ قوندۇرۇشى شەرقنىڭ بەلگىسى، ياغاچنىڭ تۆۋىنىگە باغلانغان ئاق قوي غەربنىڭ، قارا قوي شىمالنىڭ بەلگىسى دەپ پەرەز قىلىشقا بولىدۇ.

رەڭلەرگە بولغان قىزىقىش ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكىي تۇرمۇشىدىكى خېلى كۆپ تەرەپلەردە دائىم ئۇچرايدىغان ئەھۋال ئىدى، مەسىلەن، ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكىي بايراق - تۇغلىرى كۆك يىپەك رەختتىن بولغان، چىدىر، كىيىم - كېچەك، ئات - جابدۇقلارنىڭ رەڭلىرىمۇ شۇنداق بولغان. ھونلار قەدىمكىي ئاتلىق قوشۇنلىرىنى رەڭ تەرتىپى بويىچە تىزىشنى ئادەت قىلغان. ئۇلۇغ تارىخچى سىماچيەن بەرگەن مەلۇماتلارغا قارىغاندا، ھون تەڭرىقۇتى مودۇ (باتۇر) مىلادىدىن بۇرۇنقى 200 - يىلدا خەن گاۋزۇنى داتۇڭ شەھىرى يېنىدا يەتتە كېچە - كۈندۈز قورشاۋغا ئالغاندا بىر نەچچە يۈزمىڭ خەن قوشۇنلىرىنىڭ شەرقىنى كۆك ئاتلىق، غەربىنى ئاق بوز ئاتلىق، شىمالىنى قارا ئاتلىق، جەنۇبىنى قىزىل تورۇق ئاتلىق 400 مىڭ ھون قوشۇنى قورشىۋالغان ئىكەن.

«ئوغۇزنامە»دە بايان قىلىنغان شامان دىنىغا ئائىت ھادىسىلەر سىبىرىيەدىكى ياقۇتلار ئارىسىدا يېقىنقى دەۋرلەرگىچە ساقلىنىپ قالغان. XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا ياقۇتلار ئارىسىدا ئۇزۇن ۋاقىت تۇرغان تۈركشۇناس ئې. پېكارسكىي بۇ خىل ئەھۋالنى كۆرۈپ ئېنىق خاتىرە قالدۇرغان، مەسىلەن، ياقۇتلار دائىم بوشلۇقتا ئىككى ياغاچ تىكلەپ، ئىككىسىنىڭ ئارىلىقىغا ئارغامچا تارتىپ، ئاندىن كېيىن، جىن - شەيتانلارغا سوۋغا قىلىنىدىغان ھايۋانلارنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇنىڭغا باغلاپ قويىدىكەن.①

قاراخانىلار زامانىسىدا ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئەنئەنىۋى شامان دىنىنىڭ تەسىرى داۋاملىق يوسۇندا ساقلىنىپ قالغان. بۇ ھەقتە «تۈركىي تىللار دىۋانى» ۋە «قۇتادغۇبىلىك» قاتارلىق ئەسەرلەردە مەلۇماتلار بار. «دىۋان» (I توم، 60 - بەت) دا «ئىرىق» ئاتالغۇسى «رەمباللىق، پالچىلىق، بىراۋنىڭ كۆڭلىدىكىنى تاپماق» دەپ ئىزاھلانغان. بۇ يەردىكى رەمباللىق، پالچىلىق، شامان دىنى بىلەن قويۇق ئالاقىسى بار. يەنە «دىۋان» (II توم، 311 - بەت) دا «چىۋى» سۆزى ئىزاھلىنىپ، «ئۇ، جىنلار گۇرۇھىنىڭ بىرىنىڭ نامى، تۈركلەر شۇنىڭغا ئىشىنىدۇكى، ئىككى يۇرت كىشىلىرى بىر - بىرى بىلەن ئۇرۇشسا، ھەر ئىككى يۇرتتىكى جىنلارمۇ ئۆز يۇرتىدىكى ئىگىلىرىنى قوللاپ ئۇرۇشىدۇ، جىنلارنىڭ قايسى تەرىپى يەڭسە، ئەتىسى شۇ يۇرت ئىگىلىرى غەلىبە قىلىدۇ، كېچىلىرى ئىككى يۇرت جىنلىرىنىڭ قايسى بىرى يېڭىلسە، شۇ جىنلار تۇرغان يۇرتنىڭ پادىشاھىمۇ مەغلۇپ بولىدۇ. تۈرك ئەسكەرلىرى ئۇرۇشتىن قايتقان كېچىسى جىنلارنىڭ ئوقلىرى تېگىپ كېتىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئۆزلىرىنى دالدىغا ئېلىپ چىدىرلىرىغا كىرىۋالىدۇ». بۇ ئەپسانىدە قەدىمكىي كىشىلەر نەزەرىدىكى جىن — يوك ۋە روھ ئۇقۇمى ئوچۇق كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ.

① «ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكىي تارىخىي داستانى ئوغۇزنامە» (گېڭ شىمىن، تۇرسۇن ئايۇپلار تەييارلىغان) «مۇقەددىمە» 1980 - يىلى نەشرى، 13 - بەت.

ھازىرقى زامان ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا باخشى، داخان، پىرىخون قاتارلىقلارنىڭ پائالىيەتلىرى يۇرگۈزۈلۈپ تۇرۇلىۋاتماقتا. خۇسۇسەن، «پىرە ئويۇنى» ۋە «پىرە ئۇسسۇلى» ئارقىلىق كېسەل داۋالاپ، جىن ـ يەكلەرنى قوغلاش ھەرىكىتىگە ماسلىشىۋاتقانلار ھېلىھەم مەۋجۇت. بۇلارنىڭ تەسىرىنىڭ تۈگەيدىغانلىقىغا ئىشەنسەكمۇ، لېكىن قاچان تۈگەيدىغانلىقىغا ھۆكۈم قىلىش تەس.

ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى ھېيت ـ ئايەملەردە ئوينىلىدىغان «ساما ئۇسسۇلى» نۆۋەتتە قىزىق بىر تەتقىقات تېمىسى. بۇ ئۇسسۇلنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدىكى بەزى قاراشلاردا قەيت قىلىنغىنى بويىچە، بۇ ئۇسسۇلنى قەدىمكى شامان دىنىغا مۇناسىۋەتلىك ئۇسۇللاردىن ئۆزگىرىپ كەلگەن، دېگەن چۈشەنچە بولۇشىنى پۈتۈنلەي ئىنكار قىلىۋەتكىلى بولمايدۇ، ئەلۋەتتە.

**2. زور، ئاستېرا دىنى**

جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ دىنلارمۇ مۇكەممەللىشىپ باردى. بۇنىڭ دەسلەپكىسى زوروئاستېر (ئاتەشپەرەسلىك) دىنى بولدى. بۇ دىن شىنجاڭدا ئەڭ بۇرۇن تارقالغان دىنلارنىڭ بىرى. بۇ دىننى زوروئاستېر دېگەن ئادەم ئىجاد قىلغان، ئۇ پېرسىيىنىڭ مىدىيە دېگەن يېرىدە تۇغۇلغان بولۇپ، مىلادىدىن بۇرۇنقى 551 — 628 ـ يىللىرى ئارىلىقىدا ئۆتكەن. زورو ئاستېر دىنىنى (ئۇيغۇرچە ماتېرىياللاردا ئاتەش — ئوتپەرەسلىك دىنى، زەردۇشىزم دېگەنگە ئوخشاش بىر قانچە خىل نام بىلەنمۇ تىلغا ئېلىنىدۇ) نىڭ قارىشىچە، دۇنيادا ئىككى خىل قارىمۇ ـ قارشى مەنبەنىڭ كۈرىشى مەۋجۇت. بىر خىل مەنبە ياخشىلىق بولۇپ، ئۇ يورۇقلۇق ـ ئوت تەڭرىسى ئاخورراماز دا (ھورمۇز) دا مۇجەسسەم قىلىنغان. يەنە بىر خىل مەنبە يامانلىق (ياۋۇزلۇق) بولۇپ، ئۇ قاراڭغۇلۇق تەڭرىسى ئانگرامائېنيو (ئەھرىمەن) دە مۇجەسسەم قىلىنغان. «ئاخوررا» (ئوت) ياخشىلىق بىلەن يورۇقلۇقنىڭ سىمۋولى دەپ قارالغاچقا بۇ دىن ئادەتتە «ئاتەشپەرەستلىك» (ئوتپەرەسلىك) دىنى دەپمۇ ئاتىلىدۇ، يەنى ئۇنىڭدا ئوتقا چوقۇنۇش ئالاھىدە ئورۇندا تۇرىدۇ.

شۇنى ئېنىق ئېيتالايمىزكى، زورو ئاستېر دىنى بارلىققا كېلىشتىن ئىلگىرىلا ئوتتۇرا ئاسىيادا «تۆت تادۇ» نى ئاساس دەپ بىلىش، ئوت، قۇياشقا تېۋىنىش ئەقىدىسى بولغان. كۆنچى دەرياسى ساھىلىدىن قېزىۋېلىنغان بەزى قەۋرىلەر نۇر چېچىۋاتقان قۇياش شەكلىدە لايىھىلەنگەن. 1985 ـ يىلى 9 ـ ئايدا چەرچەن ناھىيىسى تەۋەسىدىكى زاغۇنلۇق قەبرىستانلىقىدىكى بىر قەۋرىدىن (بۇ قەۋرىستانلىق ئالاھەزەل 3000 يىللىق تارىخقا ئىگە دەپ بېكىتىلگەن) دىن يۇلغۇن چىۋىقلىرىغا قىزىل يۇڭ، قىزىل يۇڭ يىپ يۆگەپ، خۇددى يېنىپ تۇرغان مەشئەلگە ئوخشاش قىلىپ ياسالغان نوكچىلەر تېپىلدى. ھېرودوتنىڭ «تارىخ» ناملىق كىتابىدا خاتىرىلىنىشىچە ماسساگىتلار گۆلخان يېقىپ، ئوتنى چۆرىدەپ ئولتۇرۇپ، ئوتقا مېۋە تاشلاپ، مېۋە پۇراقلىرىدىن مەس بولۇپ، ناخشا ئوقۇپ، ئۇسسۇل ئويناپ كۆڭۈل ئېچىشار ئىكەن. بەزى ماتېرىياللاردا ماسساگىتلارنىڭ قۇياشنى تەڭرى بىلىپ ئېتىقاد قىلىدىغانلىقى، ئۇنىڭغا ئاتاپ ئاتلارنى قۇربانلىق قىلىدىغانلىقى ئېيتىلغان. ئوت ـ قۇياش، يەر ـ سۇ ـ ماسساگىتلار (ساكلار) نىڭ تېۋىنىش ئوبيېكتلىرى ھېسابلىناتتى. بۇ ئەسلىدە شامان ئەنئەنىسىمۇ ئىدى. ئوتنى ئۇلۇغلاش، ئىسرىق تاشلاش، ياغ پۇرۇتۇش، قاپاق كۆيدۈرۈش، يېڭى كېلىننى ئوتتىن سەكرىتىش، يېڭى قەۋرىگە چىراق يېقىش قاتارلىق ئادەتلەر ئارىيانلارنىڭ بىر قىسمى شىمالىي ھىندىستانغا كۆچكەن چاغلاردا ساقلانغان بولۇپ،

ئۇلارنىڭ «رىگاۋېدا» ناملىق قەدىمكى ئېپوسىدا ئەنئەنىۋى ئوتقا سېغىنىش پائالىيىتىدىن خاس دىنىي ئېتىقادقا ئۆزگىرىشى — بۇ دىنىنىڭ ئىجادچىسى زوروئاستېر ۋە بۇ دىنىنىڭ مۇقەددەس كىتابى «ئاۋېستا» بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

زورو ئاستېر دىنىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادا تارقىلىشىنى ئىككى باسقۇچقا بۆلۈش مۇمكىن. زوروئاستېر دىنى پىرسىيىدە بارلىققا كەلگەن (مىلادىدىن ئىلگىرى VI ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىكى دارىي ھۆكۈمرانلىق قىلغان ۋاقىتتىن باشلىنىدۇ، ئۇ چاغدا زورو ئاستېر دىنى پىرسىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ دۆلەت دىنى ئىدى) ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادا تارقالغان ۋاقىتتىن ساسانىيلار سۇلالىسى قۇرۇلغانغا قەدەر بولغان دەۋر بىرىنچى باسقۇچ؛ ساسانىيلار سۇلالىسى باش كۆتەرگەن چاغدىن VIII ئەسىرنىڭ بېشىدا خوراسان ۋالىيسى قۇتەيبە ماۋەرائۇننەھىردە ئىسلام دىنىنى تارقاتقان ۋاقىتقا قەدەر بولغان دەۋر ئىككىنچى باسقۇچ. كونكرېتلاشتۇرغاندا مىلادى 705- يىللىرى ئۇنىڭ ئاخىرى چېكى دەپ قارالماقتا.[1]

ساكلاردا ئوت - قۇياش ئېتىقادچىلىقى يىراق زامانلاردىن باشلاپلا مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن ئادەتلەردىن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار زوروئاستېر دىنى بارلىققا كېلىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا بۇ دىنىنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلغان. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ساكلارنىڭ ۋاستىسى بىلەن بۇ دىن شىنجاڭغا كىرىپ كەلگەن. 1976 — 1978 - يىللىرى شىنجاڭ ئارخېئولوگىيە خادىملىرى تەڭرىتاغلىرىنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى ئالغوي (ئاراغول) جىلغىسىدىن يېغىلىق (جەنگو) دەۋرىدىن غەربىي خەن دەۋرىگىچە بولغان ئارىلىقتىكى ۋاقىتقا مەنسۇپ بىر تۈركۈم ياغاچ قەۋرىلەرنى تاپقان بولۇپ، بۇ قەۋرىلەردىن سىرلانغان ئەسۋابلار ۋە يىپەك بۇيۇملار قېزىۋېلىنغان. بەزىلەر ئالغوي جىلغىسىدىكى بۇ يادىكارلىقلارنى ساكلارغا مەنسۇپ دەپ قارىسا، بەزىلەر قوش - قاڭقىلارغا تەۋە دەپ قارىغان. ئالغوي جىلغىسىدىكى گۆرلۈكتىن تېپىلغان بۇيۇملار ئىچىدە تەگلىك ئۈستىگە قوندۇرۇپ ياسالغان تۆت چاسا چوڭ بىرونزا تاۋاق بولۇپ، بۇنداق تاۋاق كۆنەس ناھىيىسى تەۋەسىدىنمۇ تېپىلغان. بۇلارنى ئارخېئولوگىيە خادىملىرى ساكلارنىڭ ئوتقا ئېتىقاد قىلىشتا پايدىلىنىدىغان سايمىنى، ئۇ ساكلارنىڭ زورو ئاستېر دىنىنى جۇڭگوغا ئېلىپ كىرگەنلىكىگە دائىر تارىخىي پاكىتنىڭ يەنە بىر قىممەتلىك ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىيال ئارقىلىق ئىسپاتلىنىشى دەپ قاراشماقتا. بۇ دىنىنىڭ مۇقەددەس كىتابى «ئاۋېستا».[2]

تارىخىي ماتېرىياللارغا قارىغاندا، ئېلىمىزنىڭ جەنۇبىي، شىمالىي، سۇلالىلەر زامانىسىدا زورو ئاستېر دىنى تارىم ۋادىسىدا خېلىلا روناق تاپقان. ئەينى چاغدا قوچۇ، ئاگنى، سۇلىي، ئۇدۇن قاتارلىق جايلاردا بۇ دىنغا ئېتىقاد قىلىنغان. تاڭ سۇلالىسى زامانىسىدىن كېيىن زورو ئاستېر دىنى شىنجاڭدا زاۋاللىققا يۈز تۇتقان، ئەمما X ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا، قوچۇ، كۇسەن رايونىدىكى زورو ئاستېر دىنى مۇخلىسلىرى ئەلچىلەر بىلەن بىرلىكتە سۇڭ سۇلالىسى ئوردىسىغا سوۋغات بەرگەن. ئىسلام دىنى شىنجاڭدا كەڭ تارقالغاندىن كېيىن زورو ئاستېر دىنى تەدرىجىي يوقالدى. لېكىن، شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز، موڭغۇل قاتارلىق مىللەتلەردە بۇ دىنىنىڭ ئىزنالىرى ساقلىنىپ كەلگەن.

## 3. مانى دىنى

---

① گاۋيۈجيۇ «غەربىي يۇرتتىكى زوروئاستېر دىنى»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، 1996 - يىلى، 1 - سان.

② لىن مېيسۇن «ئارخېئولوگىيىلىك بايقاشلاردىن زورو ئاستېر دىنىنىڭ جۇڭگودا دەسلەپكى ۋاقىتتىكى تارقىلىشىغا نەزەر»، «غەرب يۇرت تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، 1996 - يىلى، 4 - سان، 55 - بەت.

مانى دىنى مىلادى Ⅱ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا پېرسىيىلىك مانى (تەخمىنەن مىلادى 215/6 - 275/6 - يىللار ياشىغان) دېگەن كىشى تەرىپىدىن ئىجاد قىلىنغان دۇنياۋى دىن.

مانى دىنى مىلادى Ⅱ ئەسىردىن XVII ئەسىرگىچە بولغان ئارىلىقتا، پېرسىيىدىن غەربكە ۋە شەرققە تارقالغان، شەرقتە پامىردىن ھالقىپ، ئوتتۇرا ئاسىيا ئارقىلىق جۇڭگوغا كىرگەن. مانى دىنى شىنجاڭغا قاچان كىرگەن. بۇ ھەقتە ئوخشىمىغان قاراشلار بار. مىلادى 277 - يىلى مانى دىنى پېرسىيىدە قاتتىق زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان. شۇ چاغدا بىر قىسىم مانى مۇخلىسلىرى تەرەپ - تەرەپكە يول ئېلىپ، بەزىلىرى ئامۇ دەرياسى ساھىلىغا كېلىۋالغان. ئامۇ دەرياسى ساھىلى ئەسلى شوغدىلارنىڭ ماكانلىرىدىن بىرى بولۇپ، سوغدىلار سودىغا ماھىرلىقى بىلەن مەشھۇر ئىدى. ئۇلار قەدىمكى يىپەك يولىدا ئۆز كارامىتىنى كۆرسەتكەن. ھەممە يەردە ئۇلارنىڭ ئىزلىرى قالدۇرۇلغان. شىنجاڭ بىلەن ئامۇ دەرياسى ساھىلى رايونى پامىر تاغلىرى ئارقىلىق تۇتىشىپ تۇرىدۇ. شوغدىلار دائىم بۇ ئارىلىقتا باردى- كەلدى قىلىپ تۇرۇشىدۇ. شۇنداق قاراشقا كېلىشكە بولىدۇكى، مانى دىنى ئامۇ دەرياسى ساھىلى رايونىغا تارقىلىپ، ئۇزۇن ئۆتمەي شىنجاڭغا كىرگەن. ئەمما بىر قەدەر ئەقىلگە مۇۋاپىق قاراش بويىچە ئېيتقاندا، مىلادى Ⅵ ئەسىرنىڭ ئالدى - كەينىدە بۇ يەرگە كىرگەن.①

مىلادى 763 - يىلى ئۇيغۇر خانى بۆگۈخان (ئىدىكىن) يەنى تەڭرى خاقان تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنىپ، دۆلەت دىنى قىلىنغان. تەيۋەنلىك ئالىم ليۇيىتاڭ ئەپەندى بولسا، مانى دىنى ئۇيغۇرلارغا 763 - يىلدىن بۇرۇن تارقالغان دەپ قارايدۇ. ئۇ مۇنداق دېگەن: «جەنۇبىي، شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدىن سۇي، تاڭ سۇلالىلىرى دەۋرىگىچە بولغان ئارىلىقتا، مانى دىنى پېرسىيىدە مەنئىي قىلىنغاندىن كېيىن، سودىگەرلەر ئارقىلىق موڭغۇلىيىدىكى ئۇيغۇرلار زېمىنىغا تارقالغان دېيىش بىر قەدەر مۇۋاپىق». ئۇ مۇنداق دەپ ھېسابلايدۇ: 763 - يىلى بۆگۈخان لوياڭدىن تۆت مانى راھىبىنى ئېلىپ، دۆلىتىگە قايتىشتىن بۇرۇن «مانى دىنىنى ئۇيغۇرلار بىلگەن. ھەتتا بۇ دىننىڭ نۇرغۇن مۇرتلىرى بولغان بولسا كېرەك»، «تۆت ئالىي راھىب ئۇيغۇر ئېلىگە كەلگەندىن كېيىن بۇ دىن تېخىمۇ ئومۇملىشىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ دۆلەت دىنىغا ئايلانغان.»②

مانى دىنىنىڭ ئۇيغۇر خانلىقىدا ئەۋج ئېلىشىغا ئەگىشىپ، مانى دىنى مۇخلىسلىرىمۇ سىياسىي جەھەتتە ئۈستۈنلۈككە ئىگە بولغان. ئۇلار خانلىقنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە ھەربىي ئىشلىرىغا ئارىلىشىدىغان بولغان. ھەتتا خاقانىنىڭ ئەلچىسى بولغان. شۇنداق قىلىپ ئۇلار خانلىقنىڭ سودا ئىشلىرىنى تىزگىنلەپ تۇرغان سوغدى سودىگەرلىرى بىلەن بىللە خانلىقنىڭ تەقدىرىنى بەلگىلەيدىغان زور سىياسىي كۈچ بولۇپ شەكىللەنگەن. غوبى چۆللۈكىدىكى ئۇيغۇرلار غەربكە كۆچكەندىن كېيىنمۇ مانى دىنى ئۇلارنىڭ ئاساسلىق ئېتىقاد قىلىدىغان دىنى بولۇپ قېلىۋەرگەن.③

مانى دىنىنىڭ ئەقىدىلىرىنى «ئىككى تەرەپ»، «ئۈچ پەيت» دېگەن ئاساسىي ئەقىدىگە يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ. «ئىككى تەرەپ» دېگىنىمىز يورۇقلۇق بىلەن قاراڭغۇلۇق، يەنى ياخشىلىق بىلەن يامانلىقتىن ئىبارەت ئىككى تەرەپنى، «ئۈچ پەيت» دېگىنىمىز، دەسلەپكى

① «شىنجاڭدىكى دىنلار» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1989 - يىلى خەنزۇچە نەشرى، 89 - بەت.
② ليۇيىتاڭ «ئۇيغۇر تەتقىقاتى» 89- 90 - بەتلەر. تەيۋەن 1975 - يىلى نەشرى.
③ ليۇ جىرشاۋ «ئۇيغۇر تارىخى» 1 - قىسىم.

پەيت، ئارىلىقتىكى پەيت ۋە ئاخىرقى پەيت (ئاخىرەت) تىن ئىبارەت ئۈچ پەيتنى كۆرسىتىدۇ. مانى دىنى مۇخلىسلىرى، دۇنيا بىنا بولمىغان دەسلەپكى پەيتتە يورۇقلۇق بىلەن قاراڭغۇلۇقتىن ئىبارەت ئىككى تەرەپ بولغان، ئۇلار بىر - بىرىگە ئارىلىشالمىغان. ئارىلىقتىكى پەيتكە كەلگەندە، قاراڭغۇلۇق يورۇقلۇقنى بېسىپ كەلگەن. بارلىق ياخشى شەيئىلەر يورۇقلۇقتىن، بارلىق يامان شەيئىلەر قاراڭغۇلۇقتىن مەيدانغا كەلگەن. ئارىلىقتىكى پەيتنىڭ ئاخىرىدا بىر قېتىملىق زور بالايىئاپەت يۈز بېرىدۇ - دە، ماددىي دۇنيا گۇمران بولىدۇ. يورۇقلۇق بىلەن قاراڭغۇلۇقنىڭ چېگرىسى قايتىدىن ئايرىلىدۇ. ئۇ ۋاقىتقا كەلگەندە، ئىستىقامەتنى قەتئىي داۋاملاشتۇرغان ياخشى ئادەملەر جەننەتكە، ئەسكىلىك قىلىش نىيىتىدىن يانمىغان يامان ئادەملەر دوزاخقا كىرىدۇ، دەپ قارايدۇ. بۇ دىنىنىڭ مۇقەددەس كىتابى «شابۇراغان».

مانى دىنى شىنجاڭغا كىرگەندىن كېيىن شىنجاڭنىڭ مۇزىكا، ئۇسسۇل، ئۇسسۇللۇق دراما، كالېندارچىلىق، كىيىم - كېچەك، رەسساملىق،①ئەدەبىيات②ئىشلىرىغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن. قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرى مانى دىنىنىڭ شىنجاڭدا راسا گۈللەنگەن بىر باسقۇچى بولغان ھەم بۇددا دىنى بىلەن تەڭ مەۋجۇت بولغان. بۇ خانلىق تەۋەسىدە بىر مۇنچە مانى ئىبادەتخانىلىرى سېلىنغان. مۇخلىس - مۇتىۋەللىرى ئەركىن پائالىيەت قىلغان. مانى يېزىقى باشقا يېزىقلار بىلەن بىرلىكتە جەمئىيەتتە قوللىنىلغان. مانى دىنى ئەقىدىلىرىگە مۇناسىۋەتلىك ھۆججەت - پۈتۈكلەر تەرجىمە قىلىنغان كۆچۈرۈلگەن ۋە يېزىلغان. بۇ يالغۇز شىنجاڭ، جۇڭگونىڭ مانى دىنى تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم ماتېرىيال بولۇپ قالماستىن، بەلكى دۇنياۋى خاراكتېرلىك مانى دىنى تەتقىقاتىدا، باشقا تىللاردىكى مانى دىنىغا دائىر ھۆججەتلەرنىڭ كەملىكى سەۋەبلىك قىممەتلىك ماتېرىيال بولۇپ ھېسابلانماقتا.

مانى دىنى مىلادى XII ئەسىرلەردىن كېيىن شىنجاڭدا تەدرىجىي زاۋاللىققا يۈزلەنگەن.

**4. بۇددا دىنى**

بۇددا دىنى دۇنيادىكى ئۈچ چوڭ دىنىنىڭ بىرى. ئۇ مىلادىدىن بۇرۇنقى V ئەسىردە ھىندىستاننىڭ شىمالىدا بارلىققا كەلگەن. گائۇتاماسىددىخارتخا (م. ب 486 - 566 - يىللىرى) دېگەن ئادەم ئىجاد قىلغان. رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، ئۇ قەدىمكىي ھىندىستاننىڭ كاپىلىۋاستو خانلىقى (ھازىرقى نېپال تەۋەسىدە) نىڭ خانى سوددىخودانىڭ ئوغلى ئىدى. ئۇ ساك قەۋمىگە مەنسۇپ بولغاچقا، بۇددا مۇخلىسلىرى «ساكيامونى» (ساك قەۋمىنىڭ زاھىدى دېگەن مەنىدە، مۇنى «پىنھان» دېگەن مەنىدە) دەپ ئاتىغان. بۇددا دىنىنىڭ ئاساسىي دىنىي ئەقىدىسى، «ساتۇرساتيا» (تۆت مۇقەددەس ساتيا — تۆت چوڭ ھەقىقەت) دىن ئىبارەت. بۇددا دىنىنىڭ غايىسى «نىرۋانا». ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇ بارلىق نەپسى - ھەۋەسنى تۈپ يىلتىزىدىن يوقىتىپ، تۇغۇلۇش بىلەن ئۆلۈشنىڭ نۆۋەتلىشىشىدىن ئىبارەت ئازابتىن قۇتۇلۇپ، تۇغۇلماي، ئۆلمەي، مەڭگۈ ئەقىل ھوشىنى ساقلاپ قالغان ھالدا جىم - جىم ھالەتتە راھەت - پاراغەتتە ياشاش، دېگەنلىكتۇر. كېيىنچە نىرۋانا سۆزى كۆپىنچە بۇددانىڭ، ياكى راھىبلارنىڭ ئۆلۈمىنى كۆرسىتىدىغان بولۇپ قالغان. بۇددا دىنى

---

① جوۋچىڭباۋ «غەربىي يۇرتتىكى مانى مەدەنىيىتى»، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى، خەنزۇچە، 1992 - يىلى 1 - سان.

② ئا. خوجا قاتارلىقلار تۈزگەن «قەدىمكىي ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1984 - يىلى نەشرى؛ ئا. م. ئىمىن «كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدا مانى تەسۋىرى ۋە شىنجاڭدىن تېپىلغان مانىزىم سىزما يادىكارلىقلىرى»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى»، 1992 - يىلى، 4 - سان.

چۈشەنچىسىدىكى تەڭرى ئەركىن مەخلۇق ئەمەس. ئۇمۇ سان ـ ساناقسىز قايتا تۇغۇلۇش (سانسارا) نى باشتىن كەچۈرۈپ تۇرىدىكەن. بۇددا دىنى ماھايانا ۋە ھىنايانا دېگەن ئىككى مەزھەپكە ئايرىلغان. ماھايانا ـ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «چوڭ كۆلەڭگۈ» دەپ ئاتالغان. ماھايانا تەرەپدارلىرى ئۆزلىرىنىڭ بۇ مەزھىپىنى گوياكى چوڭ بىر ھارۋىدا ئولتۇرغۇچىلار، قۇتقۇزۇشقا تېگىشلىك خالايىقنىڭ ھەممىسىنى قايتا تۇغۇلۇشتىن (سانسارادىن) قۇتقۇزۇپ نىرۋاناغا يەتكۈزگۈچىلەر دەپ ھېسابلايدىكەن. بۇ مەزھەبنىڭ پىرلىرى بۇدداساتۋا ياكى فۇسار دەپ ئاتالغان. بۇلار ئۆزلىرىنى باشقىلارنى قۇتقۇزۇش ئىشىغا بېغىشلىغان، شۇڭا «چوڭ ھارۋىلىقلار مەزھىپى» دەپمۇ ئاتالغان. بۇ مەزھەپنىڭ ئاساسىي تەلىماتى «سۇنياتا» (قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «يوق، قۇرۇق» دېيىلگەن) بولۇپ، بۇ تەلىم قارىشى بويىچە، بۇ دۇنيادىكى ھەممە نەرسە قۇرۇق خىيالدىن ئىبارەت. قۇرۇق خىيالنىڭ ئارقىسىدا مۇتلەق ئۆزگەرمەس بىر مەۋجۇدىيەت يوشۇرۇنغان دەپ قارايدۇ. ھىنايانا مەزھىپى، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «كىچىك كۆلەڭگۈ» دەپ ئاتالغان، كونىراق مەزھەپ بولۇپ، بۇ مەزھەپ ئادەتتە شەخسنىڭ ئارامىلىقىنىلا كۆزلىگەن، شۇڭا ئۇ گوياكى چوڭ دەريادىن ئۆتمەكچى بولغان بىر كىچىك ھارۋىغا ئوخشىتىلىپ، «كىچىك ھارۋىلىقلار مەزھىپى» دەپمۇ ئاتالغان. بۇ مەزھەپنىڭ كامالەتلىك كىشىلىرى «ئارخات» دەپ ئاتالغان.

بۇددا نوملىرى ئۈچ قىسىمدىن تەركىب تاپقان. بىرىنچى قىسمى «سوترا» دەپ ئاتىلىدۇ. ئېيتىلىشىچە بۇ ساكيامۇنىنىڭ شەخسەن ئۆزى ئېيتقان گەپ ـ سۆزلەر مەزمۇن قىلىنغان؛ ئىككىنچى قىسمى ئابىدارما ياكى شاستىرا دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ ساكيۇمونى ئېيتقان گەپ ـ سۆزلەرنىڭ تەپسىرىدىن ئىبارەت. ئۈچىنچى قىسمى ۋىنايانا دېيىلىدۇ. بۇ راھىبلار رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك ئەمرى ـ مەرۇپ، قائىدە ـ يوسۇنلارنى مەزمۇن قىلىدۇ. يۇقىرىقىلارنىڭ ھەممىسى يىغىشتۇرۇلۇپ تېپىتكا (قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «ئۈچ ئاغىلىق نوم ـ بىتىگلەر» دېيىلگەن) دەپ ئاتىلىدۇ. بۇلاردىن باشقا بۇددا نوملىرىدا ناھايىتى نۇرغۇن ھېكايىلەرمۇ ئۇچرايدۇ. ئۇلارنىڭ ئەدەبىي قىممىتى بەك يۇقىرى بولۇپ، بۇلار «جاتاكا» (بۇ «ئۆز ھاياتى» دېگەن مەنىدە بولۇپ، ساكيامۇنىنىڭ بۇددا بولۇشتىن ئىلگىرىكى ئىش ـ ئىزلىرى بايان قىلىنىدۇ) : «ئاۋادانا» (بۇ «تەمسىللەر» دېگەن مەنىدە بولۇپ، ساكيامونى ۋەز ـ نەسىھەت ئوقۇغان چاغدا كەلتۈرگەن تەمسىللەر ھېكايە قىلىنىدۇ) دىن ئىبارەت.

بۇددا دىنى مىلادىدىن ئىلگىرىلا كەشمىر ئارقىلىق شىنجاڭغا تەسىر كۆرسەتكەن. بىراق ئەڭ دەسلەپ قايسى رايوندىن، قايسى يىللىرى كىرگەنلىكى مەسىلىسىدە خىلمۇ ـ خىل قاراشلار بار. شۇنداق بولسىمۇ ئەڭ دەسلەپ ئۇدۇنغا كىرگەن بولۇپ، ۋاقتى مىلادىدىن بۇرۇنقى 74 ـ يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ. مىلادى II — V ئەسىرلەرگە كەلگەندە، بۇددا دىنى شىنجاڭدا گۈللىنىش باسقۇچىغا كىرگەن. بىر مۇنچە بۇددا نوملىرى شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا يەرلىك قەۋملەرنىڭ تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان. مەسىلەن، ئۇدۇن تىلى، كۇسەن تىلى، ئاگنى تىلى بۇلاردىن كېيىن قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى قاتارلىقلارغا تەرجىمە قىلىنغان. شىنجاڭغا دەسلەپ ھىنايانا مەزھىپى كىرىپ كەلگەن، IV ئەسىردە كومارا جىۋانىڭ زور كۈچ بىلەن تەرغىپ قىلىشى ئارقىسىدا بارغانسېرى روناق تاپقان. ھەر قايسى رايونلاردا ھىنايانا، ماھايانا مەزھەپلىرىنىڭ بىللە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش ۋەزىيىتى شەكىللەنگەن. كېيىنچە، ئىجتىمائىي ۋە تەبىئىي ئامىللارنىڭ ئۆزگىرىپ بېرىشى سەۋەبلىك، تارىم ئويمانلىقىنىڭ شىمالىي ساھىلىدىكى خانلىقلاردىن سۇلى (كەشبالىق)، كۇسەن، ئاگنى ۋە جەنۇبىي يول

بويىدىكى پىشامشان قاتارلىق جايلاردا كۇسەننى مەركەز قىلغان ھالدا، ھىنايانا مەزھىپى ئەۋج ئالغان. جەنۇبىي يولدىكى بەگلىكلەردىن ئودۇن ۋە شىمالىي يولدىكى قوچۇ قاتارلىق جايلاردا ماھايانا مەزھىپى ئەۋج ئالغان. مىلادى IX ئەسىردىن كېيىن ئىسلام دىنىنىڭ قەشقەر رايونىغا كىرىپ كېلىشى بىلەن ئۇزۇنغا سوزۇلغان ئۇرۇشلار بولۇپ، ئودۇن بۇددىزىمى تەخمىنەن XI ئەسىرنىڭ دەسلەپكى يىللىرىغا كەلگەندە، ئاساسىي جەھەتتىن زاۋاللىققا يۈز تۇتقان. ئەمما، قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى مەزگىلىدە، تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي شىمالىدىكى چەرچەن، باي قاتارلىق جايلارنى چېگرا ـ پاسىل قىلغان ھالدا، شەرقىي قىسمىدىكى بۇددا دىنى بىلەن غەربىي قىسمىدىكى ئىسلام دىنى ئۇزۇن مۇددەت ئۆتكۈر قارشىلىشىش ھالىتىدە تۇرغان. بولۇپمۇ موڭغۇل يۇەن دەۋرىگە كەلگەندە، قوچۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ بۇددا دىنى بەك گۈللەنگەن. ئۇيغۇر، خەنزۇ، تىبەت، موڭغۇل، غەربىي تاڭغۇت تىلىدىكى بۇددا نوملىرى ۋە مەدەنىيەتنى پىششىق بىلىدىغان زور بىر تۈركۈم راھىبلار بارلىققا كەلگەن. بۇ مەزگىلدە تىبەت بۇددىزىمىمۇ مەلۇم نىسبەتتە تەسىر كۆرسەتكەن. كۇسەن رايونىدىكى بۇددا دىنى تەخمىنەن XII ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا چۈشكۈنلەشكەن. قوچۇ رايونىدىكى بۇددا دىنى تەخمىنەن XV ئەسىرلەردە ئۆز كۈچىنى ئاجىزلاشتۇرغان. قۇمۇل رايونىدىكى بۇددا دىنى تا XVII ئەسىرنىڭ دەسلەپكىچە ساقلىنىپ قالغان. ئەمما، تەڭرى تاغلىرىنىڭ شىمالىدىكى غەربىي موڭغۇللاردا تىبەت بۇددىزىمى بارغانسېرى روناق تېپىپ تۇرغان، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ھازىرقى زاماندىكى خەنزۇ بۇددىزىمىمۇ ئۇنىڭغا قوشۇلۇپ كەتكەچ بولۇپ، شىنجاڭدا بۇددا دىنىنىڭ بۈگۈنكى كۈنگىچە ساقلىنىپ كېلىنىۋاتقانلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ. ھازىر شىنجاڭدا، موڭغۇل، زاڭزۇ، خەنزۇ، مانجۇ شىبە قاتارلىق مىللەتلەر ئاۋۋالقىدەكلا بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ. قەدىمكى زاماندا بۇددا دىنىنىڭ شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي، سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت قاتارلىق ساھەلىرىگە كۆرسەتكەن تەسىرى ناھايىتى چوڭ بولغان.

### 5. خىرىستىيان دىنى

تەخمىنەن مىلادى VI ئەسىرنىڭ ئاخىرى VII ئەسىرنىڭ باشلىرىدا خىرىستىيان دىنىنىڭ بىر مەزھىپى نېستورىئان دىنى شىنجاڭ تۇپرىقىغا قەدەم باسقان. تاڭ، سۇڭ سۇلالىرى زامانىسىدا بولسا، ئالاھىدە روناق تاپقان. يېقىنقى يىللاردا تۇرپان رايونىدىن بايقالغان نېستورىيان دىنى ئىبادەتخانىلىرى ئىزى، تام سۈرەتلىرى ۋە زور مىقداردىكى ئۇيغۇر يېزىقى قاتارلىق يېزىقلاردا يېزىلغان نېستورى ھۆججەتلىرى مۇشۇ دەۋرگە مەنسۇپ، يۇەن سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە نېستورىيان دىنى شىنجاڭدا تېخىمۇ كەڭ روناق تاپقان. ئەينى چاغدا قەشقەر نېستورىيان دىنىنىڭ 25 مەمۇرى رايونى ئىچىدە 19 ـ مەمۇرىي رايونىغا ئايرىلغان. مەشھۇر سایاھەتچى ماركوپولو شىنجاڭدىن ئۆتكەندە، ھەر قايسى جايلاردا نېستورى ئىبادەتخانىلىرى ۋە مۇخلىسلىرىنى كۆرگەنلىكى توغرىسىدا خاتىرە قالدۇرغان. ئۇيغۇر، كىرەي، نايمان قاتارلىق قەۋملەر بۇ چاغدا نېستورىئان دىنىنىمۇ قوبۇل قىلغان. ئۇزۇن مۇددەت ئېتىقادا قىلىش جەريانىدا، ئۇيغۇرلاردا نېستورىيان دىنىغا خاس بەزى ئالاھىدىلىكلەر شەكىللەنگەن. بىر تۈركۈم نېستورى زاتلىرى ئارقا ـ ئارقىدىن يېتىشىپ چىققان. بۇلارنىڭ ئىچىدە، موڭغۇللارغا ياردەملىشىپ موڭغۇل يېزىقىنى ئىجاد قىلغان تاتاتۇڭا، نېستورىيان دىنى باش كاھىنى تەرىپىدىن ئالاھىدە ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەن چارلاپ تەكشۈرگۈچى راببان ساۋما، ئىلگىرى كېيىن جۇڭگو دىنىي جەمئىيىتىنىڭ باش كاھىنى ۋە نېستورىيان دىنى «شەرق دىنىي ئىشلار جەمئىيىتىنىڭ باش كاھىنى» بولغان پابالاخا II ماركوس قاتارلىقلار. يۇەن

سۇلالىسى دەۋرىدىن كېيىن، ئىسلام دىنىنىڭ پەرق ئۇرۇپ چىقىشىغا ئەگىشىپ، نىستورىيان دىنى شىنجاڭدا تەدرىجىي چۈشكۈنلەشكەن، ئەمما چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىگىچە شىنجاڭدا ئۇنىڭ ساقىنىدىلىرى غايىپ بولۇپ كەتمىگەن.

6. ئىسلام دىنى

VII ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئەرەب يېرىم ئارىلىدا مۇھەممەد پەيغەمبەر ۋەھى ئارقىلىق ياراتقان ئىسلام دىنى تارقىلىشقا باشلىغان. «ئىسلام» ئەرەبچە سۆز بولۇپ، «ئىتائەت قىلىش» يەنى بىردىنبىر ياراتقۇچى ئاللانىڭ ئىرادىسىگە بويسۇنۇش دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. مۇھەممەد (مىلادى 570 ـ 632 ـ يىللار) ئىسلام دىنىدا «ئاللانىڭ ئەلچىسى» (رەسۇلىللا)، «پەيغەمبەر» دەپ ئۇلۇغلىنىدۇ. ئۇنىڭ تولۇق ئىسمى مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللا ئىبنى ئابدۇلمۇتەللىپ، ئۆز ىنىڭ ئىسمى مۇھەممەد. «قۇرئان كەرىم» ئىسلام دىنىنىڭ مۇقەددەس كىتابى.

ئىسلام دىنىنىڭ ئىلمىي كالامى ئاساسىي دىنىي قائىدىلەرنى ئۈچ تۈرگە ئايرىيدۇ. ئىمان (دىنى ئېتىقاد)، ئىبادەت (دىنىي مەجبۇرىيەت) ۋە خەيرى ـ ئېھسان (ياخشىلىق قىلىش). بۇنىڭ ئىچىدە «ئىمان» ئاللاغا ئىشىنىش، پەرىشتىلەرگە ئىشىنىش، قۇرئانغا ئىشىنىش، ئاللانىڭ ئەلچىسىگە (رەسۇلىللاغا) ئىشىنىش قاتارلىق ئالتە ئېتىقادنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئاللاغا ئىشىنىش ئەڭ مۇھىم، ئەڭ زور ئەقىدە ھېسابلىنىدۇ.[①]

ئىسلام دىنى بارلىققا كېلىپ، ئەرەب يېرىم ئارىلىدا مۇستەھكەملەنگەندىن كېيىن ئەتراپقا تېز سۈرئەتتە تارقىلىشقا باشلىغان. شىنجاڭغىمۇ ناھايىتى بۇرۇنلا كىرىپ كەلگەن. سۇتۇق بۇغراخاننىڭ كاشغەر يېنىدىكى ئاتۇشتا ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغانلىقى، ئۇيغۇرلار، جۇملىدىن قاراخانىلار سۇلالىسى تەۋەسىدىكى تۈركىي تىللىق خەلقلەر تارىخىدا ئىسلام دىنىنىڭ رەسمىي تارقالغانلىقىنىڭ روشەن ئالامىتى بولۇپ قالغان.[②] سۇتۇق بۇغراخان (?888/9—955/6) نىڭ مۇسۇلمان بولۇشىدا سامانىلار خاندانلىقىنىڭ شاھزادىسى ئەبۇناسىر مانىينىڭ تەسىرى كۈچلۈك بولغان. مىلادى 910 ـ يىلى (يەنە بىر ئېيتىلىشتا 915 ـ يىلى سۇتۇق بۇغراخان تاغىسى ئوغۇلچاقتىن مەرھۇم دادىسى بازىرخاننىڭ نەسەبى خانلىق ئورنىنى قايتۇرۇۋېلىپ، قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭ خانلىق تەختىگە چىقىدۇ ۋە ئىسلام دىنىنى ئۆز ئېلى تەۋەسىدە تېز سۈرئەتتە تارىتىدۇ. مىلادى 955 ـ 956 ـ يىللىرى، سۇتۇق بۇغراخان ۋاپات بولۇپ، ئوغلى مۇسا ئارسلانخان تەختكە چىقىپ، ئۇمۇ پۈتۈن كۈچى بىلەن ئىسلام دىنىنى كېڭەيتىش ھەرىكىتى بىلەن مەشغۇل بولىدۇ. 960 ـ يىلى 200 مىڭ چېدىرلىك تۈركىي تىللىق قەۋملەر مۇسۇلمان بولىدۇ. شۇ يىلى ئىسلام دىنى قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭ دۆلەت دىنى دەپ بېكىتىلىدۇ. 962 ـ يىلىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە مۇسا ئارسلانخان ئۇدۇندىكى ۋېيسا جەمەئەتى خانلىقىغا «غازات ئۇرۇشى» قوزغايدۇ. ئۇرۇش ئىلگىرى كېيىن يېرىم ئەسىرگە يېقىن داۋاملىشىدۇ. ئەڭ ئاخىرى ئۇدۇن خانلىقى مۇنقەرز قىلىنىدۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ، ئىسلام دىنى بۇددا دىنىنىڭ ئورنىغا دەسسەيدۇ. تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربى قىسمى، جەنۇبىي قىسمىدا ھۆكۈمرانلىق ئورۇندىكى دىنغا ئايلىنىدۇ. قۇچۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قاتتىق قارشىلىقى سەۋەبىلىك، ئىسلام دىنى ئاقسۇ، كۇچانىڭ شەرقىدە تەسىر قىلالمايدۇ. غەربىي لياۋ سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىقى مەزگىلىدە، ئىسلام دىنى

---

① ھاجى نۇرھاجى، چېن گوزگواڭ: «شىنجاڭ ئىسلام تارىخى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1995 ـ يىل نەشرى، 25 ـ بەت.
② ھاجى نۇرھاجى، چېن گوزگواڭ «شىنجاڭ ئىسلام تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1995 ـ يىل نەشرى.

بۇ خاندانلىقنىڭ دىنىي ئەركىنلىك سىياسىتىنىڭ شاراپىتى بىلەن قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى تېررىتورىيىسىگە تەدرىجىي تەسىر كۆرسىتىشكە باشلايدۇ. XIV ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە، چاغاتاي خانلىقىدا تۇغلۇق تېمۇرخان ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىدۇ. ھەمدە شىنجاڭ رايونىدىكى تۇنجى مۇسۇلمان موڭغۇل خانى بولۇپ قالىدۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ، ئۇ ئەرشىدىن خوجا جەمەتىنىڭ قوللىشى ۋە ياردەم بېرىشى ئارقىسىدا، ھەر قايسى جايلارغا ئىسلام ۋەز خانلىرىنى ئېۋەتىپ، تەرغىبات ئىشلىرىنى ئىشلەيدۇ. ئالدى بىلەن موڭغۇللارنىڭ دىنىي ئېتىقادىنى ئۆزگەرتىشنى ئىلگىرى سۈرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن 160 مىڭ موڭغۇل مۇسۇلمان بولىدۇ. تۇغلۇق تېمۇرخان ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ۋارىسلىرى ھەم داۋاملىق يۇسۇندا ئىسلام دىنىنى كېڭەيتىش ئىشىنى ئىشلەيدۇ. شىنجاڭدىكى ئەڭ ئاخىرقى بۇددا دىنى مەركىزى قۇمۇل ئىسلام دىنىنىڭ كۈچىنىڭ قاتتىق زەربىسى بىلەن XVI ئەسىرگە كەلگەندە ئىسلام دىنىغا كۆچىدۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ ئىسلام دىنى بۇددا دىنىنىڭ ئورنىنى ئېلىپ، شىنجاڭ رايونىدا ھۆكۈمران دىنغا ئايلىنىدۇ.

1514 ـ يىلى مۇغۇلىستان خانلىرىنىڭ ئەۋلادلىرىدىن سەئىدخان شىنجاڭنىڭ بۆلۈنمە ۋەزىيىتىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، يەركەن خانلىقىنى قۇرىدۇ. بۇ چاغدا ئىسلام دىنى ئۇيغۇر، قازاق قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ بىرلىككە كەلگەن دىنىي ئېتىقاد ئورنىغا ئىگە بولىدۇ، كۆچى بارغانسېرى زورىيىدۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ، ئىسلام دىنى شىنجاڭدا ھۆكۈمران دىن سۈپىتىدە تەرەققىي قىلىپ تۇرىدۇ.

دېمەك، ئىسلام دىنىنىڭ شىنجاڭدا تارقىلىشى، قاراخانىلار سۇلالىسى، چاغاتاي خانلىقى ۋە يەركەن خانلىقىدىن ئىبارەت ئۈچ باسقۇچنى باشتىن كەچۈرگەن. مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ، ئىسلام دىنىغا ئىلگىرى كېيىن ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز، تاجىك، تاتار، ئۆزبېك قاتارلىق 6 مىللەت ئېتىقاد قىلىپ كەلدى. بۇددا دىنىنىڭ ئورنىغا شىنجاڭدىكى ھۆكۈمران دىنغا ئايلاندى. خۇيزۇ، دۇڭشياڭ، سالا، باۋئەن قاتارلىق مۇسۇلمان مىللەتلەرنىڭ ئارقا ـ ئارقىدىن شىنجاڭغا كىرىشىگە ئەگىشىپ، نۆۋەتتە شىنجاڭ رايونىدا ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان مىللەت 10غا يەتتى. 1000 يىلدىن بۇيان، ئىسلام دىنى شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادى، مەدەنىيىتىگە، ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ تارىخ مەدەنىيىتى، ئەخلاق ـ ئېستېتىكىسىغا، تۇرمۇش ئۇسۇلى ۋە ئۆرپ ـ ئادەتلىرىگە چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتتى.

---

پايدىلىنىلغان ئاساسلىق ماتېرىياللار

① «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى»، I ـ، II ـ، III ـ توملار، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشرى، 1980 ـ 1990 ـ يىللار.

② «شىنجاڭنىڭ يەرلىك تارىخى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1992 ـ يىلى نەشرى.

③ «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1990 ـ يىلى نەشرى.

④ «غەربىي يۇرت ئومۇمىي تارىخى»، (يوتەيشيەن باش مۇھەررىرلىكىدە تۈزۈلگەن)، جۇڭجۇۋ قەدىمكى ئەسەرلەر نەشرىياتى، 1996 ـ يىلى، خەنزۇچە نەشرى.

⑤ «دىن لۇغىتى»، 1983 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.

⑥ «جۇڭگو بۈيۈك ئېنسىكلوپېدىيىسى» نىڭ «دىن» تومى، 1988ـ يىلى، خەنزۇچە نەشرى.

⑦ «شىنجاڭ مىللەت قامۇسى»، 1995 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.

⑧ «جۇڭگودىكى مىللەتلەرنىڭ دىن ۋە مىفولوگىيە قامۇسى» 1990 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.

# ئۇيغۇر ئىسىم ـ فامىلىلىرىگە سۆز تاللاش مەسىلىسى ھەققىدە ئويلىغانلىرىم

غەيرەتجان ئابدۇللا كالدىر

ئۇيغۇر فامىلە ئىسلاھاتى تەشەببۇسلىرىنىڭ مەيدانغا كېلىشى ۋە كونىسىرى كۆچىيىپ بېرىشى بىلەن كىشىلەر ئارىسىدا فامىلە ۋە ئۇنىڭغا ئالاقىدار نۇرغۇن مەسىلىلەر ئۈستىدە غۇلغۇلا قانات يايماقتا. ئەنە شۇنىڭ بىرى «قانداق سۆز ـ ئاتالغۇلارنى فامىلە قىلىپ قوللىنىش بىر قەدەر مۇۋاپىق؟» دېگەن مەسىلىدىن ئىبارەت. مەن بۇ ماقالەمدە ھازىرغىچە بولغان ئىزدىنىشلىرىم ۋە پىشقەدەملەرنىڭ بۇ مەسىلە ئۈستىدىكى ئىزدىنىشلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش ئاساسىدا ئەلنىڭ ئەمەلىيىتى ۋە كەلگۈسى تەرەققىياتىنى چىقىش قىلغان ھالدا قىسقىچە توختىلىپ ئۆتۈشنى لايىق تاپتىم.

ھازىرغىچە ئىبراھىم مۇتىئى ئەپەندى، مۇتەللىپ سىدىق ئەپەندى، ئابدۇللا مۇھەممەد ئۇمىديار ئەپەندى... قاتارلىق فامىلىگە، ئىسىمغا سۆز ـ ئاتالغۇ تاللاشقا دائىر ئىزدىنىشلەرنى جامائەتچىلىك بىلەن يۈز كۆرۈشتۈردى. ھەتتا گېرمانىيىلىك تۈركشۇناس مەرھۇمە ئا. فون گاباڭىن خانىم بىزدىن شۇنچە يىراقتا تۇرۇپمۇ بىزنىڭ ئىسىم فامىلە مەسىلىمىزگە يېقىندىن كۆڭۈل بۆلۈپ، پايدىلىنىشقا بولىدىغان ياخشى تەكلىپلەرنى بەردى. بۇلار جەمئىيەتتە مۇئەييەن قىزىقىشلارنى قوزغىدى.

زامانىمىزدىكى ئىسىم ـ فامىلىشۇناسلىقتا ئەڭ زور تۆھپىلەرنى قوشۇپ كېلىۋاتقان ھارماس تەتقىقاتچى مۇتەللىپ سىدىق ئەپەندى «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنىڭ 1991 ـ يىللىق 3 ـ سانىدا ئېلان قىلغان «ئۇيغۇر ئىسىم ـ فامىلىسى ھەققىدە قىسقىچە مۇھاكىمە» سەرلەۋھىلىك ئىلمىي ماقالىسىدە ۋە «ئىسىم قويۇش قوللانمىسى» ناملىق كىتابىدا① ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ سانلىقى «ئەرەبچە ئىسىملار بولغاچقا ۋە ئەرەبلەرنىڭ ئىسىم قويۇش ئادىتىگە ئوخشاپ كەتكەچكە، فامىلىنىمۇ ۋە ئۇنىڭ ئورنىنىمۇ ئەرەب ئۇسۇلى بويىچە تاللاش مېنىڭچە مۇتلەق كۆپچىلىكنىڭ رايىغا، بولۇپمۇ تىلىمىز ۋە ئۆرپ ـ ئادىتىمىزنىڭ تەلەپ ـ ئالاھىدىلىكىگە ئۇيغۇن كېلىشى مۇمكىن ...» دېگەن كۆز قاراشنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئابدۇللا مۇھەممەد ئۇمىديار (تۆۋەندە قىسقارتىپ ئۇمىديار دەپ ئېلىندى) ئەپەندى بولسا «تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلىنىڭ 1995 ـ يىللىق 2 ـ سانىدا ئېلان قىلغان ئىسىم ـ فامىلىشۇناسلىق ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ فامىلىسى ناملىق ماقالىسىدا «... يېڭىدىن لايىھىلەنگەن فامىلىلەرنىڭ ...»، سۆزلۈكلەرنىڭ «مىللىي تەۋەلىكىگە چەك قويۇپ، ئۇيغۇر تىلى لېكسىكولوگىيىسىدىن ئېلىنىشى كېرەك②» لىكىنى ھەم ھەركىمنىڭ ئۆزى ياخشى كۆرگەننى تاللىشىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئىبراھىم مۇتىئى (تۆۋەندە مۇتىئى دەپ ئېلىندى) ئەپەندىمۇ ئۇمىديار ئەپەندىگە ئوخشاش قەدىمكىنى ئۇنتۇپ قالمىغان ئاساستا ئەركىن تاللاش پىكرىنى ئالغا سۈرىدۇ③. قانداق سۆز ئاتالغۇلارنى ئۇيغۇرچە ئىسىم ۋە فامىلە قىلىپ قوللىنىش مەسىلىسى ھەققىدە يۈرگۈزۈلگەن پىكىرلەر

ئاساسەن مۇشۇ ئىككى تۈرلۈك بولۇپ، مەسىلىنىڭ نېگىزلىك نۇقتىسى ئىسىم - فامىلىلىرىمىزنى ئەرەب - ئىسلام ئەنئەنىسى ئاساسىدا ئىسلاھ قىلىش كېرەكمۇ؟ ياكى ئەركىن بولۇشى ۋە مىللىيچە (ئۇيغۇرچە) بولۇشى كېرەكمۇ؟ دېگەندىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئۆزىگە خاس ئارتۇقچىلىقى ھەم يېتەرسىزلىكى بار.

مېنىڭچە مۇتەللىپ سىدىق ئەپەندى دېگەندەك ئىسىملىرىمىزنىڭ مۇتلەق كۆپ سانلىقى ئەرەبچە بولغىنى ئۈچۈن ئۇيغۇر فامىلىلىرىنىمۇ ئەرەبچە سۆز - ئاتالغۇلارنىلا ئاساس قىلىپ تاللاش توغرا ئەمەس. سەۋەبى: بىرىنچى، بىرى خەلقىمىز ئىسلام دىنىغا ئومۇميۈزلۈك دېگۈدەك ئېتىقاد قىلىسىمۇ، لېكىن مىللەت نامىمىز «ئەرەب» ئەمەس. يەنە بىرى، بىزنىڭ ئانا تىلىمىز ئەرەب تىلى ئەمەس، تىل سىستېمىمىزمۇ ئايرىم. شۇنداق بولغانىكەن ئالتاي تىلىنىڭ تۈرك تىللىرى ئائىلىسىدە سۆزلىشىدىغان بىر قەدىمكىي مەدەنىيەتلىك مىللەتنىڭ بۈگۈنكى كۈنلۈكتە ئۆز تىلىدىن سۆز تېپىلمىغاندەك دىنىي ئوخشاشلىقنى ۋە بەزى ئىسىم ئوخشاشلىقىنى دەپ ئىسمىمىزدىن سىرت فامىلىنىمۇ ئەرەبچىلەشتۈرۈش، ئاممىباپ، ئالتۇنغا بەرگۈسىز ئېسىل ئانا تىلى بولغان مىللەت ۋە ئۇنىڭ تىلى ئۈچۈن ھاقارەت. مەھمۇد قەشقەرى، ئەلشىر ناۋائى ۋە قۇتلۇق ھاجىم شەۋقىلارنىڭ ئۇيغۇر - تۈرك تىلىمىزنى تارىختا ئەرەب، پارس ۋە باشقا تىللاردىن كەم كۆرمىگەنلىكى، ھەتتا ئۆز تىلىمىزنىڭ ئۇلارنىڭ تىلىدىن ئارتۇقلۇقىنى پاكىت بىلەن بايان قىلىپ ئۆتكەنلىكى ئويغاقلىرىمىزنىڭ سەمىدە بولسا كېرەك. شۇنى بىلىپ تۇرۇپ ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ «بىز مۇسۇلمان» مىزغۇ دەپ ئۆزلىرىنىڭ ھەر نەرسىسىنى ئەرەبلەردىن تۆۋەن كۆرۈپ، ئەرەبچە، پارسچە سۆزلەرنىڭ، ئىسىملارنىڭ دەستىدىن ئۆزىمىزنىڭ مىللىي ئىسىملىرىمىزنى، ھەتتا مىللەت ئىسمىمىزنىمۇ ئۇنتۇپ كەتكىنىمىز ئازلىق قىلغاندەك ··· يەنە بىزمۇ ئايرىم مىللەت، ئايرىم تىللىق بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن ئۆزىمىزنىڭ مىللىي خاسلىقىنى گەۋدىلەندۈرۈشكە ئەمدى بولسىمۇ جۈرئەت قىلىشىمىز لازىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە قەدىمدىن بۈگۈنگىچە ئەرەب، پارس تىلىدىكى نۇرغۇن كىشى ئىسىملىرىنىڭ مەنىسى ئاز ساندىكى ئۆلىمالىرىمىزدىن باشقىلارغا قاراڭغۇ بولۇپ، كۆپىمىز ئىسمىمىزنىڭ ئاتالمىش ئەرەب (ئەمەلىيەتتە نۇرغۇنلىرى يەھۇدى، رىم رىۋايەت ئەفسانىلىرى ۋە تارىخنامىلىرىدىكى شەخسلەر) رىۋايەتلىرى ۋە تارىخنامىلىرىدىكى «ئۇلۇغلىرىمىز» نىڭ ئىسمىدىن ۋە باشقا «ئوبدان» مەنىلىك سۆزلەردىن ئىكەنلىكىدىن باشقىلارنى بىلمەيمىز. گەرچە ھازىر مۇتەللىپ سىدىق ئەپەندى زور ئەجىر سىڭدۈرۈپ بۇ بوشلۇقنى تولدۇرغان بولسىمۇ، مىللەت ۋە تىلنى ئەرەبلەرگە بەخشەندە قىلىپ بېرىشىمىز تارىخىي مىللىي خاتالىقىمىز جۈملىسىگە كىرىدۇ. ئىككىنچى، بىزدە ئىسىم سۈپىتىدە قوللىنىۋاتقان مۇتلەق كۆپ سانلىق ئەرەبچە سۆزلۈكلەر ئەرەبلەرنىڭ ئۆزلىرى ۋە باشقا ئەرەبپەرەس مۇسۇلمان مىللەتلەردە ئاللىقاچان فامىلە قىلىنىپ بولغان بولۇپ، مۇسۇلمان دۇنياسىدىمۇ ئەرەبچە ئىبارىنى فامىلە قىلىۋالغانلار ئاز بولمىغان يەردە بىزنىڭ يەنە ئۈستىلەپ ئۇلارنى فامىلە سۈپىتىدە تاللاپ ئېلىشىمىز ئەمەلىيەتتە بىزدىكى فامىلە نامراتچىلىقىدىن سىرت، باشقا مىللەتلەرنىڭ فامىلە ھوقۇقىغا قىلىنغان تاجاۋۇزچىلىق ياكى دوراش بولۇپ قالىدۇ. شۇنچە كەڭ ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئالىمىدىن ئۆزىمىزگە فامىلە بولغىدەك سۆز چىقماسمۇ؟ راستىنى دېسەم مەن تاكى مۇشۇ كۈنگىچە بىرەر ئەرەبنىڭ ئۆزلىرىنىڭ

مۇسۇلمان قېرىندىشى بولغان تۈركلەر ـ ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىدىكى (ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى) بىرەر مەشھۇر ئەربابىنىڭ ئىسمىنى ياكى باشقا خالىغان بىرەر ئوبدان مەنىلىك ساپ ئۇيغۇرچە سۆز ـ ئاتالغۇنى ئۆزلىرىگە ئىسىم ياكى فامىلە قىلىپ تاللىغانلىقىنى ئاڭلاپ باقمىدىم. ئەمما بىزدە ئۇلارنىڭ تىلىدىكى، تارىخىدىكى سۆزلەر ۋە «ئۇلۇغلار» نىڭ ئىسىملىرى تولۇپ يېتىپتۇ. ئۈچىنچى، ئۇيغۇر جەمئىيىتىگە نىسبەتەنمۇ بىرلا ئەرەبچە سۆز ـ ئاتالغۇنى ئۆزىگە ئىسىم قىلغانلارنىڭ تولىلىقىدىن ئىسمى باشقا، ئاتىسىنىڭ ئىسمى ئوخشاش، ھەتتا ئۆزىنىڭمۇ، ئاتىسىنىڭمۇ ئىسمى ئوخشاش، لېكىن قانداشلىقى بولمىغان كۆرمىڭ ئادەمنى ئۇچرىتىش مۇمكىن. ناۋادا مۇنداق سۆزلەر ھەدەپلا ئۆزىمىزگە ھەم ئىسىم ھەم فامىلە قىلىپ تاللىۋېلىنسا ئۇ ھالدا، كەلگۈسىدە تۇغقان بولمىغان فامىلىداشلارنىڭ قالايمىقانچىلىقى كېلىپ چىقىدۇ. يۇقىرىقىلار ئىسىم ـ فامىلىمىزنى ئەرەبچىلەشتۈرۈشكە پايدىسىز ئامىللار بولسىمۇ، ئەمما مۇتەللىپ سىدىق ئەپەندى تىلغا ئېلىپ ئۆتكەندەك خەلقىمىز ئىچىدە ئىسلام دىنىنىڭ، ئەرەب (پارس) مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرى ناھايىتى كۈچلۈك بولغانلىقتىن ناھايىتى نۇرغۇن ئەرەب (پارس) تىلىغا خاس سۆز ـ ئاتالغۇلار ھازىر ھەقىقەتەنمۇ تىلىمىزنىڭ، تۇرمۇشىمىزنىڭ ۋە دىنىي ئادەتلىرىمىزنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمىغا ئايلاندى. شۇڭا ھەممىنى دېمىگەندىمۇ بىر قىسىم، مەنىسى خەلققە تونۇشلۇق، ئاسان ئۆزلىشىدىغان، قىسقا، ئەستە قالدۇرۇش ئوڭاي، تىلىمىزغا يېپىشىدىغان، ... سۆز ـ ئىبارىلەرنى مۇۋاپىق تۇردە تاللاپ ئېلىپ فامىلە قىلىپ قوللىنىشىمىز يەنىلا زور رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە. ئۇندىن باشقا يەنە نۇرغۇن ئەرەبچە (پارسچە) سۆز ـ ئاتالغۇلار يۇرتىمىزدا ئۇيغۇر تىلىمىز بىلەن ئۇزۇن مەزگىل بىرگە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش جەريانىدا ئۆز ئارا بىرىكىشنى ئىشقا ئاشۇرغان بولۇپ، كىشى ئىسىملىرىدىمۇ ئۇنىڭ ئومۇملاشقان ئۇلىشىلىرى ئۇچرايدۇ. مەسىلەن: تاشمۇھەممەد، مۇھەممەد تۆمۈر، بۇۋىئاي، ئايگۈل دېگەندەك. بۇلار ئەرەب (پارس) تىللىرىغا خاس ئىسىم ـ فامىلىلەرنىڭ خەلقىمىز ئىچىدە زور تارىخىي ۋە ئاممىۋى ئاساسقا ئىگە ئىكەنلىكىنىڭ يەنە بىر مۇھىم پاكىتىدۇر.

ئۈمىدىيار ئەپەندىنىڭ فامىلىنىڭ تىل ئايرىمىسىغا، مىللىي تەۋەلىكىگە قاتتىق چەك قويۇش ھەققىدىكى كۆز قارىشى ھەقىقەتەنمۇ قەدىرلەشكە ئەرزىيدۇ. مەن يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەندەك بىر مىللەت ئالدى بىلەن ئۆزىنىڭ قەدىمكى ۋە ھازىرقى مىللىي تىلىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق مىللىي مەدەنىيىتىنى قوغدىشى، داۋاملاشتۇرۇشى، ئۆزىنىڭ ھەر قانداق نەرسىسىنى ھەتتاكى كېرەكسىز قارا تېشىنىمۇ ئۆزگىنىڭ ئالتۇنىدىنمۇ ئەۋزەل بىلمىكى لازىمدۇر. بۇ بىزنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مىللىي بۇرچىمىز. لېكىن يۇرتىمىز تارىختىن بېرى دۇنيا سودىسىنىڭ، مەدەنىيىتىنىڭ مۇھىم تۈگۈنىدە بولغاچقا، ئۇنىڭ ئىچىگە سىڭىپ كىرگەن مەدەنىيەت تەركىبلىرىمۇ ناھايىتى مۇرەككەپ ۋە خىلمۇ ـ خىل بولۇپ كەلدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەشۇ يات مەدەنىيەتلەرنىڭ ناھايىتى نۇرغۇنلىرى، بولۇپمۇ كىشى ئىسىملىرى بۈگۈنكى كۈندە ئاللىقاچان كىشىلەر ئەڭ ياقتۇرىدىغان، ئادەتلىنىپ كەتكەن مەدەنىيەت ھادىسىسى بولۇپ قالغاچقا فامىلە ئىسلاھاتىمىزدا گەرچە ئۇلارنىڭ تەسىرى ۋە نىسبىتىگە زور دەرىجىدە چەك قويۇشنى تەشەببۇس قىلساقمۇ، ئەمما ئاللىقاچان خەلقىمىز مەدەنىيىتىنىڭ ئورگانىك تەركىبىي قىسمى بولۇپ قالغان ئەرەب، پارس، ... تىلىنى ئۆز

ئىچىگە ئالغان تۈرلۈك يات مىللەتلەرنىڭ تىل جەھەتتىكى مەدەنىيەت تەسىرىنى تولۇق تازىلىۋېتىشكە ھازىرچە، بەزىلىرىنى ھەتتا مەڭگۈگە ئامالسىزمىز. ئۇندىن باشقا بىر مەدەنىيەتنى، تىلنى قوغداش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۆز نۆۋىتىدە ھەممىشە ئۆزگىلەرنىڭكىنى مۇۋاپىق قوبۇل قىلىش بىلەن ئورگانىك ھالدا زىچ بىرلىشىپ كەتكەن بولۇپ، بۇنىڭدىن ساقلىنىش يەنىلا تەس. شۇ نۇقتىدىن ئۇمىدىيار ئەپەندىنىڭ قەدىمكى ۋە ھازىرقى ئانا تىلىمىزغىلا خاس نۇرغۇن سۆز ـ ئىبارىلەرنى فامىلە قىلىش جەھەتتىكى پىكىرىگىمۇ قىسمەن تۈزىتىش بېرىش زۆرۈر. سەۋەبى قەدىمكى بولۇپمۇ ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى دەۋردىكى سۆز ـ ئاتالغۇلىرىمىز ئىچىدىن (ھازىر ئۆلگەنلىرىنى) تىرىلدۇرۇپ ۋارىسلىق قىلىش زۆرۈر بولغانلىرى خۇددى گابائىن خانىم تىلغا ئالغاندەك ناھايىتى كۆپ بولسىمۇ، ئەمما ئۇ دەۋردىكى تىل بىلەن خەلقىمىزنىڭ خوشلاشقىنىغا ياكى خوشلىشىشقا باشلىغىنىغا ئۇزۇنىسى 1000 يىل، قىسقىسىمۇ 600 يىللار چامىسىدىكى ۋاقىت بولۇپ قالدى. ئۇلارنىڭ نۇرغۇنلىرى ئاللىقاچان ھازىرقى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى تۈگۈل خەلق تىلى ئارىسىدىنمۇ ھەتتا شىۋىلەردىنمۇ ئۆچۈپ كېتىپ، ھازىرقى تىلىمىزغا نىسبەتەن «يات» سۆزلۈكلەردىن بولۇپ قالدى. بۇرۇن تاشلاپ كەتكەن نەرسىنى، مەدەنىيەتنى، تىلنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش تامامەن توغرا ۋە ئەھمىيەتلىك ئىش بولسىمۇ، ئەمما تولۇقى بىلەن ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە (ھېچ بولمىغاندا بەزىلىرىنى) مۇمكىن بولمىغانلىقتىن ئۇلارنى ئىمكان بار دەۋرىمىز ۋە كەلگۈسى قوبۇل قىلالايدىغان، خەلقىمىزنىڭ جانلىق تىل ئادىتىگە چۈشىدىغان سۆزلۈكلەردىن تاللىغان تۈزۈك. بولۇپمۇ كەڭ دېھقان، چارۋىچىلىرىمىز ۋە مەدەنىيەت سەۋىيىسى ھازىرغىچە بىر قەدەر تۆۋەن بولغان باشقا قېرىنداشلىرىمىزغا نىسبەتەن بۇ تېخىمۇ شۇنداق. شۇڭا ئەسلىگە كەلتۈرۈپ قوللىنىدىغان سۆز ـ ئىبارىلەرنى ئىختىيارى قىلغان ئاساستا كۆپرەك مەزكۇر سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى يىلىپ يەتكەن (ياكى يېتەلەيدىغان) زىيالىلار ۋە باشقا كىشىلەر قوللانغان تۈزۈك. ئەمەلىيەتتىمۇ ئۇمىدىيار ئەپەندى ۋە مۇتىئى ئەپەندى ھەتتا مۇتەللىپ سىدىق ئەپەندىمۇ فامىلىنى ئەركىن ھالدا ئۆزى خالىغان سۆز ـ ئاتالغۇلارنى فامىلە قىلىپ تاللاشقا، روشەن مىللىي ئالاھىدىلىك ۋە زامانىۋى ئالاھىدىلىك مۇجەسسەملەنگەن فامىلە يارىتىشقا نىسبەتەن باشقىچە پىكىردە ئەمەس. بەلكى ئۇنى قوللايدۇ. بۇ يەردە مەن پەقەت ئۇلارنىڭ ئايرىم كۆز قاراشلىرىغا قارىتا ئۆزەمنىڭ پىكرىمنى بېرىپ ئۆتتۈم.

دېمەك، مېنىڭ پىكرىم شۇكى، ھەممىدە بۈگۈننى ئاساس قىلىش؛ جايلارنىڭ يەرلىك تىل، مەدەنىيەت ۋە باشقا ئۆرپ ـ ئادەتلىرىنىڭ، ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ ئىسىم ـ فامىلە ئىسلاھاتىمىزدا مۇۋاپىق رول ئوينىشىنى چەكلىمەسلىك؛ ئۆز بىلەن ئۆزگىنىڭكىنى، قەدىمكى بىلەن بۈگۈنكىنى مۇۋاپىق بىرلەشتۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىش؛ ھەممىنى بىر تاياقتا ھەيدەشتىن ساقلىنىش، شۇنداقلا مىللىي خاسلىقنى گەۋدىلەندۈرۈشكە سەل قارىماسلىق لازىم.

ئىسىم ـ فامىلىگە سۆز تاللاش مەسىلىسىدە مۇتىئى[5] ۋە ئۇمىدىيار[6] ئەپەندىلەر قەدىمكى ۋە ھازىرقى ئىسىم ـ فامىلە قىلىپ قوللىنىش قىممىتىگە ئىگە سۆز ـ ئاتالغۇلاردىن نەچچە يۈزنى 40 دىن ئارتۇق تۈرگە بۆلۈپ ۋە مىسال كەلتۈرۈپ ئۆتىدۇ. مۇتەللىپ سىدىق ئەپەندىم قەدىمكى ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىدىن ۋە ئەمەل ـ مەنسەپ، ئۇنۋان ناملىرىدىن بولۇپ

تەخمىنەن 1000غا يېقىننى توپلاپ، رەتلەپ⑦ چىققان. مەن بۇ يەردە ئۇ تىزىملىكلەرنى قايتىلىمايمەن. مەنمۇ «ئەجدادلىرىمىزدا فامىلە ھەققىدىكى ئىزدىنىشلەر ھەم بۇ ھەقتە ئويلىغانلىرىم» سەۋلەۋھىلىك ماقالەمدە (بۇ ماقالە «شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» نىڭ 1997 ـ يىللىق 4 ـ سانىغا بېسىلدى) بۇ جەھەتلەردىكى پىكىرىمنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتكىنىم ئۈچۈن بۇ يەردە قايتىلىمايمەن. مېنىڭ بۇ يەردە قايتىدىن ۋە يېڭىدىن تەكىتلەپ ئۆتمەكچى بولغىنىم شۇكى، بىرى بىزدە قۇمۇل، تۇرپان، بايىنغولىن، ئاقسۇ، قىزىلسۇ، قەشقەر، ئىلى، … ۋىلايەت، ئوبلاستلىرىمىزدىكى نۇرغۇن قېرىنداشلىرىمىز ئىچىدە، خوتەن ۋىلايىتىدە بولسا ھەممىسىدىلا دېگۈدەك ئاتا مىراس لەقەملەر ساقلانغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ نۇرغۇنلىرى، بىزنىڭ فامىلە سۈپىتىدە ۋارىسلىق قىلىپ داۋاملىق قوللىنىشىمىزغا ئەرزىيدۇ. يەنە بىرى، يۇرتىمىزنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى ھەر قايسى ۋىلايەت، ئوبلاست ۋە شەھەرلىرىمىزدە بەكرەك ئومۇملاشقان ئىسلاۋىيان ـ روس ۋە تاتار مەدەنىيىتىنىڭ، تىلىنىڭ تەسىرىدە شەكىللەنگەن ئۇيغۇر كىشى ئىسىم ـ فامىلىلىرىغا «ۋۇ» ، «ئى» ، «ۋۋا» ، «ئىيە» قاتارلىق ئۇلانمىلارنى ئۇلاپ ئىسىم ـ فامىلە قوللىنىش ۋە باشقا خىلدىكى ئالىلقاچان شەكىللىنىپ مەلۇم ئىجتىمائىي ئاساسقا ئىگە بولغان فامىلىلەرنى، شۇنداقلا غەربىي ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇيغۇرلىرىدا كۆپ كۆرۈلىدىغان «ئىن» ، «جان» ، «ئىنا» ، «خان»… ئۇلانمىلىق فامىلىلەرنى ساقلاپ قېلىشىمىز كېرەك. ئۈچىنچى بىرى، نۇرغۇن تەخەللۇسلارنى، تۆتىنچى بىرى، ئۆز تارىخىمىزدىكى مەشھۇر سىياسىئون، قوماندان، ئالىم، … لارنىڭ ئىسمى، ئۇنۋانى، تەخەللۇسىنى، بەشىنچى بىرى، ئەجدادلىرىمىز قەدىمدىن پائالىيەت ئېلىپ بارغان يەر ناملىرىنى، ئالتىنچى بىرى، تېخى مۆلچەرلەپ يېتىلمىگەن جايلارنىڭ تۇرلۇكچە تىل (شىۋە) ۋە تۇرمۇش ھەتتا دىنىي ئېتىقاد ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن باغلانغان سۆز ـ ئاتالغۇلاردىن. فامىلە قوللىنىشىنىڭمۇ تامامەن مۇمكىنچىلىكى بارلىقىنى كۆپچىلىكنىڭ سەمىگە سېلىپ قويۇش لازىم. چۈنكى ئۇلارنىڭ ھەممىسى مەلۇم تارىخىي، ئىجتىمائىي ۋە يەرلىك ئاساسقا ئىگە بولۇپ، بىز ئۇلارنىڭ باشقا ئېلېمېنتلار بىلەن بىرلىكتە كەلگۈسىدە ئارىمىزدا فامىلە سۈپىتىدە خىزمەت قىلىشىغا تۇرتكە بولىشىمىز لازىم.

شۇنىڭ بىلەن بىرگە تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك يەنە بىر مەسىلە شۇكى، تۇرلۇك تارىخىي، سىياسىي، ئىجتىمائىي ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىكى سەۋەبلەر تۇپەيلىدىن خەنزۇچە ياكى خەنزۇچىلاشتۇرۇپ ئىسىم ـ فامىلە قوللىنىۋاتقان ئۇيغۇرلارمۇ مەۋجۇت. ئۇلارنىڭ نۇرغۇنلىرى خەنزۇلار رايونلىرىدا ئولتۇراقلىشىپ قالغىنىغا 1200 يىلدىن، قىسقىسى نەچچە يىلدىن ئاشقان، كۆپى ئانا تىلىنى تامامەن ياكى ئاساسەن يوقاتقانلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ سانى خەنزۇلار رايونلىرىدىن خوتەن ۋە گەنسۇدا كۆپرەك بولغاننى ھېسابقا ئالمىغاندا باشقا جايلاردا ئانچە كۆپ ئەمەس. يەنە بەزىلىرى ئاساسەن يۇرتىمىزدىكىلىرى، ئارىلاشما قانلىقلار ـ ئارغۇنلار، خەنزۇلار، تۇڭگانلار، … تەرىپىدىن كىچىكىدىنلا بېقىۋېلىنغانلار ياكى ئۆزلۈكىدىن خەنزۇچە ئىسىم ـ فامىلە ئىشلەتكەنلەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ سانى بەكلا ئاز بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار قوللانغان ئىسىم ۋە فامىلە خەلقىمىزدە ئومۇملاشقان ئىسىم ـ فامىلە ئادىتىگە، مەدەنىيەت ئەنئەنىمىزگە يات سۆز ـ ئاتالغۇلاردىن ئىبارەت. فامىلە ئىسلاھاتى جەريانىدا ئۇلارنىڭ يۇرتىمىزدا ئولتۇراقلاشقانلىرىنىمۇ بولسا مىللىتىمىزنىڭ ئومۇملاشقان

ئىسىم ـ فامىلە سىپىگە قوشۇۋېلىشىمىز زۆرۈر. لېكىن ئۇلار خالىمىغان ئەھۋالدا ھازىرچە ئۇلارنىڭ ئەشۇنداق ئالاھىدە ئەھۋالدا قوللانغان خەنزۇچە ئىسىم ـ فامىلىسىگە ھۆرمەت قىلىش لازىم. ئۇندىن باشقا ئاتا مىراس لەقىمى بولسىمۇ، لېكىن تۇرلۇك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئۇنى فامىلە قىلىپ قوللىنىشنى خالىمايدىغانلار تىلىمىزدىكى باشقا بىرەر سۆز ـ ئاتالغۇنى فامىلە قىلىپ قوللانسىمۇ بولىدۇ. بىز يەنە شۇنىمۇ ئۇنۇتماسلىقىمىز كېرەككى، بىز قوللانغان فامىلە ۋە ئىسىملار قانچىكى قىسقا، قانچىكى چۈشىنىشلىك بولسا، كۆپرەك ساپ ئانا تىلىمىزدىن ۋە كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزدىن تاللاپ ئېلىنسا مېنىڭچە شۇنچە ياخشى بولىدۇ. ئۇ ئەستە تۇتۇش، ئاتاش ۋە يېزىشتا، شۇنداقلا مىللىي ئۆزگىچىلىكىمىزنى گەۋدىلەندۈرۈشكە قولاي ۋە پايدىلىق. بىز ھەممىمىز ھەرگىز ئەڭ ھەيۋەتلىك، ئەڭ دەبدەبىلىك ياكى ئەڭ چوڭقۇر مەنىلىك ياخشى سۆزلەرنىلا ئىسىم ياكى فامىلە، بولۇپمۇ فامىلە قىلىپ تاللاشقا ئېسىلىۋالماسلىقىمىز لازىم. ئۇنداق سۆزلەرمۇ راستىنى دېگەندە «ھەممىمىزگە يەتمەيدۇ». شۇڭا دىققەت نەزىرىمىزنى ھەممىمىز بىر نۇقتىغىلا تىكىۋالمايلى. مەسىلەن ئالايلى، مېنىڭ فامىلە قوللىنىش تەشەببۇسىمدىن كېيىن بىر نەچچەيلەن «تۇپراق»، «يۇرۇڭقاش»، «پىدائىي»، «يۇلغۇن»، «چىۋىش»، «سارتېكىن»، «تۆمۈر»، «سالىھ»، «تۇگمەن»، «بۇغراخان»... دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەرنى فامىلە قىلىپ قوللانغان ياكى قىلىشنى ئويلاشقان. شۇنىڭغا ئوخشاش تاش، تاغ، قارىغاي، شەمشاد، چۇقا، توغراق، تېرەك، ...تىن باشلاپ ھايۋانات، قۇش ـ قانات ۋە تۇرلۇك ـ تۈمەن شەيئىلەرنىڭ ناملىرىغىچە، ... ھەممىسىنى ئىسىم ياكى فامىلە قىلىپ قوللىنىشقا بولىدۇ. ئەجدادلىرىمىزمۇ ئىسلامىيەتتىن ئاۋۋال تەبىئەت جىسىملىرىنىڭ ناملىرىنى ئۆزلىرىگە ئىسىم قىلىپ قوللانغان. ئۆزگە مىللەتلەردىن ئالساقمۇ بۇنداق پاكىتلار تولۇپ يېتىپتۇ. مەسىلەن، روسلاردا مېدۋېد (مەنىسى ئېيىق دېگەنلىك بولىدۇ) دەيدىغان ئىسىم ـ فامىلىلەر بار.⑧ فامىلە مەدەنىيىتىدە نەچچە مىڭ يىللىق تارىخقا ئىگە خەنزۇ خەلقىنىڭ فامىلىلىرىدىكى «ئۆگۈز (ئېقىن، ئېلەك، دەريا)» مەنىسىدىكى جياڭ (江)، «توكلۇك، يۇڭلۇق، چۇپۇر» مەنىسىدىكى ماۋ (毛)، «ئەجدىھا» مەنىسىدىكى لۇڭ (龙)، «سېرىق» مەنىسىدىكى خۇاڭ (黄)، «ئۆكۈز توپاق، كالا» مەنىسىدىكى نيۇ (牛)، «ئات (يىلقا)» مەنىسىدىكى ما (马)، «ئاق (يورۇق)» مەنىسىدىكى بەي (白)، «ئورمان» مەنىسىدىكى لىن (林)، «تۆشۈك (كامىر، كېمىر)» مەنىسىدىكى كۇڭ (孔)، «قورال ـ ياراق» مەنىسىدىكى ۋۇ (武)،... دېگەندەك فامىلىلەرگە ئوخشاش ۋە باشقىلار.

يۇقىرىقىلاردىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، باشقا مىللەت ـ ئەللەرنىڭ ئىسىم ـ فامىلىلىرى تولىمۇ سىرلىق ۋە ئالاھىدە بولماستىن، ئۇلارنىڭ ئىسىم ـ فامىلىلىرىمۇ ئۇلارنىڭ ئۆز تىللىرىدا خۇددى مەن ئۇيغۇرچە ئىسىم ـ فامىلىلەرگە تەمسىل قىلىپ ئۆتكەن سۆزلەرگە ئوخشاش ئاددىي ۋە ئادەتتىكى سۆز ـ ئاتالغۇلار، شەيئىلەرنىڭ ناملىرى بولۇپ، فامىلە ئىسلاھاتىمىز جەريانىدا بىزمۇ مۇنداق ئاددىي ۋە ئاممىباب سۆز ئاتالغۇلاردىن كەڭ تۈردە پايدىلانساق بولىدۇ.

فامىلىگە سۆز تاللاش ئىشى شەخسنىڭلا ئەمەس بەلكى دۆلەتنىڭمۇ چوڭ ئىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا فامىلىنى تاللاشقا نىسبەتەن ئالدى بىلەن ئۆزىنىڭ ئەركىن تاللىشىغا

يول قويۇش (ھۆرمەت قىلىش)، ئەنئەنىۋى (خەلق ئادەتلەنگەن بويىچە) بولۇش، ئانا تىلىمىزدىن (ئۇيغۇرچە) بولۇش، بىر ـ بىرىگە ئوخشىمىغان (رەڭگا ـ رەڭ) بولۇش، قىسقا بولۇش ۋە خەلق ئاسان قوبۇل قىلىدىغان بولۇشنى چۆرىدىگەن ھالدا ئېلىپ بېرىش، ئاخىرىدا مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار بىر تۇتاش توپلاپ، رەتلەپ چىقىپ مۇۋاپىق بولمىغان ۋە ئوخشاش بولۇپ قالغانلىرىنى تۈزىتىشكە ۋە قايتا تاللاشقا بۇيرىغان ياكى بىر تۇتاش تەرتىپكە سالغاندىن كېيىن بېكىتىپ رەسمىي ئېلان قىلىش. «ئۇيغۇر فامىلىلىرى قوللانمىسى» نى تۈزۈپ چىقىپ فامىلىنىڭ ئۆلچەملىك قوللىنىلىشىغا تۈرتكە بولۇش ۋە نازارەتچىلىك قىلىش، شۇنداقلا ئۇنى قانۇن تەرىپىدىن رەسمىي ئېتىراپ قىلىپ بارلىق قانۇنىي رۇيخەت، ئالاقىلەردە ۋە باشقا ئىشلاردا ئومۇميۈزلۈك ئىشلىتىشكە كاپالەتلىك قىلىش لازىم.

بۇنداق رەڭگا ـ رەڭ مەدەنىيەت، تىل ۋە باشقا تەسىرلەرنىڭ ئۇيغۇر فامىلە ئىسلاھاتىمىز جەريانىدا ئورگانىك ھالدا ئۆز ئارا زىچ بىرىكىشى خۇددى مەرھۇم ئالىم ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەت ئىمىن ئەپەندى ئېيتقاندەك يۇرتىمىزنىڭ كەلگۈسىدە مەركىزىي ئاسىيادا قەدىمكي يىپەك يولىدىكى قايتىدىن پارلىغان دۇنياۋى مەدەنىيەت، سودا، ئىقتىساد ئۆچىقى ۋە تۈگۈنى بولۇپ چىقىشى ئۈچۈن پايدىلىقتۇر. لېكىن شۇنىمۇ ئەسكەرتىش كېرەككى، بىزنىڭ فامىلىمىز ئاخىرقى ھېسابتا (ھېچ بولمىغاندا يۇرتىمىزدا ياشىغان قېرىنداشلىرىمىزمۇ بولسا) بىر مىللەتلىك سالاھىيىتىمىز بىلەن تەدرىجىي بىر مىللەتكە خاس بولغان ئورتاقلىقتا، خەلقئارالىشىشتا، خەلقئارادىكى ئومۇملاشقان فامىلە شەكلىگە قاراپ مېڭىشى، ئالدىراپ ۋە بىلگەنچە توپتىن چىقىپ، خەنزۇچە، روسچە، ئەرەبچە، پارسچە… سۆز ـ ئاتالغۇلارنى ۋە باشقا تەركىبلەرنى بولىشىغا ئىسىم ياكى فامىلە قىلىپ قوللىنىشنى كەلتۈرۈپ چىقارماسلىقىمىز لازىم. بۇنداق قالايمىقانچىلىقلار مىللىتىمىزنىڭ نۆۋەتتىكى ۋە كەلگۈسىدىكى بىر پۈتۈنلىكى ۋە تەرەققىياتى ئۈچۈن پايدىسىز. ئىسىم ـ فامىلىگە سۆز تاللاش مەسىلىسىگە بىرلەشتۈرۈپ قوشۇپ قويىدىغان ئاخىرقى بىر تەكلىپىم شۇكى: ھازىر بىزدە ئەنئەنىۋى بولغان ئەرەبچە كىشى ئىسىملىرى كۆنسېرى ئازلاپ، قەدىمكي ۋە ھازىرقى ساپ ئۇيغۇر تىلىمىزدىن بولغان سۆز ـ ئاتالغۇلار ئىلگىرى ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىنى مونوپول قىلىۋالغان ئەرەبچە، پارسچە سۆز ـ ئاتالغۇلارنى قىسمەن دائىرىدە بولسىمۇ سىقىپ چىقىرىشقا باشلىدى. بۇ بىزنىڭ مۇستەقىل بىر مىللەتلىك سالاھىيىتىمىز بىلەن ھەدېسىلا ئوتتۇرا ئەسىرگە، ئەرەبىستان يېرىم ئارىلى ۋە ئىران ئېگىزلىكىگە خاس ئىسىم قويىدىغان دەۋردىن خوشلىشىۋاتقانلىقىمىزنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان ياخشى ئالامەتلەردىن بولۇپ، خۇددى مىللىتىمىزنىڭ فامىلە ئىسلاھاتى جەريانىدا فامىلىگە سۆز تاللىغانغا ئوخشاش ئەڭ ئاددىي، ئەڭ قىسقا، رەڭگا ـ رەڭ، ئەمما چۈشىنىشلىك بولغان ئانا تىلىمىزدىكى سۆزلەردىن كۆپرەك پايدىلىنىپ يېڭى زامان ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىنى تۇرغۇزۇپ چىقىشىمىز لازىم. ئۇنتۇپ قالمايلىكى ئەرەبچە ئىسىم ۋە فامىلە قوللانمايمۇ ئوخشاشلا مۇسۇلمان بولىۋەرگىلى بولىدۇ. پۈتۈن دۇنيادىكى ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ، بولۇپمۇ تەرەققىي تاپقان مىللەتلەرنىڭ كىشى ئىسىملىرى ئەنە شۇنداق مىللىيلىشىشقا ۋە ئىخچاملىشىشقا قاراپ يۈزلەنمەكتە. بۇنىڭ ناھايىتى زور ئارتۇقچىلىقى، ئەھمىيىتى بار. ئەمما شۇنداقمۇ كىشىلەر باركى، ئۇلار

ئۆزلىرىنىڭ ھەر خىل ئېتىقاد ۋە ئارزۇ ـ ھەۋەسلىرى نۇقتىسىدىن، بىرى، پەرزەنتلىرىگە ئۆزلىرىمۇ مەنىسىنى ئېنىق بىلمەيدىغان، بەزىلىرىنىڭ مەنىسى ھەتتا تازا ياخشى بولمىغان ئىسىملارنى يوچۇن ۋە مودا ئىسىم قىلىپ تاللىشىپ تاللاپ قويۇشۇۋالماقتا. يەنە بىرى، بەزىلەر دۇنيادا بىز بىلەن ھېچقانداق مىللىي ئېتنىك ئالاقىسى بولمىغان مىللەتلەرنىڭ سىياسىي، ھەربىي داھىلىرى، رەھبەرلىرى، قوماندانلىرى، توپ ـ تەنتەربىيە چولپانلىرى ۋە باشقىلارنىڭ ئىسىملىرىنى ئۆزلىرىنىڭ دۇنياغا يېڭىلا كۆز ئاچقان سەبىي پەرزەنتلىرىگە قارىغۇلارچە ئىسىم قىلىپ قويۇۋالماقتا. يەنە بەزىلەر بىر تەرەپلىمە ھالدا ئەسلى ئۇيغۇرچە ئىسىملارنى بۇزۇپ خەنزۇچىغا، روسچىغا ماھىل ئىسىملارغا ئايلاندۇرۇۋالغان. يەنە بەزىلەر ئەسلىدىكى ئىسمىنى كېيىن خەنزۇچە، روسچە ۋە باشقا تىللارنىڭ ئاسان ئېيتىلىش قىلىشى ئۈچۈن، «ماسلاشتۇرۇپ» ئالمىغان ئىشلارمۇ يېقىنقى يىللاردىن بېرى باش كۆتۈرۈپ قېلىۋاتىدۇ. ئۆزى كۆرگەن ھىندىستان، پاكىستان، … لارنىڭ كىنولىرىدىكى پېرسوناژلارنىڭ ئىسىملىرىنى قويۇشنى، بىرلا ئىسمىنى بەس ـ بەستە تالىشىپ قويۇشنى ئادەت قىلىغان، ئۆزىنىڭ پەرزەنتىگە پىلانلىق ۋە مەقسەتلىك ئات قويۇشنى ئويلاشمايدىغان مەسئۇلىيەتسىز ئاتا ـ ئانىلارمۇ ئاز ئەمەس. كونا ئادەت تۈپەيلىدىن پەرزەنتلىرىنىڭ ئىسمىنى ئاتا ـ ئانا ئۆزلىرىنىڭ ئاتا ـ ئانىسىغا ھاۋالە قىلىدىغان ياكى شۇلارنىڭ ئارزۇسىغىلا بېقىپ قويىدىغان، دىنىي زاتلارنىڭ ئىسىم تاللاپ بېرىشىنى كۈتۈپ ئولتۇرىدىغان كىشىلەر ئارىمىزدا تېخىچە بار ۋە باشقىلار. بۇ گەرچە بىر قارىماققا ئۇلارنىڭ شەخسىي ئىشىدەك قىلىسىمۇ، ئەمما ئۇلارمۇ ئۇيغۇر بولغان ئىكەن، بۇ شۇنداقلا ھەممىمىزنىڭ ئورتاق ئىشى. مەن كەڭ جامائەتچىلىكنىڭ بۇنداق «دەۋردىن ھالقىغان» قىلىقلارغا دىققەت نەزىرى بىلەن قارىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. بولمىغاندا مىللىتىمىز كىشىلىرىنىڭ ئىسىملىرىغا قىلىنىغان بۇنداق مەسئۇلىيەتسىزلىك فامىلىگە سۆز تاللىغان چاغلىرىمىزدا يەنە تەكرارلىنىشى مۇمكىن.

---

پايدىلانغان ماتېرىياللار:

① مۇتەللىپ سىدىق: «ئىسىم قويۇش قوللانمىسى»، 44 ـ بەتكە قاراڭ.

②⑥ ئابدۇللا مۇھەممەد ئۇمىديار: «ئىسىم ـ فامىلىشۇناسلىق ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ فامىلىسى» («تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلىنىڭ 1995 ـ يىللىق 2 ـ سان، 42 ـ بەت ۋە 41 ـ بەتلەرگە قاراڭ)

③⑤ ئىبراھىم مۇتىئى: «ئىبراھىم مۇتىئى ئىلمىي ماقالىلىرى» 404 ـ بەت ۋە 388 ـ بەتكە قاراڭ.

④ «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1992 ـ يىللىق 3 ـ سانىغا قاراڭ.

⑦ مۇتەللىپ سىدىق: «ئىسىم قويۇش قوللانمىسى» 353 ـ بەت، 390 ـ بەتكە قاراڭ. «كىشى ئىسىملىرى» («قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1996 ـ يىللىق 3 ـ سان 77 ـ 78 ـ بەتلەرگە قاراڭ.)

⑧ تاشقىن دۆلەتى: «شىنجاڭ تەزكىرىسى» ژۇرنىلىنىڭ 1996 ـ يىللىق 1 ـ سان 100 ـ بەتكە قاراڭ.

# ئەھمەد يەسسەۋىي

## ئىبراھىم ھەققۇلوۋ

مەلۇمكى، ئەھمەد يەسسەۋىي تۈركىي تەسەۋۋۇپ تەرىقىتى ۋە شېئىرىيىتىنىڭ ئاساسچىسى سۈپىتىدە دۇنياغا مەشھۇر سىما. ئەھمەد يەسسەۋىينىڭ شېئىرىي ئىجادىيىتى ئەسىرلەر مابەينىدە تۈركىي خەلقلەر تەرىپىدىن سۆيۈپ ئوقۇلۇپ كەلگەن. ئۆزبېك ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتىدا ئەھمەد يەسسەۋىي ئىجادىيىتىنىڭ غايىۋى - مەنىۋى تەسىرى بەكمۇ كۈچلۈكتۇر. ئەھمەد يەسسەۋىينىڭ تۇغۇلغان يىلى مەلۇم ئەمەس. لېكىن ئىلمىي ئەدەبىياتلاردا ئۇنىڭ ۋاپاتى 1166—1167 - يىللار دەپ بېكىتىلگەن. ئۇ سەيرەمدە شەيخ ئىبراھىم خانىدانىدا تۇغۇلغان. يەتتە يېشىدا ئاتىسىدىن ئايرىلىپ يېتىم قالغان. كېيىن ئارسلانباپ ناملىق شەخسنىڭ قولىدا تەربىيىلەنگەن. بۇ توغرىدا يەسسەۋىي ھېكمەتلىرىدە خېلى مەلۇماتلار مەۋجۇت:

يەتتە ياشتا ئارسلان بابام ئىزلەپ تاپتى
ھەرسىر كۆرۈپ پەردە بىرلە يوكىپ ياپتى.

يەنە بىر ھېكمىتىدە مۇنداق سۆزلەرمۇ ئېيتىلىدۇ:

ئىشققە قەدەم قويغانلار ھەق دىدارىن كۆرەرلەر،
مۇسا سىفەت مەشھەردە ھەقتىن سوۋال سورارلەر.
سەرمەستت بولۇپ ۋەسفىدە ھو زىكرىنى كۆرەرلەر،
ئارسلان بابام سۆزلەرىن ئىشتىڭىز تەبەرۇك.

ئۇ زامانلاردا بۇخارا ئىسلام ئىلمىنىڭ ماۋەرائۇننەھردىكى ئەڭ نوپۇزلۇق مەركەزلىرىدىن بولغان. ئۇ يەرگە تۈركىستاننىڭ تۈرلۈك تەرەپلىرىدىن تالىبى ئىلىملار يىغىلىشقان. ئەھمەد يەسسەۋىيمۇ ئىلىم تەھسىل ئۈچۈن بۇخاراغا كەلگەن. ئۇ ناۋائىي تەرىپىدىن «ئالىم ۋە ئىمامى رەببانى، ئارىفى ساھىب ئەھۋال» دەپ تەرىپلەنگەن خوجا يۈسۈپ ھەمەدانىيدىن ئەدەب - قائىدە ئۆگىنىپ، زاھىر ھەمدە باتىن ئىلىملىرىدىن ساۋاق ئالىدۇ. ئەبدۇلخالىق غىژ دوۋانىنىڭ «مەقامەتى يۈسۈپ ھەمەدانىي» رىسالىسىدىن مەلۇم بولۇشىچە، قۇرئاننى چەكسىز مۇھەببەت بىلەن تىلاۋەت قىلىش ۋە مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام دەۋەت قىلغان ئېتىقاد يوللىرىدىن يۇرۇشتە ھەمەدانىينىڭ ئۆز شاگىرتلىرىغا ئۆتكۈزگەن تەسىرى بەكمۇ ئىبرەتلىك بولغان. ھەمەدانىينىڭ پاراسەتلىك دىلى پۈتۈن مەخلۇقاتقا مۇھەببەت مىسالى بولغان. ئۇ ئىنتايىن كەمتەر زات بولۇپ پىقىرلىقنى بەكمۇ ئۇلۇغلىغان. ئۇنىڭ تۆت خەلىفەسىدىن بىرى ئەھمەد يەسسەۋى بولغان. ئۇ ئىلىمىتە ھىسلىنى تۈگىتىپ، تۈركىستانغا قايتىپ، ئۆز تەرىقىتىگە ئاساس سالغاندىن كېيىن دىن ۋە تەسەۋۋۇپ غايىلىرىنىڭ تەرغىباتى ئۈچۈن شېئىرىي شەكىلدىنمۇ پايدىلانغان. مۇرتلار زىكىر ۋاقىلىرىدا يەسسەۋى ياراتقان ھېكمەتلەرنىمۇ ياد ئوقۇشقان.

يەسسەۋى خەلق بېشىغا كۆپ قىيىنچىلىق ۋە مۇسىبەتلەر ياغقان دەۋرلەردە ياشاپ، ئىجاد قىلدى. ئۇ تۈرك ھۆكۈمرانلىرى - قاراخانىلار بىلەن قاراختايلار ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇشلار ۋە ئۇلارنىڭ دەھشەتلىك ئاقىۋەتلىرىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن. شېئىرلىرىدا بۇ پاجىئەلەرگە بولغان مۇناسىۋەتلىرىنىمۇ بىلدۈرگەن. «ناكەس، خەسىس، دىيانەتسىز» زالىملار ھاكىم بولغان جەمئىيەتتىكى شەپقەتسىزلىك ۋە مەنىۋى بۇزۇلۇشلار توغرىسىدا يەسسەۋى ئۆز ھېكمەتلىرىنىڭ بىرىدە مۇنداق دېگەن:

نە ئانىدا رەھىم قالدى، نە ئاتادا،
ئاغا، ئىنى بىر - بىرىگە ماجەرادا.
مۇسۇلمانلار دەۋا قىلۇر، ئىچەر بادە،

مەستلىغ بىلەن قەرىنداشتىن تاندى،
كۆرۈڭ.

يەسسەۋىينىڭ دۇنيا قارىشى، بىزنىڭ دەۋر كىشىلىرىنىڭكىگە نىسبەتەن باشقىچە شەكىللەنگەن. شائىرنىڭ ئىشىق، ھەقىقەت، ئادالەت، قانائەت، دىيانەت ئوخشاش مەسىلىلەرگە ياندىشىشى ئۆزگىچە يوللار بىلەن بولغانلىقىنى شۈبھىسىز. ئۇ ئۆز دەۋرى پەرزەندى سۈپىتىدە ئىسلام دىنى كۆرسەتمىلىرى ۋە ئىسلامى ئەقىدىلەرگە تايانغان. بۇنى ئۇنىڭ ئۆزىمۇ ئېتىراپ قىلغان. شائىرنىڭ ھىكمەتلىرىنىڭ بىرىدە بۇنداق قۇرلارنى ئوقۇيمىز.

خوشلەمايدور ئالىملەر بىزنى ئويغان تۇركىنى،
ئارىغلەردىن ئىشىتسەڭ، ئاچار كۆڭۈل مۈلكىنى.
ئۇيات، ھەدىس مەناسى تۈركى بولسا مۇۋاپىق،
مەنىسىگە يەتكەنلەر، يەرگە قويار بۆركىنى.

ئەرەب تىلى- ھۆكۈمران ۋە نوپۇزلۇق تىل دەپ ھېسابلانغان زامانلاردا مىللىي تىلدا ئىجاد قىلىشنىڭ ئۆزىمۇ بىر ئىلغار ئىنتىلىش ئىدى. «دىۋانى ھىكمەت» نىڭ قاچان ۋە كىم تەرىپىدىن تۈزۈلگەنلىكى ئېنىق ئەمەس. ئەڭ قەدىمكى قولىيازمىلىرى ئون يەتتىنچى ئەسىرگە مەنسۇپ. مۇئەللىپلەر ۋاپاتىدىن نەچچە يۈز يىل كېيىن ئۇلارنىڭ شېئىرلىرى خەلق ئاغزىدىن يېزىپ ئېلىنىپ، كىتابلىرى تۈرغۈزۈلۈپ، ئوقۇپ ئۆگىنىلگەن شائىرلارنىڭ ئۆتكەنلىكى كۆپچىلىككە ئايان. بەك قەدىمكى بولمىسىمۇ، يەسسەۋى ھىكمەتلىرىنىڭ قولىيازمىلىرى ھەر ھالدا ساقلانغان. بۇ ھىكمەتلەر ئىنقىلابقىچە قازان ۋە تاشكەنت شەھەرلىرىدە بىر نەچچە قېتىم نەشر قىلىنغان. يوقنى بار قىلىش چارىسىزلىقى كۆندىلەڭ بولۇپ تۇرغاندا، بارنى يوق قىلىشقا يول بېرىلمىگىنى تۈزۈك. ئەمما بۇ گەپ ئادەتتىكىچە مىراسپەرەسلىك مەزمۇنىدا چۈشىنىلمەسلىكى كېرەك. يەسسەۋى شېئىرلىرىنىڭ ھەممىسىنى جەملەپ، ئىلمىي تەھلىل ئارقىلىق ئوبيېكتىپ باھالاپ، يېڭى دەۋر ئوقۇغۇچىسىنىڭ ئىدىيىسىدىن

گورۇن ئالىدىغان تەرەپلىرىنى كۆرسىتىپ، ئاممىغا يەتكۈزۈش ئەدەبىياتشۇناسلىقنىڭ بۇرچى.

نەۋائى ئۆز رۇبائىيلىرىنىڭ بىرىدە مۇنداق دەپ يازىدۇ:

ئالەم ئىلى ئىچرە گەر گەدا، گەر شەھ ئېرۇر،
نى دەردكى، ئۇل كۆڭلى ئەرا ھەمدەھ ئېرۇر.
«قۇرئان» نى تىلاۋەت ئەتسۇن ئەرئاگەھ ئىرۇر،
ئەل كۆڭلىگە چون دەۋا كەلامۇللاھ ئېرۇر.

ئەھمەد يەسسەۋى دەل مۇشۇنداق نۇقتىئىينەزەر بىلەن ياشىغان ۋە ھىكمەتلەر ئېيتقان كىشى. يەسسەۋى ھىكمەتلىرىنىڭ ئەخلاقى، پەلسەپىۋى، ئىلاھى يىلتىزلىرى توغرىدىن - توغرا قۇرئان غايىلىرى ۋە مۇھەممەت پەيغەمبەر ھەدىسلىرىگە باغلىقتۇر. ئەھمەد يەسسەۋىي ئۈچۈن «ئون سەككىز مىڭ ئالەمگە سەرۋەر بولغان مۇھەممەد» پەيغەمبەر تەلىماتى، ئەلنى «غەرىپ بىرلە يېتىمگە» مورۇدۋەتكە چاقىرىشى، «يولدىن ئازغان گومراھ» لارغا توغرا يول كۆرسىتىشى، «راست يۇ رېگەن قولىنى» ئىنتايىن ئېزىزلىشى، «يالغانچىلار قەۋمىنى ئۇممەت» كە قوشماسلىقى ۋە ئاللاھدىن ئۆزگىگە تابىئە بولماسلىققا دەۋەت ئېتىشى بىلەن ئالەمشۇمۇل قىممەتكە ئىگە ئىدى. ئەگەر بىز مەسىلىنىڭ بۇ تەرىپىنى چۈشەنمىسەك يەسسەۋى ئىجادىيىتىنىمۇ خالىس چۈشىنەلمەيمىز. قەدىمكى تۈركى يادىكارلىقلىرىنىڭ بىرىدىن مۇنۇلارنى ئوقۇيمىز. «بىلمىگىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۈچ كەررە ئېيتتىكى، «دىن نەسىھەتتۇر.» ئەيتۇرلەر، «يارەسۇلۇللاھ، نەسىھەت نى نەرسىدۇر؟» ئېيتتى: «موسۇلمانلارغا دىنىي ئىمان يولىنى ئۆگەتمەكتۇر، تەڭرىنى بىلمەكتۇر.» ئەھمەد يەسسەۋى ھىكمەتلىرىدىمۇ ھاكىم روھ - نەسىھەت روھى. لېكىن شائىرنىڭ ھەممە پەندى - نەسىھەتلىرى بىرلا مەقسەتكە قارىتىلغان. بۇ- مۇتلەق ھەقىقەتنى بىلىش، ھەقنى سۆيۈش. چۈنكى «ھەقنى سۆيگەن ئاشىقلار» يولدىن ئېزىپ، نەپسۇ - دۇنيا ئۈچۈن ئىمان ساتارلىق

قىلمايدۇ. شائىر يازىدۇ:

توغرا يۈرگەن ئاشىقلاردىن خۇدا رازى،
ئاشىق ئىشى ئاسان ئەمەس قىلما بازى،
يالغانچىلار ئاشىق مەن دەر، ئاللاھ قازى،
ئىمانىنى پۇچەك پۇلغا ساتار ئەر مىش.

كىتابخان ئەھمەد يەسسەۋى ھېكمەتلىرىنى ئوقىغاندا ئىختىيارسىز شۇنداق خۇلاسىلارغا كېلىدۇ. خۇدا - ئىنسان بارلىقىنىڭ ئەڭ ئالىي نامايەن بولۇشى. خۇدا دىلدا ياشايدۇ. بۇ دىل ئىلاھى جازىبە پەللىسىگە يېتىشى ئۈچۈن ئاللاھنىڭ ئىنايىتى بىلەن تۇيۇپتىن يېگىلىنىشى كېرەك. مانا شۇ چاغدا قەلب دائىرىسىدىكى ئىنقىلاب سادىر بولىدۇ. بۇ - ھەقىقىي ئىشق. ئادەم ھەق ۋە ھەقىقەت دەردىدە ئۆرتىنىپ يانىشى كېرەك. شۇ ۋەزىپىنى قايسى دەرىجىدە ئورۇندىلىشىغا قاراپ ئادەمنىڭ ئادەملىكىنى بىلىش مۇمكىن. ئۇ روھەن مۇتلەق ئەركىنلىككە ئېرىشىشى، ھەر قانداق چەكلىمىلىكتىن قۇتۇلۇشى لازىم. ئەگەر ئادەمدە ئىشق بولمىسا، ھەتتا سەلتەنەت ساھىبى سۈپىتىدە داۋراڭ سالسىمۇ ئۇ يەنىلا قۇرۇق جەسەتتۇر. چۈنكى ئىشقسىزلارنىڭ «جېنىمۇ، ئىمانىمۇ يوق.» ئىشققا يەتمەكتە بۇ ئوتقا چۈشمەكتۇر.

ئىشق بالاسى باشىغا چۈشسە نالان قىلۇر،
ئەقلىنى ئالىب، بىھوش قىلىپ ھەيران قىلۇر.

ئىشق سەۋداسى - ئېغىر سەۋدا. بۇ سەۋدادىن ئاشىقنىڭ «ئۈچيۈز ئاتمىش» تومۇرىغا تىترەك ئولىشىدۇ. ئۇ كۆڭۈلنى تۈگىمەس ھەيرانلىقلارغا سالىدۇ. ئۇنى «تۈن سەھەرلەر ھەق ئويغىتىپ قان يىغلىتار، بىدار قىلىپ ئۆز ئىشقىغا دىل باغلىتار.» ئۇلۇغ يەسسەۋىي ئەنە شۇ بىدارلىقلاردىن ئىبرەت قىلىپ كۆرسەتكەن ئاشىق، ئەڭ ئالدى بىلەن روھى ۋە كۆڭلى خۇداغا تولغان شەخستۇر. ئۇنىڭ ئۈچۈن دەردسىز ئادەم، ئادەم ھېسابلانمىغىنىدەك، ئىشقسىزلارمۇ بىمىسالى ھايۋاندۇر؛ يەسسەۋى مۇنداق دەپ ئاگاھلاندۇرىدۇ:

دەردسىز ئادەم ئادەم ئىرمەس، مۇنى ئاڭلاڭ،
ئىشقسىز ئادەم ھايۋان جىنسى، مۇنى تىڭلاڭ.

ئەھمەد يەسسەۋىي ئەخلاقى پاكلىق ئۈچۈن قايغۇرغان دانىشمەن. يەسسەۋى ئىمان ئاۋازىنى ئاڭلاشقا، ھارام بىلەن ھالالنى بىلىشكە، ئاشىقلىقتا يالغان كۆرۈنۈشلەرگە بېرىلمەسلىككە، توغرىلىقنى ياقلاپ، ئەگرىلىكتىن نەپرەتلىنىشكە ئۈگىتىدۇ. ئۇ نادانلىق، باغرى تاشلىق، ياۋۇزلۇقلاردىن نالىيدۇ. ئۇ، ھەر قانداق ئىللەت ۋە قاباھەتنىڭ يىلتىزى ئادەمنىڭ ئىچىدە قۇرۇپ تۈگىشى كېرەك، ئەنە شۇ چاغدا ھېچقانداق غەيرىي ئىنسانىي مەيىل ۋە خۇلقلار ئادەملەر ئارا مۇناسىۋەتلەر تۇپرىقىدا بىخ سۈرۈپ كۆكلىمەيدۇ. بۇنىڭ ئۇلۇغ چارىسى - ئىلاھى ئىشقتۇر، دەيدۇ. چۈنكى، بىرىنچىدىن، «توغرا يۈرگەن ئاشىقلاردىن خۇدا رازى»، ئىككىنچىدىن، مۇھەببەت شەۋقىدىن خەۋەردار كىشى «ھارام مالغا» ئۆزىنى ئۇرۇشتىن ھەزەر قىلىدۇ. نىھايەت ئۇ «نەپس ئىلكىدە» خاراپ بولۇشتىن ئۆزىنى قۇتقۇزۇش تاقەتسىزلىكىدە ياشايدۇ. شۇ مەنىدىن ئېيتقاندا «مۇھەببەتسىز خالايىقتىن قاچقان ئاشىق» ھەتتا دوستىدىن ئاجرالغاندىمۇ ھېچ نېمىنى يوقاتمايدۇ. بەلكى يۈكسەك روھ ئىختىراسىدىن مەھرۇم ئاجىز دوستىدىن كۆرە ئىشەنچلىك ۋە قۇدرەتلىك دوستقا قەلبەن قاتتىقراق باغلىنىدۇ. بۇنداق يۈرەك تەبىئىي ھالدا غەپلەت ۋە ئىللەتلەردىن دائىمى تازىلىنىۋېرىدۇ. بۇ چۈشەنچىلەر بولسا ھەر بىر سوپى ئىجادكارنىڭ ئەقلىي مىزانىدۇر. «ئېتىقادىڭنى كۈندۈلۈك تۇرمۇش تەشۋىشلىرىدىن يۈكسەك تۇت. بىر مەزگىللىك ياكى ئۆتكۈنچى لەززەت - پاراغەتلەرگە ئىلاھى ھېسلىرىڭنى قۇربان قىلما!» - دەيدۇ سوپى شائىر.

خۇداغا مۇھەببەت، ئاخىرقى نەپسىگىچە شۇ سۆيگۈ غېمى بىلەن كۈن كەچۈرۈش، تەۋبە - ئىستىغپار، سەبرە - تاقەت، مەنىۋى شىجائەت، يالغۇزلۇقتىكى خىيال ۋە تەسەۋۋۇر كامالىتى، توغرىلىق ۋە سەمىمىيەت، نەپسنى يېڭىش، پەقىرو پانا - بولار تەسەۋۋۇپتىكى ئەڭ مۇھىم تەلەپلەردۇر. ئەھمەد يەسسەۋىي ھېكمەتلىرىنىڭ

ماۋزۇ مۇندەرىجىسى خۇددى شۇ غايە ۋە مەسىلىلەر تەلقىنىدىن. تەركىب تاپقاندۇر. ھەقىقى ئاشىقلارنىڭ پۈتۈن ـ دىققەت ئېتىبارى مۇقەددەس روھقا قارىتىلغان. ئۇلار پەقەت خۇدانىڭ ئىشقىدىلا تەن ئالىدۇ.

بۇنداق مۇھەببەت ئادەمدىن پەۋقۇلئادە كۆڭلى پاكلىق ۋە نەپس ئېھتىياجلىرىدىن ئازاد بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. مىستىك ئاشىقنىڭ ئالاھىدە ئىبرەتلىك خۇسۇسىيىتى ـ ئۆز ـ ئۆزىگە بولغان مۇرەسسەسىزلىكى. ئۇنىڭچە شۇملۇق ۋە گۇناھلارنى يېيىش ئىشقتا خىيانەتتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ «ئىشىق يولىدا جان بېرىش»نى شەرەپ بىلىپ، مەنىۋى ـ روھى پاكلىنىشنىڭ جاپا ـ مۇشەققەتلىرىنى يەلكىسىگە ئېلىشى شەرت. بۇ ھەقتە يەسسەۋىي مۇنداق نەسىھەت قىلىدۇ:

جەپا چېكمەي ئاشىق بولماس، تىڭلا غاپىل،
جەپا چېكىپ سابىد بولغان بولماس جاھىل.

دېمەك جاپا چېكىپ ئاشىقلىقتا يېتىشىش، بىرىنچىدىن، غاپىللىقنى ھايدايدۇ. ئىككىنچىدىن، جاھىللىققا يول قويمايدۇ. غەپلەتتىن قېچىش ـ پائال تەسەۋۋۇرلارغا كەڭ يول ئاچىدۇ. بۇ ئارقىلىق ئىلاھى ماھىيەت ئاختۇرۇلىدۇ. تەبىئىكى ماھىيەت ئىزدەۋاتقان شەخس ئەتراپ ـ مۇھىتتا سادىر بولۇۋاتقان ۋاقىئە ـ ھادىسىلەرگە بىپەرۋا قارالمايدۇ. ئەگەر دىققەت بىلەن مۇھاكىمە يۈرگۈزسەك، يەسسەۋىينىڭ دىنىي ـ ئەخلاقىي پەلسەپىسىدە دۇنيادىن يۈز ئۆرۈش كەيپىياتىنىڭ يوق ئىكەنلىكىنى سېزىمىز. ئۇنىڭدا بارى پەقەت يامانلىق، جاھالەت، نادانلىق، دۇنياپەرەسلىك ئىللەتلىرىگە كۈچ بەرگەن ۋاپاسىز دۇنيانى قەلبىتىن ھەيدەپ چىقىرىشقا بولغان دەۋەتتىنلا ئىبارەت. شۇڭا شائىر سۆزلىرى «ناھەق دەۋا قىلغان» قازى، ئىماملار، «ھارام يېگەن ھاكىملار»، «دۇنيا مېنىڭ» دەپ «جاھان مالىنى» يىغقان پارىخور ئەمەلدارلار، «ئاقنى قارا قىلغان» موللا ۋە مودەررىسلەر، ئەلنىڭ يەلكىسىگە مىنىپ ئېلىپ، «تاتلىق ـ تاتلىق» يەپ، «تۇرلۇك ـ تۇرلۇك» كىيگەن پۇلدار ـ بايلارغا قارشى كۆڭۈلدە نەپرەت ئويغىتىدۇ. بۇ پىكىرلەردىن «يەسسەۋى مەزلۇملار تەرىپىدە تۇرۇپ پىكىرەن كۆرەش قىلغان شائىر بولغان ئىكەن» دېگەن خۇلاسە چىقىرىلماسلىقى كېرەك. ئۇ، گەرچە «يېتىملار بۇ جاھاندا خار ئىكەندۇر، غەرىپلەرنى ئىشى دوشۋار ئىكەندۇر» ئوخشاش مىسرالىرىدا «كۆڭلى قاتتىق خەلايىق»نى شەپقەتكە ۋە غېرىپ، يېتىم مەزلۇملارغا ئازار يەتكۈزمەسلىككە چاقىرغان بولسىمۇ، فېئودال جەمئىيەت ۋەكىللىرى قول ئاستىدا ئېزىلگەن مېھنەتكەشلەرنىڭ ھەق ـ ھوقۇقلىرى ئۈچۈن كۆرەشنى ئۆز ئالدىغا غايىۋى مەقسەت قىلىپ قويمىغان. ئەھمەد يەسسەۋىي ئۆزى بىلەن ئۆزى كۆرەش قىلغۇچىلارنىڭ مۇناسىپ ئىجادكارى سۈپىتىدە بەكمۇ ئېتىبارلىق سىما. ئۇ ئادەمگە ئۆز ـ ئۆزىنى كەچۈرمەسلىك سىرلىرىنى ئۆگىتىدۇ. شائىر ئۆز قەلبىنىڭ ئەڭ چوڭقۇر جايلىرىغا نەزەر تاشلاشنى تەرغىب قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۇنىڭ ئەخلاقى ئېتىرازىدا شەخسنىڭ مەنىۋى ئىلاھى كامالىتىگە توسقۇن بولىدىغان سەلبى خۇسۇسىيەتلەر تەھلىلى ئىزچىل داۋاملىشىپ كەلگەن. ئەھمەد يەسسەۋىيدىكى سەممىيەت ـ ئاشكارىلىقتا. ئۇنىڭ بۇ ئاشكارىلىق تەلەپلىرىگە چىداش بەزىدە ناھايىتى مۇشكۈل، بۇنى ئۈمىدسىزلىك دەپ چۈشىنىش مۇمكىن ئەمەس. يەسسەۋىي ھېكمەتلىرىدە ئۈمىدسىزلىك ئەمەس، غەمكىنلىك؛ مەرىپەتلىك روھنى سۆيىدىغان دەرت ۋە پەريات باركى، ئۇلار ئىنسانىنىڭ ھېسسىي پاجىئەلىرىنى يورۇنراق چۈشىنىشكە خىزمەت قىلىدۇ.

ئالىملارنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا قارىغاندا، گۇناھ مەسىلىسىگە نەزەر ئاغدۇرمىغان، گۇناھنى بىلىش ۋە ئۇنىڭدىن خالاس بولۇش يوللىرىنى كۆرسەتمىگەن بىرەرمۇ دىن يوق ئىكەن. ئىسلام دىنى بويىچە گۇناھنىڭ دەسلەپكىسى ئەخلاق قائىدىلىرىدىن چېكىنىش، ئىمان ۋە دىيانەتكە خىلاپ ئىش تۇتۇشتۇر. شۇ مەنىلەردە گۇناھ ـ ئەخلاقتىكى زەئىپلىشىش، گۇناھكارلىق قانۇنىي شەكىلدە ئادەمنىڭ ئۆزىگە نىسبەتەن نەپرەت پەيدا قىلىدۇ ۋە شۇنداقلا نەپرەت گۇناھتىن قۇتقۇزىدۇ. ھەتتا بەزى خىرىستىيان ۋە نەسرانى مىستىكلىرى گۇناھنى ئىزگۈلىكنىڭ زەرۇرى ۋاستىلىرىدىن بىرى دەپ ھېسابلايدۇ. ئۇلارنىڭ تەلىم بېرىشىچە،

ئادەم گۇناھ قىلىپ، كېيىن گۇناھىنى ئېنىق چۈشىنىپ، ئۇنى بىر تەرەپ قىلىشتا قورقماستىن ھەرىكەت قىلالىسا كامىل ئىنسانغا ئايلىنالايدۇ. گۇناھنى ئىقرار قىلىش ـ پاكلىنىش دېمەكتۇر. لېكىن گۇناھكارلىق يالغۇز ئۆز ئەيىپلىرىنى ئىقرار قىلىشلا ئەمەس، بەلكى ماھىيەتنى چۈشىنىپ، ھەقىقەتنىڭ مۇقەددەس قۇلۇپىغا ئاچقۇچ سېلىشتۇر. گۇناھ ھېسسىياتلىرىنى يېڭىش ـ ئەھمەد يەسسەۋىي ھېكمەتلىرىدە نەپسنى يېڭىش بىلەن بىللە تەلقىن قىلىنىدۇ. تەسەۋۋۇپقا دائىر كىتابلاردا كۆرسىتىلگىنىدەك، نەپسكە قارشى كۈرەش نەپس ئەل ـ ئەممارەنى زەبۇن قىلىشتىن باشلىنىدۇ. چۈنكى، ئۇ كىشىنى زوراۋانلىق، موناپىقلىق، ئىشرەتپەرەسلىك، ئاداۋەت، نادانلىق، يۈزسىزلىككە ئۈندەيدىغان نەپسانىي قۇۋۋەتتۇر. نەپس ئەل ـ ئەممارە بىلەن كۈرەش كۆڭۈلنى يېڭى پەللىگە كۆتىرىدۇ. بۇ ـ نەپس ئەل لەۋۋامەدۇر. ئۇنىڭ ئاساسىي خۇسۇسىيەتلىرى ئۇنى كايىماق، تەنە ـ نادامەت قىلماق، ئىككى يۈزلىمىلىك قىلماسلىقنى ئويلاش، قىسقىسى، ئەخلاق ۋە ئەدەبتە مەلۇم بىر قائىدىگە رىئايە قىلىش ۋە ھەددىدىن ئاشماسلىقتۇر. نۆۋەتتىكى باسقۇچ نەپس ئەل مۇلھەمە. مۇلھەمە ـ ئىلھاملىق، ئىلھاملانغان دېمەكتۇر. «ئىلھام دېگەندە كىشىگە بىرەر سىرلىق ھادىسىنىڭ تۇساتتىن ئايان بولۇشى مەلۇم بولىدۇ، ـ دەيدۇ پروفېسسور ئا. روستەموۋ، ـ «نەپس ـ ئى مۇلھەمە» دېگەندە بولسا تۇرلۇك جازىبىلىك ئىستەكلەرنى ئويغاتقۇچى كۈچ نامايەن بولىدۇ. بۇنداق نەپس ئىگىلىرىگە ھاياجان، ئىجاد، پىدايىلىق، گۈزەللىك ۋە سەنئەتنى سۆيۈش خىسلەتلىرى خاستۇر.» تۆتىنچى باسقۇچ نەپس ئەل ـ مۇتمەئىننا دەپ ئاتىلىدۇ. سەبىر، تەۋەككۇل، تەقدىردىن رازىلىق، مىننەتدارلىق، ئىشەنچ، خاتىرجەملىك ئۇنىڭ ئاساسىي سۈپەتلىرى. نەپس ئەل ـ رازىيە بولسا ئاللاھ ئۈچۈن ھەممىسىدىن كېچىپ، ھەق جامالىنى گۈزەللىكلىرىدىن ھوزۇرلىنىشنى شەرت قىلىپ قويىدۇ.

نەپسى ئەل ـ مەدھىيەدە نازۇك مىجەزلىك، خەلق ياراتقان ھەممە نەرسىلەرگە مېھىر، روھىي يورۇقلۇق ئادىتى تولۇپ نەرسىگە ئايلىنىدۇ. ئىشىق چىراي ئاچىدۇ. بۇ باسقۇچتا قەلبىنىڭ پۈتۈن ھەرىكەتلىرىنى ئاللاھ باشقۇرىدۇ. خەلقدىن ھەققە قاراپ تەلپۈنگەن كۆڭۈل، ھەقتىن خەلققە مېھرى ـ شەپقەت نۇرلىرىنى ئېلىپ قايتىدۇ. نىھايەت ئاخىرقى باسقۇچ ـ نەپس ئەل ـ كامىلەگە يەتكەندە، يۈرەك ھەممە ئىلاھى سۈپەتلەرنى ئۆزىدە مۇجەسسەملەشتۈرۈپ كامىللىشىدۇر. ئەھمەد يەسسەۋى نەپسكە قارشى جەڭگە چاقىرغاندا، ئەنە شۇ «مەنزىل» ۋە ماھىيەتكە ئېرىشىشنى ئېتىبارغا ئالغان. ئۇنىڭ تەرىپىچە، نەپس «يەبان قوشتەك قولغا قونماس» بىر نەرسە. بۇ «قۇش» ئۆز خاھىشىچە پەرۋاز قىلىۋەرسە ئادەمنى كۆنسايىن ھاللىقتىن يىراقلاشتۇرۇۋېرىدۇ. ئاقىۋەتتە بولسا مۇنۇ قۇرلاردىكى ئەھۋال يۈز بېرىدۇ:

نەپسى يولىغا كىرگەن كىشى رىسۋا بولۇر،
يولدىن ئېزىپ، تېيىپ، توزۇپ گۇمراھ بولۇر،
ياتسە ـ تۇرسا شەيتان بىلەن ھەمراھ بولۇر.

شائىر نەپس نەندىلىرىگە قارىتىپ، نەپسىڭنى يېغ ۋە ئۇنى يوقات، دەپ موراجىئەت قىلىدۇ، ۋە يازىدۇ:

نەپسىم مېنى يولدىن ئۆرۈپ خار ئەيلىدى،
تىرمولتىرىپ خەلققە مەنى زار ئەيلەدى.

قىسقىسى يەسسەۋىينىڭ خۇلاسىسىلىرى شۇكى، نەپس ـ يوشۇرۇن، لېكىن ناھايىتى چوڭ دۈشمەن. ئۇ ئىنساننىڭ پۈتۈنلىكىنى پارچىلايدۇ. ئۇنىڭ ۋەسۋەسىسىدىن مەنىۋى ئاسايىشلىقلار بەرھەم تاپىدۇ.

يەسسەۋىيدە «ئاللاھ دەردى سانقۇ ئەرمەس، ساتىپ ئالسالڭ» دېگەن مىسرا بار. ئۇ «ئاللاھ دەردى» نى ئىشىق ئوتلىرىغا دىلىنى يېقىش، پاكلىنىش ئازابى، تاما، يالغان، مىكىر، مەنسەپ ۋە بايلىق خىرىسلىرىغا قۇل بولماسلىق دەپ چۈشەنگەن.

كۆزۈم نەملىك، دىلىم غەملىك، مەن ئەلەملىك،
نىچۈك ئىلاج ئەيلەر نىنى بىلمام، دوستلار.
بۇ ھەسرەتتە، نادامەتتە ياشىم ئاقىپ،

قايۇ تەرەپ كېتەرىمنى بىلمام دوستلار.

شائىر بۇنداق ئىمكانسىزلىق ھالەتلىرىنى بەكمۇ قەدىرلەيدۇ. چۈنكى ئۇ ھەسرەت ۋە نادامەتتە قانچىلىك كۆپ ئۆرتەنسە، قانچىلىك كۆپ ھەيرانلىققا چۆمسە، «ئىشق سىرى»نى شۇنچە چوڭقۇر ئىدراك قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈچۈن «ئىشق سىرى» مانا مۇنداق ماھىيەتكىمۇ ئىگە: ئىنسان ھەقىقەت ئالدىدا تىك تۇرۇپ، ئاللاھ ئالدىدا يۈزىنى يورۇق قىلغاندەك، ھەر بىر كىشى ئۆزلىكى قارشىسىدىمۇ قامىتىنى پۈكمەسلىكى كېرەك. لېكىن بۇ ئاسان ئىش ئەمەس. بەلكى شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ يەسسەۋى تەقدىرنىڭ قاراڭغۇ ۋە تۇمانلىق ئاسمانلىرىغا غەمكىن نىگاھ تاشلىغاندۇر. شۇنداقلا ئاسماندا يورۇق يۇلتۇز كۆرمىگەندەك، ئەتراپىدىمۇ بىرەر كامىل ئىنساننى ئۇچراتمىغاندۇ. ئۇنىڭ «دانا تاپماي، يەر ئاستىغا كىردىم، مانا» دېيىشى زادى ئاساسسىز بولمىغان.

ئاكادېمىك ئا. ئى. كىرىمسكى تۈركىي خەلقلەرنىڭ سوپىلىق غايىلىرىغا بولغان ئېتىبارى توغرىسىدا پىكىر قىلىپ، ئەھمەد يەسسەۋىي ئىجادىيىتىنى شۇ قىزىقىشنىڭ ئېھتىياجى مەھسۇلى سۈپىتىدە باھالىغان. يەسسەۋىي تۈركىي ئەدەبىياتتىكى دەسلەپكى مىستىك ئىجادكارلاردىن. ئۇنىڭ مۇشاھىرە ۋە ھەقىقەت يوللىرى مىستىك مايىللىققا ئىگە. لېكىن ئۇ بۇ يۆنىلىشنى ئۆزى كەشىپ قىلغىنى يوق. بەلكى ئەرەب ۋە پارسلاردىكى تەسەۋۋۇپ ئەدەبىياتى تەجرىبىلىرىگە تايىنىپ ياراتقان. تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئاغزاكى ئىجادىيىتىدە يارىتىلغان دىنىي قوشاقلاردىن ئىلھاملانغان. يەسسەۋىي ھېكمەتلىرىنىڭ ۋەزنى خەلق شېئىرىيىتىدىن ئۆزلەشتۈرۈلۈپ، پوئېتىك ئوبرازلارنىڭ كۆپچىلىكى ئاغزاكى ئەدەبىياتتىن ئېلىنغان. بىراق يەسسەۋىي ئىجادىيىتىنى مىستىسىزم تارىخى، تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسى، بولۇپمۇ شەرق تەسەۋۋۇپ شېئىرىيىتىنىڭ پوئېتىك ئوبرازلار سىستېمىسىدىن ئايرىپ توغرا چۈشىنىشمۇ، ئادىل باھالاشمۇ مۇمكىن ئەمەس. بۇ مەسىلىدە بىزنىڭ ئەدەبىياتشۇناسلىقىمىزدا قانداق نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى؟ ئاساسەن ئەھمەد يەسسەۋىي «ئىنتايىن رېئاكسىئون شائىر» دەپ قارىلىنىپ كېلىنىدى. توغرا، يەسسەۋىي ھېكمەتلىرىنىڭ ۋە ئۇنىڭ غايىلىرىنىڭ خەلقچىللىقىنى تەستىقلىغۇچى ئايرىم ماقالىلارمۇ ئېلان قىلىنىدى. بۇلار مەرھۇم ئالىم ئىبرگەش روستەموۋنىڭ «ئەھمەد يەسسەۋى ھېكمەتلىرىدە تارىخ ۋە ھايات ساداسى» ۋە «ئەھمەد يەسسەۋىي» ناملىق ماقالىلىرى ئىدى.

«ئۆزبېك تىلى ۋە ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ 1973 ـ يىل 3 ـ سانىدا بېسىلغان «ئەدەبىياتشۇناسلىق پەنىنىڭ پارتىيىۋىلىكى ۋە غايىۋىلىكى ئۈچۈن» دەپ ناملانغان ماقالىدا ئىبرگەش روستەموۋ، يەسسەۋى ئىجادىنى ئوچۇقتىن ـ ئوچۇق ئىدېئاللاشتۇرۇشقا «يول قويغىنى» ئۈچۈن تەنقىدچى سۈپىتىدە ئەيىبلەندى. «... يەسسەۋىي ھېكمەتلىرىگە خاس ئاساسىي خۇسۇسىيەت، دېيىلىدۇ، ئۇ ماقالىدا، ـ ئىلاھىيەتكە چېكىنىش، رېئال ھايات مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىشتىن قېچىش، كىشىلەر كۆڭلىنى بۇ دۇنيادىكى ھاياتتىن سوۋۇتۇش، ئۇ دۇنيا ھەققىدىكى دىنىي تەسەۋۋۇرلار بىلەن ئالداشتىن ئىبارەتتۇر. شائىر ئۆز ھېكمەتلىرىدە ئاساسەن دىنىي ـ مىستىك ئوبرازلار ئالىمىدە ياشاپ، مۇھەممەدنى، ئۇنىڭ ياردەمچىلىرى خەلىپىلەرنى، مىستىكلارنى كۆكلەرگە ئۇچۇرۇپ تەرىپلەيدۇ ۋە ئىدېئاللاشتۇرىدۇ. ئىبرگەش روستەموۋ بولسا ئەنە شۇنداق شېئىرلارنىمۇ ئىجابىي باھالاپ، ئۇنىڭ ھەقىقىي مەزمۇنىنى يوشۇرۇشقا ھەرىكەت قىلىدۇ.» مانا، سىزگە «ھەقىقىي ئىلىم ئەھلى بولغان ئەللامە»لەرنىڭ پىكرى ۋە ئۇلارنىڭ ئۇلۇغ يەسسەۋىگە بولغان مۇناسىۋىتى. «ئىلاھىيەتكە قايتىش» توغرىسىدا ئىلاھىيەتنى چۈشىنىدىغان ئادەم گەپ قىلغىنىدا ئىدى، يەسسەۋىيگە مۇنداق ھاقارەت تېشى ئېتىشتىن ئۆزىنى بىرئاز بولسىمۇ تارتقان بولار ئىدى. ئىلىمنىڭ كۈچى شۇنىڭدىكى ئۇ ئالغا سۈرگەن پىكىر ۋە كۆز قاراشلىرىنى ئىسپاتلايدۇ. ئىسپاتلاشتا بولسا دەلىل ۋە تەھلىلگە تايىنىدۇ. يەسسەۋىيگە ماختاشنىڭ كېرىكى يوق، ئۇنىڭ ئىجادىيىتىدىكى زىددىيەتلەرنى تەھلىل قىلىش بىزدىن مەسئۇلىيەت ۋە مەرىپەتنى تەلەپ قىلىدۇ. مەرىپىتى تېيىز بولغان ئالىملىق زالىملىقتىن

يامان. چۈنكى ئۇ ئادەملەرنىڭ ئىشەنچىسىدىن پايدىلىنىپ، ئاقنى بىمالال قارا دەپ ۋەكالەت بېرىۋېرىدۇ.

ئەھمەد يەسسەۋى «رېئاكسىئون ـ فېئودال تائىپىنىڭ دۇنيا قارىشىنى ئىپادىلىگەن، دىن نىقابىدا تەركىدۇنياچىلىقنى تەرغىپ قىلغان، مەزلۇم ئاممىنى زالىملارغا باش ئېگىشكە چاقىرغان تەرىقەتنىڭ ئاساسچىسى» سۈپىتىدە ئەدەبىياتشۇناسلىقىمىزدا كەسكىن ۋە ئىزچىل ئەيىبلىنىپ كەلدى.

ئاكادېمىك ئى. مۇمىنوۋنىڭ ھۆكمى خۇلاسىسىغا قارىغاندا «يەسسەۋىي مەكتىپىنىڭ مىستىك تەلىماتى مېھنەتكەشلەرنى سىنىپىي كۈرەشتىن چالغىتتى ۋە شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ زالىملارغا قارشى كۈرەشكە توسقۇنلۇق قىلدى… يەسسەۋىچىلىك ماۋەرا ئۇننەھىر خەلقلىرىنىڭ كۆچمەن چىڭگىزخان ھۇجۇمىغا قارشى سەپەرۋەر قىلىشقا سەلبىي تەسىر كۆرسەتتى.»

ئاكادېمىك ۋ. زاھىدوۋنىڭ پىكرىچە «ئەھمەد يەسسەۋىي غەزالىگە ئوخشاش ئۆتۈپ كەتكەن مىستىك سوپىزىم بىلەن ئىسلام دىنىنى بىرلەشتۈرۈشكە ئۇرۇنغان جاھىل كېلىشتۈرگۈچىدۇر.» ئورنى كەلگەندە مۇنداق بىر ھەقىقەتنى ئەسلىتىپ ئۆتەيلى: ئەسرىمىزنىڭ بۈيۈك مۇتەپەككۇر سەنئەتكارى خەلىل جەبران مۇنداق يازىدۇ: «غەرب شەرقشۇناسلىرى ۋە ئالىملىرى ئەل ـ غەززالى توغرىسىدا تولۇق رەۋىشتە يۈكسەك بىر پىكىردە تۇرماقتا. ئۇلار ئۇنى شەرقنىڭ ئەڭ دەسلەپكى پەيلاسوپلىرىدىن ھېسابلاپ، ئىبنى سىنا ۋە ئىبنى رۇشد بىلەن بىر قاتارغا قويىدۇ. شەرققە قارىغاندا غەربتە غەززالى ھەققىدىكى ماتېرىياللار بىر نەچچە ھەسسە كۆپ.» بۇ ـ غەززالىنىڭ ۋارىسلىرى بولغان ئەرەبلەردىكى ئەھۋال، بىزدە غەززالى ئەسەرلىرىنى ئەسلى ئارگىنالدىن ئوقۇپ، سىستېمىلىق تەتقىق قىلىش تېخى قولغا ئېلىنمىغان. شۇنداق ئىكەن، ئۇنىڭ تەلىماتى ۋە ئەسەرلىرى ئۈستىدىن قانداق قىلىپ مۇنداق قەتئىي ھۆكۈم چىقىرىش مۇمكىن؟ بۇ قايسى ئىلمىي ھەقىقەتكە توغرا كېلىدۇ؟ دېمەك، يەسسەۋىنى غەززالىغا قىياس قىلىپ ئەيىبلەش ھەقىقىي ئىلمىي ئىش ئەمەس. ئەگەر غەززالى مىراسى تولۇق ئۆگىنىلگەندە ئىدى، يەسسەۋىي ئىجادىيىتىگە دائىر يۈززەكى ۋە ناتوغرا باھالارغا ئاللىقاچان چەك قويۇلغان بولار ئىدى. يەسسەۋىي «مېھنەتكەش ئاممىنى ئېكسپىلاتاتورلارغا قۇللارچە ئىتائەت قىلىشقا، ھەر قانداق جەۋر ـ زۇلۇمغا كۆنۈپ شۈكۈر قىلىشقا» ئۆگەتمەيدۇ. ئەجەبا، نادانلىق ۋە جاھالەت دەستىدىن قانلار يۇتقان بۈيۈك بىر سىما، ئۆز نەسىھەتلىرىنى «نادانلىق ۋە جاھالەتنى تەرغىپ قىلىشقا» قاراتقان بولسا؟ بۇنداق كەسكىن ئەيىبنامىلار ئۇنىڭغا قانداق توقۇلغان؟ يەسسەۋىينىڭ شەخسىيىتى ۋە ئىجادىيىتىگە ئائىت تەنقىدلەردىكى ئومۇمىي زەئىپلىكلەر ئالدى بىلەن دەلىل تاللاشتىكى ئورتاقلىقتىن باشلانغان. مانا، بىز دەۋاتقان ئەشۇ يەسسەۋىي شۇناسلارنىڭ ئورتاق دىققىتىنى قايتا ـ قايتا ئۆزىگە جەلب قىلغان ئەشۇ شېئىرىي دەلىللەرنىڭ ئەڭ خاراكتېرلىكى:

زالىم ئەگەر جەفا قىلسا ئاللا دېگىل،
ئىلكىڭ ئاچىپ، زارىي قىلىپ، بويىن سۇنغىل.
ھەق دادىڭغە يەتمەس بولسا گىلە قىلغىل،
ھەقدىن ئىشىتىپ بۇ سۆزلەرنى ئەيدىم مەنا.

ئىنقىلاب ئەرپىسىدە بىرەر شائىر شۇنداق قۇرلارنى يازغان بولسا، ئېتىراز بىلدۈرۈپ «نېمىشكە ئادەملەرنى زۇلۇمغا چىداشقا چاقىرىسەن؟ ناھەقلىققە قارشى كۈرەش قىلماسلىق سېنىڭچە شەرەپلىك ئىشمۇ؟» دەپ ئۇنى ئەيىبلىسەك بولار ئىدى. لېكىن ئۇ شۇ چاغدىمۇ ئادالەتلىك تەنقىد ھېسابلانمايتتى. نېمىشكە؟ جاۋابىغا ئالدىرىماڭ.

يەسسەۋىي دەۋرى بىلەن بىزنىڭ ئەسرىمىزنى سەككىز يۈز يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت ۋە تارىخىي مۇساپە ئايرىپ تۇرۇپتۇ. يەسسەۋىي ئۆز جەمئىيىتىنىڭ پەرزەندى. ئۇنىڭ دۇنيا قارىشىنى شەكىللەندۈرگەن مۇھىت تەلەپلىرى ۋە ئەخلاقى، پەلسەپىۋى، دىنىي چۈشەنچىلەرنى ھېسابقا ئالماستىن ئۇنى تەنقىد قىلىش ھوقۇقى ھېچكىمگە بېرىلمىگەن. مەيلى خالايلى، مەيلى خالىمايلى، يەسسەۋىي ئىسلام دىنىغا سادىق ياشىغان، خۇداغا

سىغىنغان، مۇھەممەد پەيغەمبەرنى ئىززەتلىگەن ۋە قەدىرلىگەن. بىراق بۇلار ئۆتمۈش. نېمىكى ئۆتۈپ كەتكەن بولسا ئۇ تارىخ. تارىخنى بولسا ئۆزگەرتىپ بولمايدۇ.

توغرا، يەسسەۋىي كىشىلەرنى خۇداغا سىغىنىشقا چاقىرغان. ئويلاپ كۆرەيلى، ئۆتمۈشتە ياشاپ ئىجاد قىلغان شەرقنىڭ قايسى بىر ئۇلۇغ شائىرى كىشىلەرنى خۇداغا سىغىنماسلىققا چاقىرغان؟ ھاپىزمۇ، يا سەئىدىمۇ؟ ناۋائىمۇ يا بابۇرمۇ؟ يەسسەۋىي شېئىرلىرىدا «زالىمغا قارشى باش كۆتەرمە» دېگەن پىكىر يوق. بەلكى زالىمنى يېڭىشكە بولغان ئىشەنچ ۋە دەۋەت بار. «ھەقدىن ئىشتىپ بۇ سۆزلەرنى ئەيدىم مەنا» ،- دەيدۇ ئۇ. بۇ ئادەتتىكىچە ئىبتىراپ ئەمەس. «ھەقدىن ئىشتىپ» دېگىنى قۇرئانغا ئىشارە. دېمەك، ئۇ ھېكمەتتىكى غايىنى قۇرئاندىن ئۆزلەشتۈرگەن. ئەپسۇسلىنارلىقى شۇنىڭدىكى، بىزنىڭ ھېلىقى ئالىملىرىمىز «بويۇن سۇنغىل» ئىبارىسىنى يارانقانغا ئەمەس، بەلكى زالىمغا «بويۇن ئەگ» دېگەن مەنىدە چۈشىنىپ، شۇ بويىچە ئىزاھلىغان. ھالبۇكى بىرىنچى ئىككى مىسرادىكى مەنتىق مۇنداق: «زالىم ئەگەر جاپا قىلسا ئاللا دېگىل. مۇناجەتلەر ئوقۇپ ئۇنىڭدىن مەدەت ۋە قۇۋۋەت تىلە. يالغۇز ھەقتىلا بويۇنۇڭنى ئەگ» ئۇ بېيىتتىكى پىكىر ئەنە شۇنداق چۈشىنىلىشى ۋە شەرھىلىنىشى كېرەك.

«خۇدانىڭ قوللىشى، بۇ- بىر غەلىبە. بۇ ئەقىدە بىلەن مۇسۇلمانلارنى خۇشال قىل!» ، «خۇدا ئەڭ ئىشەنچلىك خالاسكار» ، «ئاللانىڭ ياردىمى بولغىنى ئۈچۈن غەلىبە مۇقەررەردۇر.» ، بۇلار قۇرئاننىڭ كەلىمىلىرى. مۇھەممەد فۇزۇلىي «تەڭرى ئادىلدۇر، ئۇ شۇنچىلىك بۇرۇچلۇقكى، زالىمنى ھامان جازالايدۇ.» دەپ يازىدۇ. بۇنداق ئەقىدىلەرگە يەسسەۋىي ئىشەنچسىزلىك كۆرستەرمىدى؟ ئۇنىڭ ئۈچۈن قۇرئان دۇنيانىڭ بىرىنچى باش كىتابى ھېسابلانغان. ئۇنىڭ ئېتىقادىدا بۇ كىتاب خەلقنىڭ «ئارقانى» (ئارغامچىسى) دەك گەپ. شۇ ئارقانغا ئېسىلىپ يۇكسەكلىككە تەلپۈنگەن كىشى ئاخىرقى ھېسابتا زالىمنىڭ ئارقانغا ئېسىلىدۇ.

شۇڭا ئۇ «زالىم ئەگەر جاپا قىلسا ئاللا دېگىل» دەپ كۆرسەتمە بەرگەن.

خوش، زالىم مەزلۇم بېشىدا قىلىچىنى يالاڭاچلاپ تۇرسىمۇ ئۇ «ئاللا» دېيىشتىن نېرى ئۆتمەسلىكى كېرەكمۇ؟ كۆرۈشتىن چېكىنىش ئەمەسمۇ بۇ؟ زالىمغا نىسبەتەن رايىشلىق كۆرسىتىش بۇنىڭدىن ئارتۇق بولامدۇ؟ يەسسەۋىي ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى كلاسسىكلىرىمىزنىڭ ئېتىقاد ۋە دۇنيا قارىشىنى ھېسابقا ئالساق ئۇ چېكىنىشمۇ، رايىشلىقمۇ ئەمەس. رىۋايەت قىلىنىشىچە، مۇسا پەيغەمبەر فىرئاۋن قەۋمىدىن قېچىپ يالغۇز، بىچارە ھالدا قالغاندا «پەرۋەردىگار، يالغۇزمەن، خەستىمەن، بىچارە-مەن.» دەپ زارلىنىپتۇ. شۇ چاغدا ئۇنىڭغا غايىپتىن شۇنداق ۋەھى كەلگەن ئىمىش: «ئەي، مۇسا، مەندەك دوستى بولمىغان يالغۇزدۇر. مەندەك تىۋىبى بولمىغان ئادەم خەستىمدۇر. مەن بىلەن ئالاقىسى بولمىغان بەندە ئاجىز ۋە چارىسىزدۇر.» يەسسەۋىينىڭ زامانداشلىرى خۇدانى ئەڭ ۋاپادار دوست، بارچە مۈشكۈللۈكلەر-دىن قۇتقۇزغۇچى نىجاتكار دەپ بىلىشكەن. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارنى ئەيىبلەش گۇمراھلىق بولىدۇ، ئەلۋەتتە. ناۋائىمۇ يەسسەۋىيگە ئىزداشلىق قىلىپ، مەخلۇقتىن يەنى يارىتىلغاندىن ئەمەس، بەلكى خالىق يەنى خۇدادىن مەدەت، نىجات تىلەشنى تەرغىپ قىلغان:

ھېچ ئىش ئۆلمەس ئەيرو خالىق ئەمرىدىن،
ئىلتىجا مەخلۇققە كىلتۇرمە كۆپ.

«زالىم ئەگەر جاپا قىلسا ئاللا» دېيىشنىڭ باشقا تەرىپىنىمۇ ئىزاھلاپ ئۆتەيلى. زالىملار جەبىر- جاپا ۋە ئادالەتسىزلىكلەرنى كۆپەيتكەنسېرى خورلانغان ئاممىنىڭ ئەھۋالى شۇنچە ئېغىرلىشىپ بارىدۇ. بۇ- تەبىئىي. بىراق ئەلشىر ناۋائى ئېيتماقچىكى مەزلۇملار چەككەن ئازاپلارمۇ زايا كەتمەيدۇ. زۇلۇم، جاپا قانچە كۆپەيسە، زۇلۇم سالغۇچىلارنىڭ خاتىرجەملىكى شۇنچە بۇزۇلىدۇ. ناۋائى بىر رۇبائىيسىدا يازىدۇ:

بولماق خوش ئەمەس قىلغاندىن خوش دىل ئەنگە،
ئۆز زۇلمىدىن يوق ئۆلغوسىدۇر قايىل

ئەنگە.

بۇ پاجىئە قىسمىتىدىن زالىمنىڭ قېچىپ قۇتۇلۇشى مۇمكىن ئەمەس. ئۇ قاچانلا بولمىسۇن ھەقنىڭ جازاسىغا مەھكۇم. مەزلۇملارنىڭ نالە-پىغانلىرى كۆكلەرگە يەتكەندە ياراتقۇچى زالىملارنى قەھرۇ - غەزەپ بىلەن «مۇكاپات» لايدۇ. ناۋائىينىڭ تۆۋەندىكى رۇبائىيسىدا دەل مۇشۇ مەسىلە ھەققىدە پىكىر بايان قىلىنىدۇ:

زالىمكى شىئار ئەتتى جەفا پايەسىن،
ئۆز ۋايەسىن ئىستەب ئالدى ئەل ۋايەسىن.
قەيدىن تاپقەي ھەيات سەرمايەسىن،
ھەق ئەيلەدى قىسقە ئۇمرىن سايەسىن.

شۇنداق قىلىپ، ئۆزىنىڭ غەرەز ۋە مەنپەئەتلىرىنى كۆزلەپ ئەلگە جاپا قىلغان زالىم ئۈچۈن «ھايات سەرمايىسى» يوق. ئەجەبكى، شۇنداق سۆزلەرمۇ تەتقىقاتچىلارغا ھېكمەتتىكى پىكىرلەرنىڭ مېغىزىنى چېقىشقا ياردەم بەرمىگەن بولسا؟ يەسەۋىي تەرىقىتىنىڭ ئاساسلىرى ئۇنىڭدىن كېيىن يېزىلغان «پەقىرنامە» رىسالىسىدا ۋە ئۇنىڭ ئىزداشلىرىنىڭ بىرىنىڭ «جەۋھەر رول ئەبرار» ئەسىرىدە پورۇنتۇلغان. بۇ كىتابتا يەسەۋىي تەرىقىتىنىڭ سۈننەتلىرىدىن بىرى «زالىم ۋە مۇناپىق كىشىلەرگە ئىتائەت قىلماسلىق» دەپ يېزىلغان. مۇشۇ بىر دەلىلنىڭ ئۆزىلا يەسەۋىينىڭ «زالىم سۆيەر» ئەمەسلىكىنى ئىسپاتلىمامدۇ؟

ئىبنى ئەرەبىنىڭ ئېيتىشىچە، ئىنسان ئۆزىدىن، ئۆزلۈك ماھىيىتىدىن قۇتۇلمىسا، ھەر قانچە سېغىنغان بىلەنمۇ خۇدا ئۇنىڭغا ھېچنەرسە ئاتا قىلمايدىكەن. يەسەۋى مۇشۇنداق ئەقىدىلەرنى تولۇق ھېسابقا ئالغان. قۇرئاندا قايتا - قايتا قەيت قىلىنغىنىدەك، ئالەمدە يالغۇز خۇدالا يېڭىلمەس، شۇنداقلا ئۇ قۇدرەتلەرنىڭ قۇدرىتىدۇر. خوش، شۇنداق ئىكەن يەسەۋىي ھېكمەتىدىكى دەۋەتنىڭ «خۇدا قەھرى ئەتسە ھەر قانداق زالىم يېڭىلىدۇ. ھەقنى تونىغانلار خۇددى ھەقتەك شىجائەتلىك بولىدۇ ۋە ھېچقانداق ۋاقىتتا زالىملارغا بويسۇنمايدۇ.» دېگەن مەنىدە ئىكەنلىكى ئۆز - ئۆزىدىن ئايان بولمامدۇ؟ رۇبائىي ماھىيەت ئېتىبارى بىلەن زۇلۇم ۋە زوراۋانلىققا قارشى، كۈرەش ۋە غالىپلىققا ئۈندەش روھىدا يېزىلغان بولسۇنۇ، ئۇنىڭدىن پۈتۈنلەي تەتۈر خۇلاسىلار چىقىرىلسۇن، بۇ پىكرى تۆۋەنلىك بولماي نېمە؟

تەن ئالماي تۇرالمايمىزكى، بىزدە شېئىر ئىلمىنىڭ راۋاجى خېلىلا سۇس. شۇنىڭ ئۈچۈن پولىپونىك (كۆپ قاتلاملىق) تەپەككۇر خۇسۇسىدا تېخى جىددىي ئويلىنىپ كۆرۈلمىدى. پولىپونىيە بىزچە ئېيتقاندا، كۆپ قاتلاملىق، كۆپ مەنىلىك، كۆپ ئاھاڭلىق دېگەنلىك بولىدۇ. پولىپونىك تەسۋىر ئەسەرگە بىر نەچچە مەنا ۋە ئاھاڭلارنى سىغدۇرۇشنى زۆرۈرىيەتكە ئايلاندۇرىدۇ. بۇنىڭدا پىكىر چاينالمايدۇ. شېئىر سۆزۋازلىق ۋە پىكىر يالاڭاچلىقىدىن خالاس بولىدۇ. پولىپونىك ئىپادىلار شېئىردىكى مەلۇم بىر ئوبراز ياكى بەلگى تەسىرىدە كۆپلەپ ھاياتىي ھادىسىلەر ھەققىدە پىكىرلەشكە يول كۆرسىتىدۇ. پولىپونىك ئۇسلۇپتا تەسۋىر ۋە مۇناسىۋەت بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ، تەپەككۇر ھورۇنلۇقى ۋە پىكىر گادايلىقىغا شەپقەتسىز قارشىلىق سېزىلىدۇ. كىتابخان ئېيتىلغان سۆزدىن ئېيتىلمىغان سۆزلەردە ھەقىقەتنىڭ كۆپلىكىنى ھېس قىلىپ، ئەشۇ ھەقىقەتلەرنىڭ مۇھاكىمە دېڭىزىغا شۇڭغۇيدۇ.

بىزنىڭ ئەدەبىياتىمىزدا پولىپونىك تەپەككۇر ئەھمەد يەسەۋىيدىن باشلىنىپ، ناۋائىي شېئىرىدە يۇكسەك پەللىگە كۆتۈرۈلگەن. يەسەۋىينىڭ يۇقىرىدىكى ھېكمىتىمۇ پولىپونىك تەپەككۇرنىڭ مەھسۇلى. ئۇنى تەسەۋۋۇپ ئەھلى تۆۋەندىكى مەزمۇندا قوبۇل قىلغان: ھەدىسلەردىن بىرىدە «كىچىك كۈرەشتىن ئۇلۇغ كۈرەشكە قايتماقتىمىز» ، دېيىلگەن. بۇ ئۇلۇغ كۈرەش - نەپسىگە قارشى كۈرەش: دۇنيادا نەپسىگە تەڭ كېلىدىغان زالىم يوق. نەپسىنىڭ يوشۇرۇن زولۇملىرى چەكسىزدۇر. يەسەۋىي بىر قاتار ھېكمەتلىرىدە نەپسىگە زالىم سۈپىتىنى بەرگەن:

«زالىم نەپسىم ھېچ قويمەيىن ئوتقە سالدى.»

ھەقنى تونىماسلىق، بىغەملىك، تەكەببۇرلۇق، غەيۋەت ۋە بۆھتانلاردىن تىلنى تارتماسلىق بۇ شەيتانلىق ۋە نادانلىقتۇر. خوش، «نەپس بېشىنى» يانجىشنىڭ چارىسى بارمۇ؟ يەسەۋىينىڭ

«ئاللا دېدىم، شەيتان مەندىن يىراق قاچتى، ھەۋەس مائۇمانلىك تۇرماي كۆچتى» دېگەن سۆزلىرىنى ئەسلەيلى. ھاۋايى ـ ھەۋەس ۋە ھەممە مەنمەنلىكلەرنىڭ يىلتىزى بولغان نەپسىمۇ «ئاللا» دېگەندە يېڭىلىدۇ. باشقىچە ئېيتقاندا، «ئاللاھ سىرى تولغانماق» ـ نەپسىدىن كەچمەكتۇر.

ئەي بىخەبەر، ھەققە كۆڭۈل يۈگۈرتمەدىڭ،
دۇنيا ھەرام ئەندىن كۆڭۈل ساۋۇتمەدىڭ.
نەفسىدىن كېچىپ ئاللاھ سىرى تولغەنمە-
دىڭ،
بۇ نەپس ئۈچۈن زارۇ ھەيران بولدۇم مەنا.

شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئەھمەد يەسسەۋى «نەپسى باشىغە يۈز مىڭ بالا» ياغدۇرۇش تەشۋىشىگە چۈشكەنلەرگە قارىتا «زالىم ئەگەر جەفا قىلسا ئاللا دىگىل، ئىلكىڭ ئاچىپ زارى ئەيلەپ بويسۇنغىل» دېگەن. بۇ پىكىر «نەفسىدىن كېچىپ ئاللاھ سىرى» تەلپۈنمىگەن يەنى ئىشق ئىلاھىدىن مەھرۇم كىمسىلەرگە بىر نەسىھەت بولغان. بىز ئۈچۈن مۇھىمى، بۇنىڭدا شائىرنىڭ نەپسكە نىسبەتەن شەپقەتسىزلىكى ۋە غايىۋى پاكلىنىش پىكرىنى كۆتىرىشىدۇر. ئەخىر ناۋائىيمۇ «تا نەپسىمۇ ھەۋا قەسرى» يىقىتىلمىغىنچە، «ئىل شادئۇلمەس، مەملىكەت ئاباد ئۇلمەس» ، دېگەن ـ غۇ. ئەھمەد يەسسەۋىي ھىكمەتلىرى ئۈچۈن كۆپ سادالىق ئالاھىدىلىكمۇ خاس خۇسۇسىيەتلەردىن بىرىدۇر. لېكىن بۇ سادالار ئىچىدە دانىشمەنىنىڭ ئاۋازى ھاكىم. ئۇلاردىن شەيخنىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىدۇ. بەزى ھىكمەتلەردە ئاشىقنىڭمۇ، دەرۋىشنىڭمۇ، دانىشمەنىنىڭمۇ ئاۋازى ياڭرايدۇ. لېكىن بۇلار ئارىسىدا ئىزچىللىقى ۋە پائاللىقى بىلەن يەنە ئىككى ئاۋاز ئالاھىدە ئايرىلىپ تۇرىدۇ. ئۇلاردىن بىرى ـ گۇناھ «پەلسەپەسى» نى تەستىقلايدۇ. بۇ ـ گۇناھكارلىقنى چوڭقۇر چۈشەنگەن ئادەمنىڭ ئاۋازى. مانا، ئاڭلاڭ:

ساچى ساقال خوپ ئاقەردى كۆڭلۈم قەرا،
رۇھى مەھشەر رەھىم ئىتمەسەڭ ھالىم
تەباھ.
سىنگە ئەيان ئەمەلسىزمەن، كۆپدىر گۇناھ،
جۇملەمەلەك يازۇقلەرىم، بىلدى، دوستلار.

بۇ ئاۋاز ساھىبىنىڭ نەزەرى ئۆتكۈر. ئۇ ئۆز گۇناھلىرىغا مەردانە نەزەر تاشلايدۇ ۋە بۇنىڭدىن تاقەتسىزلىنىدۇ، «تاقەتىم يوق ئەگەر باقسام گۇناھىمگە». «گۇناھ دەردى كەسەل قىلدى بىمار بولدۇم.» دېگەن كىشى «بىمارلىق»تا ئىمان پاكلىقىنى كۆزلىگەن شەخستۇر. ئۇنىڭدا تەن بەرمەس ۋە تەن بەردۇرۇش قابىلىيىتىمۇ بار. ئۇنىڭ «نى قىلغەيسەن گۇناھلەرىڭ تاغدىن ئاغىر» ، دېگەن سوراق سۆزلىرىنى مۇنداقلا ئاڭلاش مۇمكىن ئەمەس. بۇ ئاۋاز يالغۇزچىلىقى بىلەن دىققەتنى قاتتىق جەلب قىلىدۇ ۋە قەلبىتە ئۆز ـ ئۆزىگە بىلەن قىلىش، ئۆزلىگىنى تەكشۈرۈش ئىزتىراپىنى قوزغايدۇ. ئۇ ئىنسان ئۆمرىنىڭ ھەرىكەت سۇرئىتىنى بەكمۇ ئىنچىكە تاللايدۇ: «ئەياغافىل، ئۆمرىڭ سىنىڭ ئۆتەر يەرلدەك...» . شامالدەك چېپىپ ئۆتىدىغان ئۆمۈرنى مەزمۇنلۇق قىلىش ئۈچۈن بولسا مەردانىلىق كېرەك.

مەلۇمكى، IX ئەسىردە تەسەۋۋۇپتا مەلامەتىيە مەزھىپى مەيدانغا كەلگەن. بۇ مەزھەپنىڭ مەركىزى نىشاپۇر بولغان. ئى. بىرتېلىس مەلامەتىيە مەزھىپىگە مەنسۇپ كىشىلەر ئۈچۈن ئۆز ـ ئۆزىنى كامىللاشتۇرۇش ۋە يۈرەكنى پاكلاشنىڭ باش ۋە زىبە ئىكەنلىكىنى يازغان. لېكىن بۇ ئىش مۇتلەق شەخسىي ھەرىكەت تۇسىدە، ئەتراپتىكىلەردىن يوشۇرۇن ھالدا ئەمەلگە ئاشۇرۇلىشى شەرت بولغان. ئاددىي قىلىپ ئېيتقاندا، مەلامەتىيە بۇ ئىنساننىڭ ئۆز ـ ئۆزىنى تەھلىلدىن ئۆتكۈزۈش، ئاشكارىلانغان نۇقسانلار ئۈچۈن ئۆزىنى ئەيىپلاش ۋە ئۇلارنى مەلامەت قىلىدا پاش قىلىش يولىدۇر. بۇ يولدا ئادەم ھەممە يامان خىسلەتلىرىنى زادى يوشۇرماستىن ئاشكارە قىلىۋېرىدۇ. ئەمما ئۇنىڭ ئەكسىچە، ئۇ ياخشى پەزىلەتلىرىنى قەتئىينىيەت بىلەن پىنھان ساقلايدۇ. ئۆزگىلەرنىڭ يالغان ۋە رىياكارلىقلىرىدىن كەمپ ئېچىش ئاسان. بىراق ئۆزەڭدىكى يالغان ۋە ئىككى يۈزلىمىچىلىكنىڭ پەردىيىسىنى يىرتىش مەردانىلىق تەلەپ قىلىدىغان ئىشتۇر. مەلامەتىيەچىلەر دەل مۇشۇنداق مەردانىلىق ئۈچۈن كۆرەش قىلغان كىشىلەردۇر. ئەھمەد يەسسەۋىيمۇ

مەزكۇر مەزھەپنىڭ نامايەندىلىرىدىن بىرى ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ھېكمەتلىرىدە مەلامەتىيە قانۇن-قائىدىلىرى ئاساسىدا پىكىر يۈرگۈزۈپ، ئادەمنى ئۆز - ئۆزىگە تەنقىدىي نەزەر بىلەن قاراشقا دەۋەت قىلغان.

دىن گۇناھنى قارىلايدۇ. ئەمما گۇناھقا بولغان ئىقرارلىقنى قوللايدۇ. شارىل پېگى: «گۇناھكار خىرىستىيانلىقنىڭ قەلبىنى چۈشىنىدۇ. ھېچكىم خىرىستىيانلىقنى گۇناھكار دەرىجىسىدە چۈشەنمەيدۇ.» دەيدۇ. گۇناھ ھېسسىياتلىرى ئەھمەد يەسسەۋى ھېكمەتلىرىدە دىنىنىڭ دىلىنى چوڭقۇر چۈشىنىش ئىستەكلىرى بىلەنمۇ چىرمىلىپ كەتكەن.

ئەندى ئىككىنچى ئاۋاز، باشقا بىر يۈكسەك ماھىيەتنى ئاچىدىغان ئىلاھى ئاۋازدۇر. ئىنسان ھاياتى قانچىلىك ئۆتكۈنچى، كۈلپەت ۋە مۇشەققەتلەرگە تولغان بولمىسۇن، ئۇ يەنىلا كامىللىققا ئىنتىلىشى شەرت. كامالەت يولىغا چۈشكەن ئىنساننى ۋىجدان روھى ئاغرىقلارغا گىرىپتار قىلىپ، ئەلەمگە يۈزمۇ - يۈز قىلىپ قويىدۇ. يۈرەكنى گۇناھ ۋە قورقۇش، شۈبھە ۋە ئەنسىز ئارىلاپ ئېلىپ ئۆتىدۇ. ئويغاق ۋىجدان ئەڭ ئاخىرقى چېكىرىلارغىچە ئادەمنى يالغۇزلاندۇرىدۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ ئۆلۈم چېكىنىدۇ. ئەبەدىيەتكە بولغان ھەقىقى ئىشەنچ شۇنىڭدىن باشلاپ تۇغۇلىدۇ. بۇ ۋىجداننىڭ ئەخلاق بىلەن ئالاقىسى يوق. قانۇن - قائىدىلەردىن يىراق. ئۇ ئەركىن روھ بىلەن ياشاش سىرلىرىنى ئاچىدۇ. ئەقلى دولقۇنلارنى يېڭىپ، ئىستائەت زەنجىرلىرىنى ئۈزىدۇ. ئۇ ئىنساننى ئەڭ ئىلاجىسىز، ئەڭ كۈلپەتلىك ۋە زىتەتلەر دىمۇ يولسىزلىقتىن خالاس قىلىدۇ. بۇنى شەخسنىڭ ئۆز ۋىجدانىغا بېرىش يولى دەپ ئاتىسا توغرا بولىدۇ. شۇ يولنى تاپقان ئادەملا خۇدا تەرەپكە تەلپۈنىدۇ. تەلپۈنگەنسېرى ئۇنىڭ ئۆزىگە بولغان مۇرەسسەسىزلىكى ئارتىدۇ. ئەھمەد يەسسەۋىدە ئەنە شۇنداق. بۇنى ئۇ «ھەقىقەت دەرياسىدىن» كېچىش دەپمۇ خاراكتېرلىگەن:

ھەقىقەتنىڭ دەرياسىدىن كېچىغان كىشى،
ئۆزى مۇڭلۇغ، كۆڭلى سىنۇق، كۆزدە

ياشى.
خارلىق، زارلىق مەشەققەتدۇر دائىم ئىشى،
دىدارىنى تەلەپ قىلىپ تەپار دوستلار.

يەسسەۋىي «ئاشىق بولسالڭ ئىشىق يولىدا فەنا بولغىل، دىدار ئىزلەپ، ھەسرەتتە ئەدا بولغىل» دېگەندەك مىسرالىرىدا ئۆلۈم ئۈچۈن «ئۆلگەن» كىشىلەرنىڭ ئىلاھى - پەلسەپىۋى قاراشلىرىنى ئىپادىلىگەن بولۇپ، ئۆلمەسلىكنىڭ سىرىنى ئۆزلىرىچە كەشىپ قىلغان زاتلار شۇلاردۇر. خارلىق، زارلىق ۋە مۇشەققەتلەر گىردابىغا تاشلايدىغان بىر ئازابنى ئۇلار يۈزلەپ خۇشاللىقلارغىمۇ ئالماشتۇرمايدۇ. گەپ شۇندىكى، يەسسەۋىينىڭ غايىۋى - بەدىئىي ئەنئەنىلىرى ئەشۇ زامانلاردىلا قىبتىپ ياكى توختاپ قالمىغان. ئۇ ياكى بۇ شەكىللەردە داۋام قىلغان. ناۋائىي، مەشرەپ ياكى باشقا شائىرلار ئىجادىيىتىدە يەسسەۋىي ئەنئەنىلىرىنىڭ تەسىرىنىڭ ناھايىتى ئېنىق مەۋقۇتلىقىنى قانداق ئىنكار قىلىش مۇمكىن؟ راستىنى ئېيتقاندا، دۇنيا شېئىرىيىتىدە يەسسەۋىي تەجرىبىلىرىنى ئالاھىدە ھادىسە دېيىشكە بولمايدۇ. ئەرمەن شائىرى گرىگور نارىكاسىنىڭ «موسىبەتنامە»سى، يونۇس ئەمرونىڭ «دىۋانىنىڭ ئومۇمىي روھى» ماھىيەت ئېتىبارى بىلەن يەسسەۋىي تەجرىبىلىرىدىن ئانچە پەرقلەنمەيدۇ. پەرقى شۇنىڭدىكى، يەسسەۋىي پەقەت يونۇس ئەمرودىن بۇرۇنراق ياشىغان. يونۇس ئەمرو يازىدۇ:

ھەقدىن مەنگە نەزەر بولدى،
ھەق ئىشكىن ئاچار بولدۇم.
كىردىم ھەقنىڭ غەزنەسىنە،
كىردىم گەۋھەر ساچەر بولدۇم.

ئەخىر ئەھمەد يەسسەۋىيمۇ دەل شۇ ئېھتىياج ۋە مەقسەت بىلەن ھېكمەتلەر ئېيتمىغانمىدى؟ «تالىپلارگە دوردو گەۋھەر ساچتىم مەنا»، دېگەن يەسسەۋىي تۈركى شېئىرىيىتىدىكى يونۇس ئەمروغا ئوخشاش سوپى شائىرلارغا ساۋاق بولالايدىغان بۇنداق پىكىرلەرنىمۇ بايان قىلغان:

ھەق يولىگە كىرىپ بۇلمەس پاك بولمەسەڭ،

لامەكاندە ھەقدىن سەباق ئالدىم مەنا.

ئەلۋەتتە، يەسسەۋىينىڭ بەزى ئەسەرلەرگە بولغان مۇئەللىپلىك مەسىلىسى ھازىرمۇ مۇنازىرىگە مۇھتاج. «دىۋانى ھېكمەت» نىڭ كېيىنكى ئەسىرلەردىكى نۇسخىلىرىدا شاگىرتنىڭ ئىزداشلىرى تەرىپىدىن توقۇلغان بەزى نەرسىلەرمۇ يوق ئەمەس. بۇ ھەقتە بىر مۇنچە گەپلەرمۇ ئېيتىلدى. لېكىن يەسسەۋىي ئىجادىيىتىنى ئەدەبىياتىمىزنىڭ «خەۋپلىك مەيدانى» غا ئايلاندۇرماستىن، ھەقىقەتنى ئاشكارىلايدىغان ئامىللارنى ئىزدەش كېرەك. ئۇستاز مەقسۇدشەيىخزادە دەل مۇشۇ مەسىلىگە ئۆز زېھنىنى بېغىشلىغان: «شۈبھىسىزكى، خوجا ئەھمەد يەسسەۋىينىڭ يېزىپ قالدۇرغان «ھېكمەت» كىتابى كېيىنكى چاغلاردا تىل ۋە مەنا تەرەپلىرىدىن قانچىلىك ئۆزگەرگەن بولمىسۇن، ئۇنىڭ ئەسلى ۋەزنى ئاۋۋالقى ھالىچە قالغان. چۈنكى، بەزىلەرنىڭ ئىلگىرىكى ۋەزىنىنى شۇنچە يىلتىزلاردىن ئۆزگەرتىپ، قايتىدىن ئىشلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇڭا بۇ ئەسەرنىڭ ۋەزنى ئەسلى ئاپتورنىڭ ئۆزى ئىشلىگەن ھالىچە ساقلىنىپ قالغان.» دېمەك، ۋەزىنگە ئاساسلىنىپ تىل ۋە مەنا ئۆزگىرىشلىرىنى تەكشۈرۈش ئىمكانىيىتى بار. شەرق پوئېتىكىسىدا ۋەزىن ئىلمى مۇستەقىل ساھە ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭدا گەرچە ئارۇز ۋەزنىنىڭ قانۇن - قائىدىلىرى مۇھاكىمە قىلىنىسىمۇ يەسسەۋىيگە ئوخشاش شائىرلارنىڭ تەجرىبىلىرىنى تەتقىق قىلىشقا بەلگىلىك ياردىمى بولىدۇ.

يەسسەۋىي تۈركىي تىلدا ھېكمەت ئېيتقان پەيلاسوپ شائىر سۈپىتىدە ناھايىتى زور شۆھرەت قازانغان. شۇنداق بولغاچقا، ئۇنىڭ ھېكمەتلىرىنى «رېئاكسىئون شەيخ» نىڭ شېئىرى ۋەز - نەسىھەتلىرى دەپ ئەمەس، بەلكى سوپى شائىرنىڭ شېئىرىي ئەسەرلىرى سۈپىتىدە ئوقۇش ۋە تەتقىق قىلىش لازىم. ن. موللايېۋنىڭ ئەھمەد يەسسەۋىيگە بېغىشلانغان ماقالىسىدا مۇنداق جۈملىلەر بار: ئەھمەد يەسسەۋىينىڭ ھېكمەتلىرىدە سىرلار ئالىمىگە غەرق بولۇش بىلەن تەركىدۇنياچىلىق بىر - بىرىگە چېتىشىپ كېتىدۇ. ئەھمەد يەسسەۋىي «ئۆلمەستىن بۇرۇن ئۆلگىن» دېگەن ئەقىدىنى تەشۋىق قىلىدۇ. بۇ، كىشى پۈتۈن دۇنيادىن، ئۆزلىكتىن، ھاياتنىڭ نېمەتلىرىدىن ۋاز كېچىش، ئۆزىنى ھەر تەرەپتىن قىيناپ ئۆلۈمنى يېقىنلاشتۇرۇش كېرەك، يەنى تىرىك مۇردا بولۇش كېرەك، دېگەن سۆزدۇر.» بۇ سۆزلەردە پانا پەلسەپىسى - زادىلا ھېسابقا ئېلىنمىغان. ئەھمەد يەسسەۋى مۇنداق دېگەن:

مەن يىگىرمە ئىككى ياشىدە فەنا بولدۇم،
مەرھەم بولىب چىن دەردلىككە دەۋا بولدۇم.
يالغان ئاشىق چىن ئاشىققە گۇۋاھ بولدۇم،
ئۇل سەبەبدەن ھەققە سىغىنىپ كەلدىم مەنا.

بۇ يەردىكى پانا - پوئېتىك ئوبراز. ئۇنىڭدىكى مەنتىقىنى كىممۇ ئۆزلىكتىن كېچىپ تەركىدۇنيا بولۇش دەپ چۈشىنىدۇ، كىممۇ خۇدانىڭ ئىشقىغا غەرق بولۇش مەزمۇنىدا قوبۇل قىلىدۇ. باشقا بىرسىدە بولسا ئۇ پىكىر قوزغايدۇ: ئالايلۇق، پانالىق ئۈمىدسىزلىك ۋە چۈشكۈنلۈك ھېسابلىنىدىغان بولسا، ئۇ چاغدا شائىر نېمىشكە «چىن دەردلىك» ئىبارىسىنى تىلغا ئالغان؟ ھاياتتىن كۆڭلىنى سوۋۇتقان ۋە ئۆلمەستىن بۇرۇن ئۆلۈش قەستىدىكى كىشىنىڭ راس ياكى يالغان بىلەن نېمە ئىشى بار؟ ھەققە سىغىنىش بۇ بىر غايە. ئەجەبا بۇ يۈكسەك غايىدىن ئادەم خۇنۇكلەشسە؟

ئەھمەد يەسسەۋىي بىر ئورۇندا، «ھەقىقەتنىڭ مەناسىغا يەتكەن كىشى، بىھۇد بولۇپ كۆيۈپ يانار ئىچى - تېشى» دەيدۇ. مۇتەپەككۇر شائىر ھەقىقەتنىڭ مەناسىغا يېتىپ، شۇ تۈپەيلىدىن «ئىچى - تېشى» يورۇشقان ئادەملەرنىڭ دىدارىنى سېغىنىدۇ. ئۇنىڭ نەزىرىدە كىملەردۇر ئىشقۇ ئېتىقادقا سادىق كىشىلەر بولۇپ كۆرۈنىدۇ. ئەمما ئۇ نېمىشكىدۇر بۇنداق كىشىلەردىنمۇ مۇناپىقلىق بارلىقىنى سېزىدۇ:

كۆز ياشىڭنى رىيا قىلما ھەقنى تەنى،
ھەق تەئالا سۆيگەنلەرنى گىريان قىلۇر.

شائىر ئەنە شۇنداق چىن ئىنسانلارغا ئىشىنىدۇ. ساختىلىق قىلماستىن كۆز ياش تۆككەن ئاشىقلارنىڭ پىكىر ۋە قاراشلىرىنى ياقلاپ ھېكمەتلەر سۆزلەيدۇ. ئۆز ھېكمەتلىرىنى پەقەت دىلى ئەينەكتەك پاكىز ۋە نۇرلۇق بولغان ئاشىقلارنىڭلا ئاڭلىشىنى ئارزۇ قىلىدۇ:

مېنىڭ ھېكمەتلەرىم ئاشىققە ئەيتىڭ،
دىلى ئايىنەدەك سادىققە ئەيتىڭ.

ئەدەبىياتىمىز تارىخىدا نادانلىق دەپ ئاتىلىدىغان بۇ ئاپەتتىن ئەھمەد يەسسەۋىيچىلىك ئەلەم چەككەن بىرەر شائىر بولمىسا كېرەك. نادانلىق ـ خەلقنىڭ كۈلپىتى. نادانلىق ـ ئاللاھىدە بىر خىل ياۋۇزلۇق. نادان ئادەم ـ ئەقىل جاللاتى. مانا شۇنىڭ ئۈچۈن يەسسەۋىي، دۇئا قىلىڭ نادانلارنىڭ يۈزىن كۆرمەي، دەپ يالۋۇرغان ۋە ئۇنلاپ ھېكمەتلىرىنى دەل شۇ نادانلىقتىن شىكايەت قىلىش مەزمۇنىدا ياراتقان:

دۇئا قىلىڭ نادانلەرنى يۈزۈن كۆرمەي،
ھەق تەئالا رەفىق بولسا بىردەم تۇرمەي.
بىمار بولسە نادانلەرنى ھالىن سورمەي،
نادانلەردىن يۈز مىڭ جەفا كۆردۈم مەنا.

يەسسەۋىي بۇ قارارغا بىردىنلا كېلىپ قالمىغان، ئەلۋەتتە، ئۇ نادان بىلەن «ئۈلپەت» مۇ بولۇپ كۆرگەن. لېكىن بۇنداق ئۈلپەتچىلىكتىن باغرى كۆيۈپ، جېنى قاخشىغان، مۇبادا ئەگرىلىك يول ئاتىلىدىغان بولسا، ئۇ چاغدا نادانىنىڭ يولى ئەگرىلىكدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنى توغرىلىققا باشلاشنىڭ ئامالى يوق. نەتىجىسىز ئۇرۇنۇش بولسا دانا كىشى ئۈچۈن غەم زەھرىدەك ئازاب.

ئەيا دوستلەر، نادان بىرلە ئۇلفەت بولىب،
بەغرىم كۆيۈپ، جاندىن تويۇپ، ئۆلدۈم مەنا.
توغرا ئەيتسەم ئەگرى يولدە بويىن تولغەر،
قانلەر يوتوب غەم زەھرىغە تويدۇم مەنا.

يەسسەۋىي «زاتى بىلىم لىباسىدىن مەھرۇم» ، كالتەپەم ۋە تۇراقسىز كىشىلەرنىلا نادان ھېسابلاپ قالمىغان. بەلكى ئۇ «ئالىممەن دەپ كىتاب ئوقۇپ» «مەنىي ئوقماس»لار بىلەن پىكىرسىزلىك زۇلمىتىدىن روھى ـ دىلى قاراڭغۇلاشقان ئەمەلدارلارنىمۇ ئەشەددىي نادانلارنىڭ سېپىگە قوشقان. شائىر ھالال بىلەن ھارامنىڭ پەرقىگە يەتمەيدىغان نەپسى پەرەس خالايىق ئۈچۈن «مەلا ئىكتىن» ئۆيلىدۇ. ئۇ «ئاقىل ئىرسەڭ ئىرەنلەرگە خىزمەت قىلغىل» دېگىنىدە، «مۇھەببەتنى مەيدانىدە جەۋلان» قىلىپ، «ھەقىقەتنى دەرياسىدىن گەۋھەر ئالغان» مەرت كىشىلەرنى نەزەردە تۇتىدۇ. لېكىن ئۇنىڭ ئۆزى بۇنداق ئادەملەرنى ئىزلەـ ئىزلە ئاخىرى مانا بۇنداق ھالەتكە يېتىدۇ:

يەر ئاستىغە قاچىپ كىردىم نادانلەردىن،
ئىلكىم ئاچىب دۇئا تىلەب مەردانلەردىن.
غەرىب جانىم يۈز تەسەددۇق دانالەردىن،
دانا تاپماي يەر ئاستىغە كىردىم مەنا.

ئەھمەد يەسسەۋىينىڭ دانالىق توغرىسىدىكى چۈشەنچىسى غايىۋى چۈشەنچە. شۇنىڭ ئۈچۈن دانا ئادەملەردىن ئۇنىڭ كۈتىدىغىنى ناھايىتى چوڭ. مەسىلەن، ئۇ «ئاخىر زەمان ئالىملەرى زالىم بولدى، خوشامەد ئەتكۈۋچىلەر ئالىم بولدى» دېگىنىدە زاماننىڭ ئاخىرلىشىشىدىن پايدىلىنىپ ئۆزى بىرەر كارامەت كۆرسىتىش خىيالىنى ئىپادىلىمىگەن. ئۇ ئالىمنىڭ خۇشامىتى زالىملىق، خۇشامەت ئارقىلىق ئالىملىققا ئېرىشىش ـ ئىلىم ئەھلىنىڭ ئىختىيارى رەۋىشتە زۇلۇمكارلار سېپىگە قوشۇلۇشىدۇر، دەپ بىلگەن. دەرھەقىقەت، ئالىم بىلەن زالىمنى بىرلەشتۈرگەن زاماننىڭ ئىستىقبالى نېمە بولۇشى مۇمكىن؟ شائىر باشقا بىر رۇبائىيسىدا «دانا تۇپراق، نادانلارنىڭ كۆكسى بەلەند» دەپ يېزىپ، ئۆزىنىڭ «ھەق تەئالا» غا بولغان تەنقىدىي مۇناسىۋىتىنى بىلدۈرگەن. ئۇ ئاللاھ ۋىسالىغا تەلپۈنۈشنى سۆيىدۇ. كۈنۈ، تۈن خىيالىدا يانىدۇ. تەڭرى دەرگاھىغا يورۇق يۈز بىلەن بارالماسلىقتىن تەكرار ـ تەكرار ئۆكۈنىدۇ. لېكىن ئۇلارنىڭ مەركىزىدە كۈندىلىك تەشۋىش، ئۆتكۈنچى ھەۋەسلەردىن كۆڭلىنى ئازاد قىلىشتەك كۈچلۈك ئىستەك ياتىدۇ. بۇ ئىستەكنى روھنىڭ

ئەركىنلىكى ئۈچۈن جانبازلىق قىلىش پەلسەپىسى دەپ ئاتاشقا بولىدۇ.

دۇنيا پەرەست ناجىنسلەردىن بۇيىن تاۋلە،
بويىن تاۋلەب، دەريا بۇلۇب تاشتىم مەنا.

«دەريا بولۇپ تاشماق» بۇ — پانالىق شاراپىتى. دۆلەتپەرەس، مال دۇنيا قۇللىرى بولغان ناكەسلەرگە بويۇن ئەگمەسلىكنىڭ ئاساسىي شەرتى پانالىقتۇر. ئىنسان ئۆمرىنىڭ قىسقا ۋە ئۆتكۈنچىلىكى ھەممىگە ئايان. ئەمما ئەشۇنى ياخشى بىلىسىمۇ، ئۆزىنى دۇنيادا زادى ئۆتكۈنچى ھېسابلىمايدۇ. نېمىشكە؟ چۈنكى ئۇ، ئىشق ۋە تەپەككۇردا ئۆزىنىڭ باقىلىقىنى تاپىدۇ. ئەھمەد يەسسەۋىي شېئىرلىرىنى ئوقۇپ، بىز «نېمىشكە ئۇنىڭ دانىشمەن قەلبى بۇنچىلىك تىنجسىز ۋە مىسكىن؟» دېگەن ئويغا كېلىمىز. بۇنىڭ سەۋەبى شۇنىڭدىكى، ئىلاھى مۇھەببەتكە بېرىلگەن قەلب ئاسايىشلىقىنى پۈتۈنلەي ئۇنۇتقان بولىدۇ. ئازاب ۋە دەرد ھۆكمىگە رايىشلىق بىلەن بوي سۇنىدۇ. ئەسلىدە بۇ — قەلبىنىڭ شاتلىق مۇراسىمى. چۈنكى ئۇ ئەندى ھېچقاچان ۋە ھېچقانداق ۋەزىيەتتە غەپلەت تۇتقۇنى بولمايدۇ. ئۇ يەردىن، كۆكتىن ۋە ئىنساندىن ماھىيەت ئىزدەيدۇ. بۇ مەنىدە پانا ئەھمەد يەسسەۋىي ئۈچۈن ئەبەدىيەتكە ئىنتىلىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس.

ك. گىلۇسىي شائىرلارغا قارىتا: «ئەگەر ھەقىقەتنى ئوبرازلىق شەكىللەردە تەسۋىرلەپ بېرەلمەيدىغان بولساڭلار، ئۇ چاغدا شېئىرىيەتنى تىنچ قويۇڭلار.» دېگەن ئىكەن. بۇ پىكىرنى راۋاجلاندۇرۇپ «ئەگەر پوئېتىك ئوبرازنىڭ دىلى ۋە تىلىنى چۈشەنمەيدىكەنسەن، ئۇ چاغدا شېئىر ۋە شائىر ئۈستىدىن ھۆكۈم چىقارما»، دېيىش كېرەك بولىدۇ. پوئېتىك ئوبراز — ناھايىتى كۆپ قىرلىق قۇرۇلما. ئۇنىڭ ئاساسىي پەزىلەتلىرىدىن بىرى — مەزمۇندىكى قاتلامدارلىق، تۇيغۇدىكى رەڭدارلىقتۇر. ئا. لىسوۋ «پوئېتىك ئوبراز ھەققىدە» ناملىق ماقالىسىدا «ئوبراز — بۇ چەكسىزلىكتۇر» . دېگەن. شېئىرنىڭ روھى ۋە غايىۋى قۇدرىتى ئوبرازدا مەركەزلەشتۈرۈلىدۇ. سۆزلەر سېھرى بىلەن مەنالار قاتلاملىرىمۇ ئوبراز باغرىغا يوشۇرۇنغان بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن گېگېل «قانۇنلارنىڭ شەپقەتسىز كۈچى بىلەن پىكىرلەرنىڭ ناخۇش ئويغۇنلىقىدىن تىنىقان چېغىمىزدا، پوئېتىك ئوبرازلاردىن تەبىئىي ھالدا ئارام ۋە ساپلىق ئىزدەيمىز.» دېگەنىدى. يەسسەۋىي كۆپچىلىك ھېكمەتلىرىدە پوئېتىك ئوبرازغا خاس كەڭلىك ۋە چوڭقۇرلۇق ئىمكانىيەتلىرىدىن ناھايىتى ئۈنۈملۈك پايدىلانغان.

بېشەك بىلىڭ، بۇ دۇنيا بارچە خەلقدىن ئۆتەرا،
ئىنانمەغىل مالىڭغە، بىر كۈن قولدىن كېتەرا.
ئاتا — ئانا، قەرىنداش قەيان كېتتى — پىكىر قىل،
تۆرت ئاياغلىغ چۈبىن ئات بىر كۈن سەنگە يېتەرا.

ئۇشبۇ قۇرلاردىكى ماھىيەت دۇنيانىڭ ئۆتكۈنچىلىكىدىن ئىبارەت. يالغۇز شۇ توغرىدىلىمۇ؟ ئەھمەد يۈگنەكىي «ھىببەت ئۇل — ھەقايىق» ئەسىرىدە دۇنيانى بىر قونۇپ ئۆتۈپ كېتىدىغان راباتقا ئوخشىتىدۇ. كېيىن ئۇنىڭغا مۇنداق جانلىق سۈپەتلەرنى بېرىدۇ:

دۇنيا كىشىگە بەزىدە بىر كۈلۈپ قارايدۇ — دە، بىردىنلا قوشۇمىسىنى تۈرۈپ ھۆمىيىدۇ. ئۇ ھەييار ۋە ئالدامچى. بىر قولىدا ساڭا بال تۇتسا يەنە بىر قولى بىلەن ئۇنىڭغا زەھەر قوشىدۇ.

ئۇ زەھەرنى باشقا يەردىن ئالمايدۇ. چۈنكى دۇنيانىڭ ئۆزى بىر يىلان. ئۇنىڭ يىلاندەك يۇمشاقلىقى ۋە يۇۋاشلىقىغا ئالدانماسلىق كېرەك:

يىلان يۇمشاق ئەركەن ياۋۇز فىيل تۇتەر،
يىراق تۇرھۇ، يۇمشاق تېب ئىنانمەغۇ.

دۇنيانىڭ نەيرەڭ ۋە ئەپسۇنلىرى يالغۇز شۇلاردىنلا ئىبارەت ئەمەس. ئۇ بىر قارىغاندا سۆيۈملۈك ۋە گۈزەل، شۇڭا ئۇ يىلانغا ئوخشىمايدۇ. لېكىن ئۇنىڭ ئىچىگە مىڭلاپ كۆڭۈلسىزلىكلەر توپلانغان بولىدۇ. دۇنيانىڭ تاشقى بېزەكلىرىگە مەپتۇن بولۇپ، ئالدىراپ

ئۇنىڭغا كۆڭۈل بېرىش بولسا ھەممە خاتالىقلارنىڭ باشلىنىشىدۇر. دۇنيانى نەيرەڭۋاز، سۇباتسىز، ئالدامچى، زالىم، ۋاپاسىز قىياپەتتە تەسۋىرلەش تۈركىي خەلقلىرى شېئىرىيىتىدە XI ئەسىرلەردىلا بەدىئىي غايىۋى ئەنئەنە سۈپىتىدە شەكىللەنگەن ئىدى. يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۇنىڭغا «بىۋاپا دۇنيا» سۈپىتىنى بېرىدۇ. ئەھمەد يۈگنەكىي، يۈسۈپ خاس ھاجىپ ۋە ئەھمەد يەسسەۋىيلەرنىڭ تەسۋىرىدە دۇنيا پۈتۈنلەي ئوبرازغا ئايلاندۇرۇلغان. «بىشەك بىلىڭ، بۇ دۇنيا، بارچە خەلقدىن ئۆتەرا» مىسراسىدىكى «دۇنيا»، بىرىنچىدىن، ئەھمەد يۈگنەكىي ئېيتقانىدەك بىر قونۇپ كېتىدىغان «رابات» مەنىسىگە ئىگە. ئىككىنچىدىن، ئۇ ئىنسان ئۆمرىنىڭ دەرىزىسىدەك بىر گەپ. ئۇنىڭغا پىكرەن نەزەر تاشلاپ، ئۆمۈرنىڭ نە قەدەر يۈگۈرۈكلىكىنى بىلىشكە بولىدۇ. ئۈچىنچىدىن، ئۇ تەقدىر مىسالى. ئۆمۈرنىڭ خۇددى شامالدەك ئۆتۈپ ئۆتكىشى تەقدىردىنمۇ ياكى دۇنيانىڭ ئىشىمۇ بۇنى بىلىش تەس. شۇنىسى ئېنىقكى، تەقدىرنىڭ شەپقەتسىزلىكى ئالدىدا مال ـ دۇنياغا ئىشىنىش نادانلىق ۋە غاپىللىقتۇر. تۆتىنچىدىن، بۇ دۇنيا شۇنداق بىر «مەيدان» كى، ئۇنىڭدا ھەممە ئادەم ئاخىر ـ ئاقىۋەتتە «تۆرت ئاياقلى چۈبىن ئات» ئۈستىدە تۇغما ۋە جانسىز ھالدا ئۇ دۇنياغا كېتىشكە مەھكۇم. ئادەم تۇغۇلۇپ نېمىشقا ئۆلىدۇ؟ ئۆلۈپ يەنە نېمىشقا تۇغۇلىدۇ؟ شەرق مۇتەپەككۇرلىرى ئۆلۈمنى تىرىكلىكنىڭ تەتۈرى، شۇنداقلا ئۇنىڭ پاك تەرىپى دەپ ئېيتىشقان. نېمىشكە شۇنداق دېيىشكەن؟ بۇ ھەقىقەتنى قانداق قىلىپ چۈشىنىش مۇمكىن؟ تۇرمۇشنىڭ ئۇششاق ـ چۈششەك تەشۋىشلىرى ئۆلۈم ئالدىدا نېمىگە ئەرزىيدۇ؟ ئىنسان تىرىك مۇردىغا ئوخشاش ياشىماسلىقى ئۈچۈن ئالدى بىلەن ۋاقىتنى ئۆلتۈرمەسلىكى كېرەك. ۋاقىتنىڭ قەدرىدىن چۈچمەسلىك بۇ قاراملىق ۋە نادانلىق. ئۆلۈم چۈشەنچىسى ھاياتنى مەرىپەت بىلەن قەدىرلەش، ئادەم پەرزەندىنى ئەزىز بىلىش، مەنمەنلىك ۋە جاھالەت «تۇلپار»لىرىغا مىنمەسلىك دېگەندەك ھاياتى مەنتىقىلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. يەسسەۋىينى ئامالسىزلىق پەيتلىرىدە سائادەتكە بەل باغلىيالماسلىق ھېسلىرى بەكمۇ قىيىنىغان:

ئەيا دوستلەر، ھېچ بىلمەدىم مەن يولىمنى،
سائادەتقە باغلەمەدىم مەن بىلىمنى.
غەيبەت سۆزدىن ھېچ يىغمەدىم مەن تىلىمنى،
نادانلىغىم مېنى رەسۋا قىلدى، دوستلەر.

ئەھمەد يەسسەۋىي ئۈچۈن سائادەت ۋە ھەقىقەت مەقسەت ئەمەس. ئۇنىڭچە ھەقىقەت يۈرەكتە. ھەقىقەت ئۇ ـ روھ. بارلىق ۋە ئالەم بىلەن روشەن ئۇيغۇنلۇققا كىرىشىش ـ ئالىي سائادەت. سائادەت بۇ ـ مەرىپەت نۇرلىرىدىن ئالق ۋە دىلنى تىنىقلاندۇرۇش. شائىر ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى روھ ۋە روھىي ھاياتتىكى ئۆزگىرىشلەر، يۈكسىلىشلەر ئارقىلىق ئىدرەك قىلىشنى خالايدۇ. ئۇ ئىنساندىكى ئىچكى بايلىقنى مۇقەددەس بىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن تاشقى بايلىقلار بىلەن گۇناھ ۋە قاراملىقنىڭ ھەر قانداق تۈرىدىن ئۇ ھەزەر قىلىدۇ.

دۇنيادارلەر مالىن كۆرىپ ھەۋاقىلۇر،
مەنمەنلىكدە ئۇل دەۋائى خۇدا قىلۇر.

مۇنداق قارىغاندا، مەنسۇر ھەللاجمۇ «ئەنەل ھەق» دېگەندە خۇدالىق دەۋاسىدا بولغان. بىراق ئۇ دۇنياپەرەسلىككە ئەمەس بەلكى روھىي كامالەتكە ئىنتىلگەن. ئۇ شاھ جەمشىتتەك تاجۇ ـ تەخت غۇرۇرى ۋە تەكەببۇرلۇقىغا بېرىلگەن، شۆھرەت قۇللىرىدىن بولمىغان. بايلىق ۋە تەكەببۇرلۇق ئادەمنى ئۆز قەۋمى ۋە ئېلىدىن يىراقلاشتۇرىدۇ. ھەققە يېتىشىش سەپىرىدە كېتىۋاتقان كىشى بولسا تەبىئەت، جانلىق مەۋجۇداد، ھەتتاكى، «قۇرت ۋە قۇشلار» غىمۇ يېقىن بولىدۇ.

يەسسەۋىينىڭ پۈتۈنلەي پەلسەپىسىدىكى بۇنداق ھەقىقەتلىرىنى ناۋائىي مۇكەممەل ئۆزلەشتۈرگەن. شۇڭا ئۇ كامىللىققا يېتىشىش، ھەققە ئېتىقاد قىلىش، مال ـ دۇنياغا بېرىلمەسلىكتە «تۈرك پىرى» بولغان ئەھمەد يەسسەۋىيدىن ئۆرنەك ئېلىشقا دەۋەت قىلغان:

ھەر كىشى كامىل ئىرۇر، بەس ئەنگە ھېق

بەندەلىكى،

موندىن ئۆزگە تەمەئى كەسبى كەمال ئەيلەمەگىمىز.

ئالەمى فانى ئۈچۈن رەنجۇ مەشەققەت چىكمەگىمىز،

مال ئۈچۈن غەم يىمەگىمىز، فىكرى مەنال ئەيلەمەگىمىز.

تۈرك پىرى كەبى ئالەمدىن ئېتەكنى سىلكىپ،

دوستدىن غەيرى تەمەننائى ۋىسال ئەيلەمەگىمىز.

ئەگەر يەسەۋىي «ئۆتۈپ كەتكەن تەركىدۇنياچى»، دۇنيا قارىشى گۇمانىستىك ھەقىقەتلەردىن يىراق، پەلسەپىۋى قاراشلىرى «رېئاكسىئون» بولغىنىدا، ناۋائى ئۇنىڭ «ئالەمدىن ئېتەك» سىلكىشىنى بىزگە نېمە قىلىپ كۆرسەتەرمىدى؟ ياكى بۇ ئۇلۇغ شائىر بۇ شېئىرىدا يەسەۋىينىڭ «دۇنيا ئۈچۈن غەم يېمە، ھەقدىن ئۆزگىنى دېمە» دېگەن سۆزلىرىنى ئەينەن دېگۈدەك تەكرارلارمىدى؟ ناۋائى «مال ئۈچۈن غەم يېمەگىمىز» دەپ يەسەۋىيدىكى «دۇنيا» ئوبرازىنىڭ مەنىسىنى ئوخشاش مەزمۇندا شەرھىلىگەن. ناۋائى شېئىرىيىتىنى ياخشى چۈشىنىش ئۈچۈن، يەسەۋىي ھېكمەتلىرىدىكى غايە ۋە پوئېتىك ئوبرازلارنىڭ تارىخى ۋە مۇندەرىجىسىنى ياخشى بىلىش لازىم. بۇنىڭغا ئىستەك بولمىغاندا، ئۇ چاغدا يەسەۋىي ئىجادىيىتىنىڭ غايىۋى بەدىئىي سىرلىرىنى توغرا ئېچىش ئۈچۈن ناۋائىلىرىكىسىنىڭ مەنا ۋە ئوبرازلار دۇنياسىنى چوڭقۇر ئۆگىنىش كېرەك. مانا، يەسەۋىيدىن بىر مىسرا:

توپراق بولغىل، ئالەم سەنى باسىب ئۆتسىن.

بەزى يەسەۋىي شۇناسلارنىڭ پىكرىچە، شائىر خۇددى مۇشۇنداق ئوبرازلىق ئىپادىلىرى بىلەن گوياكى «خەلقنىڭ قول ـ ئايىقىنى» زالىملار ئالدىدا كىشەنلەپ قويۇشنى مەقسەت قىلىپ قويغان ئىمىش. دەر ھەقىقەت، ئادەم نېمىشكە «تاغ» بولماي، «توپراق» بولۇشى كېرەك؟ ئۇ ھېچقاچان ئالەمنىڭ ئايىقى ئاستىدا مىجىلىش ئۈچۈن تۇغۇلمايدۇغۇ؟ بۇ ھازىرقى زامان ئوقۇغۇچىسىنىڭ نۇقتىئىنەزەرى، چۈنكى ئۇ «توپراق» سۆزىنى ئەشۇ جايدا، يا ئۆز مەناسىدا ياكى ئۆلۈپ توپراققا قوشۇلۇپ كېتىش مەزمۇنىدا چۈشىنىدۇ. شۇ ئورۇندا ئەزار بەيجان ئالىمى كامىل ۋە لىۋىنىڭ «سۆزنىڭ سېھرى» ناملىق كىتابىدىكى مۇنۇ پىكىرگە نەزەر ئاغدۇرۇپ كۆرەيلى: «ئىنجىل» ۋە «قۇرئان» فوزۇلىي سەنئىتى بىلەن بىرگىدۇر. «ئىنجىل» ئىنساننىڭ زەئىپلىكى، «قۇرئان» بولسا ئىنساننىڭ قۇدرىتى ئۈستىدە يارىتىلغان. «ئىنجىل» دا ئىنسان كۈچسىز. ياردەم ۋە شەپقەتكە مۇھتاج بولۇپ ھەر قانداق زۇلۇمغا چىدايدۇ. «قۇرئان» بولسا ئىنساننىڭ كۈچلۈك ۋە يەنىمۇ كۈچلۈك بولۇشىنى تەرغىب قىلىدۇ. كۈچلۈك ۋە كۈچسىزلىكنىڭ بۇ دىنلىرى فوزۇلىي شېئىرىنىڭ ئىچكى مەزمۇنىدۇر.» مەزكۇر پىكىرلەرنى يەسەۋىي ئىجادىيىتىگىمۇ تەتبىق قىلىش مۇمكىن: يەسەۋىي سەنئىتىنىڭ باغرىدىمۇ، «كۈچلۈك كۈچسىزلىك دىنلىرى» يوشۇرۇنغان. ئۇنىڭ ئىنجىلىمۇ، قۇرئانىمۇ بار. شائىر ئىجادىيىتىدە «قۇرئان» دىن ئۆتكەن غايە ۋە ئوبرازلار ئالاھىدە مەۋقەئەگە ئىگە. لېكىن ئۇلار قانداق فورمىلىلاردا ۋە قايسى مەقسەتلەردە ئۆزلەشتۈرۈلگەنلىكىنى ئېنىقلاش زۆرۈر. مانا شۇ چاغدىلا ھەقىقەت روشەنلىشىپ، چىن ماھىيەت يۈزىگە چىقىدۇ.

يەسەۋىي «توپراق بولغىل…»، دېگەندە ناھايىتى چوڭ مەقسەتنى نەزەردە تۇتقان. كېلىڭ، ئەۋۋەل، ئادەمئاتا توغرىسىدىكى ئەپسانىنىڭ مەزمۇنىنى يادىمىزغا كەلتۈرەيلى. مەلۇمكى، دىنىي تەسەۋۋۇرلار بويىچە خۇدا دەسلەپ تۆت نەرسىنى ياراتقان ئىكەن. ئۇلار: ئوت، سۇ، يەر ۋە شامال. ئۇندىن كېيىن ئادەم يارالغان. بۇ ھەقتە ئەبۇلغازىخاننىڭ «شەجەرەئى تەراكىمە» ئەسىرىدە مۇنداق يېزىلغان: «… خۇدايى تائالا پەرىشتىلەرگە ئېيتدىكى كىم، توپراقدىن كىشى

ياساپ، جان بېرىپ يەر يۈزىندە ئۆز ئورنۇمغە خەلىفە قىلىپ قويە تورمەن...» بۇ ھۆكۈمگە، پەرىشتىلەر، ئىنسانلار ئۆز نەپسىلىرىنى يېڭىشكە ئاجىزلىق قىلىدۇ، دەپ ئېتىراز بىلدۈرۈپتۇ. شۇندا خۇدا ئېيتقانمىش: «مەن بىلگەننى سىزلەر بىلمەيسىزلەر، بارىڭلار، توپراقتىن بىر كىشىنىڭ سۈرىتىنى ياساڭلار.» شۇندىن كېيىن ئەزرائىل ئەلەيھىسسالام خۇدانىڭ ئەمرى بىلەن بېرىپ، يەر يۈزىدىكى ھەر تۈرلۈك توپراقتىن يىغىپ، مەككەئى موئەززە مەبىرلە تائىغىنىڭ ئارلىغىدا توپراقنى لاي قىلىپ ئادەمنىڭ سۈرىتىنى ياساپ ياتقۇزدىلەر» ئېيتىشلارچە، ئادەم شامال ياردىمىدە ھەرىكەتكە سېلىنىپ، يالقۇن بىلەن تىنى ئىسسىتىلىپ، قەلبى ھارارەتكە تولۇپتۇ ۋە ياراتقاننىڭ شەپقەتى ـ ساخاۋىتى تۈپەيلىدىن ئىنسان ئۆز ئەركىنى ئۆز ۋۇجۇدى ئىچىدىن تېپىپتۇ. تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسىگە ئاساسلانغاندا، يۇقىرىقى تۆت نەرسىنىڭ ھەر بىرىدىن تۆت خۇسۇسىيەت، تۆت ھالەت، تۆت مەيىل ۋە تۆت سۈپەت بارلىققا كەلتۈرۈلگەن. 1 ـ توپراقتىن ـ سەبىر، ئۈمىد، (پەقەت خۇدانىڭ مەرھەمىتىگە) ياخشى خۇلق ۋە مورۇۋۋەت. 2 ـ سۇدىن ـ خۇشاللىق، ساخاۋەت، نازاكەت ۋە بىرلىك. 3 ـ شامالدىن ـ يالغان، ئىككى يۈزلىمىچىلىك، تاقەتسىزلىك ۋە تەنتەكلىك. 4 ـ ئوتتىن ـ نەپس، كىبىر، تاما ۋە ھەسەت. بۇندىن باشقا توپراق ـ ئاللاھنىڭ مۇنەۋۋەر نۇرى، سۇ ـ ئۇنىڭ يورۇق ھاياتى، ھاۋا ـ بۈيۈكلىكى، ئوت ـ ئۇنىڭ غەزىپىنىڭ مىسالىدۇر. توپراق ۋە سۇ ـ جەننەت مۈلكى، شامال ۋە ئوت ـ دوزاخ دەھشىتى. بىز ئەمدى مۇشۇ شەرھى مەلۇماتلارنى ئېسىمىزدە تۇتۇپ، «توپراق بولغىل، ئالەم سېنى باسىپ ئۆتسۇن» مىسراسىنى يەنە مۇلاھىزە قىلىپ كۆرەيلى. بىرىنچىدىن، «توپراق» بۇ يەردە ئاددى سۆز ئەمەس، بەلكى پوئېتىك ئوبراز. ئىككىنچىدىن، شائىر دىنىي ئېتىقادچىلەرگە ئاساسلىنىپ ئىنساننى ئىنزكۇخولق ساھىبى، مۇرەۋۋەتلىك ۋە ئىلاھى زات شەرىپىگە ئېرىشىشكە چاقىرىۋاتىدۇ.

يەسسەۋىيدىكى بۇ توپراق ئوبرازى خۇددى شۇ مەنا ۋە مەنتىقىلەردە ناۋائى شېئىرلىرىدىمۇ تەنبىق قىلىنغان مىساللارغا مۇراجىئەت قىلايلى:

بوقەدەر مەنزىلەتو قۇربى بۈيۈك پايەبىلە،
ئۆزىنى تۇتقۇۋچى توپراغ ئىلە ھەمۋار قەنى؟
توپراق بىلەن ئۆزىنى تەڭ كۆرۈش زادى

نېمە؟ بۇ ـ بۈيۈكلۈك زېمىنى، ساددە ۋە كەمتەرلىكنىڭ يىلتىزى، كىبىر ۋە مەنمەنلىكتىن پاكلىنىش، ئىنسانلىق مەرتىۋىسى ئالدىدا باشقا ھەممە مەرتىۋىلەرنى نەزەرگە ئىلماسلىق. ناۋائىنىڭ باشقا بىر غەزىلىدىكى ئېتىراپىچە، «بىۋەفالەر ئوت، ۋەفا ئەھلى ئىرۇر توپراق» مىسراسىدىكى «ئوت» ۋە «توپراغ» سۆزلىرىنىڭ ئىككىلىسىلا پوئېتىك ئوبراز. شۇنىڭ ئۈچۈن ئوت ئوبرازى ئارقىلىق بىۋاپالىقنى تۇغدۇرىدىغان شەيتاننى ۋە ئىنسانى خىرسلار تۇغرىسىدا ئويلىنىش كېرەك. ۋاپا ئەھلىنىڭ نېمىشكە «توپراق» بولىدىغانلىقىنىڭ سىرى ئەندى ئايان، ئەلۋەتتە. كۆرۈۋاتىمىزكى، يەسسەۋىينىڭ «توپراق بولغىل» دېيىشىنىڭ بىر سەۋەبى ناۋائىدا ئىزاھلانغان. مانا، بىر مىسال:

ئەي ناۋائى، ئۆزىنى مەقبۇل ئىستەسەڭ
توپراق بول،
كىم ئىرور مەددود، ئولكىم باشىدە پىندارى
بار.

مەددود ـ رەت قىلىنغان. بۇنىڭ سەۋەبى شەيتانى تەكەببۇرلۇق. دېمەك، ئۆزلىكىنى چۈشىنىش «ئۆزىنى مەقبۇل» ئىستەشنىڭ ئەڭ زور چارىسى توپراق سۈپەتلىكتۇر.

بىز تېخى يەسسەۋىيدىكى توپراق ئوبرازىنىڭ مۇندەرىجىسىنى تولۇق مۇھاكىمە قىلىپ كۆرمىدۇق. ئۇنىڭدا دىنىي چۈشەنچىلەر بىلەن باغلىق بولمىغان باشقا مەنا قاتلاملىرىمۇ بار. مەسىلىگە كەڭرەك قاراپ سوئال قويايلى. توپراق نېمە؟ توپراق ـ ۋەتەن. توپراق نەچچە يۈز يىللاردىن بېرى نى ـ نى ئۇلۇغ پەرزەندلەرنى باغرىغا بېسىپ كېلىۋاتقان مېھرىلىك زېمىن. ئۇ قەدىمكى ئەجدادلىرىمىزنىڭمۇ، ئاتا ـ

بۇۋىلىرىمىزنىڭمۇ، بىزنىڭمۇ ئوخشاشلا شەپقەتلىك ئانىمىز. ئۇ كىلەچەك نەسلىمىزنىڭمۇ ئانىسى بولىدۇ. ئاجايىپ تۈرك شائىرى ئاشىق ۋەيسەل يازىدۇ:

ھاۋاغا باقسام مەن ھاۋا ئالارمەن،
تۇپراققا باقسام مەن دۇئا ئالارمەن.
تۇپراقتىن ئايرىلسام نەدە قالارمەن،
مىنىڭ سادىق يارىم قارا تۇپراقتۇر.

شۇنداق، ھەقنىڭ پۈتمەس خەزىنىسى تۇپراقتا. تۇپراق دۇئاسى - ۋەتەن دۇئاسى. يەرگە سىغىنىش - ئادىمىيلىكنىڭ نۇرانە ئىپادىسى. ئانا زېمىنغا سىغىنغان كىشىنىڭ «مىنىڭ سادىق يارىم قارا تۇپراقتۇر» دېيىشى، ئۇنىڭ ئىشق نۇرلىرىنى ۋەتەن تۇپرىقىغا بېغىشلاش ئىرادىسىنىڭ ئوبرازلىق ئەكس ئېتىشى.

بىزنىڭ شېئىرىيىتىمىزدە ۋەتەن ھەققىدىكى پەلسەپىۋى پىكىرلەر ئەھمەد يەسسەۋىي ھىكمەتلىرىدىن باشلىنىدۇ:

باشىم تۇفراق، ئۆزۈم تۇفراق، جىسمىم تۇفراق،
ھەق ۋەسلىگە يېتەرمەن دىب روھىم مۇشتاق.

يەسسەۋىينىڭ بۇ بېيىتىنىڭ ئىككىنچى قۇرىدىكى پىكىرنى ھەق ۋەسلىگە يېتىشكە ئارزۇمەند كىشىنىڭ سۆزى دەپمۇ، ۋەتەن دىدارى سىغىنىشىدىكى كامىل قەلبىنىڭ روھى مۇشتاقلىقى دەپمۇ چۈشىنىش مۇمكىن. بۇنىڭدا ماھىيەت بەرىبىر ئۆزگەرمەيدۇ. چۈنكى، ئاشىق ۋىسالىنىڭ بىشارىتىدە ئېيتىلغىنىدەك ۋەتىنىگە يار بولغان ئادەملەر ئىلاھى تىلەكلىرىگە يېتەلەيدۇ:

تىلەگىڭ بار ئىسە ئىستە ئاللاھدىن،
ئالماق ئۈچۈن ئۇزاق كىتمە تۇفراقدىن.
چۇمەردلىك تۇفراققە بىرىلمىش ھەقدىن،
مىنىڭ سادىق يارىم قەرا تۇفراقدىر.

ئابدۇللا ئارىپوۋ يازىدۇ:

نىچۈن بېشىڭ ئىگىك، نىچۈن قەددىڭ ھەم،
نىچۈن نىگاھىڭنى تارتىدۇ تۇپراق؟
مىنىڭ يەر ئۈستىدە تونۇشلۇرۇم كەم،
مىنىڭ يەر ئاستىدا دوستلۇرۇم كۆپراق.

نىگاھىنى تۇپراق تارتمايدىغان كىشىلەر ياۋۇز ۋە جاھىلدۇر. دۇنيادىكى ھەممە نادان، ئېتىقادسىز گۇمراھلارنىڭ نىگاھلىرى تۇپراقتىن ئۈزۈلگەندۇر. ئۇلارنىڭ ھېچقانداق ۋاقىتتا يەر ئاستىدا دوستلىرى بولمايدۇ. شۇنداقلا ئۇلار ھېچقانداق ۋاقىتتا تۇپراققا قوشۇلۇپ ياتقان ئۇلۇغلىرىنىڭ قەدىر - قىممىتىنى قىلمايدۇ.

«تۇفراق بولغىل، ئالەم سېنى باسىب ئۆتسىن». يەسسەۋىي بۇنى كىملەرگە قارىتىپ ئېيتقان؟ بىزنىڭچە، دانا، تىخىمۇ توغرا راغى ئېتىقاتلىق دانىشمەنلەرگە قارىتىپ ئېيتقان. ھەر قانچە بولسىمۇ شائىر، ئېگىز پەس، روھى قاراڭغۇ كىمسىلەردىن ھېچنەرسە كۈتمىگەن. شېئىر ئادەتتىكى گەپلەرنىڭ ئادەتتىكىچە بايانى ئەمەس. شېئىر چوڭقۇر پىكىر تۇيغۇلارنىڭ ئوبرازلىق ئىپادىسى. ئەھمەد يەسسەۋىي ئەنە شۇ شېئىرى ئىمكانىيەتتىن پايدىلىنىپ، ئىنساننى ئۇلۇغلۇققا چاقىرغان. ئۇنىڭچە ئادەم ۋەتىنى بىلەن بىرلىكتە ئېرىشسە، ئۇ چوقۇم ئۆز ئېلىنىڭ ھەتتا پۈتۈن ئالەمنىڭ ئېھتىرامىغا سازاۋەر. بۇنداق ئادەمنى ئەل چۈشىنىدۇ، دۇنيا تونۇيدۇ. بۇنداق قۇدرەتلىك زاتلارنى ئالەممۇ يىگىپ، بېسىپ ئۆتەلمەيدۇ. يەسسەۋىي مىسرالىرىدىكى پوئېتىك ئوبرازنىڭ ئاساسىي مۇندەرىجىسى ۋە ئۇنىڭدىن كېلىپ چىقىدىغان ئالەمشۇمۇل مەنا مانا مۇشۇ. ئاكادېمىك د. لىخاچېيۋ مۇنداق دەپ يازىدۇ: «ئۆتمۈش بىلەن ھازىرقى زامان مەدەنىيىتى ئوتتۇرىسىدا بىر خىل تەتۈر ئالاقە مەۋجۇتتۇر. ۋاقىت ھەمىشە يېڭى نۇقتىئىنەزەرلەرنى يارىتىدۇ ۋە كونىغا يېڭىچە قاراشنى ۋە بۇرۇن بايقالمىغان نەرسىلەرنى كەشىپ قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ.» مانا مۇشۇ تەلەپنىڭ كەينىدە قالماسلىق ھەممىمىزنىڭ ۋەزىپىسى.

(ئاپتورنىڭ ئۆزبېكىستاندا نەشر قىلىنغان «شېئىرىيەت ۋە تەسەۋۋۇپ» ناملىق كىتابىدىن ئېلىندى)

مۇھەممەت پولات تەرجىمىسى

# قابۇسنامە

## شەمسۇلمائالى قابۇس

### بىرىنچى باب. ئاتا ـ ئانا ھەققىنى تونۇش ۋە ئورنىغا كەلتۈرۈش ھەققىدە

ئەي ئوغۇل، بىلىشىڭ كېرەككى، تەڭرى بۇ جاھاننى ئاۋات قىلىشنى ئىرادە قىلىپ، ئىنسانلارنىڭ نەسلىنى كۆپەيتىش ۋە بىر ـ بىرىگە باغلىنىشلىق قىلىش ئۈچۈن، شەھۋەت (ئىسپىرما) نى ياراتتى. ئاتا ـ ئانىلارنى پەرزەنتىنىڭ دۇنياغا كېلىشىگە سەۋەب قىلدى.

ئەي ئوغۇل، ئاتا ـ ئانىنىڭ ھەققى ۋە ھۆرمىتىنى ساقلىغايسەن، ئۆز ئەسلى ـ زاتىڭنى ئۇلۇغلىغايسەن. ئاتا ـ ئاناڭنى ھۆرمەت قىلساڭ، ئۆز ئەسلىڭنى ھۆرمەت قىلغان بولىسەن. ئاتا ـ ئانامنىڭ مەندە نېمە ھەققى بار دېمە، چۈنكى ئاتا ـ ئاناڭ سېنى دۇنياغا كەلتۈردى. ئاتا ـ ئاناڭ بولمىسا، سەن دۇنياغا كەلمەس ئىدىڭ. ئاتا ـ ئاناڭ ۋۇجۇدىدىن سېنى تۇغۇپ، چەكسىز جەۋرى ـ جاپالار بىلەن ئاسراپ، تەربىيىلەپ، ئەڭ چوڭقۇر مۇھەببەت بىلەن سېنى ئۆستۈرۈپ ئادەم قىلىپ، كىشىلىك قاتارىغا قوشتى. ئەگەر ئاتا ـ ئاناڭ سېنى شۇنداق يېتىشتۈرمىسە، سەن نەدىن كەلگەن بولاتتىڭ ۋە قانداق بولۇپ بۇ يىگىتلىك — ياشلىق ھالىتىگە يېتەتتىڭ؟

ئەمدى ساڭا زۆرۈرى، ئاتا ـ ئاناڭنى ئۆز جېنىڭنى قانداق سۆيسەڭ شۇنداق سۆيۈپ قەدىرلىگەيسەن، ئاتا ـ ئانىنى ھۆرمەتلىمىگەن — قەدرىنى بىلمىگەن پەرزەنت تەڭرى بىلەن ئۆزى ئوتتۇرىسىدىكى سەۋەب بولغۇچى نەرسىنى بىلمىگەن بولىدۇ.

ئاتا ـ ئانىغا بوي سۇنماق پەرزدۇر. ئاللاتائالا: «تەڭرىگە ۋە تەڭرىنىڭ پەيغەمبىرىگە، ئۆزەڭلاردىن بولغان پەرمان ئىگىسىگە بوي سۇنۇڭلار» دەيدۇ. خۇدانىڭ بۇ ئەمرىدىكى «پەرمان ئىگىسى» ئاتا ـ ئانىنى كۆرسىتىدۇ. ئاللاتائالا يەنە ئاتا ـ ئانىنى خورلىماسلىقنى، ئۇلارغا گۈزەل، ياخشى، يۇمشاق سۆزلەشنى بۇيرۇيدۇ. ئەگەر ئاتا ـ ئانا ھەققىنى دىن يۈزىسىدىن كۆرمىسەڭمۇ ئەقىل يۈزىسىدىن ئويلاپ كۆر، ئاتا ـ ئاناڭ سېنىڭ دۇنياغا كېلىشىڭگە ۋە ئۆسۈپ يېتىشىشىڭگە، تەربىيىلىنىشىڭگە سەۋەبچى بولغان تۇرسا، سەن ئۇلارنى ھۆرمەتلەپ، خىزمىتىنى ياخشى قىلمىساڭ، ياخشى پەرزەنت ۋە ياخشى ئادەم بولمىغان بولىسەن. ھەر قانداق ئادەم ئاتا ـ ئانىسى ھەققىنى ئادا قىلمىسا، باشقا كىشىلەرنىڭ ھەققىنى ئەسلا ئادا قىلالمايدۇ. مۇنداق ئادەم ياخشىلىقنىڭ قەدرىنى بىلمەيدىغان يامان ئادەم ھېسابلىنىدۇ. يامان ئادەمگە باشقىلارنىڭ ياخشىلىق قىلىشىمۇ دۇرۇس ئەمەس.

سەن ئەگەر پەرزەنتىڭدىن ھۆرمەت ئۈمىد قىلساڭ، ئالدى بىلەن ئۆزەڭ ئاتا ـ ئاناڭغا ھۆرمەت قىلىشىڭ لازىم. بالىلىرىڭ ئاتا ـ ئاناڭغا قىلغان ھۆرمەت ۋە خىزمىتىڭنى كۆرۈپ، ساڭا ئىززەت ـ ئىكرام ۋە ياخشى خىزمەت قىلىدۇ. چۈنكى، بالا ئاتا ـ ئانىنىڭ قىلمىشىنى كۆرۈپ ئۆگىنىدۇ. سەن بىر مېۋىلىك دەرەخكە ئوخشايسەن، بالىلىرىڭ شۇ مېۋىلىك دەرەخنىڭ مېۋىسى. ئاتا ـ ئاناڭنىڭ خىزمىتىنى قانچىلىك ياخشى قىلساڭ، شۇنچىلىك رازىلىقىنى — دۇئاسىنى ئالىسەن. ئاتا ـ ئانىنىڭ دۇئاسى ئىجاۋەتتۇر. ئاتا ـ ئاناڭ سەندىن رازى بولسا، تەڭرىمۇ سەندىن رازى بولىدۇ. ئەي ئوغۇل: «ئاتا ـ ئانام ئۆلسە ئۇلاردىن ماڭا مال ـ مۈلۈك، پۇل مىراس قالاتتى» دېمە، ھەتتا بۇنداق يامان خىيالنى كۆڭلۈڭگىمۇ كەلتۈرمە. ئاتا ـ ئاناڭ ئۆلۈشتىن بۇرۇن سەن ئۆلسەڭ قانداق قىلىسەن؟

ئەي ئوغۇل، ئۆزەڭنى يۇقىرى مەرتىۋىلىك كىشىگە سېلىشتۇرۇپ قايغۇرما، ھەر قاچان ئۆزەڭدىن تۆۋەن مەرتىۋە، تۆۋەن تۇرمۇشتىكىلەرگە قاراپ ئۆز تۇرمۇشىڭغا شۈكرى قىل. ئەگەر سەن يوقسۇل ئىكەنسەن، ئەقىل ـ ئىلمىڭ، ھۈنەر ـ كەسپىڭ بولسا، بايسەن. چۈنكى، ئەقىل ـ بىلىم، مال ـ مۈلۈك، بايلىقتىن ياخشى. ئەقىل ـ بىلىم بولسا، بايلىق ئۆزى كېلىدۇ. لېكىن ئەقىلنى، بىلىمنى پۇلغا سېتىۋېلىشقا بولمايدۇ، بىلىم بولمىسا مال ـ مۈلۈك، بايلىق قولدىن كېتىدۇ، تۈگەيدۇ. ئەمما ئەقىل ـ بىلىم داۋاملىق سەن بىلەن بىللە تۇرىدۇ.

ئەقىل ـ بىلىمىڭ بولسا، ھۈنەر ـ سەنائەت ئۆگەنگىن. ئەقلىڭ، بىلىمىڭ ۋە ھۈنىرىڭ بار ئىكەن، ئەدەب ـ ئەخلاقىڭ ياخشى بولسۇن، چۈنكى «ئەدەب — ئەقىلنىڭ سۈرىتى ـ شەكلى» دۇر.

## ئىككىنچى باب. ھۈنەر ـ سەنائەتنىڭ نەسەپتىن ياخشىلىقى ھەققىدە

ئەي ئوغۇل بىلگىنكى، ھۈنەر ـ سەنائەت بىلەن ئىپتىخارلىنىش نەسەپ بىلەن پەخىرلىنىشتىن ياخشى. ھۈنەر ئۆگىنىشكە تىرىشقىن، ھۈنىرى يوق كىشىنىڭ ھېچ ئادەمگە پايدىسى يوق، بەلكى ئۆزىگىمۇ پايدىسى يوق. ھۈنىرى يوق ئادەم گويا ئاق تىكەنگە ئوخشايدۇ. تىكەننىڭ ھېچ ئادەمگە سايىسى چۈشمەيدۇ. ھەر قانداق ئادەمگە ھۈنەر زۆرۈر. ھۈنىرى يوق ئادەم ھايۋان دەرىجىسىگە چۈشۈپ قالىدۇ. بەلكى ھايۋان ھۈنەرسىز ئادەمدىن ياخشىراق. چۈنكى ھايۋان خەلققە مەنپەئەت يەتكۈزىدۇ. ھۈنەرسىز ئادەم «ئىنسان سۈرەتلىك ھايۋان» دېيىلگەندۇر. ئەي ئوغۇل، «مەن پالانى ئۇلۇغ، ياخشى كىشىنىڭ ئەۋلادى» دەپ يۈرمەي، ھۈنەر ئۆگەنگىن. «شان ـ شەرەپ — ئەقىل ـ ۋە ئىلىم، ئەخلاق بىلەن كېلىدۇ».

ئەي ئوغۇل، ئاتا ـ ئاناڭدىن قالغان نام (نەسەپ) بىلەن ئەمەس، بەلكى، ئۆز ھۈنەر ـ كەسپىڭ ۋە ئەقىل پاراسىتىڭ بىلەن ئىپتىخارلان. چۈنكى، ئاتا ـ ئاناڭ ساڭا چىرايلىق قىلىپ ئەھمەد، ياكى مەھمۇد، ئابدۇللا، ئابدۇراخمان دەپ ئات قويغان بولسا، بۇ ئاتلار ساڭا شەرەپ بولالمايدۇ. سەن ئۆزۈڭ تىرىشىپ ھاسىل قىلغان ئالىم، پەيلاسوپ، دوختۇر، ئۇستاز ـ مۇئەللىم ياكى ھۈنەرۋەن دېگەن ئىسىملارنىڭ ساڭا مەنسۇپ بولۇشى شەرەپلىكتۇر، تىرىشىپ ياخشى، شەرەپلىك نامغا ئېرىشكىن. يامان ئىسىم بىلەن مەشھۇر بولۇشتىن ساقلانغىن.

كىمكى ئۆزى نادان (ئىلىمسىز، ھۈنەرسىز) بولسا ھېچنەرسىگە ئەرزىمەيدۇ. نادان ئادەمنىڭ سۆھبىتىدىن يىراق بولۇش كېرەك. چۈنكى، بىلىمسىز ئادەمدىن ساڭا نۇقسان يەتمىسۇن. ئالىم ۋە ھۈنەرۋەن ئادەمنىڭ سۆھبىتىنى غەنىمەت بىلىش كېرەك.

ئەي ئوغۇل، ھۈنەرلەر ئارىسىدا قايسى ھۈنەر ياخشىراق؟ ھۈنەرلەر ئارىسىدا «ناتىقلىق» (سۆزلەش ماھارىتى) ياخشىدۇر. ئىنسان پۈتۈن مەخلۇقلار ئىچىدە ئون نەرسە بىلەن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. ئۇ ئون نەرسىنىڭ بەشى ئوچۇق، بەشى مەخپىي. مەخپىيلىك ئىنساننىڭ ئىچكى دۇنياسىدا بولىدۇ. ئۇنىڭ بىرى ئورتاق ھېس؛ بۇ، تاشقى ئالەمدىن خەۋەرنى ئادەمنىڭ ئىچكى دۇنياسىغا يەتكۈزىدۇ. ئىككىنچىسى خىيال؛ بۇ، خەۋەرگە شەكىل بېرىدۇ. ئۈچىنچىسى پىكىر؛ ئۇ، شەيئىنىڭ ئاقىۋىتىگە نەتىجە بېرىدۇ. تۆتىنچىسى ۋەھىم؛ (ئويلاش) بۇ شەكىلگە بېرىلگەن نەرسىنىڭ ياخشى ـ يامانلىقىنى پەھىم قىلىدۇ. بەشىنچىسى «ھاپىزە» ئەستە ساقلاش، پىكىر قىلىشتىن ھاسىل بولغان يىغىندا خەۋەرنى ۋە شەكىللەرنى ساقلايدۇ.

تاشقى جەھەتتىكى بەش نەرسىنىڭ بىرى، ئاڭلاش، ئىككىنچىسى، كۆرۈش؛ ئۈچىنچىسى، تۇتۇپ بىلىش؛ تۆتىنچىسى، تېتىش؛ بەشىنچىسى، پۇراش؛ بۇ نەرسىلەرنىڭ بەزىسى ھايۋاندىمۇ بولىدۇ. ئەمما

ئادەمدە بولغان دەرىجىدە ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن ئادەم گوياكى پۈتۈن ھايۋانات ئۈستىدىكى پادىشاھقا ئوخشايدۇ. بۇ يەردە بايان قىلىنغان ئىنساندا بولغان 10 ئامىلنىڭ خۇلاسىسى ئىنساننىڭ سۆزلەش خۇسۇسىيىتىدۇر. پەھىم ئىنسان سۆزىنىڭ قانداق مەناسى بولۇشىغا قورالدۇر. خىيال ئاڭلىغان نەرسىگە شەكىل بېرىشكە قورالدۇر، باشقىلىرىنىمۇ شۇلارغا قىياس قىلىش لازىم. ئەي ئوغۇل، تىرىشىپ تىلىڭنى سۆزلەش ماھارىتى بىلەن ۋە پاساھەت (ئوچۇق، ئېنىق، گۈزەل سۆزلەش) بىلەن بېزىگەيسەن، خەلققە تاتلىق تىل بىلەن گۈزەل سۆزلەشنى ئادەت قىلغايسەن. ھەر كىمنىڭ تىلى تاتلىق، گۈزەل بولسا، دوستلىرى كۆپ بولىدۇ. ئالىملار، پەيلاسوپلار ئېيتقانكى، «كىمنىڭ تىلى تاتلىق بولسا، دوستلىرى كۆپ بولىدۇ» سۆزگە ئۇستا كىشى ھەر بىر سۆزنى ئورنىنى تاپمىسا ئېيتمايدۇ. چۈنكى ھەر بىر سۆز ئۆز جايىدا سۆزلەنمىسە، ھەر قانچە گۈزەل بولسىمۇ تېتىقسىز ئاڭلىنىدۇ. بەزى سۆزلەر بولىدۇكى، ئۇنىڭ سەۋەبىدىن سۆزلىگۈچى جەۋرۇ ـ جاپاغا يولۇقىدۇ، ھەر بىر سۆزنى ئۆز ئورنىدا سۆزلەشنى بىلىش كېرەك. ھېكمەت ئالىملىرى سۆزنى شارابقا ئوخشىتىدۇ. شاراب خۇمار كەلتۈرىدۇ (شاراب ئىچىپ ئادەتلەنگەن ئادەمنىڭ يەنە ئىچكۈسىنى كەلتۈرىدۇ) ئىچكەندىن كېيىن باش ئاغرىتىدۇ، بەدەنگە زىيان يەتكۈزىدۇ. سورىماستىن ئىلگىرى سۆزلىمە، زۆرۈر بولمىغان ئورۇنسىز، بىھۇدە سۆزدىن ساقلىنىشىڭ كېرەك. ھەر بىر ئاڭلىغان سۆزۈڭنى سۆزلەۋەرمە. بەزى سۆزنىڭ ئاساسى ئىگىسى يوق بولۇپ قالسا، يالغاندىن ئىغۋا تارقاتقان بولىسەن. بىر كىشى سەندىن نەسىھەت ئاڭلاشنى خالىمىسا، ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلما. بولۇپمۇ نەسىھىتىڭگە ئەمەل قىلمايدىغان كىشىگە نەسىھەت قىلما. ئەگەر بىر كىشىگە نەسىھەت قىلساڭ ئادەم كۆپ يەردە قىلما. چۈنكى، خەلق ئارىسىدا نەسىھەت قىلساڭ، ئۇ كىشىنىڭ بارلىق ئەيىبلىرىنى بېشىغا ئۇرغاندەك بولىسەن «كۆپ كىشىنىڭ ئارىسىدا نەسىھەت قىلىش — ئادەمنىڭ بېشىغا ئۇرغانلىق بولىدۇ»

. ئادەم ياشلىق ۋاقتىدىن باشلاپ توغرا نىيەت ۋە ياخشى ئەخلاق بىلەن تەربىيىلىنىشى لازىم. ياشلىق ۋاقتىدىن باشلاپ توغرا تەربىيىلەنمىگەن ئادەم ئەگرى ئۆسۈپ قېرىغان دەرەخكە ئوخشايدۇ. ئەگرى ئۆسۈپ قېرىغان دەرەخنى تۈزلەشكە بولمايدۇ. ئۇنى پالتا بىلەن كېسىپ ئوتۇن قىلىشقىلا بولىدۇ. سۆزنىڭ ئۆز ئورنى تېپىلغاندا، بېخىللىق قىلماي سۆزلەش كېرەك. تۆھمەت ئېھتىمالى بولغان يەردە ئولتۇرما، يامان يولدا يۈرگەن كىشىگە ھەمراھ بولما، چۈنكى، ئۇ سېنى يامان يولغا باشلايدۇ. ياماننىڭ كاساپىتى تېگىدۇ. خۇش تەبىئەتلىك ئىكەنسەن، خۇش تەبىئىتىڭنى ھېچقاچان ئۆزگەرتمە. بىر كىشى غەم ـ قايغۇغا يولۇقسا، سەن شاتلانما، خەلق قايغۇغا دۇچكەلسە، سەنمۇ تەڭ قايغۇرغىن. ئۆزەڭدىن تۆۋەن كىشىلەرگە زورلۇق قىلما، ئادالەتلىك بول، چوڭلاردىن زورلۇق كۆرمەيسەن. خەلققە توغرا سۆزلە، سەنمۇ خەلقتىن توغرا جاۋاب ئاڭلايسەن. ياخشىلىقنىڭ قەدرىنى بىلمىگەن كىشىگە ياخشىلىق قىلما، ياخشىلىقنىڭ قەدرىنى بىلمىگە ئادەمگە ياخشىلىق قىلىشىڭ شورلۇق يەرگە ئۇرۇق چاچقانغا ياكى شورلۇق يەرگە كۆچەت تىككەنگە ئوخشايدۇ. ياخشىلىق قىلىشقا تېگىشلىك ئورۇن ۋە ئادەمگە ياخشىلىقىڭنى ئايىما. ئەگەر كىشىلەرگە ياخشىلىق قىلىش قولۇڭدىن كەلمىسىمۇ، يامانلىق قىلما. خەلقنى ياخشىلىق قىلىشقا دالالەت قىل. چۈنكى، كىشىلەرنى ياخشىلىق قىلىشقا دالالەت قىلغان كىشى ياخشىلىقنى قىلغانغا ئوخشاش. ئەگەر كىشىگە ياخشىلىق قىلغان بولساڭ، «مەن پالانى كىشىگە ئەجەپ ياخشىلىق قىلغان ئىكەنمەن» دەپ ئېچىنما. كىشىگە خىيانەت قىلىشتىن ساقلان. شۇنداق ھالەتلەر بولىدۇكى، بەزى يامانلىقنىڭ جازاسى مۇشۇ دۇنيادىلا يېتىپ كېلىدۇ، بەزى ياخشىلىقنىڭ مۇكاپاتىمۇ كېلىدۇ. ئەگەر كىشىگە خىيانەت قىلىپ ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئاغرىتساڭ سېنىڭ كۆڭلۈڭگىمۇ شۇنداق زەخمەت — ئاغرىنىش كېلىدۇ. بەلكى سەن يەتكۈزگەن ئازار ـ زەخمەتتىن ساڭا ئېغىرراق يېتىدۇ. خەلق قايغۇلۇق بولسا، سەنمۇ قايغۇلۇق بول، بىراۋ سېنىڭ سەۋەبىڭ

بىلەن خۇشاللانسا سەنمۇ خۇشال بولىسەن. مەلۇمكى، ياخشىلىق ۋە يامانلىق قىلساڭ، جازا ۋە مۇكاپاتىنى بۇ دۇنيادا كۆرىسەن، مۇبادا بۇ دۇنيادا كۆرمىسەڭ، ئاخىرەتتە چوقۇم كۆرىسەن. بۇ سۆزنى ھېچكىم ئىنكار قىلالمايدۇ، ياخشىلىق ۋە يامانلىق ئەسلا بەدەلسىز قالمايدۇ.

ئەي ئوغۇل، ئىمكانىيەتلا بولسا، ياخشى ئىشلارنى قىلغىن، ياخشىلىق قىلىش جەريانىدا ھەر قانچە جەۋرى - جاپا چەكسەڭمۇ زىيىنى يوق. ئۇنىڭ ئاقىۋىتى راھەتلىك بولىدۇ، ياخشىلىق قىلىشتىن توختىما. كۆپ ياخشىلىق قىلدىم، پايدىسىنى كۆرمىدىم دېمە. بۇنداق دېيىش ناھايىتى خاتا. خەلق ئىچىدە: «ياخشىلىق يەردە قالمايدۇ» دېگەن سۆز بار. خەلق كۆزىگە ياخشىلىق بىلەن كۆرۈنگىن، يامانلىق بىلەن كۆرۈنۈشتىن ساقلان. ھېچقاچان بۇغداي كۆرسىتىپ، ئارپا ساتما. قارىماققا خەلققە ياخشى كۆرۈنۈپ، ئارقىدىن يامانلىق قىلما. ئەگەر قارىماققا ياخشىلىق قىلغاندەك كۆرۈنۈپ، ئارقىدا يامانلىق قىلساڭ مۇناپىقلىق قىلغان بولىسەن. ھەر قانداق ئىش قىلساڭ ئادالەت (توغرىلىق، راستلىق) بىلەن قىل. زالىملىق قىلما. زالىملىق قىلساڭ ئۆزەڭگە قايتىدۇ، قىلمىشىڭغا بېقىپ جازاسىنى كۆرىسەن.

ئەي ئوغۇل، بىلىشىڭ كېرەككى، ئادەمنىڭ ئىككى ھالىتى بار، ھېچۋاقىت ئۇنىڭدىن خالى بولمايدۇ. بىرى خۇشاللىق، بىرى قايغۇ. ئەگەر خۇشال بولساڭ ياكى قايغۇغا دۇچكەلسەڭ، شۇنداق ئادەمگە ئېيتقىنكى، سېنىڭ خۇشاللىقىڭ بىلەن ئۇ خۇشال بولسۇن، قايغۇڭ بىلەن ئۇ قايغۇلانسۇن. شۇنداقتىمۇ خۇشاللىق قايغۇلۇق ھالىتىڭنى كىشىگە بىلىندۈرمىگىنىڭ ياخشى. چۈنكى، ھەر كىم ھەر خىل سۆز قىلىپ، قايغۇڭنى ئاشۇرىدۇ، ئەھۋالىڭنى يامانلاشتۇرىدۇ. يەنە ياخشىلىق ۋە يامانلىق ئەھۋالىڭغا تېز سۆيۈنمە ۋە ھودۇقما. تېز سۆيۈنۈش، ھودۇقۇش بالىلارنىڭ ئىشىدۇر. ئازغىنا بىر ۋەقە ئۈچۈن تەبىئىتىڭنى ئۆزگەرتمە، ئەقىل ئىگىلىرى بۇ ھالنى خوپ كۆرمەيدۇ. ھەر قانداق خۇشاللىق كەلسە، ئالدىراپ سۆيۈنمە، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قايغۇسى بولىدۇ. ھەر قانداق كۆڭۈل يېرىملىق، خاپىلىق كەلسە، رەنجىپ كەتمەي ئۆزەڭنى چىڭ تۇتۇپ يۈرگىن، ئاخىرىدا شاتلىق كېلىدۇ. ھەققانىي (توغرا) ئىشلارنى ئىنكار قىلىشتىن ساقلىنىشىڭ لازىم. بىر نەرسىنى ۋە بىرەر ئىشنى پۈتۈن خەلق ياخشى دېسە، ئەلۋەتتە ئۇ ياخشى. سەن ئۇنى يامان دېمە، يامان دېسەڭ توغرا ئىشنى يامان دېگەن بولىسەن.

كىشى بىلەن قاتتىق - ۋارقىراپ سۆزلەشمە. سۆزلىگەندە ئاڭلىغۇدەك سۆزلىسەڭ كۇپايە قىلىدۇ، تەمكىنلىك بىلەن سۆزلەش. ئەگەر بىر كىشى ساڭا قاتتىق سۆزلىسە، سەن ئۇنىڭغا مۇلايىملىق بىلەن جاۋاب قايتۇر. ئەخمەق (نادان)لار ساڭا قوپاللىق قىلسا، سەن ئۇنىڭغا جاۋاب بەرمە. چۈنكى، دانالار ئېيتقانكى «ئەخمەققە بېرىلىدىغان جاۋاب — سۈكۈتتۇر!» بىر كىشى ياخشىلىق قىلسا، ئۇنىڭ ياخشىلىقىنى ئۇنتۇما. ئۇنىڭ ياخشىلىقىنى قايتۇرالمىساڭمۇ، ئۇنتۇپ قالما! ئۇرۇق - تۇغقانلىرىڭغا ۋە يېقىن دوستلىرىڭغا قولۇڭدىن كەلگىنىچە ياخشىلىق قىل.

بىر شەھەر ياكى بىر يېزىدا تۇرساڭ ئۇ شەھەر - يېزىنىڭ قېرى كىشىلىرىگە ھۆرمەت قىل، چۈنكى، دۇنيادىكى بارلىق مىللەت ۋە دىنلاردا قېرى كىشىلەر ھۆرمەتلىنىدۇ. بولۇپمۇ ئۆز خەلقىڭنىڭ قېرىلىرىغا ھۆرمەت قىلىشىڭ زۆرۈر. قېرى كىشىلەرنىڭ پەزىلەتلىرىدىن مەھرۇم بولما. ئەگەر قېرى كىشىلەردە بىرەر ئەيىب كۆرسەڭ، ئۇنىڭغا كۆز سالما، ياخشىلىق تەرىپىگە كۆز سال. ئىلمىي - ھېكمەت كۆزۈڭ بىلەن قارىساڭ ئاجايىپ ئىبرەتلەر ھاسىل قىلالايسەن.

بىر ئادەم بىر يامان ئىش قىلسا، ئىبرەت كۆزۈڭ بىلەن قارىغىن. ئۇ ئۇنداق قىلدى، مۇنداق قىلدى، دەپ ئەيىبلىمە. ئۆزەڭنىڭ ئاشۇنداق يامان ئىش قىلمىغىنىڭغا شۈكرى قىل. ئەي جېنىم ئوغلۇم، ئەگەر تونۇمىغان كىشى بىلەن ھەمسۆھبەت بولۇپ قالساڭ، ئۇنىڭدىن تېز ئايرىلغىن، خاتىرجەم - ئامان

بولىسەن. چۈنكى ئۇ سىنالمىغان، ناتونۇش ئادەم بولغانلىقتىن گۇمان - شۈبھىدىن خالى بولغىلى بولمايدۇ. مەسىلەن، بىر كىشى ساڭا يېمەك ئۈچۈن بىر نەرسە بەرسە، سەن ئۇ يېمەكلىكتىن گۇمان قىلساڭ ئۇنى يېمە، چۈنكى زەھەر دەپ گۇمان قىلىنغان نەرسىنى يېمەك ئەقىل ئىگىسىنىڭ ئىشى ئەمەس. ئەگەر ئۇ نەرسە زەھەرلەنگەن نەرسە بولمىسىمۇ، گۇمان بىلەن يېگەن نەرسە زىيانلىق. كىشىنىڭ مال - مۈلكىدە سېنىڭ ھەققىڭ يوق. كىشىنىڭ ياخشى ئىشلىرىغا قارا. كىشىنىڭ تۇرمۇش ھاياتىغا چىدىماسلىق، كۆرەلمەسلىك قىلما. ئۆزەڭ تىرىشساڭ مال - مۈلۈك، بايلىق ھاسىل قىلىش ئىقتىدارىڭ بار. ئاچ قېلىشقا رازى بولساڭ بولغىنكى، ئىلىمسىز، ھۈنەرسىز قېلىشقا رازى بولما. دانا كىشىلەرنى تاپساڭ ئۇنىڭدىن ئىلىم، ھۈنەر ئۆگەنگىن. ئىلىم، ھۈنەر قانداق كىشىدە بولسا، ئار كۆرمەي ئۆگەنگىن. «خەزىنە ۋەيرانىلەردە، ئىنجۇ، گۆھەر سەدەپتە» بولىدۇ. سەدەپكە قارىماي ئىچىدىكى ئىنجۇ، گۆھەرگە قارىغىن.

خەلق ئىچىدە ياخشى ئىشلارنى كۆرسەڭ، ئۇنى ئۆگەنگىن ۋە ئەمەلگە ئاشۇرغىن، يامان ئىشلارنى كۆرسەڭ، ئۇنىڭدىن ساقلانغىن. قانداق نەرسە خەلققە پايدىلىق بولسا، ساڭا ھەم پايدىلىق. خەلققە زىيانلىق نەرسە ساڭا ھەم زىيانلىق.

دائىم ئۆزەڭگە ئۆزەڭ نەسىھەت قىل، ئۆزەڭنى تۈزۈك تۇتقىن. ئۆزەڭنى تۈزۈك تۇتۇش شۇكى، ئۆزەڭ ئۆگىنەلەيدىغان ئىشقا ئەقلىڭنى — ئىلمىڭنى سەرپ قىلغىن. زورۇر نەرسىنى ئۆگەنگىن. ئۆگىنىشكە ۋاقىت يوق دېمە، ھېچقانداق ۋاقتىڭنى بوش - بىكار ئۆتكۈزمە. ئەگەر ھۈنەر ئۆگىنىشكە بىر ھۈنەرۋەن ئادەم تاپالمىساڭ، يەنە بىر ھۈنەر بىلمەس كىشىنىڭ ئەھۋالىغا قارا، ئۇنىڭ قىلغان يارىماس ئىشىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭدىن ياخشى ئىشنى ئىشلەشكە ئىجتىھات قىل، ھۈنەرۋەن بولىسەن.

ھەر بىر كىشىگە لازىمكى، ئىشنىڭ چوڭ - كىچىكىنى سۈرۈشتۈرۈپ يۈرمەي، ھۈنەر- بىلىم شۇرۇشقا تىرىشىشى كېرەك. لوقمان ھېكىمدىن: «ئەدەب - ئەخلاقنى كىمدىن ئۆگەندىڭىز؟» دەپ سورالغاندا «ئەدەبسىزلەردىن ئۆگەندىم» (ئەدەبسىزلەرنىڭ قىلمىشلىرىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭدىن ئۆزەمنى ساقلىدىم) دېگەن.

ئادەم نەسىل - نەسەبى (ئاتا - بوۋىلىرى) بىلەن باشقىلاردىن ئۇلۇغ بولالمايدۇ، ئۇلۇغلۇق ئىلىم- بىلىم، ھۈنەر بىلەن بولىدۇ.

مەلۇمدۇركى، ئىنسانلارنىڭ دۇنيادا كۆپ مەقسەتلىرى بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىنسان ئىلىم- بىلىم ھۈنەر، پەزىلەت ۋە ئىقتىدار ھاسىل قىلسۇن. شۇنداق قىلغاندىلا مەقسەتلىرىگە يېتىدۇ. چۈنكى، ئىلىم، ھۈنەر، پەزىلەت ئاشۇرۇش — ئۆز دەۋرىمىزدىكىلەردىن ئارتۇق بولاي دېگەنلىكتۇر. ھەر كىم ئىلىم، ھۈنەر، پەزىلەت ئۆگىنىشتىن ئۆزىنى تارتسا (ئۆگەنمىسە)، ئاجىزلىق، بىچارىلىققا رازى بولغانلىقتۇر، مۇنداق قىلىش — غەيرەتسىزلىك ۋە ھىممەتسىزلىكنىڭ ئالامىتىدۇر. غەيرەتسىز، ھىممەتسىز كىشى ھېچقاچان ئۇلۇغلۇق (يۇقىرى مەرتىۋە)گە ئېرىشەلمەيدۇ.

ئەي ئوغۇل، ئىجتىھات قىل، تىرىشقىن، ھورۇنلۇق قىلما، بەدەننى ئەمگەك، ھەر خىل مەشغۇلات بىلەن چېنىقتۇرۇش غايەت پايدىلىقتۇر. ئەگەر بەدىنىڭ بوشاڭلىق، ئاجىزلىق كۆرسەتسە، سەن ئۇنى ئىختىيارىغا قويۇپ بەرمە. بەدىنىڭنى خىزمەت قىلدۇر، تېنىڭنى ھورۇنلۇققا ئۆگەتمە، ئەگەر ئۆز ھالىغا قويۇپ بەرسەڭ، سۇسلۇق — بوشاڭلىق پەيدا بولۇپ، بارا - بارا بەدىنىڭ ساڭا بوي سۇنمايدۇ.

بەدەننىڭ ھەرىكىتى ئۆز تەبىئىتىدىن ئەمەس. ئۇ، سېنىڭ بۇيرۇغۇڭ بىلەن ھەرىكەت قىلىدۇ. بەدىنىڭنى ئۆزەڭگە بوي سۇندۇرغىن. بەدىنىڭنى ھورۇنلۇق - بوشاڭلىققا ئادەتلەندۈرسەڭ، ساڭا بوي سۇنمايدۇ، سەن ئۇنىڭغا بوي سۇنىسەن.

ئەگەر بىر كىشى ئۆز - ئۆزىنى باشقۇرالمىسا، باشقا كىشىنى ئۆزىگە قانداق بوي سۇندۇرالىسۇن؟ ئەگەر سەن قانداق يول بىلەن بولسۇن بەدىنىڭنى ئۆزەڭگە بوي سۇندۇرالىساڭ، باشقا ئادەملەرنىمۇ بوي سۇندۇرالايسەن. ھەر قاچان ئۆز بەدىنىڭنى ئۆزەڭگە بوي سۇندۇرساڭ ۋە ھۈنەر (ئىلىم - كەسىپ) ئۆگەنسەڭ، جەزمەن بىلىشىڭ لازىمكى، ئىككىلا جاھاندا خاتىرجەم بولىسەن. شۇنداق ئىكەن، ئىلىم - ھۈنەر ئۆگىنىشنى ۋە بەدىنىڭنى ئۆزەڭگە بويسۇندۇرۇشنى دۇنيادا ئامانلىق ئۈچۈن غەنىيمەت بىل، ئەي جېنىم ئوغلۇم، تېخى يەنە بىر نەچچە گۈزەل سۈپەتلەر بار. كىشى ئۇ سۈپەتلەر بىلەن سۈپەتلىنىپ، ئۇ سۈپەتلەرگە ئىگە بولسا، خۇدا ۋە خەلق ئالدىدا ياراملىق كىشىلەردىن بولىدۇ. ئۇ سۈپەتلەر: 1) ئىلىم؛ 2) ئەدەب؛ 3) كەمتەرلىك؛ 4) تەقۋادارلىق (يامان ئىشلاردىن ئۆزىنى ساقلىماق)؛ 5) سۆز - ھەرىكەتتە توغرىلىق؛ 6) دىن - دىيانەتتە پاكلىق؛ 7) خەلقنى رەنجىتمەسلىك؛ 8) زىيان - زەخمەت يەتكەندە سەۋرلىك بولۇش؛ بۇ ئىشلارنىڭ تايىنىدىغان كۈچى ھايادۇر. «ھايا ئىماننىڭ جۈملىسىدىندۇر.» ھەر قاچان ئادەمدە ھايا بولسا، ئىمانمۇ بولىدۇ. ھايا بولمىغان ئادەمدە ئىمانى كامىللىق بولمايدۇ. ئىمانى بار ئادەمنىڭ ھەممە ئىشلىرى ياخشى بولىدۇ. لېكىن، ئادەم ۋاقتىنىڭ ئوغلى بولۇشى كېرەك، يەنى ھەر ئادەم ئۆزى ياشىغان ۋاقىتقا قاراپ ئىش قىلىشى كېرەك. بىر ئىشنى قىلىش بىلەن زىيان كېلىدىغان بولسا، ئۇ ئىشنى قىلمىغان ياخشى.

ئەي ئوغۇل، تارتىنچاق بولمىغىنكى، ئىشلىرىڭدا پېتەرسىزلىك بولمىسۇن ۋە پايدىلىق ئىشىڭدا زىيان بولمىسۇن. كۆپ ئىشلار بولىدۇكى، تارتىنىپ تۇرساڭ، مەقسىدىڭ ھاسىل بولمايدۇ. بۇنداق ئىشلاردا تارتىنماسلىق كېرەك. ئەمما مەنىسىز سۆز - ھەرىكەتتىن، خەسىسلىكتىن ۋە خىيانەتچىلىك، يالغانچىلىقتىن ھايا قىلىش كېرەك. يامان ئىشلارنى قىلىشتىن ئۇيالماق كېرەك. بىراق، گۇنا بولمايدىغان سۆز - ھەرىكەتلەردە ھايا قىلىپ، تارتىنىپ تۇرساڭ، مەقسىدىڭ ھاسىل بولمايدۇ، «تارتىنىش رىزىققا توسالغۇ بولىدۇ». ھايا قىلىدىغان ۋە ھايا قىلمايدىغان ئورۇننى بىلىش كېرەك. ساۋاب ۋە پايدا بولىدىغان ئورۇنلاردا ھايا قىلىشقا بولمايدۇ. ئەمما، خەلق ئالدىدا، تەڭرى ھوزۇرىدا، خەلق سۆيگەن ئۇلۇغلار ئالدىدا ھايا قىلىش كېرەك. ئاقىل - دانا كىشىلەرنىڭ ھەرىكىتى ئەنە شۇدۇر.

ھەي ئوغۇل، ئىلىم ۋە مەرىپىتى يوق كىشىنى ئادەم ئورنىدا قويما ۋە ئادەم قاتارىدا ھېسابلىما، مۇنداق ئادەم بىلەن ھەمسۆھبەت بولما. بولۇپمۇ ئۆزىنىڭ نادانلىقىنى ئىلىم ئورنىغا قويىدىغان ئادەملەر بىلەن ھەمسۆھبەت بولماسلىق لازىم. بۇ «مۇرەككەپ نادانلىق» دېيىلىدۇ. ئەگەر سۆھبەتلەشسەڭ، بىلىملىك، ياخشى كىشىلەر بىلەن سۆھبەتلەش. چۈنكى، بىلىملىك، ياخشى ئادەملەر بىلەن ھەمسۆھبەت بولساڭ، ھەر جەھەتتە ساڭا پايدىسى بار. مەسىلەن، قىزىلگۈل يېغى ئەسلىدە ياغاچنىڭ يېغى، گۈل چېچەكى بىلەن ھەمسۆھبەت بولغانلىقتىن «گۈل يېغى» دەپ ئاتىلىدۇ. ھەزرىتى مۇھەممەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «بىر ئادەم بىر جامائەت بىلەن 40 كۈن بىللە يۈرسە، شۇ جامائەتنىڭ جۈملىسىدىن بولىدۇ» دەپتىكەن.

ھەر قاچان ياخشى ئىشقا دۇچكەلسەڭ ياكى ياخشى كىشىلەرنىڭ ياخشى ئىشلىرىنى كۆرسەڭ ئىنكار قىلما، ياخشىلىقنى ئۇنتۇما، سەندىن ئۈمىد قىلغان ئىشلىرىغا ھىممەتسىزلىك قىلما.

ئەي ئوغۇل، گۈزەل ئەخلاق بىلەن سۇغىرىلغىن، يامان ئەخلاق (خۇي - ئادەت) لەردىن يىراق بول، سۆز ياكى ھەرىكىتىڭ ئارقىلىق بىرەر كىشىگىمۇ زىيىنىڭ يەتمىسۇن؛ خەلق ئارىسىدا يامان دەپ ئاتالما. سېنى كىشىلەر ماختىسۇن. چۈنكى، ئاقىل كىشىلەر سېنىڭ كۆركەم ئەخلاقىڭ ۋە ئىلىم - پەزىلىتىڭنى كۆرۈپ ماختايدۇ. ئەمما نادانلار سېنىڭ يامان ئىشلىرىڭنى كۆرۈپ ماختايدۇ. بۇ ئىككى خىل ئادەملەر،

يەنى ئالىملار ۋە نادانلار بىر - بىرىگە قارشىدۇر. چۈنكى، ئالىمغا خاس بولغان ئىشنى نادانلار ياخشى كۆرمەيدۇ. نادانلارنىڭ ئىشىنىمۇ ئالىملار ياخشى كۆرمەيدۇ. نادانلار ئالىملارغا دۈشمەن. چۈنكى، نادان كىشى ئالىم بولمىغانلىقى ئۈچۈن ئىلىمنىڭ ئەسلىنى بىلمەيدۇ. ئالىم - ئاقىل كىشى ئۆزىنىڭ تەبىئىتىگە مۇۋاپىق ئىشنى سەندە كۆرۈپ، سىنى ماختايدۇ. نادان - جاھىل كىشى ئۆزىگە مۇۋاپىق ئىشنى سەندە كۆرۈپ، سىنى ماختايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن نادانىنىڭ ماختىشىدىن ساقلىنىشىڭ كېرەك. نادانىنىڭ سىنى ماختىشى ئالىمنىڭ نەپرەتلىنىشىنى كەلتۈرىدۇ. بۇ سۆزنىڭ ھەقىقىتىنى بىلدۈرىدىغان مۇنداق بىر ھېكايە بار: يۇنان ئالىملىرىدىن بىرىگە بىر كۈنى شەھەر خەلقىدىن بىر ئادەم كېلىپ سالام بېرىپتۇ ۋە ئالىمنىڭ سۆھبىتىدە ئولتۇرۇپتۇ. بۇ ئادەم: «ئەي دانا ئالىم، پالان كىشى سىنى ياقتۇرىدىكەن، شۇڭا ھەر بىر يىغىندا سىنى ماختايدۇ» دەپتۇ. بۇ كىشى ئېيتقان ئادەم ئەسلى نادان ئادەم ئىكەن. ئالىم بۇ سۆزنى ئاڭلاپ كۆڭلى يېرىم بوپتۇ - دە، خاپا بولۇپ يىغلاپتۇ. ئۇ كىشى بۇ ھالنى كۆرۈپ ئەجەبلىنىپتۇ ۋە: «ئەي دانا ئالىم، مەن ساڭا نېمە دېدىم، سەن خاپا بولۇپ يىغلىدىڭ، ئەگەر ساڭا ناماقۇل سۆزنى قىلىپ قويغان بولسام، ئەپۇ قىل» دەپتۇ. ئالىم ئۇنىڭغا «سەندىن ماڭا ھېچقانداق ناماقۇل سۆز ۋە زىيان يەتمىدى. لېكىن، مېنى بىر نادان ماختىغان ئىكەن، مەن نادانغا ياخشى كۆرۈنىدىغان بىر ئىش قىلغان ئوخشايمەن، ئۇ نادان يامان ئىشىمنى ياقتۇرۇپ مېنى ماختاپتۇ. ماڭا بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق خارلىق بولارمۇ؟ كاشكى ئۇ نادان ياخشى كۆرۈپ ماختىغان ئىشنى بىلسەم توۋا قىلغان بولاتتىم. نادانىنىڭ مېنى ماختىشىغا قارىغاندا مەن تېخى جاھىل ئىكەنمەن. ئەگەر جاھىل بولمىسام، نادانلارغا لايىق ئىش قىلمىغان بولاتتىم. نادان ھەر قاچان ئۆزىگە ئوخشاش نادانىنى ماختايدۇ» دەپتۇ. يەنە شۇنىڭغا ئوخشاش بىر مەسەل بار: مۇھەممەت بىننى زەكەرىيا دېگەن ئالىم بىر كۈنى شاگىرتلىرى بىلەن مەھەللە ئىچىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا تاسادىپىي ئالدىدىن بىر مەجنۇن (ساراڭ) ئادەم چىقىپ كېلىپ، ئۇنىڭ يۈزىگە قاراپ كۈلۈپتۇ. مۇھەممەت بىننى زەكەرىيا ئۆيىگە قايتىپ كېلىپ دەرھال ئەفتىمون[1]قايىنىتىپ ئىچىپتۇ. شاگىرتلىرى بۇ ئىشنىڭ سەۋەبىنى سوراپتۇ. مۇھەممەت بىننى زەكەرىيا جاۋاب بېرىپ: «ئۇ ساراڭنىڭ يۈزۈمگە قاراپ كۈلگىنى ئۈچۈن ئەفتىمون قايىنىتىپ ئىچتىم. چۈنكى، ئۇ ساراڭ مەندە ئۆزىگە لايىق بىر نەرسە كۆرمىسە كۈلەمتى؟ ھەر بىر قۇش ئۆز جىنسى بىلەن ئۇچىدۇ» دەپتۇ.

ئەي ئوغۇل، بەك يۇۋاش بولما ۋە بەك جىددىي (ئۆتكۈر) بولما. ئارتۇقچە يۇۋاش بولساڭ، خەلق سىنى باسىدۇ، زىيادە ئۆتكۈر بولساڭ، خەلق سەندىن قاچىدۇ. «يۇۋاش بولساڭ باسارلار، يامان بولساڭ ئاسارلار». يۇۋاشلىق ۋە ئۆتكۈرلۈكنىڭ ئارىسىدا مۆتىدىل بول، شۇندىلا خەلققە دوست بولالايسەن. خەلققە دوست بولساڭ، ھاجەتلىرىڭ ھاسىل بولىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن سىنى يامان ئىشلارغا باشلىمايدۇ.

ئەي ئوغۇل، كىشىنى رەنجىتمە، ھەتتاكى بىراۋ سىنى ئورۇنسىز رەنجىتسىمۇ، سەن ئۇنى رەنجىتمە، ئېسىل يىگىتلىك شۇدۇر. شەھەر ۋە يېزىدا تۇرساڭ، ياخشى كىشىلەرنىڭ مەھەللىسىدە تۇر. ياخشى كىشىلەرنىڭ ساڭا زىيىنى يەتمەيدۇ. تەجرىبىلىك، شەپقەتلىك دوستلارنىڭ نەسىھىتىنى قوبۇل قىل، ئۇلار ساڭا شەپقەت قىلىدۇ. شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان دوستلارنىڭ قېشىغا خاس چاغلاردا بېرىپ نەسىھەتلىرىنى ئاڭلىغىن، خاس چاغدا ئاڭلىغان نەسىھەت كۆڭۈلگە ياقىدۇ. جامائەت ئارىسىدا ئاڭلىغان نەسىھەت قۇلاققا كىرمەيدۇ. بارلىق ئىلىم - ھۈنەرلەرنى ئۆگىنىپ بولدۇم دېمە. بۇنداق دېيىش ئوپئوچۇق نادانلىق. ئەگەر نادانلىقتىن خالاس بولاي دېسەڭ، قانچىلىك ھۈنەر - ئىلىم، پەزىلىتىڭ بولسا، ھامان بىلمەيمەن دېگىن،

① ئەفتىمون — سېرىق ئوت. بۇنىڭ شەرۋىتى سەۋداغا پايدىلىق.

چۈنكى، ھۈنەر ـ پەزىلەت ئىگىلىرىگە بىلمەيمەن دېگەندىن ئۇلۇغ پەزىلەت يوق.

**ھېكايەت:** نۇشىرۋان زامانىدا، نۇشىرۋانغا بۇزۇر جۇمھۇر ئىسىملىك بىر دانا، ئالىم كىشى ۋەزىر ئىدى. رۇم (رۇما) دىن بىر ئەلچى كەلدى. نۇشىرۋانغا ئەلچىنىڭ كەلگەنلىكىـــدىن خەۋەر يەتكۈزۈلدى. ئەلچى كىرىپ نۇشىرۋان بىلەن كۆرۈشكەندە، پارسىلارنىڭ رەسمىي ـ يوسۇنى بويىچە ئىززەت ـ ھۆرمەت قىلىنىپ، سوئال ـ جاۋابلار تامام بولۇپ، ئەلچىنىڭ قايتىش ۋاقتى بولغىچە نۇشىرۋان ئۆزىنىڭ ئەھۋالىنى ھەم ۋەزىرى بۇزۇر جۇمھۇرنىڭ ئىلمىنى، ئىقتىدارىنى بىلدۈرۈشنى خالىدى:

— ئەي دانا، — دېدى نۇشىرۋان بۇزۇر جۇمھۇرغا، — ئالەمدە مەۋجۇت نەرسىلەرنى بىلەمسەن؟

نۇشىرۋاننىڭ شۇنداق سوراشتىن مەقسىتى بۇزۇر جۇمھۇرنى بىلىمەن دەپ ئېيتقۇزۇش ئىدى. ئەمما، دانا ۋەزىر — بۇزۇر جۇمھۇر كامىل ئەقلى بىلەن:

— ياق پادىشاھىم، بىلمەيمەن، — دېدى.

نۇشىرۋان بۇ جاۋابنىڭ ئۆز مۇددىئاسىدەك بولمىغانلىقى ئۈچۈن، كۆڭلىدە ئاداۋەت ساقلىدى. يەنە:

— كىم بىلىدۇ؟ دەپ سورىدى.

— شۇنداق بىر كىشى بىلىدۇكى، — دېدى بۇزۇر جۇمھۇر، — ئۇ، پۈتۈن ئالەمگە باراۋەر بولالىسا. لېكىن پۈتۈن ئالەمگە باراۋەر ئادەم ئانىسىدىن تېخى تۇغۇلمىدى.

نۇشىرۋان بىلدىكى، بۇزۇر جۇمھۇر دانانىڭ بۇ سۆزلىرى ئىنتايىن ئاقىللىق بىلەن ئېيتىلغان. رۇم ئەلچىسىمۇ بۇزۇر جۇمھۇرنىڭ سۆزىنى ماقۇل كۆردى.

ئەي ئوغۇل، ئۆز ـ ئۆزەڭنى بىلمەسلەر ۋە ئىقتىدارسىزلار مەرتىۋىسىدە تۇت. يەنى، ھەر قانچە بىلسەڭمۇ مەندىن ئارتۇق بىلىدىغانلار بار، دەپ قىياس قىل. «بىلمەيمەن دېيىش — ئىلىمنىڭيېرىمىدۇر » ئالىم كىشىنىڭ ھۈنىرى شۇكى، سوقرات ھېكىم شۇنداق ئۇستازلىقى ۋە شۇ قەدەر ئىلمى بىلەن «مەندىن كېيىن كەلگەن ئالىملار ۋە ئۇلۇغلار سوقرات زور دەۋا قىلغان ئىكەن دەپ مېنى ئەيىبلەشلىرىدىن قورقمىسام ھېچنەرسە بىلمەيمەن، دەپ ئېيتاتتىم ۋە ئۆزەمنى ئاجىز دەيتتىم. ئەمما نېمە دەيمەنكى، ماڭا ئوخشاش كىشىنىڭ سۆزى بۇ ئەمەس، چۈنكى بۇ سۆز زور دەۋادۇر» دېگەن ئىدى. ئەبۇ شۇكرى سولايمان بىننى سەئىدمۇ بۇ توغرىدا پارسچە بىر ياخشى بېيت ئېيتقان:

مەنكى ئىبنى سەئىد سولايمانەم،
مەخزەنى دانىشى خۇراسانەم.
تا بەدانجا رەسىد دانىشمەن،
كى بەدانىشتەم كى نادانەم.

تەرجىمىسى:

مەن سەئىد ئوغلى سولايمان ئىدىم،
خۇراسان ئىلمىنىڭ خەزىنىسى ئىدىم.
يەتتى شۇ يەرگە مېنىڭ ئىلىم ـ دانىشىم،
ئەمدى بىلدىمكى، بىلىمسىز نادان ئىدىم.

ئەي ئوغۇل، ئەمدى ئەگەر ئىلىمدە ۋە كەسىپ ـ ھۈنەردە كامىل بولساڭ ۋە ھەر قانچە بىلىملىك بولساڭ، ئۆز بىلىمىڭدىن مەغرۇرلانما. بىر ئەقىللىق كىشى بىلەن كېڭەش ـ مەسلىھەت قىلغىن، بەسلىھەتلەشمەي ئىش قىلما، ئۆز رەيى بىلەنلا ئىش قىلغۇچىلاردىن بولما. مەشھۇر مەسەلدۇركى: «كېڭەش قىلىشقا كىشى تاپالمىساڭ، بوركۇڭ بىلەن كېڭەش». مەسلىھەت ـ كېڭەشنى ئەيىب دەپ

ھېسابلىما، پىكىر — مېنىڭ پىكرىم دېمە، يەنى ئۆز بىلگىنىم بىلەن ئىش قىلىمەن، كىشىنىڭ بىلگىنى ماڭا كېرەك ئەمەس، دېمە. چۈنكى كۆپ ۋاقىتلاردا ئۆز پىكرى بىلەن ئىش قىلغان كىشى ئاخىرى پۇشايمان قىلىدۇ. ئەقىللىق قېرىلار، شەپقەتلىك دوستلار بىلەن كېڭىشىپ ئىش قىل. كۆرمەمسەن، ھەزرىتى مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر بولۇپ تۇرۇقلۇق تەڭرى ئۇنىڭغا مەسلىھەت بىلەن ئىش قىلىشقا پەرمان قىلىپ: «ئەي مۇھەممەت، ئىشلىرىڭدا ساھابىلىرىڭ بىلەن مەسلىھەتلەشكىن» دېدى. تەڭرى ئۆزىنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ ئىشلىرىنى مەسلىھەتسىزمۇ توغرا قىلالايتتى، ئەمما پەيغەمبەرنىڭ ئۇممىتىگە سۈننەت (يول، تەلىم) بولسۇن دەپ مەسلىھەتلىشىشكە بۇيرۇدى. «ئەي ھەبىبىم (دوستۇم)، ھەر ئىشىڭنى ساھابىلىرىڭ بىلەن كېڭىشىپ ئىشلىگىن، تەدبىر قىلماق سەندىن، توغرا قىلماق مەندىن» دېگەن ئىدى.

ئەي ئوغۇل، بىلگىنكى، ئىككى كىشىنىڭ ئەقلى بىر كىشىنىڭ ئەقلى بىلەن باراۋەر ئەمەس. چۈنكى، ئىككى كۆز بىلەن كۆرۈشكە بىر كۆز بىلەن كۆرۈش تەڭ ئەمەس. بىلىشىڭ كېرەككى، بىر تېۋىپ ئاغرىپ قالسا، ئۆزىگە ئۆزى داۋا قىلالمايدۇ. چۈنكى ئۇ، ئۆزىنى – ئۆزى داۋالىسا، كېسىلىنى ئېغىرلاشتۇرۇۋالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىككىنچى بىر تېۋىپتىن ياردەم تەلەپ قىلىشقا مۇھتاج بولىدۇ. ئەگەر داۋالاشقا ياردەم سورىغۇچى تېۋىپ داۋالىغۇچى تېۋىپتىن ئالىم بولسىمۇ، كېسەللىكى سەۋەبلىك ئۆزىگە – ئۆزى داۋا قىلىشقا قادىر بولالمايدۇ، باشقا ئىشلارمۇ شۇنداق. ھەر كىم بىر ئىش ۋاقتىدا نېمە قىلىشنى بىلەلمىسە، باشقا كىشىلەرنىڭ ياردىمىگە مۇھتاج بولىدۇ. ئەي ئوغۇل، جىنىسداشلىرىڭنىڭ بىرەر ئىشتا ساڭا ھاجىتى چۈشسە، شۇ ئىشنىڭ ھاسىل بولۇشى ئۈچۈن تىلىڭ بىلەن بولسۇن ياكى كۈچ، قەدىمىڭ بىلەن بولسۇن، ئىقتىساد ياكى ئابرۇيۇڭ بىلەن بولسۇن ئۇنى ھەل قىلىشقا تىرىشقىن. سەندىن ياردەم تەلەپ قىلغۇچى ئەگەر دۈشمىنىڭ بولسىمۇ ياردەم قىلىشنى رەت قىلما، ياخشىلىقنى ئايىما، ئېھتىمالكى ئۇنىڭ دۈشمەنلىكى دوستلۇققا ئۆزگىرىدۇ.

ئەي ئوغۇل، ھەر قاچان سۆزنى چۈشىنىدىغان كىشىلەر ۋە ئالىملار زىيارىتىڭگە كەلسە، ئۇلارغا غايەت ھۆرمەت قىل، ئۇلارنىڭ كەلگەنلىكىنى غەنىمەت بىل. چۈنكى، ئۇلارنىڭ سېنى زىيارەت قىلىپ كېلىشى سېنى ئۇلۇغلىغانلىقى. ئۇلارنى ھۆرمەتلىسەڭ، ياخشى ئادەملەر ھەر قاچان سېنى ھۆرمەتلەشكە ئامراق بولىدۇ. ياخشى كىشىلەر بىلەن مەجلىسداش بولساڭ، سەنمۇ ياخشى كىشىلەردىن بولىسەن. ياخشى كىشىلەرنىڭ سۆھبەت – مەجلىسىدە بولساڭ، گۇستاخلىق قىلما. ھەر قانچە بىلىملىك بولساڭمۇ ئۇلۇغلارغا ھۆرمەت قىلىپ ئەدەب ساقلا. كىشىنىڭ ئاغزىدىن چىققان ھەر بىر سۆزى گۆھەر ۋە ھېكمەت بولسىمۇ، ئەگەر گۇستاخلىق قىلسا، ھېكمىتى، قىممىتى قالمايدۇ، سۆزىنىڭ ساپاسى بولمايدۇ. گۇستاخ بولماي دېسەڭ سۆزلەشنىڭ شەرتلىرىگە رىئايە قىل.

## ئۈچىنچى باب. سۆزلەشنىڭ شەرتلىرى ۋە ئەدەبلىرى ھەققىدە

ئاۋۋال بىلىش كېرەككى، گۈزەل – ياخشى سۆزلەش ھەر كىمگە ۋاجىپ (زۆرۈر). ياخشى سۆزلەرنى ئاڭلاش ۋە يەملەش لازىم. يەنى ئۆزەڭ ياخشى سۆزلەش ۋە سۆزلىگەن كىشىنىڭ سۆزىنى ياخشى يەملەش زۆرۈر ئىش. ئەي ئوغۇل، ئەمدى سەن ئۆزەڭمۇ ياخشى سۆزنىڭ ياخشىسىنى سۆزلىگىن، يالغان سۆزلەشتىن ساقلانغىن، ھەرگىز يالغان سۆزلىمە. خەلق ئىچىدە يالغانچى دەپ نامىڭ چىقمىسۇن. خەلق ئىچىدە ھەققانى سۆزلۈك، توغرا دەپ مەرۇپ – مەشھۇر بولۇشقا تىرىشقىن. ئەگەر ھەق – توغرا سۆز بولسىمۇ يالغانغا ئوخشاپ قالىدىغان بولسا، مۇنداق سۆزنى سۆزلىمە، يەنى كىشىلەر ئىشەنمەيدىغان سۆزلەرنى سۆزلىمە. چۈنكى، توغرا سۆز يالغان سۆزگە ئوخشاپ قالسا، يالغان بولىدۇ. بەزىبىر ھاللاردا

بىر يالغان سۆز ھەق - توغرا سۆزگە ئوخشىسا، ھەق سۆزدىن ئۆتۈپ كېتىدۇ.

**ھېكايەت:** ئەمىر شاپۇر بىننى پەزىلنىڭ مەجلىسىدە ماڭا مۇنداق بىر ۋەقە دۇچكەلگەنىدى: ئاللاتائالانىڭ بۇيرۇغان پەرزلىرىدىن ھەج تاۋاپ قىلىشتىن باشقىسىنى ئادا قىلدىم (بىجىردىم). ئاخىرى ئاللاتائالا ھەج تاۋاپ قىلىشنىمۇ نېسىپ قىلدى، ھەج زىيارىتىنى ئادا قىلدىم. ھەجدىن ئۆز مەملىكىتىمگە قايتىپ كەلدىم. غازات قىلىشنى ئارزۇ قىلدىم. دەسلەپتە ھىندىستان تەرەپكە يۈرۈش قىلىپ، كۆپ غازات قىلدىم. ئۇنىڭدىن كېيىن رۇم تەرىپىگە بېرىپ غازات قىلىش ئارزۇسىدا بولدۇم. تەييارلىق كۆرۈپ، كۇھىستاندىن رۇمغا يۈرۈش قىلدىم. ئۇ ۋاقىتتا رۇمنىڭ چېگرىسى گەنج دېيىلىدىغان بىر مەملىكەتكە قەدەر سوزۇلاتتى. گەنجگە ئەمىر شاپۇر بىننى پەزىل پادىشاھ ئىدى. ئۇ، زېرەك، باتۇر، ناتىق ۋە دىنىي ئېتىقادى توغرا، پاك، يىراقنى ئويلاپ ئىش قىلىدىغان بىر ئادەم ئىدى. دۆلەتنى پادىشاھلار نىزامى بويىچە باشقۇراتتى. دېمەك، مەن ئاشۇ پادىشاھنىڭ مەجلىسىگە باردىم. پادىشاھ مېنى قوبۇل قىلىپ ناھايىتى خۇش كۆردى، ئىززەت - ئىكرام قىلدى. سۆھبىتىمىز ئارىسىدا ھەر توغرىدا سۆزلىدى، مەندىنمۇ ھال سورىدى. سورىغانلىرىغا لايىقىدا جاۋاب بەردىم، جاۋابلىرىمنى ئەقىلگە مۇۋاپىق كۆرۈپ ھۆرمەت قىلدى. بىر نەچچە زامان ئۇنىڭ يېنىدا تۇردۇم. ئۆز مەملىكىتىمگە قايتاي دەپ رۇخسەت سورىسام قوبۇل قىلمىدى. مەن ئۇنىڭدىن مۇنداق ئىززەت - ئىكرام كۆرگەنلىكىم ئۈچۈن رۇخسەتسىز كېتىشنى لايىق كۆرمىدىم، يەنە ئۇنىڭ يېنىدا بىر نەچچە كۈن تۇردۇم. ھەر بىر يىمەك - ئىچمەكتە ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولاتتىم. كۆپلىگەن سۆھبەتلىرى مەن بىلەن بولاتتى. دۇنيانىڭ ئەھۋالىدىن، پادىشاھلار ۋەقەسى -ھېكايەتلىرىدىن، تارىختىن سۆز سورايتتى. مەن بىلگىنىمچە بايان قىلاتتىم. شۇ ئارىدا سۆزدىن سۆز چىقىپ، بىزنىڭ مەملىكىتىمىز ھەققىدە، كۇھىستان، گۇرگان (جۇرجان) ۋە تەبەرىستان مەملىكەتلىرى ھەققىدە سۆزلەر بولدى ھەم مەملىكەتنىڭ ئاجايىپ - غارايىپلىرىنى سۈرۈشتۈردى:

— مەملىكىتىڭىزدە قانداق ئاجايىپ - غارايىپ نەرسىلەر بار؟

— گۇرگان يېزىلىرىدىن بىر يېزا بار، — دېدىم مەن، — ئۇنىڭ چېتىدە بىر بۇلاق بار. ھە قاچان ئاياللار ئۇ بۇلاققا سۇغا كەلسە بىر ئايال چېلەك كۆتەرمەستىن بىللە كېلىدۇ. چېلەك كۆتەرمەي بوش كەلگەن ئايال يولدىكى قۇرتلارنى سۇ كۆتەرگەن ئايال قۇرتنى دەسسىۋەتمىسۇن دەپ، يولدىن يىراق قىلىدۇ. مۇبادا بۇ ئايال چېلەكنى سۇغا تولدۇرۇپ ماڭغاندا بىر قۇرتنى دەسسەپ ئۆلتۈرۈپ قويسا، چېلەكتىكى سۇ نېجىس (ناپاك) بولىدۇ. قۇرتنى بىر نەچچە قېتىم دەسسەپ قويسا، سۇ شۇنچە قېتىم ناپاك بولىدۇ. شۇ سەۋەبلىك سۇغا ئىككى ئايال بىللە كېلىدۇ.

پادىشاھ شاپۇر بۇ سۆزنى ئاڭلاپ مەندىن يۈزىنى ئۆرىدى. بىر مۇددەت مەن بىلەن سۆزلەشمىدى. مەن بۇنىڭ سەۋەبىنى بىلمىدىم.

پادىشاھنىڭ بىر ۋەزىرى بار ئىدى، ئىسمىنى دەيلىمى دەيتتى. ۋەزىر يېنىمغا كېلىۋىدى، ئۇنىڭدىن پادىشاھنىڭ مەن بىلەن سۆزلەشمەس بولۇپ قالغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى سورىدىم.

— پادىشاھنىڭ سەندىن كۆڭلى قالغان بولسا كېرەك، — دېدى ۋەزىر، — چۈنكى، پادىشاھ خاپا بولۇپ مۇنداق ئېيتتى: «شۇنچە كامالەتلىك كىشى مېنىڭ سۆھبىتىمدە بالىلارنىڭ سۆزىنى قىلدى، نېمە ئۈچۈن ئالىم تۇرۇپ مېنىڭ مەجلىسىمدە يالغان سۆزلەيدۇ؟»

مەن ۋەزىردىن شۇ سۆزنى ئاڭلاپ، توغرىلىقىمنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن دەرھال گۇرگانغا ئەلچى ئەۋەتىپ، خەت بىلەن گۇرگاننىڭ ئەربابلىرىغا ئەھۋالنى بىلدۈردۈم ۋە «ماڭا بىر گۇۋاھنامە يازدۇرۇپ، گۇرگاننىڭ رەئىسلىرى، ئۆلىما ۋە قازىلىرى مۆھۈرلىرىنى بېسىپ ئىمزا قويۇپ ئەۋەتسۇن» دېدىم. ئەلچى بېرىپ كەلگىچە تولۇق 4 ئاي ئۆتۈپ كەتتى. گۇرگاندىن بۇ ھەقتە گۇۋاھنامە كەلدى، پادىشاھقا يەتكۈزۈلدى. پادىشاھ كۆرۈپ كۈلدى ۋە:

— سېنىڭدەك كىشى مېنىڭ ئالدىمدا يالغان ئېيتماس دەپ بىلەتتىم، لېكىن بىر ھەق سۆز بولۇپ، بۇ قەدەر ئىسپات، گۇۋاھچىلار بىلەن 4 ئاي داۋامىدا ئۇنىڭ راستلىقىنى ئىسپاتلىغۇدەك ئەھۋال بولسا،

ئۇ سۆزنى تىلغا ئېلىش تامامەن لازىم ئەمەس ئىدى، ئۇ سۆزنى مەن ساڭا زورلاپ ئېيتقۇزمىغان ئىدىم. ئۆزەڭ سۆزلىدىڭ، ئىسپاتلاش ئۈچۈن بۇ قەدەر مۇشەققەتكە گىرىپتار بولدۇڭ، — دېدى.

ئەي ئوغۇل، بىلگىنكى، سۆز تۆت تۈرلۈك بولىدۇ: بىر تۈرلۈك سۆز باركى، بىلىپ قويۇشۇڭ كېرەك، ئەمما سۆزلىمە؛ يەنە بىر تۈرلۈك سۆز بار، بىلمە ھەم سۆزلىمە؛ يەنە بىر تۈرلۈك سۆز بار، بىلىۋال ھەم سۆزلە. يەنە بىر تۈرلۈك سۆز باركى، سۆزلەيسەن، بىلمەيسەن.

بىل، سۆزلىمە دېگىنىم شۇكى، بىراۋنىڭ ئەيىبىنى بىلسەڭمۇ سۆزلىمە، بۇ غەيۋەت دېيىلىدۇ. ئەقىللىق ئادەملەر مۇنداق غەيۋەت سۆزنى بىلسىمۇ سۆزلىمەس. بىلمە، سۆزلىمە دېگىنىم شۇكى، ئۇنى سۆزلىسەڭ دىنىڭغا ۋە دۇنياۋى ئىشلىرىڭغا زىيان كەلتۈرىدۇ. بۇنداق سۆزنى بىلىش ۋە سۆزلەشتىن ساقلىنىشىڭ كېرەك، بۇ سۆز يالغان سۆزدۇر. بىل ۋە سۆزلە دېگىنىم، كىشىنىڭ دىنىغا ۋە دۇنياسىغا پايدىلىق سۆزلەر. تەڭرى ئۆز قۇرئانىدا بۇيرۇغانكى، «ناشقى جەھەتتە مەنالىرى قارىمۇ ـ قارشى ۋە تەلەپپۇزلىرى بىر ـ بىرىگە ئوخشاش» ئايەتنىڭ تەپسىرىدە ئالىملار ئارىسىدا ئىختىلاپ تۇغۇلغان. بۇ ئايەتلەرنىڭ مەنىلىرىنى تەڭرىدىن باشقىلار بىلمەيدۇ. مۇنداق ئايەتلەرنى ئوقۇساڭ، مەنىسىنى بىلمىسەڭ ساڭا ھېچ زىيىنى يوق. بۇ تۆت خىل سۆزنىڭ ھەر قايسىسىنىڭ ئىككى سەۋىيى بار: گۈزەل، ياخشى ئىبارە ياكى يامان ئىبارە بىلەن سۆزلىنىدۇ. ھەر قاچان خەلققە سۆزلىسەڭ گۈزەل، يېقىملىق تەلەپپۇز بىلەن سۆزلىشىڭ كېرەك، شۇنداق بولغاندا، سۆزۈڭنى خەلق قوبۇل كۆرىدۇ. خەلق سېنىڭ قانچىلىك كىشى ئىكەنلىكىڭنى سۆزۈڭدىن بىلىۋالىدۇ. بىلىش لازىمكى، ئادەم — سۆزى ئاستىدا يوشۇرۇنغان بولىدۇ، سۆزلىمەي تۇرۇپ كىم ئىكەنلىكى بىلىنمەيدۇ. ھەزرىتى ئېلى ئېيتقانكى: «ئادەم — تىلىنىڭ ئاستىغا يوشۇرۇنغان بولىدۇ.» ئادەم سۆزلىگەندە، ئۇنىڭ كىم ئىكەنلىكى سۆزىدىن مەلۇم بولىدۇ.

ئەي ئوغۇل. ھەر سۆزنى ئورنى كەلگەندە، ۋەقەلىككە مۇۋاپىق گۈزەل ئىبارە بىلەن سۆزلىگىن، قاتتىق سۆزلىمە، قوپال سۆزلىمە. گۈزەل، كۆركەم سۆزنىڭ سۆزلىگۈچىگىمۇ پايدىسى بار؛ ئاڭلىغان كىشىنىڭمۇ دىلىغا ھۇزۇر بېغىشلايدۇ. يامان سۆزنىڭ سۆزلىگۈچىگە زىيىنى بار، ئاڭلىغان كىشىگە ياقمايدۇ. مەسىلەن، ھېكايەتتە بايان قىلىنىدۇكى، پادىشاھ ھارۇن رەشىد باغداتتا بىر كېچىسى چۈش كۆرۈپتۇ، چۈشىدە ئاغزىدىكى چىشلىرىنىڭ ھەممىسى چۈشۈپ كەتكەنمىش. ئۇ بىر تەبىر ئالىمى چاقىرتىپ بۇ چۈشىنىڭ تەبىرىنى سوراپتۇ.

— بۇ چۈشىنىڭ تەبىرى شۇكى، — دەپتۇ تەبىرچى ئالىم، — بارلىق تۇغقان ـ قېرىنداشلىرىڭىز سىزدىن ئىلگىرى ۋاپات بولىدۇ.

ھارۇن رەشىد بۇ ئالىمنىڭ تەبىرىدىن رەنجىپتۇ، تەبىرچىنى قامچا بىلەن ئۇرۇشقا پەرمان قىپتۇ ۋە ئۇنىڭغا خىتاب قىلىپ:

— ئەي سۆز بىلمەس نادان! سەن كىم ئىدىڭ، مېنىڭ بۇ چۈشۈمگە قارىتا يۈزۈمدىن ـ يۈزۈمگە قوپاللىق بىلەن شۇنداق دەمسەن؟ قەۋم ـ قېرىنداشلىرىم مەندىن ئىلگىرى ئۆلۈپ كەتسە، ئۇ ۋاقىتتا مېنىڭ ھالىم نېمە بولىدۇ، دۇنيادىن ماڭا نېمە لەززەت ـ راھەت كېلىدۇ؟ — دەپتۇ.

ئىككىنچى بىر تەبىر ئالىمى چاقىرتىلىپ، ئۇنىڭغا ئۆز چۈشىنى سۆزلەپتۇ.

— ئەي خەلىپە، — دەپتۇ ئىككىنچى ئالىم، — بۇ چۈشىنىڭ تەبىرى شۇكى، ھەزرەتلىرى بارلىق قەۋم ـ قېرىنداشلىرىدىن ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرىدىكەنلا.

خەلىپە ھارۇن رەشىد بۇ ئالىمنىڭ سۆزىنى خوش كۆرۈپتۇ ۋە:

— «ئەقىلنىڭ يولى بىردۇر.» ئىككى سۆزنىڭ مەنىسى بىر، لېكىن ئىبارىلىرى باشقىدۇر — دەپ ئىككىنچى تەبىر ئالىمغا يۈز ئالتۇن مۇكاپات بۇيرۇپتۇ.

بىرىنچى ئالىمنىڭ تەبىرىمۇ شۇ مەنادا ئىدى، ئەمما قوپال ئىبارە بىلەن سۆزلىگەچ، يۈز قامچا يېدى. ئىككىنچى ئالىم گۈزەل ئىبارە بىلەن بايان قىلىپ، يۈز ئالتۇن مۇكاپات ئالدى. دېمەك، سۆز بىلەن سۆزنىڭ پەرقى بار.

ئەي ئوغۇل، سۆزنىڭ ئالدى ـ ئارقىسىغا قاراپ، مەنىسىنى بىلىپ سۆزلە. بىر كىشى سۆزنىڭ مەنىسىنى بىلىپ سۆزلىمىسە، توتى قۇشقا ئوخشاش بولىدۇ. چۈنكى، توتى قۇش ئادەمگە ئوخشاش چىرايلىق، ئېنىق سۆزلەيدۇ، ئەمما ئۆزى سۆزلىگەن سۆزدىن خەۋەرسىز. بۇنىڭغا ئوخشاش ئادەمنى «سۆز سۆزلىدى» دېيىلىدۇ، «سۆز بىلىدۇ» دېيىلمەيدۇ. سۆزنى بىلىپ سۆزلىسە، ئاڭلىغانلار ئۇ سۆزدىن بىر نەرسىنى بىلىۋالالايدۇ. ئەگەر بىلمەي سۆزلىسە، ئاڭلىغۇچى ئۇنىڭ سۆزىدىن بىر نەرسە پەملىيەلمىسە، سۆزلىگۈچى ھايۋانغا ئوخشاش بولىدۇ. سۆز — ئۇلۇغ، شەرەپتۇر، سۆزنى ئۇلۇغ بىلىشىڭ كېرەك. سۆز شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلۇغكى، ئىنساننىڭ كۆڭلىدىن كېلىپ چىقىدۇ. بۇ ئەزىز نەرسىنىڭ ئورنى كەلگەندە بىلگىنىڭنى ئايىماي سۆزلە، ئورنى كەلمىگەندە ياخشى سۆزۈڭنى زايە قىلما. مەنىسىز سۆزلەرنى سۆزلىمە، ئەقلىڭگە ۋە ئىلمىڭگە زىيان كەلمىسۇن. ھەر نەرسە ئۈستىدە سۆزلىسەڭ توغرا سۆزلە، ئورۇنسىز دەۋا قىلما، پايدىلىق سۆزلەرنى قىلىشنى ئادەتلەن. ئەگەر بىر ئىلىمدىن خەۋىرىڭ بولمىسا، ئۇ ئىلىمدىن پايدا ئۈمىد قىلما. بىلگىنىڭنى ئەمەلگە ئاشۇرغىن. ئىران ۋەزىرى بۇزۇر جۇمھۇرنىڭ يېنىغا بىر ئايال كېلىپ بىر مەسىلە سوراپتۇ. بۇزۇر جۇمھۇر خاپا بولۇپ: «بۇ مەسىلىنى بىلمەيمەن، مەندىن سورىما» دەپتۇ. بۇ ئايال بۇزۇر جۇمھۇرغا: «بۇ مەسىلىنى بىلمىسىڭىز پادىشاھنىڭ شۇنچە مائاشىنى نېمە ئۈچۈن يەيسىز؟» دەپتۇ. بۇزۇر جۇمھۇر: «ماڭا بىلگىنىمگە مائاش بېرىدۇ، بىلمىگىنىم ئۈچۈن مائاش بەرمەيدۇ» دەپتۇ. مەزكۇر ئايالنىڭ مەسىلىسىگە جاۋاب بەرمەپتۇ. ئەي ئوغۇل، كىشىنىڭ خاپا بولۇپ تۇرغان ۋاقتىدا مەسىلە سورىما. ئەگەر سېنىڭ خاپا بولۇپ تۇرغان ۋاقتىڭدا بىراۋ مەسىلە سورىسا، سۆزىگە قاراپ جاۋاب بەر، ئەقلىڭ يەتمەس سۆزنى سۆزلىمە كۈچۈڭ يەتمەس ئىشقا ئېسىلما. ھەر ئىشتا ئوتتۇراھاللىقنى كۆزدە تۇتۇش كېرەك. چۈنكى، مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام ھەدىسىدە: «ئىشلارنىڭ ئوتتۇرھال بولغىنى ياخشى» دېگەن ئىدى. ئەگەر بىر ئىش قىلغاندا ياكى سۆزلىگەندە ئالدىراڭغۇلۇق، يەڭگىللىك قىلما، ئالدىراپ ئىش قىلما، ئالدىراپ سۆزلىمە، ئېغىر ـ بېسىق، سەۋرلىك بولە يوشۇرۇن ئىش بولسا، ئۇنى بىلىشتىن ساڭا پايدا ـ زىيان بولمىسا، ئۇنى بىلىشكە ھەۋەس قىلما ۋە بىر جامائەت ئىچىدە، بىر مەجلىستە يېنىڭدىكى كىشى بىلەن پىچىرلاپ سۆزلەشمە. چۈنكى، ئادەملەر بىر ـ بىرىگە يامان گۇماندا بولۇشتىن خالى ئەمەس. ياخشى گەپنى سۆزلىسەڭمۇ خەلق يامان سۆزگە ئايلاندۇرۇپ گۇمان قىلىدۇ، «بۇ سۆزدە بىر سىر بار، پىچىرلاپ سۆزلەشتى» دەيدۇ. جامائەت بار يەردە، مەجلىستە بىرسىگە سۆزۈڭ بولسا، ئاشكارا سۆزلە، زۆرۈر بولمىسا، پىچىرلاپ سۆزلىشىشنىڭ ھېچ پايدىسى يوق. ئەگەر بىرەر ئىش ئۈستىدە گۇۋاھلىق بەرسەڭ، بىلگىنىڭچە توغرا گۇۋاھلىق بەر. يالغان گۇۋاھلىق بەرمە. گۇۋاھلىق بەرگەندە بىر تەرەپنى قوللاپ گۇۋاھلىق بەرمە، ھەر ئىككى تەرەپ ئۈچۈن راست، توغرا گۇۋاھلىق بەر. ئەگەر بىرەر خەۋەر ئاڭلىساڭ، ياخشى ئاڭلا. ئاڭلا ـ ئاڭلىمايلا (چۈشەنمەي) تۇرۇپلا كىشىگە سۆزلىمە. سۆزلىشىدىغان سۆزۈڭ ئۈستىدە ئاۋۋال پىكىر قىل، ئاندىن كېيىن سۆزلە، شۇنداقتا سۆزۈڭدىن پۇشايمان قىلمىغايسەن. ئالدىراپ سۆزلەشتە پۇشايمان قىلىش ئېھتىمالى بار. پايدىلىق سۆزنى سۆزلە، زىيانلىق سۆزنى سۆزلىمە. ھەر تۆرلۈك سۆزنى ئاڭلىساڭ گوياكى ئاجىزلىقتىن كۆچلەنگەندەك ئاڭلىغىن. بۇ سۆزلەر مەيلى كېرەككە كەلسۇن ـ كەلمىسۇن، جىىنىڭ، تېنىڭ بىلەن ئاڭلا. چۈنكى، سۆز بىر سەدەپكە ئوخشاش. ئۇ كۆڭۈل دەرياسىدىن چىقىدۇ. ئەگەر ھەر بىر سەدەپنىڭ ئىچىدە ئىنجۇ (مەرۋايىت) بولمىسىمۇ، ئەمما ئىنجۇ بولۇش ئېھتىمالى بار. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەر بىر سەدەپكە دىققەت بىلەن قاراش لازىم. يەنى كۆپ سۆز ئارىسىدا پايدىلىق سۆز بولۇشى ئېھتىمال. پايدىسىز سۆزنى سۆزلىمە. بىر ئىشنى بىلىدىغان كىشىگە ئۇچرىساڭ، ئۆزەڭنى بىلمىسىز دەرىجىدە تۇت. چۈنكى، بىر بىلىم ئىگىسىگە يولۇققاندا «سەن بىلگەننى مەنمۇ بىلىمەن» دېسەڭ، 3 تۆرلۈك پايدىدىن مەھرۇم بولىسەن: بىر پايدىسى شۇكى، ئەگەر مەن بىلمەيمەن دېسەڭ، بۇ بىلىملىك ئادەم ئۇ ئىشنى سەن بىلگەندەك ئىشلىسە، مەنمۇ بۇنىڭغا ئوخشاش بىلىدىكەنمەن دەپ تەشەككۇر ئېيتىسەن. ئىككىنچى پايدىسى شۇكى، ئەگەر سەندىن ئارتۇق ۋە ياخشىراق ئىشلىسە، ساڭا يېڭى بىر ئىلىم ھاسىل بولىدۇ، كەمچىلىكىڭ تۈزىتىلىدۇ. ئۈچىنچى پايدىسى شۇكى، ئەگەر ئۇ

ئىشنى سەندىن كەمرەك، ناچارراق ئىشلىسە، سىنىڭ ئۇ كىشىدىن كامىلراق ئىكەنلىكىڭ ئاشكارا بولىدۇ. شۇڭا، بۇ پايدىلارنى قولدىن بەرمەسلىك كېرەك. ئەگەر بىر سۆزنى ئاڭلىساڭ، ئالدىراپ ئۇ سۆزنى مەنىسىز دەپ ھېسابلاپ ئەيىب قىلما ياكى ياخشى سۆز دەپ ئالدىراپ ماختىما. ئۇ سۆزنىڭ ئەيىبىنى، پەزىلىتىنى تەتقىق قىل. ئەيىبلەشكە لايىقمۇ ياكى مەدھىيلەشكە لايىقمۇ، بىلىپ ھۆكۈم قىل، ھىكمەت (ئىلىم) دائىرىسىدىن چەتنەپ كەتمىگەيسەن. ھەر بىر سۆزۈڭنى خەلقنىڭ ئىرادىسىگە قارشى سۆزلىمە. ئەگەر بىر گۇرۇھنىڭ ئىچىدە بولساڭ، سۆزۈڭنىڭ توغرىلىقى ئۈچۈن قانچىلىك دەلىل ـ پاكىت كەلتۈرسەڭمۇ سۆزۈڭنى ئاڭلىمىسا، قارشىلىق كۆرسىتىپ قوبۇل قىلمىسا، مۇنداق شارائىتتا مەزكۇر گۇرۇھنىڭ ئىرادىسىگە مۇۋاپىق سۆزلىشىڭ لازىم. شۇ يول بىلەن ئۇلار ئارىسىدىن جېنىڭنى قۇتقۇزغايسەن. ھەر قانچە سۆز ئەھلى (ناتىق) بولساڭمۇ، ئۆز بىلگىنىڭدىن ئۆزەڭنى تۆۋەن كۆرسەت. شۇندىلا سۆزۈڭ ئېتىبارلىق بولىدۇ. ئۆزەڭنى سۆزۈڭدىن ئۇلۇغ كۆرسەتمە، سۆزۈڭدىن ئۆزەڭنى ئۇلۇغ كۆرسەتسەڭ سۆزۈڭ خار بولىدۇ. خەلق ئالتۇن، گۆھەرنى ۋە يالغان تاشلارنى تونۇغۇچى سەرراپتۇر. ئۆزەڭنى قانچىكى تۆۋەن تۇتساڭ ياكى يۇقىرى تۇتساڭ، خەلق سىنىڭ مىقدارىڭنى بىلىدۇ. مەسىلەن، بىر نەرسىنىڭ باھاسى مىڭ ئاقچا بولسا، دەسلەپتە بەش ئاقچىدىن باشلاپ باھا قويۇپ، ئارتتۇرۇپ ـ ئارتتۇرۇپ مىڭ ئاقچىغا يەتكۈزىدۇ. ئەگەر بىر نەرسە بەش ئاقچىلىق بولسا، ئۇنى مىڭ ئاقچا دەپ باھا كۆرسەتسە، ھېچكىم ئۇ نەرسىنى بەش ئاقچىدىن يۇقىرى ئالمايدۇ. سۆزنىڭ مىقدارى، قىممىتىمۇ شۇنداق. لېكىن، ئۈمىدنىڭ ئېتىدىن چۈشۈپ پىيادە قالما. ھەر قانداق يەردە بولساڭ كۆپ ئاڭلىغۇچى، ئاز سۆزلىگۈچى بول. ئەقىل ئىگىلىرى: «سۆكۈتتە تۇرۇش، جىم تۇرۇش — ئىككىنچى سالامەتلىكتۇر» دەيدۇ. چۈنكى، كۆپ كىشىلەر سۆز سەۋەبىدىن كېسەل بولىدۇ. ئاز سۆزلەش — ئەقىللىقلىقنىڭ ئالامىتى، كۆپ سۆزلەش — نادانلىق (بىلىمسىزلىك) نىڭ ئالامىتى. ئەگەر بىر نادان ئادەم جىم ئولتۇرىدىغان، ئاز سۆزلەيدىغان بولسا، خەلق ئۇنى ئەقىللىقلاردىن سانايدۇ. قانچىلىك ساپ كۆڭۈللۈك ۋە ئەقىللىق ئادەم خەلق ئىچىدە مەرۇپ ـ مەشھۇر بولساڭمۇ، ئۆزەڭنى مەدھىيلىگۈچى بولما، كىشى ئۆزى ئۈچۈن گۇۋاھلىق بەرسە، گۇۋاھلىقى قوبۇل قىلىنمايدۇ، ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ، سېنى خەلق مەدھىيلىسۇن. سۆز سۆزلىمەكچى بولساڭ دىققەت قىل، سۆزۈڭگە خېرىدار بارمۇ ـ يوق؟ ئەگەر سۆزۈڭنى ئاڭلاپ قوبۇل قىلغۇچىلار بولسا، سۆزلە. بولمىسا سۆزلىمە، چۈنكى سۆزۈڭدىكى خىتاپلىرىڭنى ئاڭلاپ قوبۇل قىلغۇچى بىرمۇ كىشى بولمىسا، سۆز سۆزلەش توغرا ئەمەس. مەسىلەن، مەجلىستە بىراۋ سۆزلىسە ئاڭلاپ ئولتۇرغىن، ئۇ كىشى سۆزىنى تۈگەتكەندىن كېيىن ئاندىن سەن سۆزلە. سۆز قوشۇپ كىشىنىڭ سۆزىنى ئۈزۈۋەتمە. ئادەم بىلەن ئادەم بول، مەرت كىشى بىلەن مەرت بول. دۇنيادا ئادەم كۆپ، مەرت كىشى ئاز. ئەي ئوغۇل، سۆز ئاڭلاش بىلەن سۆزگە ئۇستا بولغىلى بولىدۇ. مىسالى شۇكى، بىر بالا ئانىسىدىن تۇغۇلۇپلا بىر چەت سەھرا ياكى يەر ئاستىدا، ئادەم يوق يەردە تۇرسا، ئادەم ۋە ئانىسى بىلەن، شۇ بالىنى تەربىيىلىگۈچى تەربىيىچى بىلەن سۆزلەشمەي تەربىيىلەنسە، ئۇ بالا چوڭ بولغاندا تىلسىز بولىدۇ، ھېچ سۆز بىلمەيدۇ. ئەمما كىچىك ئىككى بالىنىڭ تىلى چىققىشتىن بۇرۇن بىر يەردە ئۆسسە، باشقا ئادەمگە ئارىلاشمىسا، ھېچ بىر ئادەمنىڭ سۆزىنى ئاڭلىمىسا، ئۇ بالىلار بىر ـ بىرى بىلەن سۆزلىشىۋەرسە، ئاخىرى ئۆزلىرىگە خاس بىر تىل تۈزۈشىدۇ، ئۇ تىلنى بۇ ئىككى بالىدىن باشقا ئادەم بىلمەيدۇ. ئەي ئوغۇل، خەلقنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ قوبۇل قىلغىن. خۇسۇسەن قەدىمكى ئۆتكەن پادىشاھلار ۋە ھۆكۈما ـ پەيلاسوپلارنىڭ سۆزىنى جان ـ دىلىڭ بىلەن ئاڭلىشىڭ كېرەك. بىلگىنكى، نۇشىرۋان ئادىلنىڭ سۆزلىرى ئېسىمگە كېلىپ بۇ كىتابتا بايان قىلدىم، سەن ئۇ سۆزلەرنى ئوقۇغايسەن ۋە نەسىھەت دەپ بىلىپ، لازىم بولغاندا پايدىلانغايسەن. ئەي ئوغۇل، مەن تارىخ كىتابلىرىدا كۆردۈمكى، ئەرەب سۇلالىسىدىن مەمۇن خەلىپە نۇشىرۋاننىڭ تەربىيىسىنى كۆرۈشنى ئارزۇ قىلىپ، نۇشىرۋاننىڭ قەۋرىسى ئۈستىگە بېرىپ، قەۋرىنى ئاچتۇرۇپتۇ. نۇشىرۋاننىڭ پۈتۈن تېنى تۇپراققا ئايلانغانىكەن. بۇ تۇپراققا ئايلانغان تەن تەخت ئۈستىدە ياتقىدەك. ئۇ، تەخت ئۈستىدە بىر خەت كۆرۈپتۇ. خەت پارس تىلىدا

پېزىلغانىكەن. مەمۇن خەلىپە خەتنى ئەرەب تىلىغا تەرجىمە قىلىشنى بۇيرۇپتۇ. خەتنىڭ تۈركچە تەرجىمىسى: «ئەي زامانە پادىشاھلىرى، بىلىشىڭلار لازىمكى، سەندىن ئىلگىرى مەن پادىشاھ ئىدىم. تەڭرىنىڭ بارلىق بەندىلىرى مېنىڭ ئادالىتىمدىن پايدىلاندى. ھەر كىم ئىشىكىمگە كەلسە، شەپقىتىمدىن مەھرۇم بولمىدى. قاچانكى ئەجەل قولىدا مېنىڭ ئاجىزلىق ۋاقتىم كەلدى. «مەن ۋاپات بولغاندىن كېيىنمۇ دۇنيا خەلقىگە پايدام يەتسە ئىدى» دەپ كېچە - كۈندۈز ئويلىدىم. ئاخىرى بۇ تامغا بىر نەچچە نەسىھەت يازدۇرۇپ قويۇشتىن باشقا چارەم بولمىدى. مەندىن كېيىنكى بىر پادىشاھ بۇ نەسىھەتلەرنى كۆرۈپ ئەمەل قىلسا، ئۇ پادىشاھ مەندىن بەھرىمەن بولۇپ پايدىلىنار. چۈنكى، تىرىك ۋاقتىمدا ئىشىكىمىزگە كەلگەن كىشى گۆھەر، ئالتۇن، مال - مۈلكىمىزدىن مەھرۇم بولماس ئىدى. بۈگۈن زىيارىتىمگە كەلگەن كىشى ھەم نەسىھىتىمىز گەۋھىرىدىن مەھرۇم بولمىغاي.

## تۆتىنچى باب. نۇشىرۋاننىڭ ۋەسىيەت - نەسىھەتلىرى ھەققىدە

نۇشىرۋان — پادىشاھ ئىدى. ئۇ، ئۆز ۋەسىيىتىدە شۇنداق دېگەن: كۆرۈپ تۇرۇپسەنكى، كېچە - كۈندۈز بىر - بىرىنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ بارىدۇ. ئادەم بىر ھالەتتىن يەنە بىر ھالەتكە ئۆزگىرىشكە دۇچكەلگەندە خاپا بولۇپ كۆڭۈلسىز بولمىغاي. يەنى شاتلىق كېتىپ قايغۇ كەلسە، قايغۇ كېتىپ شاتلىق كەلسە، ئۇنىڭغا ئېتىبار قىلما. ھۈنەرسىز (پەزىلەتسىز، بىلىمسىز) ئادەمنى دوست تۇتما. بۇنداق كىشى دوستلۇققا ۋە دۈشمەنلىككە يارىماس. ھەر قاچان بىر ئىشنى بىر قېتىم ئىشلەپ سەمسكەنسەڭ، ئۇ ئىشنى قىلما. ئۆزى بىر نەرسە بىلمەي ئۆزىنى بىلىملىك ھېسابلايدىغان ئادەمدىن ساقلان. ئۆز نەپسىڭگە ئادىللىق قىل، يەنى ئۆزەڭنى قولۇڭدىن كەلمەيدىغان ئىشقا تەكلىپ قىلما. توغرا - ھەق سۆز ئاچچىق بولىدۇ، شۇنداقتىمۇ ھەق - توغرا سۆزلە. ئەگەر دۈشمەن ئىچكى سىرىمنى بىلمىسۇن دېسەڭ، دوستۇڭغا سىرىڭنى ئېيتما. ئۇلۇغ كىشىلەرنى پەس كۆرمە. ھۈنەر - پەزىلەتسىز ئادەملەرنى تىرىك ھېسابلىما، ئۇلارنى ئۆلۈك دەپ بىل. ئەگەر تۇرمۇش مەئىشىتىمدە تارلىق - قىسىلىش بولمىسۇن دېسەڭ، ئىشلىگەن ئىشىڭنى ئىگىسىگە يارىتىشقا تىرىش. ئەگەر قايغۇلۇق بولماي دېسەڭ، پايدىسىز ئالدى - ساتتى قىلما. يەنى ئالدىن پايدا - زىياننى تەكشۈرۈپ كۆرۈپ، پايدىلىق بولسا، ئال ۋە سات. ھىممەتسىز كىشىنىڭ نېنىنى يېگەندىن ئاچ يۈرگەن ياخشى. تەجرىبە - سىناقتىن ئۆتمىگەن ئادەم مىڭ تۈرلۈك خەيرىخاھلىق قىلسىمۇ ئۇنىڭغا ئىشەنمە، تايانما. ئۆزەڭدىن تۆۋەن ئادەمگە مۇھتاج بولماقتىن قىيىن ئىش يوقتۇر. دۇنيا خەلقى ئارىسىدا پاسىق، كەمتەر ئادەم — تەكەببۇر زاھىدتىنمۇ ياخشىراقتۇر. كېلەچەكتىكى غايىپ نازى - نېمەتلەرگە ئېرىشىپ، قولۇڭدىكى نەق نېمەتنى بېرىۋېتىش غايەت زىيانلىقتۇر. ئەمما، توغرا ئىشلاردا شۇنداق قاراش كېرەك، ھارام نەرسىلەرنى بېرىپ، كېلەچەكتىكى ھالال نەرسىلەرنىڭ ئۈمىدى بىلەن بولغاندا، ھارامدىن نەچچە باراۋەر ھالال نەرسە قولغا كېلىدۇ. بىر كىشىدىن بىر ھاجەت تىلىسەڭ، ئۇ ھاجەتنى راۋا قىلىش قولىدىن كېلىدىغان ئىمكانىيىتى تۇرۇقلۇق ھاجىتىڭنى ئادا قىلمىسا، مۇنداق ئادەمدىن خەسىس - پەسكەش ئادەم بولماس. بىراۋ سېنىڭ ئالدىڭدا دوستلۇق ئىزھار قىلىپ، ئارقاڭدىن يامان دەپ يۈرسە، ئۇنىڭدىن مۇناپىقراق يەنە كىم بار؟ بىر ئادەمنى جەمئىيەت ئەدەبكە ئۆگەتمىسە، سەن ئۇنى ئەدەبكە ئۆگىتىمەن دەپ مۇشەققەت چەكمە، مۇشەققىتىڭ زايا بولىدۇ. يەنى بىر ئادەم دۇنيادا تۇرۇپ ياخشى - ياماننى كۆرۈپ، ئۆزى ئىبرەتلەنمىسە، ئۇنى تەرتىپكە كىرگۈزۈش مۈشكۈل. نادان ئادەمنى ياخشى سۆز بىلەن ياخشىلىققا ئۆگىتىمەن دەپ ئاۋارە بولما. چۈنكى، دانالار ئېيتقانكى: «نادان ئادەمنىڭ ئۆزىگە ئۆزى قىلغان ئىشنى ئەقىللىق ئادەم دۈشمىنىگىمۇ قىلمايدۇ.» ئەگەر خەلق سېنى ياخشى ئىشلىرىڭ بىلەن ياد ئەتسە، مەدھىيىلىسە، سەن كىشىنىڭ يامانلىقىنى سۆزلىمە. ئەگەر دوستلىرىم، يولداشلىرىم كۆپ بولسۇن دېسەڭ، ئاداۋەت تۇتما. ئەگەر دۇنيادا زەخمەت (جاپا) چەكمەي دېسەڭ ۋە ئىنسانىي ئۆمۈر كەچۈرەي دېسەڭ، ئۆز ئىشىڭ بىلەن شۇغۇللىنىپ، باشقىلارنىڭ ئىشىغا ئارىلاشما. ئەگەر خەلق مېنى سارالڭ دېمىسۇن

دېمەك، ھاسىل بولمايدىغان نەرسىنى ئىزلىمە. ئەگەر ھۆرمەت - ئابرۇيۇم تۆكۈلمىسۇن دېسەڭ، ھاياڭنى ئۆزەڭگە كەسىپ قىل. ئەگەر ئالدانمايمەن دېسەڭ، تەجرىبە قىلىنغان ئىشنى تاشلاپ، تەجرىبە قىلىنمىغان ئىشلارغا قول تىقما. ئەگەر ھۆرمەت پەردەم يىرتىلمىسۇن ۋە خەلق مېنى خارلىمىسۇن دېسەڭ، قول ئاستىڭدىكىلەرنى توغرا، پاك تەربىيىلىگىن. ئەگەر پۇشايمانغا دۇچار بولۇشتىن خاتىرجەم بولاي دېسەڭ، نەپسىڭگە ئەگىشىپ خىيالىڭغا كەلگەن ئىشنى قىلىشقا كىرىشمە. ئەگەر زىرەك ئادەملەر جۈملىسىدىن بولاي دېسەڭ، ئۆزەڭنى باشقىلارنىڭ ئەينىكىدە كۆرۈپ باق، يەنى بىراۋنىڭ ھەرىكىتىگە قاراپ ياخشى-يامانلىقىنى كۆرۈپ، يامان ئىش بولسا ئۇنى قىلىشتىن ساقلان، ئۆزەڭدە بولسا، دەرھال تۈزەت. ئەگەر ياخشى ئىش بولسا، سەن ئۇ ئىشلارنى قىلغان بولساڭ، ياخشىلىقىڭنى داۋاملاشتۇرغىن، ئەگەر يامان ئىش بولىدىكەن، ئۇنى سەن قىلما. ئەگەر خەۋپسىز بولاي دېسەڭ، خەلق بىلەن چېكىشمە، يەنى نىزالاشما ۋە خەلقنى رەنجىتكۈچى بولما. ئەگەر خەلق ئىچىدە ھۆرمەتلىك بولاي دېسەڭ، ئۆزەڭ خەلقنىڭ ھۆرمىتىنى ساقلا. ئەگەر خەلق مېنىڭ سۆزۈم بىلەن ئىش قىلسۇن دېسەڭ، ئاۋۋال ئۆزەڭنىڭ سۆزىگە ئۆزەڭ ئەمەل قىل. ئەگەر كامالەتلىك كىشىلەردىن بولاي دېسەڭ، كامالىتىڭ نۇرىنى (تەنتەنىسىنى) كۆرسەتمىگەنلەردىن ئۆز سىرىڭنى يوشۇر. ئەگەر خەلق ئارىسىدا ھەممىدىن ئۇلۇغ بولاي دېسەڭ، نېمىتىڭنى مول قىل، نان - تۇز ھەققى ئۈچۈن ئىسمىڭ ئۇلۇغ بولىدۇ. ئەگەر مەرت بولاي دېسەڭ، كىشىدىن تاما قىلما، كۆڭلۈڭدىن تامانى چىقىرىۋەت. ئەگەر بىراۋدىن قەرز ئالساڭ، شەك - شۈبھىسىز ئۇ ئادەمگە قول بولىسەن. ئەگەر ئادالەتلىك قىلغۇچىلاردىن بولاي دېسەڭ، قول ئاستىڭدىكىلەرنى ئوبدان تۇت، باشقىلارنىڭ زۇلمىدىن ئۇلارنى ساقلا، ھىمايە قىل. ئەگەر ئاۋام خەلقنىڭ ۋە نادانلارنىڭ تەنىسىدىن قۇتۇلاي دېسەڭ، ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىغا تەئەررۇز قىلما. ئەگەر يېتىشكەن كىشىلەردىن بولاي دېسەڭ، ئۆزەڭگە لايىق كەلمىگەن ئىشنى خەلققىمۇ لايىق دەپ قارىما. ئەگەر كۆڭلۈمگە ئازار - زەخمەت يەتمىسۇن دېسەڭ، نادانلار بىلەن جېدەللەشمە. ئەگەر خەلقنىڭ سۆيۈملۈكى بولاي دېسەڭ، قولۇڭدىن كەلگەن ياخشىلىقنى خەلقتىن ئايىما. ئەگەر زىيان ۋە زىيانداشتىن يىراق بولاي دېسەڭ، قولۇڭنى قىسقا تۇت (خەلققە زىيان يەتكۈزمە).

نۇشىرۋان ئادىلنىڭ نەسىھەتلىرى شۇ يەردە تامام بولدى. ئەي ئوغۇل، بۇ نەسىھەتلەرنى خار، ئاددىي كۆرمە. بۇ سۆزلەردىن ھېكمەت پۇرىقى كېلىدۇ. سەلتەنەت خۇش پۇرىقى پۇرايدۇ. ئۇنىڭ ئۈچۈن بۇ سۆزلەرنى پەيلاسوپلار، ئالىملارنىڭ سۆزى دەپ ئېتىقاد قىل، ياشلىقىڭدا بۇ سۆزلەرنى ئۆزلەشتۈرسەڭ، قېرىلىق چاغلىرىڭدا تەشۋىشكە قالمايسەن.

## بەشىنچى باب. يىگىتلىك ۋە قېرىلىق ھاللىرى ھەققىدە

ئەي ئوغۇل، گەرچە يىگىت بولساڭمۇ، قېرىلارچە ئەقىللىق بول. بۇ، يىگىتلىكنى تاشلا دېگىنىم ئەمەس، بەلكى ئۆز - ئۆزەڭنى خۇش تۇت، نادان بولما، ناچار - يامان تەبىئەتلىك بولما. يىگىتلىك ۋاقتىدا ئادەمدە بىر خىل ساراڭلىق بولىدۇ. مەسىلەن، ئەرەستالىس ھېكىم: «ياشلىق — ساراڭلىقنىڭ بىر تۈرى» دېگەن ئىدى، ئەقلىڭدىن ئېزىپ نادان يىگىتلەر جۈملىسىدىن بولما. چۈنكى بالايىئاپەت نادانلىقتىن كېلىدۇ. ئۆمرۈڭنىڭ لەززىتىنى يىگىتلىكتە كۆرگىن. قېرىغاندا بۇ لەززەت تېپىلمايدۇ، گەرچە تاپساڭمۇ يىگىتلىك چاغدىكىدەك بولمايدۇ. ئەي يىگىت، تەۋپىق (توغرا يول) ئىزلە. ئەجەلنى ئۇنتۇپ قالما، ئەجەل ھەركىمگە كېلىدۇ، ئەجەل ياشقا قارىمايدۇ. ھەركىم ئانىدىن توغۇلدى. ئەلۋەتتە ئۆلسە كېرەك. شۇنداق ھېكايە قىلىنىپتۇكى، باغدات شەھىرىدە بىر ياماقچى بار ئىكەن. ئۇنىڭ دۇكىنى قەۋرىستانغا يېقىن ئىكەن. دۇكانغا بىر خالتا ئېسىپ قويۇپ، ھەر قاچان خەلق بىر مېيىتنى دەپنە قىلىشقا ئېلىپ كەلسە، خالتىغا بىر تاش سالىدىكەن. ھەر ئايدا بىر قېتىم خالتىدىكى تاشلارنى ساناپ، بۇ ئايدا باغدات شەھىرىدە نەچچە ئادەم ئۆلگەنلىكىنى ھېسابلاپ كۆرىدىكەن. ئاخىرى ياماقچى ۋاپات بوپتۇ. بىر

كىشىنىڭ ياماقچىغا ھاجىتى چۈشۈپ دۇكانغا كەلسە، دۇكان ئېتىكلىك تۇرغىدەك. ئۇ:
— ياماقچى قەيەرگە كەتتى؟ — دەپ سوراپتۇ قوشنىسىدىن.
— ياماقچى خالتىغا كىردى، — دەپتۇ قوشنىسى.
— بۇ نېمە دېگىنىڭ؟ — سوراپتۇ ئۇ كىشى.
— بۇ دېگىنىم، — دەپتۇ قوشنىسى، — ياماقچى ھەر بىر ئۆلۈك ئۈچۈن خالتىغا بىر تاش سېلىپ، ھەر ئايدا باغدات شەھىرىدە قانچە ئادەم ئۆلگىنىنى ھېسابلاپ تۇراتتى، ئەمدى، ئۇنىڭ ھېساب تاشلىرى ئەجەل خالتىسىغا كىردى (ۋاپات بولدى).

ئەي ئوغۇل، غاپىل (بىپەرۋا) بولما، يىگىتلىكىڭگە ئالدانما، ھەر قانداق ھالەتتە ئاللاتائالانى ئۇنتۇما. تەڭرىنى كۆپ ياد ئەتسەڭ گۇماندىن خالاس بولىسەن. ھەر قانداق ھالەتتە ئەجەلنى يېقىن بىل. گۇناھ يۈكلىرىنى بويىنۇڭغا يۈكلىمە. گۇناھ ئىچىدە قالساڭ، باغداتتىكى ياماقچىدەك بىر كۈنى تۇيۇقسىز ئەجەل خالتىسىغا كىرىسەن. كۆپرەك قېرى كىشىلەر بىلەن سۆھبەتلەشكىن. يىگىتلەر بىلەن كۆپ سۆھبەتلەشمە، ھەتتا يىگىتلەر بىلەن بولغان سۆھبىتىڭدىمۇ قېرىلار بىللە بولسۇن. چۈنكى، يىگىتلەر يىگىتلىك ۋاقتىدا ئىچىملىك ئىچمەي مەست ھالدا يۈرىدۇ. ئۇلار شاراپسىز مەستلىك، غاپىللىق، مەغرۇرلۇق بىلەن بىر خاتا سۆز قىلسا، قېرىلار ئۇنى مەنئى قىلىدۇ، نەسىھەت قىلىدۇ، قېرىلار يىگىتلەردىن كۆپرەك بىلىدۇ. ھالبۇكى، يىگىتلەردە ئۆز بىلىمىنى قېرىلاردىن ئارتۇقراق بىلىدىغان بىر ئادەت بار. قېرىلارنى مەسخىرە قىلىپ كۈلۈشىدۇ. ئەمما، ئەمەلىيەتتە ياشلار قېرىلاردىن كۆپ بىلمەيدۇ.

ئەي ئوغلۇم، تامامەن ئۆزىنى يوقىتىپ، ئەخلاق دائىرىسىدىن پۈتۈنلەي چىقىپ كەتكەن يىگىتلەر جۈملىسىدىن بولما. قېرىلارنى ھۆرمەت قىل، قېرىلار بىلەن بىللە ئولتۇرۇشقاندا يادىڭغا كەلگەننى سۆزلىمە، قېرىلار سۆز سورىسا، ئويلىماي دەرھاللا جاۋاب بەرمە، ئەگەر قېرىلار سوئال سورىسا، ئەدەب شۇكى، سەن جاۋاب بەرمەي، بۇ سوئالنىڭ جاۋابىنى ئۆزلىرى بىلسىلا، دېگىن، چۈنكى، قېرىلارنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ جىم ئولتۇرۇش — ئەقىلدىندۇر. ئەگەر ئالدىراپ سۆزلەپ جاۋاب بەرسەڭ، كېيىن خىجىل بولىسەن.

**ھېكايەت:** بىر شەھەردە يۈز ياشقا كىرگەن، چىرايى ئۆزگەرگەن، بېلى پۈكۈلگەن بىر كىشى بار ئىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە بۇ قېرى كىشى مۈكچىيىپ كېتىۋاتسا، بىر يىگىت ئۇنى كۆرۈپ چاقچاق تەرىقىسىدە سوراپتۇ:
— ئەي بوۋا، ھاسىنى قانچە پۇلغا ئالدىڭىز، قەيەردە ساتىدىكەن؟ ماڭا ئېيتىپ بېرىڭ، مەنمۇ بىرنى ئالاي.

يىگىتنىڭ مەقسىتى قېرى كىشىنىڭ پۈكۈلگەن بېلىنى مەسخىرە قىلماقچى ئىكەن.
— ئەي يىگىت، — دەپتۇ قېرى كىشى دەرھاللا، — ئەگەر ئۆمرۈڭ ئۇزۇن بولسا، ساڭا بۇ ھاسىنى بىكارغا بېرىدۇ، سېتىۋېلىشىڭ ھاجەت ئەمەس، لېكىن، بۇ ھاسا ساڭا نېسىپ بولماس (ياشلىقىڭدا ئۆلەرسەن).

يىگىت ناھايىتى ئۇيىتىپتۇ. بۇنداق خاتا سۆز سۆزلىگىنىگە پۇشايمان قىپتۇ. بۇ سۆز خەلق ئارىسىدا يادىكار بولۇپ قاپتۇ.

بىلىش كېرەككى، قېرىلارنىڭ مەرىپىتى ياشلارنىڭ مەرىپىتىدىن ئارتۇقراقتۇر. بۇ يەردە ئېيتىلغان «قېرى» — قېرى ئالىم، دانا قېرىلارنى كۆرسىتىدۇ. ئۆمرىنى ئىلىم - مەرىپەت يولىدا، ئۇلۇغ ئالىملار سۆھبىتىدە ئۆتكۈزگەن ئالىم - مەرىپەتلىك قېرىلاردۇر. نادان، ئۆمرىنى نادانلىقتا ئۆتكۈزگەن قېرىلار بۇنىڭ دائىرىسىگە كىرمەيدۇ، نادان قېرىلارنى مەدھىيىلەشكە بولمايدۇ. (ئەرزىمەيدۇ). ئەگەر مەرىپەتلىك، ئالىم يىگىت بولسا، نادان قېرىدىن ئارتۇق ۋە ئۇلۇغدۇر. يىگىتلىك ۋاقتىڭدا مەرىپەتلىك قېرىلارغا ئەگەشكىن. قېرىغىنىڭدا يىگىتلەردىن ئۆزەڭنى قاچۇرمىغايسەن. يىگىتلىك چاغلار ئۆتۈپ قېرىلىق ۋاقتى كەلسە، يىگىتلىك ۋاقتىڭدىكى گۈزەللىك، خۇشاللىق، شوخلۇقنى ئۈمىد قىلما، ياشلىقنى

ھەۋەس قىلما. قېرىلىقتا يىگىتلىك ھەۋەس قىلغان كىشىنىڭ ھالى كېمە ئۈستىگە ساراي بىنا قىلغان كىشىنىڭ ھالىغا ئوخشايدۇ ياكى قېرى كىشىنىڭ يىگىتلىك قىلغىنى جەڭدە مەغلۇپ بولۇپ قاچقان قوشۇننىڭ قېچىپ كېتىۋېتىپ كاناي چالغىنىغا ئوخشاشتۇر. ياسانچۇق قېرىلار جۈملىسىدىن بولمىغىن، ناپاك، پاسىق قېرىلاردىن قورققىن. يىگىتلەردىن قېرىلارنىڭ قەدرىدان، ۋاپادارلىقى ئۇلۇغراقتۇر. چۈنكى، يىگىتلەر قېرىلىقتىن ئۈمىد كۈتىدۇ. ئەمما قېرىلارنىڭ ئۆلۈمدىن باشقا ئۈمىدلىرى بولمايدۇ. بۇ ھال شۇنىڭغا ئوخشاشكى، زىرائەت پىشىپ ئاقارسا، ئۇنى دېھقان ئورىدۇ. ئەگەر دېھقان ئورمىسا، تۆكۈلۈپ كېتىدۇ. مېۋە پىشقاندىن كېيىن دەرەخ ئۈستىدە تۇرمايدۇ، تۆكۈلىدۇ. بىر شائىر ئېيتقانكى:

ئاي، كۈن ئۈستىدە گەر پايتەختىڭ بولسىمۇ،
ئالەمدە سۇلايماندەك بەختىڭ بولسىمۇ.
تاشلار تۈگەنسە ئۆمۈر، رەخشىڭ بولسىمۇ،
پىشقان مېۋىسىن تاشلار دەرەختىڭ بولسىمۇ.

**ھېكايەت:** قىر ـ دالىلاردا ياشايدىغان بىر تۈركنىڭ ئىككى ئوغلى بار ئىكەن. ئاتا ئانىسى ۋاپات بولۇپ، بۇ ئىككى بالا يېتىم قاپتۇ. سەھرادا تۇرماي، شەھەرگە كەپتۇ. بۇلار كەلگەن شەھەر دەريا بويىدا ئىكەن. چوڭ ئوغۇل شەھەرمۇ ـ شەھەر كېزىپ سودىگەرچىلىك قىلىشقا ھەۋەس قىلىدىكەن. بىر قانچە زامان شەھەر ئايلىنىپ يۈرۈپتۇ، ئاخىرى ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنى كۆرۈش ئۈچۈن قايتىپ كەپتۇ. ئىنىسىنىڭ شەھەردە سودىگەرچىلىك قىلىپ يۈرۈپ، چوڭ سودىگەرلەردىن بولۇپ قالغانلىقىنى كۆرۈپتۇ. شەھەردە ئىنىسى ھەيۋەتلىك سارايلارنى بىنا قىلدۇرغان ئىكەن. چوڭ ئوغۇل ئۆز ـ ئۆزى بىلەن كېڭەش قىلىپ: «ئىنىم ھەيۋەتلىك سارايلارنى بىنا قىلدۇرۇپتۇ. لېكىن ئۇ باشقا شەھەرلەرگە كېتىشنى ئىختىيار قىلسا، بۇ سارايلارنى بىللە ئېلىپ كېتەلمەيدۇ. مەن بىر كېمە ئۈستىگە ساراي بىنا قىلدۇراي، قەيەرگە كەتسەم ئېلىپ كېتىش مۇمكىن بولسۇن ۋە مۇنداق سارايلىرىمنىڭ بارلىقىنى ھەممە ئادەم كۆرسۇن، شۆھرىتىم ئالەمگە تارقالسۇن، دەپتۇ. ئۇ كېمىنىڭ مۇنداق زور بىنانى كۆتىرەلمەيدىغانلىقىنى بىلمەپتۇ، ئاخىرى ئۇ كېمە ئۈستىگە ئۆي ـ ساراي بىنا قىلدۇرۇپتۇ. بىنا پۈتكەندىن كېيىن دەريا تەرەپكە راۋان بوپتۇ. بىر ئاز ماڭغاندىن كېيىن، كېمە سۇغا چۆكۈپ غەرق بوپتۇ. ئىچىدىكى بارلىق مال ـ مۈلۈك، نەرسە ـ كېرەكلەر قولدىن كېتىپتۇ.

ئەي ئوغۇل، يىگىت ئىكەنسەن، يىگىت بول، قېرىغاندا قېرىلارچە ھەرىكەت قىل. قېرىلىقتا يىگىتلىك زەۋق، ئەيش ـ ئىشرەتلىرىگە ھەۋەس قىلما. قېرىغاندا پەرھىزكارلىقنى ئاشۇرغىن. ئەي ئوغۇل، قېرىلىقتىن، يىگىتلىكتىن شىكايەت قىلدىم. بۇ سۆزلەرنى قوبۇل قىلغايسەن، ئوغۇللىرىڭغا، ئوغلۇڭنىڭ ئوغلى (نەۋرىلىرىڭ)گە نەسىھەت قىلغايسەن.

ئەي ئوغۇل، قېرىغاندا بىر يەردە تۇرغىن، چۈنكى، قېرىلىقتا سەپەر قىلىش — ئەقلى بار كىشىنىڭ ئىشى ئەمەس. خۇسۇسەن قېرىلىقتا كەمبەغەل بولساڭ سەپەر قىلما. ئىككى دۈشمەن بىلەن يولغا چىقماق خاتا: قېرىلىق ساڭا بىر دۈشمەن بولسا، كەمبەغەلچىلىك ئىككىنچى بىر دۈشمەن. ئەگەر زۆرۈرىيەت تۇغۇلۇپ، ئىككىنچى بىر يۇرت ـ دىيارغا كەتسەڭ، ئۇ يەردە مەئىشىتىڭ كەڭ ـ پاراۋان بولسا، قايتا ئۆز يۇرت ـ شەھىرىڭگە قايتما. چۈنكى، كىشىنىڭ مەئىشىتى قەيەردە ياخشى بولسا، شۇ يەردە تۇرۇش ياخشىراق، شۇ يەردە تۇرۇش لازىم. «تۇغۇلغان يېرىمدە ئۆلىمەن» دېيىش ھاجەتسىز. گەرچە ۋەتەن ئىككىنچى ئانا دېيىلسىمۇ ياكى ۋەتەننى سۆيمەك ئىمان جۈملىسىدىن دېيىلسىمۇ، بەختىڭ قەيەردە ئېچىلسا، شۇ يەردە ۋەتەن تۇت. كۆرمىدىڭمۇ، مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام مەككىدە تۇغۇلغان، لېكىن ئۇنىڭ ئىشلىرى مەدىنىدە غەلىبىگە ئېرىشتى، مەككىنى بويسۇندۇرغاندىن كېيىن مەدىنىدە تۇردى. سەنمۇ پايدىلىق ئىش تاپقان يەردىن ئايرىلمىغايسەن. چۈنكى، تۇرمۇش مەئىشىتىڭ ياخشى ئۆتكەن يەرنى تاشلاپ كەتسەڭ ناشۈكۈرلۈك بولىدۇ. بىر ياخشى نەرسىگە ئېرىشسەڭ، ئۇنىڭدىنمۇ ياخشىسىنى تاپىمەن، دەپ قولۇڭدىكىدىن ئايرىلىپ قالمىغايسەن. ئەي ئوغلۇم، ئۆمرۈڭنى تەربىيىسىز ئۆتكۈزمە. شۇ چاغدىلا دوست

- دۈشمىنىڭگە ھەيۋەتلىك كۆرۈنىسەن. قىممەتلىك ئۆمرۈڭنى ھاۋايى - ھەۋەس بىلەن زايا قىلما.

## ئالتىنچى باب. يېمەك - ئىچمەك ئەدەبلىرى ھەققىدە

ئەي ئوغۇل، بىلگىنكى، خەلق ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ: بىرى، خاس كىشىلەر يەنە بىرى، ئامما. مەجبۇرىيەت - تەكلىپ خاس كىشىلەرگە بولىدۇ. چۈنكى، ئاممىنىڭ ئىشلىرىدا تەرتىپ، تەكەللۇپ ئاز ياكى يوقتۇر. ئاۋام (ئامما) جۈملىسىدىن بولغان كىشى قىلىدىغان ئىشلىرىغا ۋاقىت بەلگىلىمەي، قاچان بولسا شۇ ۋاقىتتا ئىشلەيدۇ. خاسلار جۈملىسىدىن بولغان كىشى كېچە - كۈندۈز 24 سائەت ئىچىدە ھەر بىر ئىش ئۈچۈن بىر ۋاقىت بەلگىلەيدۇ. ئۇنىڭ ئىشلىرى بىر - بىرىگە ئارىلىشىپ كەتمەيدۇ. ھەر بىر ئىش رەت - رېتى بىلەن ئايرىم - ئايرىم بولىدۇ. ھەممە ئىشنىڭ بېشى يېمەكلىكتۇر. يەنە بىلىشىڭ لازىمكى، خاس كىشىلەر ۋە ئاۋام كىشىلەر 3 تۈرلۈك بولىدۇ. ئۇنىڭ بىرى، بازار ئەھلى ۋە ئېلىم - سېتىم ئىشى بىلەن مەشغۇل بولغۇچىلار. مۇنداق ئادەملەرنىڭ كۆپرەكى ئاش- غىزانى ئاخشامدا يەيدۇ. مۇنداق ئاخشامدا تاماق يېيىش زىيانلىقتۇر. چۈنكى، تاماقنى يەيدۇ، ھەزىم قىلىنماستىن بۇرۇن ئۇخلايدۇ. خەلقنىڭ يەنە بىر تۈرلۈكى ئەسكەر ئەھلىدۇر. بۇلارنىڭ ئادىتى قاچان تاماق يېيىش توغرا كەلسە، شۇ چاغدا يەيدۇ، چۈنكى ئۇلار كۆپرەك سەپەردە بولۇپ، نەدە تاماق ئۇچرىسا شۇ يەردە يېمەي بولمايدۇ. ئەمما، خاسلارنىڭ ئادىتى بىر كېچە - كۈندۈزدە بىر قېتىم تاماق يېيىش. بۇ ئادەت — سالامەتلىكنى ئىستىگەنلەرنىڭ ئادىتىدۇر. لېكىن، مۇنداق تاماقلىنىش — بەدەننى ئاجىزلاشتۇرىدۇ. كۈچ - قۇۋۋەتنى كېمەيتىدۇ.

ئەي ئوغلۇم، تاماقلىنىشتا ياخشى تەرتىپ شۇكى، ئەتىگەندە سەپرانى دەپئى قىلغۇدەك ئازراق تاماق يەپ ئىشقا مەشغۇل بولۇش لازىم. تاكى پېشىن (چۈش) ۋاقتى بولغاندا تاماقلىنىش لازىم. يېگەن تاماق ھەزىم قىلغىدەك بولسۇن، ھەزىم قىلالمايدىغان دەرىجىدە كۆپ يېمەسلىك كېرەك. ئەگەر بىر قانچە كىشى ياكى كۆپ كىشىلەر بىلەن بىللە تاماق يېيىش توغرا كەلسە، كۆپچىلىك كىشىلەر تاماققا ئولتۇرۇشتىن ئىلگىرى تاماققا ئولتۇرما. ئەگەر ئۆيۈڭدە مېھمان قوبۇل قىلساڭ، تاماق يەيدىغان مېھمانلار كېلىپ داستىخانغا ئولتۇرۇشتىن ئىلگىرى تاماقنى داستىخانغا ئەكىلىپ قويما. تاماق يېگەندە ئالدىرىماي، ئاستا - ئاستا يېيىشنى ئادەت قىل. تاماق يېگەندە بېشىڭنى تۆۋەن تۇتقىن. كىشىنىڭ يۈزىگە ۋە قولىغا ئالغان، ئاغزىغا سالغان لوقمىسىغا كۆز سالما. كىشىنىڭ قولىدىكى لوقمىسىغا قاراش ناھايىتى چوڭ ئەيىبتۇر.

**ھېكايەت:** ساھىب كاپى دېگەن بىر پادىشاھ ئۆتكەن ئىكەن. ئۇ پادىشاھ بىر كۈنى ئۆزىنىڭ كاتىپ - خادىملىرى بىلەن تاماق يەپ ئولتۇرۇپ، بىرسىنىڭ قوشۇقىدا بىر تال قىل تۇرغانلىقىنى كۆرۈپتۇ ۋە ئۇ كىشىگە: «قوشۇقۇڭدا بىر تال قىل بار، ئېلىپ تاشلىۋەت» دەپتۇ. ئۇ كىشى قوشۇقنى قويۇپ تاماق يېمەستىن ئورنىدىن قوپۇپ چىقىپ كېتىپتۇ، مەجلىس ئەھلى پەرىشان بوپتۇ. ئۇ كىشىنى پادىشاھ چاقىرتىپ: «نېمە ئۈچۈن تاماق يېمەي كەتتىڭ؟» دەپ سوراپتۇ. ئۇ كىشى: «قولۇمغا ئالغان لوقمىدا بىر تال قىلنى كۆرۈپ تۇرغان كىشىنىڭ تائامنى قانداق يېيىشكە بولسۇن» دەپتۇ. پادىشاھ بۇ سۆزنى ئاڭلاپ خىجىل بوپتۇ.

دېمەك، تاماق يېگەندە ئۆز ھالىڭ بىلەن بول. باشقىلارنىڭ لوقمىسىغا قارىما، كىشىنىڭ ئالدىدىن لوقما ئالما. تۈرلۈك تاماق ھازىرلانسا، بىر - بىردىن يېيىش لازىم بولسا، بىر تۈرلۈك تائامنى خەلق يەپ بولۇپ توختىشىغا يەنە بىر خىل غىزانى ئالدىراپ ئېلىۋەت دېمە، ئۇ تائام داستىخاندا بىر ئاز تۇرسۇن، ئاندىن كېيىن ئىككىنچى تۈرلۈك تائامنى ئېلىپ كېلىش كېرەك. چۈنكى، بەزىلەرنىڭ بىرىنچى خىل تائامغا ئىشتىھاسى بولۇشى مۇمكىن. ئىككىنچى تائام تەبىئىتىگە ياقمايدىغان بولسا، يېيەلمەي ئاچ قالمىسۇن. تاماقنى بەزى ئادەملەر تېز، بەزى ئادەملەر ئاستا يەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن تاماقنى تېز ئېلىۋېتىش ياخشى ئەمەس. كۆپچىلىك بىلەن تاماق يېگەندە، سېنىڭ ئالدىڭدا تاماق بولۇپ، باشقىلارنىڭ ئالدىدا

تۇغۇلغان بولسا، ئۇلارنىڭ ئالدىغا تاماقتىن نېسۋە بەرگىن، مېھمان بىلەن ياكى كۆپچىلىك بىلەن تاماق يېگەندە خىزمەتچىلىرىڭنى چاقىرما ۋە خىزمەتچىلىرىڭگە ئاچچىقلانما. تاماق پىشىپتۇ، پىشماپتۇ، تۇزسىز، تۇزلۇق بولۇپ قاپتۇ، دەپ كايىما. بۇلار تاماق يېيىشنىڭ تەرتىپ قائىدىسىدۇر.

## يەتتىنچى باب. شاراپ ئىچىش تەرتىپى ھەققىدە

ئەي ئوغۇل، شاراپ ئىچىش ھەققىدە نېمە دېيىشىم كېرەك؟ چۈنكى، شاراپ ئىچىش شەكسىز ھارام. ئىنساننىڭ ئەقلىگە ۋە بەدىنىگە زىيانلىق. لېكىن ياش، ھاياسىز ۋە پاسىق يىگىتلەر كىشىنىڭ سۆزىگە قۇلاق سالمايدۇ، ئۆزلىرى خالىغان خاتالىقتىن كەچمەيدۇ. مەنمۇ يىگىت چېغىمدا ئاتا - ئانا ۋە پىشقەدەملىرىمىز شاراپ ئىچىش ھارام، ئىچمە دېيىتتى، مەن قوبۇل قىلمايتتىم. ئۇ مېنىڭ ياشلىق ھالىتىمدە ئاللاتائالانىڭ دەرگاھىدا، خەلق ئالدىدا ئۆتكۈزگەن ئاسىلىق جىنايىتىم. كېيىن ئاللاتائالا مەرھەمەت قىلىپ تەۋپىق بەردى ......

ئەي ئوغۇل، ئەگەر ھېچقاچان ھاراق - شاراپ ئىچمىسەڭ، ئاللاتائالا سەندىن رازى بولىدۇ ھەم خەلق ئىچىدە ئىسمىڭ ئۇلۇغ، گۈزەل ئەخلاق ۋە ئىشەنچىگە سازاۋەر بولىسەن، خەلق ئىچىدە مالامەتكە قالمايسەن، دىۋانە - ساراڭلارغا ئوخشاش تەلمۈرۈپ يۈرمەيسەن، مال - مۈلكۈڭ ئىسراپ بولۇپ تۈگىشىپ كەتمەيدۇ. ئەگەر بۇ سۆزلىرىمنى قوبۇل قىلساڭ، مېنىڭ ۋە خەلقنىڭ ئالدىدا سۆيۈملۈك بولىسەن. ئالىملار: «يالغۇزلۇق — يارىماس، يامان يولداشلاردىن ياخشىراق» دېگەن. ئىچىملىك بىلەن مەشغۇل بولغان كىشىگە ھەمسۆھبەت بولمىغىنىڭ ئەۋزەل. شۇنداق كىشىلەرگە ئارىلىشىپ قالساڭ (ئىچىپ قالساڭ)، تۆۋبىنى كۆڭلۈڭدىن چىقارما. ھەر زامان گۇناھىڭنى ئېسىڭگە چۈشۈرۈپ، تەڭرى - تائالادىن ئەپۇ سوراپ، تەۋپىق تىلىگىن، شاراپ - ئىچىملىك ئىچىپ ئۆتكۈزگەن گۇناھىڭغا قاتتىق پۇشايمان قىل، قايتا ئىچمە، ئۈمىد باركى، ئاللاتائالا ساڭا تەۋپىق بەرگەي. ياشلىقىڭغا مەغرۇرلىنىپ ئىچىپ قالساڭ، ھەر قاچان تائامنى يەپلا ئىچىشكە باشلىما، ئاۋۋال تاماق ھەزىم بولسۇن. تائام ئاشقازاندا ھەزىم بولماي تۇرۇپ، شاراپ ھەتتا سۇ ئىچىشمۇ توغرا ئەمەس. ئەگەر ئارتۇقچە ئۇسساپ كەتسەڭ، ھېچبولمىغاندا تائام يەپ ئىككى سائەتتىن كېيىن سۇ ئىچ. تاكى تەبىئىتىڭ تائامدىن بەھىر ئالسۇن ۋە يېگەن تائامنىڭ قۇۋۋىتى تەنگە سىڭسۇن. شاراپ ئىچىشكە دۇچكەلسەڭ، كەچقۇرۇن ئىچ، شاراپ تەسىرى بىلەن مەست بولغىچە كەچ كىرسۇن. خەلق سېنى مەست ياكى شاراپ ئىچكەن ھالەتتە كۆرمىسۇن. شاراپ ئىچكەن ئەيىبىڭ باشقىلارغا كۆرۈنمىسۇن. چۈنكى، مەست بولۇپ لەلەڭشىپ، لاۋزىلىشىپ يۈرۈش ناھايىتى زور ئەيىبتۇر. شاراپ ئىچكەندە كۆپ يېمە. ئۇلۇغ ھۆكىما، ئالىملار: «شاراپ ئىچكەندە كۆپ يېمەك — ئاشقازانغا ئېغىر كېلىدۇ» دېگەن. شاراپنى خەلق كۆپ يەردە، باغچىدا ئىچمە، ئەگەر خەلق كۆپ يەردە، باغچىلاردا ئىچسەڭ ئۆز ئۆيۈڭگە قايتىپ كەلگىچە رەسۋا بولىسەن، چۈنكى، كىشى ئۆز ئۆيىدە — تام ئىچىدە ئۆز مەملىكىتى ئىچىدىكى پادىشاھقا ئوخشايدۇ. شاراپ ئىچكەندە كۆپ ئىچمە، شاراپنى كۆپ، مەست بولغىچە ئىچكەننىڭ ئىككى تۈرلۈك زىيىنى بار: بىرى ھەممە ئەزالىرىڭ ئىختىيارسىز ھەرىكەتلىنىدۇ. تىلىڭ دېمەيدىغاننى دەيدۇ. پۇتۇڭ بارمايدىغان جايغا بارىدۇ. قولۇڭ تۇتمايدىغاننى تۇتىدۇ. كۆزۈڭ قارىمايدىغانغا قارايدۇ. ئاغزىڭ يېمەيدىغاننى يەيدۇ. شۇنداق قىلىپ ئۆز ئەزالىرىڭ بىلەن ئۆزەڭنىڭ كىشىلىك ئىززەت - ھۆرمىتىڭنى يەرگە ئۇرۇپ، رەسۋا بولىسەن. ئىككىنچى، شاراپ تەسىرى بىلەن مېڭە، جىگەر، يۈرەك زەھەرلىنىپ، ساغلام بەدەننى زورلاپ كېسەلگە گىرىپتار قىلىسەن. ھەر قاچان مەست بولساڭ، بەدەنلىرىڭ زەھەرلىنىپ كېسەلگە مۇپتىلا بولىسەن. ئەقلىڭدىن ئايرىلىسەن. مۇبادا خاتالىشىپ مەست بولغىدەك ئىچسەڭ «سۇبۇھى» (مەستلىكنى يوقىتىدىغان ئەتىگەنلىك شاراپ) ئىچمە، بۇنىڭ زەرەرى ئىنتايىن يامان. كېچىدە ئىچكەن شاراپنىڭ مېڭىدىكى تۇمانلىق گاز تەسىرى چىقماي تۇرۇپ، ئەتىگەنلىك شاراپ ئىچسەڭ، ئىككى خۇمار گاز بىرلىشىپ مالخولىيا (ئەقلىدىن ئازغان نېرۋا كېسەلى) گە گىرىپتار بولىسەن. بۇ

كېسەل — ساراڭلىقنىڭ بىر تۈرىدۇر.

تەڭرى كېچىنى ئادىمىزاتنىڭ ئارام ئېلىپ راھەتلىنىشى ئۈچۈن ياراتتى. ئەگەر شاراپخورلارغا بولۇقۇپ ئۇيقۇسىز قالساڭ، ئەتىسى كۈندۈزدە ئۇخلىشىڭ لازىم. ئۇخلىمىساڭ ساڭا ئىككى زەخمەت دۇچكېلىدۇ: بىرى، مەستلىك خۇمارى، يەنە بىرى، ئۇخلىمىغانىنىڭ ئاجىزلىقى، مۇنداق ھالەتتىن خۇدا ساقلىسۇنكى: ئۆزەڭنى بېشىڭ ئاغرىغان، كۆز ـ قاپاقلىرىڭ ئىششىغان، قول ـ پۇتلىرىڭ تىترىگەن، بەدىنىڭدە قىلچە قۇۋۋەت قالمىغان، ئەقىل ـ ھۇش، كۈچ ـ مادار يوق بىر نەرسىگە ئايلانغان ھالدا كۆرىسەن. ئەي ئوغلۇم، مۇنداق يامان ئاقىۋەتلەرنى بىلىپ تۇرۇپ ئىچىشكە مەيىل قىلما. ئەسلا ئىچمە! مەنىسىز، قاباھەتلىك بىر ھارام قىلىقنى قىلىپ، بۇ قەدەر زەخمەتنى ئۆزەڭگە يۈكلىمە، كېيىن پۇشايمان قىلىسەن. جۈمە كېچىلىرى ئەسلا ئىچمە. شاراپ ئىچمىسەڭ پەرۋەردىگارىڭنىڭ ۋە خەلقنىڭ نەپرەت ـ لەنىتىدىن خالاس بولىسەن، ئاللاتائالانىڭ قەھرى ـ غەزىپىدىن ساقلىنىسەن. ئەقلى ـ ھۇشۇڭ، بەدىنىڭ زەھەرلىنىپ كېسەلگە مۇپتىلا بولمايدۇ. ئەگەر بۇ قاباھەتلەرنى بىلمەي، ئويلىماي ئىچكەن بولساڭ، تۆۋبە قىلغىن، تۆۋبە قىلغىنىڭغا ئاپىرىن ۋە مۇبارەك بولسۇن.

## سەككىزىنچى باب: مۇساپىر ۋە مېھمانلارغا ھۆرمەت قىلىش ھەققىدە

ئەي ئوغۇل، بىلگىنكى، ئەگەر خەلقنى زىياپەتكە چاقىرساڭ، ھەر كۈنى چاقىرما، بولۇپمۇ يات كىشىلەرنى (سىرداش بولمىغانلارنى) زىياپەتكە چاقىرما. بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، يات كىشىلەرنى چاقىرساڭ، كۈتۈۋېلىشتا ئاجىزلىق قىلىپ، مېھمانلىق ھەققىنى ئادا قىلالمايسەن. مېھمان چاقىرىش زۆرۈر بولسا، ھېچبولمىغاندا ئۈچ كۈندە بىر قېتىم چاقىرغايسەن (تەييارلىقسىز، ئالدىراپ مېھمان چاقىرما)، بىر ئايدا بىر نۆۋەت مېھمان چاقىرماقچى بولساڭ، ئالدىرىماي، 5 قېتىم چاقىرىشنى يىغىپ تولۇق تەييارلىق كۆرۈپ، بىر قېتىم چاقىرغىن، 5 قېتىم خىراجەت قىلىدىغان سەرپىياتنى يىغىپ، بىر قېتىم قىلغىن. تاكى سېنىڭ مېھماندارلىقىڭ ھەممە ئەيىبتىن خالى بولسۇن ۋە ئەيىب ئىزلىگۈچىلەرنىڭ تىلى قىسقارسۇن. داستىخاندا نېمەتلىرىڭ مول بولسۇن. سېنى كۆرەلمەيدىغان ھەسەتخورلار نېمەتنىڭ كۆپلۈكىنى كۆرۈپ غەيۋەت قىلىشقا تىل ئۇزىتالمايدىغان بولسۇن. بەلكى ئىنساپقا كېلىپ، ئاپىرىن ئوقۇسۇن. ھەر قاچان مۇساپىر مېھمانلار كەلسە ئالدىغا چىقىپ كەمتەرلىك بىلەن ئىززەت قىلغىن ۋە ھەر بىرىگە ئورۇن كۆرسەت. مېھمانلىرىڭ بىلەن يۇمشاق ـ مۇلايىم سۆزلەشكىن. چۈنكى، تاتلىق سۆز — تاتلىق يېمەكلىكلەردىن ئارتۇقراقتۇر. ئۆيۈڭگە كەلگەن مېھمان مەيلى دوستۇڭ، مەيلى دۈشمىنىڭ بولسۇن كېچە ـ كۈندۈز خىزمىتىدە بولۇشۇڭ لازىم. ھەر قاچان مۇساپىر مېھمانلىرىڭ ئۆيۈڭگە كەلسە، ئەگەر يېمىش ۋاقتى بولسا ئالدىغا مېۋە ئەكىلىپ قوي. بىر ئاز سۆھبەتلەشكەندىن كېيىن، داستىخان يېيىپ تائام كەلتۈرگىن. مېھمانلارنى تائامغا تەكلىپ قىلىپ قويۇپ چىقىپ كەت، بىللە قاراپ ئولتۇرما. ئەگەر مېھمانلار سېنى بىللە ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلسا، سائادەت بىل. لېكىن، مەن ھەر بىرلىرىڭىزگە خىزمەت قىلاي، دېگىن. تەكرار تەكلىپ قىلسا، ئولتۇرۇپ تائام يېگىن، ئەمما مېھماندىن تۆۋەندە ئولتۇرغىن. ئەگەر مېھمان سەندىن بۈيۈك ئادەم بولسا، ئولتۇرماق ئەدەب ئەمەس. مېھمانلارنى تائام يېيىشكە تولا قىستاش ۋە ھەر بىرىڭىزگە لايىق تائام تەييار قىلالمىدىم، دېگەندەك سۆزلەرنى ئېيتىش ھىممەتلىك كىشىلەرنىڭ سۆزى ئەمەس. بۇ خىل سۆزلەر مەزمۇندا مېھمانلارغا قويۇلغان نېمەتلەرنى نامايىش قىلىشتۇر. مۇنداق سۆزلەر نەچچە يىلدا بىر قېتىم مېھمان چاقىرىدىغان كىشىلەرنىڭ سۆزىدۇر. مېھماننى تولا تەكەللۇپ بىلەن قىستاپ تەكلىپ قىلساڭ، ئۇيېلىپ تائام يېمەي، داستىخاندىن ئاچ كېتىدۇ. ئەگەر ئۆيۈڭگە مېھمان كەلسە ئالدىغا تائام كەلتۈرۈپ قويۇپ، كىرىپ ـ چىقىپ يىراق تۇرۇش لازىم. مېھمان تائام يەپ بولغاندىن كېيىن خۇشپۇراقلىق سۇ ئەكىلىپ، مېھماننىڭ قولىنى يۇدۇرۇش كېرەك. مېھماننىڭ خىزمەتكارلىرىنىمۇ ھۆرمەتلەش لازىم. مۇمكىن بولسا سازەندە (مۇزىكانتلار) تەكلىپ قىلىپ،

مېھمانلىرىڭنى خۇشال قىلغىن. مېھماندا سېنىڭ ھېچ ھەققىڭ يوق، مېھماننىڭ ھەققى سەندە كۆپتۇر. مېھمان قېشىدا بار ـ يوقىقا شاتلانما، شاتلىنىشقا تېگىشلىك نەرسىگە شاتلان. ئەرزىمەس نەرسە ئۈچۈن قايغۇ ـ ھەسرەت چەكمە، مېھمان كۈتۈش خىزمىتىڭ تاماملانسا، مېھمانغا مىننەت يۈكلىمە، بەلكى سەن ئۇلاردىن مىننەتدار بول.

ئەي ئوغۇل، مۇساپىرلارغا ئۇچۇق سۆزلۈك ۋە تاتلىق سۆزلۈك بولغىن، ئاچچىق سۆزلىمە، كىنايە سۆز قىلما. قۇدرىتىڭ يەتسە مۇساپىرغا ئىنئام ـ ئېھسان قىل. مېھمان ئالدىدا ئورۇنسىز كۈلمە. ئورۇنسىز كۈلۈش — ساراڭلىقتۇر، ئورۇنلۇق كۈلۈش ئاقىللىق ۋە ئەدەبتۇر، ئەگەر مۇساپىر ئىچىپ مەست بولۇپ، كېتىشنى خالىسا، ئۆيۈڭدە تۇتۇپ قالما، كەتسۇن. مېھمان بار يەردە ئەھلى ـ ئايال، بالىلىرىڭغا ئاچچىقلانما، چۈنكى مېھماننىڭ كۆڭلى سەندىن نەپرەتلەنمىسۇن. مۇبادا مېھماندىن يارىماس سۆز ئاڭلىساڭ، نارازىلىق كۆرسەتمە. سەۋرى قىل، مېھماننى ھۆرمەتلە.

مېھماننى ھۆرمەتلەش توغرىسىدا مۇنداق بىر ھېكايە بار.

ئاباسلاردىن مۇئتەسىم خەلىپىنىڭ زامانىدا زور جىنايەتلىك بىر ئادەم تۇتۇپ كەلتۈرۈلۈپتۇ. خەلىپە بۇ جىنايەتكارنى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىپتۇ ـ دە، دەرھال جاللاتلار كېلىپ جىنايەتكارنى ئۆلتۈرۈشكە تەييارلىنىپتۇ. ئۇ جىنايەتكار — دەرتمەن بىچارە پەريات قىلىپ:

— ئەي خەلىپە، ئاللا ۋە رەسۇلىللا ھەققى بىر يۇتۇم سۇ بېرىشكە رۇخسەت قىلىڭ. — دەپتۇ. خەلىپە رۇخسەت قىپتۇ. بىر قاچا سۇ ئەكىلىپ بېرىلىپتۇ. جىنايەتكار سۇنى ئىچىپتۇ ۋە ئەدەب ـ قائىدە بويىچە مۇنداق دەپتۇ:

— ئەي مۆمىنلەرنىڭ ئەمىرى، ئاللا سىزنىڭ ياخشىلىقلىرىڭىزنى كۆپ قىلسۇن. ئەمدى مەن سىزگە مېھمان بولدۇم، مېنى تەشنالىق ھالىتىدە بىر قاچا سۇ بىلەن مېھمان قىلدىڭىز، مېھماننى ئۆلتۈرۈش سىزدەك ئىسلام خەلىپىسىگە لايىق بولسا، مېنى ئۆلتۈرۈڭ، ئەگەر مېھماننى ئۆلتۈرۈش توغرا بولمىسا، مېنى ئەپۇ قىلىڭ، مەن تەۋبە قىلاي، مۇئتەسىم خەلىپە بۇ سۆزنى ئاڭلاپ:

— سەن توغرا ئېيتتىڭ، مېھمان ھۆرمىتى ئۈچۈن سېنى ئۆلۈمدىن ئازاد قىلدىم — دەپتۇ ۋە ئازاد قىپتۇ.

مېھماننى ھۆرمەتلەش كېرەك دېگىنىمىزدە، بارلىق مېھمانلار ئەمەس، بەلكــى ھۆرمەتلەشكە ئۇلۇغلاشقا ھەقلىق مېھماننى ھۆرمەتلەش لازىم. ئەخمەق، نادان ـ ھاياسىز مېھمانغا ھۆرمەت قىلىشقا بولمايدۇ. ھەر قانداق نائەھلى ـ ناداننى ھۆرمەتلىسەڭ ئۆيۈڭگە كىرىپ نازى ـ نېمەتلىرىڭنى يەپ بولۇپ، ئۆيۈڭدىن چىققاندا غەيۋىتىڭنى قىلىدۇ. گۆشۈڭنى يەپ ئۇستىۇڭدىن شىكايەت قىلىدۇ. مۇنداق ئادەملەرنى مېھمان قىلىشقا، ھۆرمەتلەشكە بولمايدۇ. ئەي ئوغۇل، مېھماننى تاللىۋېلىشنى بىلدىڭ، ئۆزەڭ باشقا كىشىلەرگە مېھمان بولساڭ قانداق مۇئامىلە قىلىشىڭ كېرەك؟ ئەگەر بىر ئادەم سېنى چاقىرسا، بۇلار ـ بولماس ئادەمنىڭ ئۆيىگە بارما. سېنىڭ ئۇلۇغلۇقىڭغا ۋە ھۆرمىتىڭگە زىيان يېتىدۇ. ئەگەر مېھماندارلىققا بارساڭ، بەك ئاچ قورساق بارما، بەك توقمۇ بارما، چۈنكى، مېھمان بولۇپ بېرىپ بىر نەرسە يېمىسەڭ، ئۆي ئىگىسىنىڭ كۆڭلى بىرىم بولىدۇ. ئەگەر بەك ئاچ بېرىپ كۆپ يېسەڭ، ئۆزەڭنى ئەيىبلەشكە سەۋەب بولىدۇ، ئوتتۇرا ھال بارغىنىڭ ياخشى. مېھماندارلىققا بارساڭ، ئۆزەڭگە لايىق ئورۇندا ئولتۇرغىن. قايتا سېنى قوزغاتمىسۇن. بەنى ئاۋۋال يۇقىرى ئولتۇرساڭ، كېيىن كەلگەن ئۇلۇغراق (چوڭراق) ئادەملەرگە ئورۇن بېرىش ئۈچۈن ياكى باشقا سەۋەبتىن مۇندا ئولتۇر، ئاندا ئولتۇر دېگەن سۆز ئۆلۈمدىن يامان. داستىخان سېلىنغاندىن كېيىن، يېمەك ـ ئىچمەكتە ئۆي ئىگىسىنىڭ ئىشــىغا ئارىلاشما. خىزمەتكارلىرىغا، بالىلىرىغا بۇيرۇق قىلما. مۇنداق قىلىش — ھەددىدىن ئاشقانلىــقتۇر. ئەگەر مېھماندارلىق ئۇستىدە شاراپ ئىچىپ قالساڭ، مەست ۋە خاراپ بولغىچە ئولتۇرما. شۇنداق ھالدا كەتكىنىڭكى، ئۆيۈڭگە قايتىپ كەتكىچە مەستلىكىڭنى كىشى بىلمىسۇن. چىرايىڭ ئادەم چىرايــىدىن ئۆزگىرىپ كەتمىسۇن. بەزى ئادەملەر شۇنداق مەست بولىدۇكى، يۈزى ئادەم يۈزىدىن ئۆزگىرىپ قاۋان

سۇرىتىدىنمۇ يامانلىشىپ كېتىدۇ. مۇنداق مەستلىك ـ رەسۋالىقتىن ساقلان. شاراپ ئىچىپ قالساڭ، ئۆي ـ ئىچىدىكىلەرگە قاراپ ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ قىلىپ ئۇرۇشما. چۈنكى، كىشىلەر: مەست بولۇپ قاپتۇ دەپ سېنى ئەيىبكە بۇيرۇيدۇ. ئەگەر بىر يۇتۇم ئىچىپ سۆزلىسەڭمۇ، مەست ئىكەنلىكىڭگە ھۆكۈم قىلىدۇ، چۈنكى، شاراپ ئىچكەن مەستنىڭ ھەر بىر قىلىقى ساراڭغا ئوخشايدۇ. ئاقىللار ئېيتقانكى: «ساراڭلىق بىر قانچە تۈرلۈك بولىدۇ». مەستلىك ئەنە شۇ ساراڭلىقنىڭ بىر تۈرى. مەسىلەن، كۆپ كۈلۈش، بىر سۆزنى قايتا ـ قايتا سۆزلەش، ئادەمگە ئېسىلىۋېلىش، ئادەمنى رەنجىتىش، مەنىسىز كۆپ سۆزلەش، ئەدەبسىزلىك قىلىش، قاباھەتلىك (ناچار) سۆزلەش، يىغلاش قاتارلىقلار مەسلەرنىڭ سۈپىتى بولۇپ يەنە بىر ھېسابتا ساراڭلىقتۇر. ئەگەر نەغمە ـ مۇزىكا ئاڭلىساڭ شەھۋانى نىيەتتە ـ بۇزۇق غەرەزدە ئاڭلىما.

## توققۇزىنچى باب. چاقچاقلىشىش ۋە شاخمات ـ دامكا ئويناش ھەققىدە

ئەي ئوغۇل، ھەرگىز كىشىلەر بىلەن ئويۇن ـ چاقچاق قىلىشما. دانالار: «چاقچاقلاشماق — يامان ئىشلارنىڭ مۇقەددىمىسى» دەپ ئېيتىشقان ئىدى. مۇبادا چاقچاقلاشساڭ، مەستلىك ھالەتتە بولمىسۇن. بولۇپمۇ شاخمات ـ دامكا ئوينىغاندا ئادەمدە، كۆڭۈل تارلىقى بولىدۇ؛ خانە ـ يوللار مەقسەتتىكىدەك كەلمىگەندە ياكى ئۇتتۇرۇپ قويغاندا، ئەلۋەتتە كىشىنىڭ كۆڭلى تېخىمۇ تارىيىدۇ. بۇ ۋاقىتتا چاقچاق چېكىگە يېتىپ قېلىشى مۇقەررەر، ئەڭ ياخشىسى شاخمات ـ دامكا ئويناشنى ئادەتلەنمە، ئەگەر ئوينىساڭ پۇل تىكىپ ئوينىما، پۇل تىكىپ شاخمات ـ دامكا ئوينىغانلىق قىمار بولىدۇ. قىمار — ھارامدۇر، قىمارۋازلىقتىن قەتئىي ساقلان. قىمارۋازلىق قىلىپ نام چىقارغان ئادەملەر بىلەن شاخمات ـ دامكا ئوينىساڭ قىمارۋاز دەپ مەشھۇر بولىسەن. ئەگەر چوڭ ـ ھۆرمەتلىك كىشىلەر بىلەن شاخمات ـ دامكا ئوينىساڭ، ئۇلارغا يول قويۇشۇڭ لازىم. كۆڭلى قالمىسۇن. ئەمما، مەغرۇر، ھاياسىز، ئەدەبسىزلەر بىلەن ئوينىما. مۇنداق ئادەملەر بىلەن ئوينىساڭ، ئويۇننىڭ ئاخىرى جەڭ ـ جېدەل ۋە ئاداۋەتكە ئېلىپ بارىدۇ. ئۇتۇش شەرتى بىلەن ئوينىغاندا، يوققا، بارغا قەسەم قىلما. خۇسۇسەن ئۇتۇش ئويۇنى ئوينىغاندا قەسەم قىلىش زور خاتا ۋە گۇناھدۇر. ئەگەر ئويۇن ئۈستىدە لەتىپە ـ چاقچاق قىلىشساڭ، لەتىپە — لەتىپە قائىدىسىدە بولسۇن، بەزى گۈزەل ئىش، گۈزەل سۆزلەر بىلەن بولسۇن، بۇ ئەيىب ئەمەس، بەلكى سۆزلىگۈچى ۋە ئاڭلىغۇچىنىڭ كۆڭلىگە ياقىدۇ. چۈنكى، ھەزرىتى مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام بەزى چاغلاردا ساھابىلەرگە ھەق سۆزلەر بىلەن لەتىپە سۆزلەيتتى. بۇ توغرىدا مەشھۇر بىر لەتىپە بار: «ھەزرىتى ئائىشەنىڭ ئۆيلىرىدە بىر قېرى خوتۇن بار ئىدى. بىر كۈنى ئۇ قېرى خوتۇن: «يا رەسۇلىللا، ماڭا شاپائەت قىلسىلا. ئاللاتائالا مېنى جەننەتكە كىرگۈزسۇن» دېدى. ھەزرىتى پەيغەمبەر: «قېرى خوتۇنلار جەننەتكە كىرمەيدۇ» دېدى، بىچارە قېرى يىغلاپ تاشلىدى. پەيغەمبەر كۈلۈپ: ئەي موماي، كۆڭۈلسىز بولماڭ، مېنىڭ سۆزۈم ھەق سۆزدۇر، يالغان ئەمەس. قىيامەت كۈنى بارلىق خەلق مەيلى ياش، مەيلى قېرى بولسۇن، گۆردىن تىرىلىپ قوپقاندا ھەممىسى ياشلىق ـ يىگىتلىك ھالىتىدە قوپار، تەڭرى بەندىلىرىنى جەننەتكە كىرگۈزگەندە ياش ـ يىگىتلىك ھالىتىدە كىرگۈزەر» دېدى. بۇ قېرى خوتۇننىڭ كۆڭلى ئېچىلىپ خۇش بولدى. ئەي ئوغۇل، لەتىپە ـ چاقچاق قىلىشقا بولىدۇ، لېكىن، لەتىپە ـ چاقچاق مەنىسىز ـ بىھۇدە بولمىسۇن. لەتىپە ـ چاقچاق قىلىشساڭ، ئۆزەڭدىن تۆۋەن كىشىلەر بىلەن قىلىشما. خۇسۇسەن، لەتىپە ـ چاقچاقنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمەيدىغان كىشىلەر بىلەن چاقچاقلاشساڭ، ھۆرمىتىڭگە نۇقسان يېتىدۇ. ھەر قاچان لەتىپە ـ چاقچاق قىلىشساڭ، ھەمتەڭ ـ باراۋەرىڭدىكى كىشىلەر بىلەن قىل. قايسى ھالدا بولسۇن، لەتىپە ـ چاقچاقنى ئاز سۆزلىگەن ياخشى. لەتىپە ـ چاقچاقلىشىشتىن ئېھتىيات قىل. چۈنكى ئۇ سېنىڭ قىممىتىڭ ـ ھۆرمىتىڭنى كەتكۈزىدۇ. ئويۇن ـ چاقچاق قىلىشىش ئاقىللارنىڭ ئىشى ئەمەس. ئاغزىڭغا كەلگەننى سۆزلىمە، دۈشمىنىڭ بولسىمۇ بۆھتان قىلما، سېنىڭ بويىنۇڭغا ئۇنىڭ ھەققى

يوكلەنمىسۇن. دۈشمىنىڭنىڭ ئەيىبىنى ئوچۇق بىلسەڭمۇ سۆزلىمە. توغرا بولغان تەقدىردىمۇ تۆھمەتتىن خالىي بولالمايسەن. «دۈشمەنلىك بىلەن سۆزلەيدۇ» دەپ ساڭا تۆھمەت قىلىدۇ. كىشىلەر بىلەن ئۆچەكەشمە، دۈشمىنىڭ بىلەن سۆزلەشكەندىمۇ يارىماس سۆزلەر بىلەن سۆكمە. دۈشمىنىڭ ناچار - يامان سۆزلىسە، سەن ياخشى سۆزلە، سېنىڭ ھۆرمىتىڭگە نۇقسان يەتمىسۇن.

شاراپ - ئىچكۈلۈك ئىچىش، لەتىپە - چاقچاقلىشىش، ئىشقۋازلىق قىلىش نادانلارنىڭ ئىشىدۇر، ھەر بىر ئىشنى ئۆلچەم بىلەن قىلىش لازىم. ئەگەر ئاقىۋەتنى ھېسابقا ئېلىپ قىلمىسا، ئادەم تېز رەسۋا بولىدۇ.

## ئونىنچى باب. ئىشق ۋە ئاشىقلىق ھەققىدە

ئەي ئوغۇل، ھەرگىز ئاشىق بولمىغايسەن.① چۈنكى، ئاشىقلىق ئەھۋالى ياماندۇر. ئەگەر ئاشىق بولساڭ، ھېچقاچان كۆڭۈلگە ۋە ھاۋايى - ھەۋەسكە ئەگەشمە. يەنى، كۆڭلۈڭ تارتسا، بېرىپ مەشۇغۇڭ (سۆيگىنىڭ) نى كۆرۈپ كەل. بۇ ھەۋەسكە بېرىلىپ كەتمە، چۈنكى، كۆڭلۈڭ سېنى ھاۋايى - ھەۋەسكە باشلايدۇ، ئاقىۋەتتە نەپسى شەھۋانىي يامان يولغا باشلايدۇ.

مۇنداق نەپسى شەھۋانى بۇزۇق يولغا مېڭىش — ئەقلى بار ئادەمنىڭ ئىشى ئەمەس. مۇمكىن قەدەر كۆڭلۈڭنى ئىشققا باغلىما، چۈنكى، ئاشىقلىق بىر بالا. ئۇ، باشقا ھېچبىر بالاغا ئوخشىمايدۇ. مەسىلەن، ئاشىقمەن دېگۈچىنىڭ سۆيگىنى بىلەن بىر يىل كۆرگەن راھەتى بىر كۈنلۈك پىراق - جۇداللىق (ئايرىلىش) جەۋرى - جاپاسىغا ئەرزىمەيدۇ، ئاشىقنىڭ سۆيگىنى بىلەن ئۇچرىشىش ۋە ھىجران - پىراق بىلەن ئايرىلىش باشتىن ئاخىر تامامەن مېھنەت، دەرتتۇر. ئىشق دەردى — داۋاسىز دەرتتۇر. چۈنكى، ئەگەر سۆيگىنىڭدىن ئايرىلساڭ ئازاب - ئىچىدە قالىسەن، ئەگەر مەشۇغۇڭ (سۆيگىنىڭ) بىلەن ئۇچراشساڭ، ئۇ يامان خۇلقلۇق بولسا، (قەدرىڭنى بىلمىسە) تېخىمۇ ئازاب - خارلىق ئازابىنى چېكىسەن. سېنىڭ ئىشق باغلاپ ياخشى كۆرگەن مەشۇغۇڭ پەرىشتە - ھۆر سۈپەت بولسىمۇ، خەلق ئىچىدە مالامەت - نەپرەتتىن خالىي بولالمايسەن. ئەگەر سېنىڭ ئاشىقلىقىڭنى خەلق بىلسە، سېنىڭ مەشۇغۇڭ ھەققىدە يارىماس - يامان سۆزلەرنى قىلىشىدۇ. چۈنكى، بەزى ئادەملەرنىڭ ئادىتى دائىم كىشىلەردىن ئەيىب ئىزلەشتۇر. دېمەك، ئۆز - ئۆزەڭنى ئىشق ۋە ئاشىقلىقتىن ياندۇرغىن. ئەقلى بار زېرەك ئادەم ئۆزىنى ئىشقتىن يىراق تۇتىدۇ، ئىشقتىن ساقلىنىدۇ. بۇنىڭ يولى شۇكى، مەھبۇبىڭنى كۆرۈش ھەۋىسىنى كۆپ قىلمىغايسەن. چۈنكى، ئادەم بىر گۈزەلنى بىر قېتىم كۆرۈش بىلەنلا ئاشىق بولمايدۇ. ئەگەر تەكرار كۆرسە ئىشق مۇستەھكەملىنىدۇ، «كۆز كۆرگەنگە مەيل قىلىدۇ» كۆپ كۆرگەندىن كېيىن ھېرىس (ئامراق) بولىدۇ. ئەگەر سەن كۆڭلۈڭگە رۇخسەت بەرسەڭ، كۆڭلۈڭ بىر كۆرۈش بىلەن قانائەتلەنمەيدۇ. يەنە بىر قېتىم كۆرۈشنى ئىزلەيدۇ، يەنە بىر كۆرسەڭ ئۈچىنچى قېتىم كۆرۈشكە ئىنتىلىدۇ. ئاخىرى تۈگىمەس دەرتكە مۇپتىلا بولىسەن. بولۇپمۇ مەھبۇبىڭنى ئۆز كۆزۈڭ بىلەن كۆرسەڭ قۇلىقىڭ بىلەن سۆزىنى ئاڭلىساڭ، سەندىن ئارام - راھەت كېتىپ، مېھنەت كېلىدۇ. سەن كىرگەن ئىشق بازىرىدا زەرەردىن باشقا نەرسە ھاسىل بولمايدۇ. مەھبۇبىڭنى كۆرگەن زامات كۆڭلۈڭگە تۇسالغۇ بولغايسەن. يەنە بىر كۆرەي دېمە، مەشۇغۇڭنىڭ ئىسمىنى ئېسىڭگە چۈشۈرمە، ئۆزەڭنى باشقا ئىشلار بىلەن مەشغۇل قىلغايسەن، بەدىنىڭدىن شەھۋەتنى بوشاتقايسەن. يەنى ئۆزەڭنىڭ ھالال ئايالىڭ بىلەن جىما قىلغايسەن تاكى كۆڭلۈڭ ئارام تېپىپ باشقا خوتۇننى تەلەپ قىلمىسۇن، قەلبىڭنى، كۆزۈڭنى كۆڭلۈڭ ھەۋەس قىلغان تەرەپكە باغلىما. شۇنداق قىلساڭ مۇنداق ماجازى - شەھۋانى ئىشقتىن خالاس بولىسەن. ئىشقتىن بۇ

① ئىشق — بىرەر گۈزەل ئادەمگە كۆڭۈل باغلاپ، ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قېلىش. ئاشىقلىق — بىرەر ھۆسنى - جامال ئىگىسىنى — گۈزەلنى ياخشى كۆرۈپ، كۆڭۈل باغلاپ، شۇنىڭ يولىدا ھەيران - سەرگەردان بولۇپ، شۇنى ئەسلەپ، شەھۋانىي ئارزۇلار، خىيالىي ھەۋەسلەرنى قىلىپ يۈرگۈچى كىشىنىڭ پائالىيىتى.

يول بىلەن قۇتۇلۇش قىيىندۇر، ئەمما بۇنىڭ جاپاسى بىر ھەپتىلىكتۇر. بۇ بىر ھەپتىلىك جاپاغا چىدىساڭ، نەچچە يىللىق پىراق ۋە خەلق ئالدىدىكى نەپرەت - مالامەتتىن خالاس بولىسەن بۇنى ھەركىم كۆتىرەلمەيدۇ. بۇ ئىشنى ھەر قانداق بىلەر - بىلمەس كىشى ئېيتالمايدۇ. غايەت ئاقىل - دانا ۋە ئۆز - ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشقا قادىر بولغان كىشى بېجىرەلەيدۇ.

ئاقىللار: «ئىشق دېگەن بىر تۈرلۈك كېسەلدۇر، ئۇنىڭ داۋاسى تويغىچە تاماق يېمەسلىك، بەدەنگە ئېغىر ئەمگەك مەجبۇرىيىتى يۈكلەش، ئۆز ھالال جۈپتۈڭ (ئايالىڭ) بىلەن كۆپ جىما قىلىپ ۋە يىراق يەرلەرگە سەپەر قىلىپ، بەدەننى ئۆز ھالىتىدىن ئۆزگەرتىش. شۇنداق قىلغاندىلا بەدەندىكى ھاۋايى - ھەۋەس پەسىيىپ، ئىشق دېگەن نەرسىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمىگەي» دەيدۇ. بۇ، ناھايىتى توغرا تەدبىردۇر.

دوستلارنىڭ ئۆزئارا مۇھەببىتى بىر تۈرلۈك ئاشىقلىقتۇر، ئۆزەڭگە بىر كىشىنى دوست تۇتۇشنى ئىزلىسەڭ شۇنداق كىشىنى دوست تۇتقىنكى، ساڭا ھەر زامان خەيرىخاھ بولسۇن، ياخشىلىق قىلسۇن، مۇنداق كىشىگە دوستلۇق قىلساڭ بولىدۇ. ئۇلۇغ ئالىملار ئېيتقانكى: ئادەمگە تۆت نەرسە لازىم: (1) دوستلۇق قىلىشنىڭ سەۋەبىنى بىلىش؛ (2) ھايا ۋە ئەدەب ئىگىلىرى ئارىسىدا ئۆمۈر كەچۈرۈش؛ (3) ئىلىم - مەرىپەت ئەھلى بولغۇچى كىشىلەرنىڭ نەسىھىتىنى قۇلاقتا تۇتۇش؛ (4) دوستنى دوستلۇق ھۆرمەت ئورنى بىلەن دوست تۇتۇش. ئەمما نان، ئاش، مەنپەئەت دوستى بولمىسۇن. ھەقىقىي دوست بولسۇن. جېنى ۋە كۆڭلىدىن ساڭا دوستلۇق قىلسۇن.

بۇ خىل دوستقا مۇھەببەت باغلىساڭ، توغرا - ھەقىقىي دوست تۇتقان بولىسەن. ئەمما، دوستلۇق بىلەن ئاشىقلىق ئارىسىدا پەرق بار، ئاشىقلىقتا كىشىنىڭ ۋاقتى ھېچقاچان خۇش بولمايدۇ، ئەمما دوستلۇقتا خۇشاللىق بولىدۇ. ئاشىقلىق ئۆتى دائىم يالقۇنلاپ كۆيدۈرۈپ، ھالاك قىلىدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇ كۆيدۈرگۈچى ئوتتۇر، خۇسۇسەن قېرىغاندا ئاشىق بولۇش— زور ئاپەتتۇر. چۈنكى كىشى يىگىتلىك ۋاقتىدا «ئاشىق» بولسا، خەلق ئۇنى كەچۈرۈشى مۇمكىن، كۆپ تەنە قىلمايدۇ. ئەمما، قېرىلار ئاشىق بولسا، (يىگىتلەردەك ھەۋەس قىلسا) ھېچقاچان كەچۈرمەيدۇ.

ئەي ئوغۇل، ئەگەر ئاشىق بولساڭ، سۆيۈشكە لايىق بولغانغا ئاشىق بول؛ ھۆسنى - جامالى، ئەقلى - كامالى، ئىلىم - مەرىپىتى بولسۇن. چۈنكى، ئىشق بىر ئوتتۇر، ئۇ گۈزەللىكتىن پەيدا بولىدۇ. كۆركەم خۇلق سۈزۈك - تاتلىق سۇدۇر. ئۇ، مەرىپەتتىن ھاسىل بولىدۇ. سېنىڭ ئىشق باغلىغان مەشۇقۇڭدا بۇ ئىككى خىسلەت بولۇشى زۆرۈر. ئۇنىڭ گۈزەللىكى، ھۆسنى - جامالى سېنى كۆيدۈرسە، مەرىپىتىنىڭ سۈزۈك سۈيى ئوتنى ئۆچۈرىدۇ، پەسەيتىدۇ. ئەگەر سۆيگىنىڭ غايەت گۈزەل، ھۆسنى - جامالىق، بەك نازىنىن بولسا، خۇلقى - قىلىقى كۆركەم بولسا، خەلقنىڭ ساڭا نارازىلىقى بولمايدۇ، ئەپۇ قىلىدۇ، كەچۈرىدۇ. خەلق ھەر دائىم بىر - بىرىنىڭ ئەيىبىنى ئىزلەيدۇ.

**ھېكايەت:** بىر ئادەم بىر كىشىدىن:

— سېنىڭ ئەيىبىڭ بارمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— يوق، — دەپتۇ ئىككىنچىسى.

— ئەجەپكى باشقا كىشىلەردە ئەيىب كۆردۈڭمۇ؟

— كۆردۈم.

— سەندىن ئەيىبى كۆپ ئادەم يوق ئىكەن، — دەپتۇ سوئال سورىغۇچى.

بۇنىڭغا ئوخشاش كىشىلەر ناھايىتى كۆپتۇر. ئۇلار ئۆز ئەيىبىنى كۆرمەيدۇ. باشقىلارنىڭ ئەيىبىنى ئىزلەيدۇ. ئاگاھ بولغىنكى «خەلق مېنىڭ ئەھۋالىمدىن خەۋەرسىز» دەپ ئويلىما.

## ئون بىرىنچى باب. جىما ھەققىدە

ئەي ئوغۇل، شۇنى بىلىشىڭ كېرەككى، جىما قىلماق دۇنيانىڭ ئۇلۇغ لەززەتلىرىدىن بىرىدۇر. لېكىن، بۇ جىما لەززىتىگە ئالدىنىپ جىما بىلەن كۆپ مەشغۇل بولما. تېنىڭنىڭ بىناسى (تەن ساغلاملىقىڭ) ۋەيران بولمىسۇن. ئۆزەڭنى باشقۇرالمىساڭ، جىماغا كۆپ بېرىلىپ كەتسەڭ، بولۇپمۇ مەستلىك ھالەتتە جىما قىلساڭ، ۋۇجۇدۇڭ (تېنىڭ) خاراب بولىدۇ. چۈنكى، جىما ۋاقتىدا مېڭىدىن بىر لەززەت كېلىدۇ. مەستلىكتە جىما قىلساڭ، بۇ لەززەت بولمايدۇ، يۈرەك، جىگەردىن ئورۇنسىز تەبىئىي زور قۇۋۋەت سەيلان قىلىپ، بەدىنىڭ ئاجىزلىشىدۇ. بۇ ھال داۋاملىشىۋەرسە ئاقىۋەت بەدىنىڭ ئاجىزلىشىپ، تۈرلۈك كېسەللىكلەر سېنى بېسىۋالىدۇ. خاراب بولىسەن. بەك تەقەززا بولساڭ، ساق ۋاقتىڭدا جىما قىلىش كېرەك، مۇنداق ساق ھالەتتە بولىدىغان جىما ئايرىم كۈنلەردە بولۇشى كېرەك، ۋاقىتسىز ـ قالايمىقان جىما قىلىش ھايۋانلارنىڭ ئىشىدۇر. جىمانى بەدەندە قۇۋۋەت تولۇق بولۇپ كۆڭۈل تەقەززا قىلغان چاغدا قىلىش مۇۋاپىق، كۆڭۈل بەدەندىكى قۇۋۋەت تەقەززا قىلماي تۇرۇپ زورلىنىپ جىما قىلىش، ئىسسىق مۇنچىدا، ئىسسىق كۈنلەردە ياكى قاتتىق سوغۇق كۈنلەردە جىما قىلىش — بەك زىيانلىقتۇر. بولۇپمۇ قېرىغاندا مۇنداق چاغلاردا جىما قىلىش ئىنتايىن زىيانلىق. باھارنىڭ دەسلەپكى كۈنلىرىدە، سالقىن ياز كۈنلىرىدە جىما قىلىش لازىم. چۈنكى بۇ تەبىئەت دۇنياسى ياشناپ ـ ئۈسۈپ بېرىۋاتقان پەسىل بولۇپ، ھاۋا ناھايىتى پايدىلىق بولغاچقا، ئادەم تەبىئىتىدىمۇ ئۆزگىرىش، يېڭىلىنىش بولىدۇ. ياز تەبىئىتى مۆتىدىلدۇر. ئىنسان بەدىنىدىمۇ قۇۋۋەت، قان، خۇشلۇق ئارتۇق بولىدۇ. قاندىن شەھۋەت كۆپىيىدۇ. مۇنداق ئەھۋالدا جىمانىڭ لەززىتى كۆپ بولىدۇ. بەدەنگە، مېڭىگە زىيان يەتمەيدۇ.

جىمانىڭ بەزى پايدىلىرىمۇ بار. كىشىنىڭ كۆڭلىدە قالايمىقان تەپەككۇر، ئوي ـ خىياللار بولسا، ئۇنى دەپئى قىلىدۇ. كىشىنىڭ كۆڭلىدە ھارامغا (زىناغا) مەيل قىلىش بولسا، ئۆزىنىڭ ھالال ئايىلى بىلەن جىما قىلسا، كۆڭلىدىن بۇزۇق خىيال، ۋەسۋەسە يوق بولىدۇ، بەدەنگە چىققان بەزى جاراھەت ـ يارىلارغىمۇ پايدىسى بار. لېكىن، جىما كۆپ قىلىنسا، بەدەننى ئاجىزلاشتۇرىدۇ. مېڭە، ئۆپكە، جىگەر ئاجىزلىشىدۇ، پۇت ـ قول، باش، كۆز، بەل قاتارلىق ئەزالاردا ھەر خىل ئاغرىق پەيدا بولىدۇ. خۇسۇسەن مىجەزى قۇرۇق سوغۇق بولسا، جىما غايەت زىيانلىق. كۆپ جىما قىلىش كۆزنى ئاجىزلىتىپ قاراڭغۇلاشتۇرىدۇ (كۆز نۇرىنى كەتكۈزىدۇ). جىمانى كۆپ قىلغان كىشىلەرنىڭ ئايىقىدىن جۇدا بولغانلىقى (ماغدۇرسىز بولۇپ ئولتۇرۇپ قالغانلىقى) ھەممىگە مەلۇم، دانالار ئېيتقانكى: «مەنى — ئىككى پۇتۇڭنىڭ يىلىكى ۋە ئىككى بىلىكىڭنىڭ قۇۋۋىتى، كۆزۈڭنىڭ نۇرى، ئەمدى قانداق قىلىش ئىختىيارىڭدا»

## ئون ئىككىنچى باب. مۇنچىغا كىرىش تەرتىپى ھەققىدە

ئەي ئوغۇل، ئەگەر مۇنچىغا كىرىشنى خالىساڭ، قورسىقىڭ توق ۋاقتىدا كىرمە. بۇ، زىيانلىق. مۇنچىدا جىما قىلما، خۇسۇسەن مۇنچا بەك ئىسسىق بولسا، جىما غايەت زىيانلىق. مەشھۇر ھېكىم ـ تىۋىپ مۇھەممەت بىننى زىياد: «بىر كىشى قورسىقى توق ھالدا مۇنچىغا كىرسە ياكى ئىسسىق مۇنچىدا جىما قىلسا، ئۇ ئادەمنىڭ ئۆلمەي قالغىنىغا بەك ئەجەپلىنىمەن» دېگەنىدى. مۇنچىنىڭ ئۆزى ھوزۇرلۇق ياخشى ئورۇن، قەدىمكى تىۋىپ ـ ئالىملارنىڭ ئىجاد قىلغان ئىشلىرىدا مۇنچىدىن ياخشىراق نەرسە بولمىغان. ئالىملار: «مۇنچا — دۇنيانىڭ يېرىمى» دېگەنىدى. چۈنكى، دۇنيادا قانچىلىك راھەت بولسا، ئۇنىڭ يېرىمى مۇنچىدا. لېكىن، شۇنداق بولغاندىمۇ مۇنچىغا ھەپتىدە بىر قېتىم چۈشۈش كېرەك. مۇنچىغا كۆپ چۈشكەندە راھىتى جاپاغا (كېسەلگە) ئايلىنىدۇ. مۇنچىغا كۆپ چۈشكەندە مۇسكۇللار بوشايدۇ، قول،

ئاياق تىترەيدۇ، بۇرۇن كېڭىيىدۇ. شۇنداقلا مۇنچىغا ھەر كۈنى كىرىشنى ئادەت قىلسا، ئادەمنىڭ خۇلقى-مىجەزى بۇزۇلىدۇ، يامان مىجەزلىك بولىدۇ. جۇملىدىن مۇنچىغا تولا كىرگەن ئادەم لاي (سېغىز) يېيىشكە، هاراق ئىچىشكە ئادەتلەنگەن ئادەمگە ئوخشاش بولۇپ قالىدۇ. لاي يېيىشنى، هاراق ئىچىشنى ئادەت قىلغان ئادەم بۇنى قىلماي تۇرالمىغاندەك ئادەتلىنىپ قالىدۇ.

مۇنچىغا كىرگەندە هاۋاسى مۆتىدىل ئورۇندا ئولتۇرۇپ، مۇنچا بەك ئىسسىق بولمىسا كىرىش لازىم. مۇنچىدىن چىققاندىن كېيىنمۇ مۆتىدىل ئورۇندا تۇرۇپ، غۇسلى تاھارەت قىلىپ، تېز چىقىپ كېتىش كېرەك. مۇنچىدا ئادەم كۆپ بولسا كىرمىگەيسەن، چۈنكى زىيانلىقتۇر. مۇنچىدىن چىققاندىن كېيىن تېنىڭدىكى تەر بېسىلغىچە سەۋرى قىلىش لازىم. تەر بېسىلغاندىن كېيىن تېنىڭنى پاكىزە لۆڭگە بىلەن سۈرتۈپ قۇرۇتۇش لازىم. مۇنچىدا يۇيۇنۇپ چىققاندىن كېيىن پاكىزە كۆينەك، ئىشتان كىيىش لازىم، تېنىڭگە راھەت، كۆڭلۈڭگە خۇشاللىق ھاسىل بولىدۇ. مۇنچىدا تۇرۇپ سۇ ئىچىش زىيانلىقتۇر. مۇنچىدا تۇرۇپ سۇ ئىچسە ئىستىسقا كېسىلى پەيدا بولىدۇ. مۇنچىغا ئاچ قورساق كىرىشمۇ زىيانلىقتۇر، «قولۇنج» (ئۈچەي ـ ئاشقازان كېسىلى) پەيدا بولىدۇ. تائام يەپ بولۇپ بىر- ئىككى سائەتتىن كېيىن مۇنچىغا كىرگەن ياخشى. مۇنچىدا سوغۇق سۇ ئىشلەتمەكمۇ زىيانلىق. ئەي ئوغۇل، بۇ تەرتىپلەرگە رىئايە قىلىشنىڭ پايدىلىق. زىيانلىق ئىشلاردىن ساقلانغايسەن، مۇنچىدىن چىقىپ بىر كېچە ـ كۈندۈز خوتۇنغا يېقىنچىلىق (جىما) قىلمىغايسەن.

## ئون ئۈچىنچى باب. ئۇخلاشنىڭ پايدا ـ زىيىنى ھەققىدە

ئەي ئوغۇل، بەزى خەلقلەردە بىر ئادەت باركى، مۇنچىدىن چىقىپ كىيىم كىيگەن ئورۇندا بىر ئاز يېتىپ ئۇخلىمىسا، مۇنچىدىن چىقىپ كەتمەيدۇ. بۇ ئانچە ياخشى ئادەت ئەمەس. تېۋىپ ئالىملىرى ئۇيقۇنى كىچىك ئۆلۈم دېيىشكەنىدى. چۈنكى ئادەم ئۇخلىغاندا بىھوش بولىدۇ، ئەقلى يېپىلىدۇ. بەدەندىكى ھېس، ھەرىكەت ئەمەلدىن قالىدۇ، (يوقىلىدۇ) ئادەم ئۆلۈككە ئوخشاش بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن تېۋىپ ئالىملىرى ئۇيقۇنى كىچىك ئۆلۈم دېگەن. ئۇيقۇ بەدەننى بىر ھالدىن يەنە بىر ھالغا ئۆزگەرتىدۇ. پەيلاسوپلار، تېۋىپ ئالىملىرى ئېيتقانكى: «بەش نەرسە ئادەمنىڭ ئەھۋالىنى ئۆزگەرتىدۇ، بىر شەكىلدىن يەنە بىر شەكىلگە كەلتۈرىدۇ: (1) ھەددىدىن ئارتۇق خۇشاللىق؛ (2) تۇيۇقسىز ئۇشتۇمتۇت ھالدا يولۇققان قورقۇنچ؛ (3) ئارتۇقچە قايغۇرۇش، غەزەپ؛ (4) ساراڭلىق؛ (5) ئۇخلاش». بۇلار ئادەمنى دەرھال (تېز) ئۆزگەرتكۈچى نەرسىلەردۇر. ئەمما قېرىلىق ئادەمنىڭ سۈرەت ـ شەكلىنى ئۆزگەرتكۈچى بولسىمۇ، دەرھال ئۆزگەرتمەيدۇ. بۇ نەرسىلەرنىڭ ئاۋالقى تۆتى— ھاياتقا تەۋە، ئۇيقۇ — ئۆلۈمگە تەۋەدۇر. مەسىلەن، مەست ئادەم ياكى ساراڭنى يىراقتىن كۆرۈپ بىلگىلى بولىدۇكى، ئۇ — تىرىكدۇر. ئەمما ئۇخلىغان كىشىنى كۆرگەندە ئۆلۈك دەپ قىياس قىلىنىدۇ، چۈنكى، ئۆلۈككە ھۆكۈم يوق، ئۇخلىغان ئادەمگىمۇ ھۆكۈم ئىجرا قىلىنمايدۇ. مەلۇمدۇركى، كۆپ ئۇخلاشنىڭ زىيىنى بولغانغا ئوخشاش، ئۇيقۇسىزلىقنىڭمۇ زىيىنى بار. ئەگەر بىر كىشى 72 سائەت ئۇخلىمىسا، يەنى ئۈچ كېچە ـ كۈندۈز ئۇخلىمىسا، ھالاك بولىدۇ (ئۆلىدۇ). ئەمدى ھەر نەرسە ئۆلچەم بىلەن بولۇشى كېرەك. ھامام (مۇنچا) دىن چىققاندىن كېيىن، ئۆز ئۆيىڭدە ئازراق ئۇخلاشنىڭ زىيىنى يوق، بەلكى ھوزۇرلۇقتۇر. تېۋىپ ئالىملىرى دېگەنكى: بىر كېچە ـ كۈندۈز 24 سائەت، ئۇنى ئۈچكە بۆلۈش كېرەك؛ ئىككى ئۆلۈشنى ئويغاقلىق ۋاقتىغا، بىر ئۆلۈشنى ئۇخلاشقا سەرپ قىلىش كېرەك. يەنى سەككىز سائەتنى تائەت ـ ئىبادەتكە ۋە ئۆزىنىڭ مەئىشىتىگە سەرپ قىلغاي؛ سەككىز سائەتنى يېمەك ـ ئىچمەككە، زەۋق ـ ساپا (ئارام ئېلىش) قا سەرپ قىلغاي؛ سەككىز سائەتنى ئۇخلاپ ئارام ئېلىشقا سەرپ قىلغاي. شۇنداق بولغاندا، ئون ئالتى سائەت ئىچىدە بەدەنگە تەسىر قىلغان زەخمەت ۋە مۇشەققەتلەرگە تاقابىل راھەت بولىدۇ، بەدەن ئەسلىگە كېلىدۇ. ئاقىللارچە ۋە ھۆكۈما، تېۋىپلارچە تىرىكلىك قىلىش ئەنە شۇدۇر. لېكىن، جاھىللار مۇنداق قىلمايدۇ، ھايۋانغا ئوخشاش ئون

ئىككى سائەت ئۇخلايدۇ. ئون ئىككى سائەت ئويغاقلىقتا يۈرىدۇ. يەنى ئەتىگەندىن ئاخشامغىچە ئويغاق يۈرىدۇ، ئاخشامدىن ـ ئەتىگىچە ئۇخلايدۇ. هورۇن ـ خۇشياقماسلار بۇلاردىنمۇ يامانراقتۇر. كۈندۈزنى ئۈچ ھەسسە قىلىپ، ئىككى ھەسسىسىنى ئۇخلاپ ئۆتكۈزىدۇ بىر ھەسسىسىنى ئويغاقلىق بىلەن ئۆتكۈزىدۇ. بۇلارنىڭ زىيىنى ھەممىسىدىن ئارتۇق بولىدۇ. تەڭرى تائالانىڭ كېچىنى يارىتىشىدىكى سەۋەب ھەر بىر ھايات (جان) ئىگىسى كېچىدە ئۇخلاپ راھەت تاپسۇن ۋە ئادەم پەرزەنتلىرى كۈندۈزدىكى جەۋرى ـ جاپادىن كېچىسى ئارام ئېلىپ راھەت ئالسۇن دېگەنلىكتۇر. راھەت ئۇيقۇ بىلەن بولىدۇ، ئۇخلىمىسا راھەت ھاسىل بولمايدۇ. چۈنكى، ھاياتقا سەرمايە بولغان نەرسىنىڭ بىرى جان ۋە بىرى بەدەندۇر. بەدەن مۇقام (جاننىڭ تۇرار ئورنى) ۋە جان بەدەندە تۇرۇن ئالغۇچىدۇر. بەدەن جانغا ماكان (ئورۇن) بولغان ئىكەن، جان بەدەننى ئۆزىگە خىزمەت قىلدۇرىدۇ. جاننىڭ خىزمىتى ھەرىكەتلىنىش بىلەن تەنگە راھەت يەتكۈزۈشتۇر. بۇ ئىككىسىنىڭ ئۈچ خاسىيىتى بار. جاننىڭ ئۆزىگە خاس ۋەزىپىسى ھايات، ھەرىكەت ۋە يېنىكلىكتۇر. بەدەننىڭ ۋەزىپىسى ئۆلۈم، جىمجىتلىق ۋە ئېغىرلىقتۇر. بۇنىڭغا پاكىت شۇكى، بەدەن جان بىلەن تىرىك كۆرۈنىدۇ، ئەگەر جان كەتسە بەدەن ئۆلۈك — جەسەت بولىدۇ. بەدەننى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى جاندۇر. جان كەتكەندىن كېيىن جىمجىتلىق ۋە ئېغىرلىق كۆپىيىدۇ. مۇنداق بولغاندا بەدەن بىلەن جان بىر يەردە سۆھبەتداش بولىدۇ. دائىم جان بەدەننى ئۆز خۇسۇسىيىتى بىلەن تەربىيىلەيدۇ. جان بەدەننى بەزىدە خىزمەت قىلدۇرىدۇ، بەزىدە راھەت ئالدۇرىدۇ، جاننىڭ بەدەنگە تەئەللۇق بىر مۇنچە ھەمسۆھبەتلىرى بار. بۇ ھەمسۆھبەتلەرنىڭ ۋاقتى خۇش ـ گۈزەل ئۆتۈش ئۈچۈن ئۇنىڭغا تاشقى ھېسسىي ئەزالارنىڭ ياردىمى كېرەك. ئاڭلاش، كۆرۈش، سۆزلەش ۋە سىلاپ تۇتۇپ كۆرۈش — زەۋق دېيىلىدۇ. يەنە بىرى تىل بىلەن تاتلىق ـ ئاچچىقنى تېتىپ بىلىش قاتارلىقلار. بەدەن بىر ئۆيگە ئوخشايدۇ، بەدەن ئۆيى ئۇيقۇ بىلەن مەشغۇل بولسا، تاشقى ھېسسىي ئەزالار بەدەنگە بىرىكىپ ھەرىكەتسىز بولىدۇ. ئەمما، جانغا تەئەللۇق يەنە بىر قانچە خىزمەتكار بار: ئۇلار ئورتاق ھېس، خىيال، پىكىر، خاتىرە كۈچى. بۇلار ئىچكى ھېس دېيىلىدۇ. بەدەن ئۇيقۇ بىلەن ھەرىكەتتىن توختاش سەۋەبلىك بۇ ئىچكى ئورتاق ھېسلاردا ئۆزگىرىش بولمايدۇ. مەسىلەن، ئىچكى ھېستىن بىرى پىكىر، يەنە بىرى مۇھاپىزەت (خاتىرە كۈچى). مەلۇمكى، بۇلارنىڭ پائالىيىتى بەدەنگە نەئەللۇق ئەمەس. ئەگەر بەدەنگە تەئەللۇق بولسا ئىدى، ئۇيقۇ بىلەن پائالىيىتى يوقىلاتتى، چۈش كۆرمەيتتى ۋە كۆرگەن چۈشى خاتىرىدە قالمايتتى. تاشقى ھېسسىي ئەزالار بەدەنگە تەئەللۇق بولمىسا ئىدى، ئۇخلىغان ئادەم ئويغاق ئادەمگە ئوخشاش بولاتتى ۋە راھەت، ئارام ئېلىشلار ھاسىل بولمايتتى. تەڭرى ھېكمەتسىز نەرسىلەرنى ياراتمىغان. بۇلارنىڭ ھەممىسىنى بىلگەندىن كېيىن، كۈندۈزى ئۇخلاشتىن ساقلىنىش لازىم. ئەگەر ئۇيقۇ بەك تەقەززا قىلسا، ئازغىنا يېتىپ ئارام ئېلىپ تۇرۇپ كېتىش كېرەك، چۈنكى ئۇخلاش — كېچىگە تەئەللۇقتۇر. كىشى كۈندۈزى ئۇخلىسا، كۈندۈزنى كېچە قىلغانغا ئوخشاش بولىدۇ. بۇ، ئىلمىي ھاياتقا، ھېكمەتكە مۇۋاپىق ئەمەستۇر. يازنىڭ ئىسسىق كۈنلىرىدە كۈندۈزى بىر سائەتىن يەردە ئارام ئېلىپ، كۈن ئېگىلگەندىن كېيىن تاشقىرىغا چىقىپ ئۆز پائالىيىتىنى داۋاملاشتۇرۇش لازىم. سۆزلىرىمىزنىڭ خۇلاسىسى شۇكى، ئادەم — ئۆمرىنىڭ كۆپرەكىنى ئويغاقلىقتا ئۆتكۈزۈشى، بەلكى تۈننىڭ مەلۇم مىقدارىنى ئويغاقلىقتا ئۆتكۈزۈشى كېرەك. ئۇيقۇ — ئۆلۈمگە ئوخشاشتۇر. ئۆلۈم بىلەن ئۇيقۇنىڭ پەرقى: ئۆلۈك ئۆزى خالىغان كىشىنى يېنىغا كەلتۈرۈپ ياتقۇزۇشقا قادىر ئەمەس. ئەمما ھايات ئىگىسى (تىرىك) ئادەم سۆيگەن كىشىسىنى يېنىغا كەلتۈرۈشكە ئىمكانىيەتلىك. مۇمكىن بولسا ئۇيقۇ ۋاقتىدا ئۆلپەتدىشىڭ ـ ھەمراھىڭ بىر دىلبەر نازىنىن ۋە ساڭا مېھرىبان، پىداكار گۈل يۈزلۈك بولسۇنكى، ئۇنىڭ بىلەن ئارام ئالساڭ ئارام ـ راھىتىڭ ساڭا يېڭى روھ بېغىشلايدۇ. بۇ، سېنىڭ گۈل يۈزلۈك ھالال ـقانۇنىي شەرئى جۈپتۈڭ بولۇشى كېرەك. بۇ ئىش يۇقىرىقىدەك بولمىسا، تىرىكنىڭ ئۇيقۇسى ئۆلۈكتىن پەرقلىق بولمايدۇ.

ئەي ئوغۇل، كېچىسى ئارام ئېلىپ ئۇخلىساڭ، قۇياش چىقماستىن بۇرۇن ئويغىنىشنى ئادەت قىل. تەڭرى پەرمانلىرىنى ئادا قىل.

## ئون تۆتىنچى باب. مال ـ مۈلۈك، بايلىق ھاسىل قىلىش ھەققىدە

ئەي ئوغۇل، مال ـ مۈلۈك، بايلىق ھاسىل قىلىشقا تىرىشقىن. لېكىن، مال ـ مۈلۈكلەر ھالال ـ توغرا يولدىن ھاسىل قىلىنىشى لازىم. مال ـ مۈلۈك، بايلىق ھاسىل قىلىمەن دەپ خەتەرلىك ئىشلارغا دۇچار بولما. ھەر قاچان ھالال ـ توغرا، خەۋپسىز يولدىن ھاسىل قىلغايسەن، ھالال ـ توغرا، خەۋپسىز يول بىلەن مال ـ مۈلۈك، بايلىق يىغساڭ، كۆزەڭدە قالىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن نۇرغۇن ساۋابلىق ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا ئىمكانىيەت تاپىسەن. ئەگەر ھارامدىن بايلىق ھاسىل قىلساڭ ئاقىۋەت بۇ مال ـ مۈلۈك، بايلىقلار قولدىن كېتىدۇ ۋە ئۇنىڭ ۋابالى (جازاسى) ساڭا قالىدۇ. ھالال يول بىلەن ھاسىل قىلغان مال ـ مۈلكۈڭنى ساقلاپ، توغرا يولدا سەرپ ئەتكىن، ئورۇنسىز سەرپ قىلما، ئىسراپ قىلىپ يوقىتىۋەتمە. ئەخمەقلەرنىڭ يولىغا ماڭما، چۈنكى مال ـ مۈلكۈڭنى ساقلاش — ئۇنى توپلاشتىن مۈشكۈل. كۆپ كىشىلەر مال ـ دۇنيا يىغىپ، ساقلاش يولىنى بىلمەيدۇ. ئەگەر ھاجىتىڭگە زۆرۈر كەلسە، ئۆز يېنىڭدىن ئۆزەڭ قەرز ئېلىپ، يەنە ئۆز ئورنىغا قويۇشقا تىرىشقىن، خىراجىتىڭنى ئىرادەڭگە قاراپ ھېساب بىلەن قىل، بەلكى خىراجىتىڭ ئىرادەڭدىن كەم بولسۇن. مەسىلەن، ساڭا كۈندە ئون كويچەن كىرىم بولىدىغان بولسا، توققۇز كوينى خىراجىتىڭگە سەرپ قىلىپ، بىر كوينى تېجەپ، سەرمايەڭگە قوشۇپ قوي، شۇنداق بولغاندا ھېچقاچان مۇھتاج بولمايسەن ياكى ئۈمىد قىلغان نەرسە قولۇڭغا كىرگىچە سەرمايەڭنى خىراجەت قىلىپ تۇرالايسەن. ئەگەر خىراجىتىڭنى ئىرادەڭدىن كۆپەيتىۋەتسەڭ، ھەر قانچە كۆپ خەزىنە بولسىمۇ يەتمەيدۇ. ئەي ئوغۇل، كۆڭلۈڭنى بىر نەرسىگە تامامەن باغلىما، تۇيۇقسىز بىر ھادىسە، سەۋەب بىلەن سەن كۆڭۈل باغلىغان نەرسە قولۇڭدىن كەتسە غەم ـ قايغۇغا قالمىغايسەن. مال ـ مۈلكۈڭ كۆپ بولغان تەقدىردە كەمبەغەلچىلىكنى ئۇنتۇما. خىراجىتىڭنى ھېساب بىلەن قىل. چۈنكى، خىراجىتىنى ھېسابلاپ ئىشلەتكەن ئاز ئاقچىسى بار ئادەم خىراجىتىنى بىلمەي، ھېسابلىماي سەرپ قىلغان بايدىن ئارتۇق. خىراجىتىنى بىلىپ ـ ھېسابلاپ قىلغان ئادەمنىڭ ھەر قاچان قولىدا ئازمۇ ـ كۆپمۇ مۈلكى بولىدۇ. ھېسابلىماي خىراجەت قىلغان كىشى تېز مۇھتاجلىققا دۇچار بولىدۇ. مال ـ مۈلكى بار چاغدا ئىسراپ قىلمىسا مۇھتاجلىققا چۈشمەيدۇ. «كىشى مال ـ مۈلكى بار چاغدا ئورۇنسىز ئىسراپ قىلىپ، كېيىن، دوستىغا مۇھتاج بولغاندىن، ئىسراپ قىلماي دۈشمىنىگە قالدۇرغان ئەلا». دۈشمەنگە قالسا قالسۇنكى، دوستقا مۇھتاج بولما!

دانالار ئېيتقانكى: «جەمئىي قىلغىن ماللارنى، ياخشى ئاسراپ ساقلىغىن.
دۈشمىنىڭگە قالسا قالسۇن، دوستقا مۇھتاج بولمىغىن».

قولۇڭغا بىر نەرسە كەلسە، بۇ ئاز ئىكەن، بۇنىڭدىن نېمە ھاسىل بولار؟ دېمە. ئاز نەرسىنى ساقلىيالمىغان كىشى كۆپ نەرسىنى ساقلىيالمايدۇ. بىر دوستۇڭ ياكى بىر كىشى مال ـ مۈلكىنى ياكى بىرەر خىزمىتىنى تاپشۇرسا ۋە ئامانەت قىلسا، ئۆز مال ـ مۈلكۈڭ، ئۆز ئىشىڭغا ئوخشاش كۆرۈپ ساقلا ۋە بېجىرگىن، بەلكى ئۆز مۈلكۈڭ، ئۆز ئىشىڭدىن ياخشىراق ـ ئارتۇقراق مۇھاپىزەت قىلغىن ۋە بېجىرگىن. سېنىڭ مال ـ مۈلكۈڭنىمۇ تەڭرى ساقلايدۇ. خەلق ئارىسىدا ئىشەنچلىك ئامانەت ساقلىغۇچى ۋە دىندارلىق بىلەن مەشھۇر بولىسەن، ئەي ئوغۇل، ھورۇن ـ خۇشياقماس، لەقۋا بولما. چۈنكى ھورۇنلۇق، ئاجىزلىق ۋە خۇشياقماسلىق قاتتىق نومۇستۇر، ئۇ بەختسىزلىكنىڭ ئالامىتىدۇر. جاپاسى كۆپ ئىشنىڭ پايدىسىمۇ كۆپ بولىدۇ. مۇشەققىتى ئاز بولغان ئىشنىڭ پايدىسىمۇ ئاز بولىدۇ. مۇشەققەت چېكىپ، غەيرەت قىلىپ بىر نەرسە ھاسىل قىلساڭ توغرا يولغا سەرپ قىل، مۇشەققەتلىرىڭ زايا بولمىسۇن، قەدىرلىك نەرسەڭنى قەدىرلىك ئادىمىڭ سورىسا ئايىما ۋە قىزغانما. چۈنكى، ھەر قانداق قەدىرلىك نەرسەڭ بولسا، ئۆزەڭ بىلەن بىر قەبرىگە بىللە بارمايدۇ. قولۇڭدا بار نەرسىگە قانائەت قىل، چۈنكى قانائەت بىر خەزىنىدۇركى، ھېچقاچان تۈگىمەيدۇ. كۆپ ھېرىس (ئاچكۆز، تويماس)، تاماگەر بولما، خەلق بىلەن ياخشى مۇئامىلىدە بولۇپ، تاتلىق سۆزلۈك، گۈزەل ئەخلاقلىق بولغىن. خەلققە شەپقەت

قىلغۇچى ـ مېھرىبان بول، خەلق تەرىپىدىن ساڭا ياخشى بىر ئىش بۇيرۇلسا، ئۇنى بىجىرىشكە ئىجتىھات قىل، خەلق بۇيرۇغان ياخشى ئىشقا قارشىلىق كۆرسەتمە، ئالەمدە نامىڭ ياخشىلىق بىلەن مەشھۇر بولىدۇ. ياخشى ئىش قىلمىغان ئادەمنىڭ خەلق ئالدىدا ھۆرمىتى بولمايدۇ. قانائەتچان بولغان، خەلققە يۈك بولمىغان، يەنى خەلققە ئېھتىياجىنى چۈشۈرمىگەن ئادەم خەلق ئالدىدا ئېتىبارلىق بولىدۇ، سۆزى ھەممىگە مەقبۇل بولىدۇ، ھەر قانچە باي بولسىمۇ قانائەتسىز كىشىنىڭ ئېتىبارى بولمايدۇ، ئەمەلىيەتتە مۇنداق ئادەم گاداي ھېسابلىنىدۇ، سۆزى مەقبۇل بولمايدۇ، ھەر نەرسىنىڭ بىر زىننىتى بار؛ باياشلارنىڭ زىننىتى ۋە بېزەكى يوقسۇللارغا خەيرى ـ ئېھسان، مەدەتكارلىق قىلىشتۇر. ھەر كىشىنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ ئىنئام ـ ئېھسان قىلىشقا تىرىشقىن، سەدىقە ۋە زاكات بېرىشتە بېخىللىق قىلما، بۇ ئىشلاردا ئىسراپچىلىقمۇ قىلما. ئىسراپ قىلغۇچىلارنى ئاللا ياخشى كۆرمەيدۇ. ئاللا تائالا ئىسراپچىلىقنى مەنئى قىلىپ: «يەڭلار ۋە ئىچىڭلار، ئىسراپ قىلماڭلار» دېگەن. ئەلۋەتتە ئاللاتائالا ئىسراپ قىلغۇچىلارنى ياقتۇرمايدۇ. سەن ھېچقاچان ئىسراپ قىلغۇچىلاردىن بولما، ھەتتا ئىسراپخورلار بىلەن ھەمسۆھبەتتىمۇ بولما. چۈنكى، ئاپەت كەلسە بىر سەۋەب بىلەن كېلىدۇ؛ كەمبەغەللىشىشنىڭ بىر سەۋەبى ئىسراپچىلىق. بۇ، ئاپەتتۇر. كىشى ئۆزىگە لازىم ۋە زۆرۈر بولغان ئورۇنغا سەرپ قىلسا، بۇ ئىسراپ بولمايدۇ. بىھۇدە ۋە شەرىئەتكە خىلاپ ئورۇنغا سەرپ قىلسا، دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە زىيانكار بولىدۇ. ئىسراپچىلىق ـ ئىقتىسادىي نەرسىلەردىلا ئەمەس، بەلكى سۆزدە، يۈرۈش ـ تۇرۇشتا، يېمەك ـ ئىچمەكتە، ئۆي ئىشلىرىدا، كىيىم ـ كېچەك، ۋاقىتتا بولىدۇ. ھەممە ئىشتا مۆتىدىل (نورمال) بولۇش كېرەك. ئەي ئوغۇل، «ئىسراپ بولىدۇ» دەپ تىرىكچىلىكتە تارلىق، بېخىللىقنى ئادەت قىلما، ئۆزەڭدىن قىزغانما (ئۆزەڭگە بېخىللىق قىلما). ئاچچىق ھالەت بىلەن تۇرمۇش كەچۈرمە. تۇرمۇشنى ئىمكانىيەت، ئىقتىدارىڭنىڭ يېتىشىچە خۇش ئۆتكۈزگىن، ئۆز جېنىڭنى ئاسرا، جېنىڭدىن ئەزىز نەرسەڭ يوق. نەسىھەتىمنىڭ خۇلاسىسى شۇكى، ئىسراپخورمۇ، بېخىلمۇ بولما، مال ـ مۈلكۈڭدىن بىرەر نەرسىنى بىر كىشىگە ئامانەت قويساڭ، ئىسراپخور ئادەمگە تۇتتۇرما. بېخىل، باي ئادەمگە ئامانەت قويساڭ بولىدۇ. چۈنكى، ئىسراپخور ئادەم گەرچە مۇھتاج بولمىسىمۇ، سېنىڭ ئامانەت قويغان مۈلكۈڭنى زايا قىلىۋېتىش ئېھتىمالى بار. ئەمما بېخىل سېنىڭ مېلىڭنىمۇ ئۆز مۈلكىدەك ساقلايدۇ. يەنە قىمارۋاز، ھاراق ـ شاراپ ئىچكۈچى كىشىلەرگە ئامانەت [illegible]يما. ئەي ئوغۇل، دۇنيادا ئىككى نەرسە بار: بىرى راھەت بىرى مېھنەت، خەلق بۇ ئىككى نەرسىنىڭ بىرىدىن قاچىدۇ، بىرىنى ئىزلەيدۇ ئەمما ھەر ئىككىسى ئادەم بىلەن بىللە مەۋجۇتتۇر، يەنى ئادەمدىن ئايرىلمايدۇ. چۈنكى، مېھنەت ـ جاپاسىز راھەت بولمايدۇ، راھەتسىز مېھنەت بولمايدۇ. بۇ نەرسىلەر بىر ـ بىرىگە تايىنىدۇ. بىراۋغا راھەت بولغان نەرسە ئىككىنچى بىراۋغا مېھنەت بولۇپ دۇچكېلىدۇ. ئۇنىڭ ئەكسىچە، بىر كىشىگە دۇنيا جەھەتتىن مۇشەققەت ۋە جاپا كەلسە، كېيىن بارلىق راھەتنى كۆرىدۇ. ئەمما مېھنەت ـ مۇشەققەت تارتماي راھەتكە ئېرىشسە، يوقسۇللۇق مېھنىتىنى تارتىدۇ. بۈگۈنكى مېھنەت — ئەتىنىڭ راھىتىدۇر. بۈگۈنكى راھەت — ئەتە مېھنەتكە ئايلىنىدۇ. دۇنيا ۋە ئاخىرەت ئەھۋالىنىمۇ شۇنىڭغا قىياس قىلىش كېرەك. ئەي ئوغۇل، دۇنيادا راھەتلىك ئۆتەي دېسەڭ، ھۈنەر ـ كەسىپ ۋاسىتىسى بىلەن ھالالدىن (توغرا يولدىن) ھاسىل قىلغان نەرسەڭنىڭ بىر مىقدارىنى تۇرمۇشۇڭغا سەرپ قىلىپ، يەنە بىر مىقدارىنى ئىقتىساد قىلىپ ساقلا، ئېھتىياجلىق كۈنلىرىڭدە ئىشقا يارايدۇ. ئەگەر ئۆزەمنى باشقۇرالايمەن دېسەڭ، يوقالماس، چىرىماس بىر نەرسە ئېلىپ ساقلا. كېرەك بولغاندا باھاسى كېمىمەيدىغان بولسۇن. مەسىلەن، لەئل ـ ياقۇت، ئىنجۇ، ئالتۇن، كۈمۈش ياكى يەر، سۇ، ئورمان، ئۆي ـ ئىمارەتكە ئوخشاش نەرسىلەر. مۇنداق نەرسىلەر ساقلىنىپ قالىدۇ. ئېھتىياجلىق بولغاندا سېتىپ خىراجىتىڭگە سەرپ قىلىسەن. ئېھتىياجلىق بولساڭمۇ ئابرويىڭغا نۇقسان يېتىدىغان نەرسىنى ساتما، خەلق ئىچىدە ھۆرمىتىڭ بۇزۇلمىسۇن. ئەي ئوغۇل، قەرز ئېلىشقا ھەۋەس قىلما، ئۆسۈم بىلەن قەرزدار بولما. بۇ ئىشلار ئادەمنى خارلىققا ئېلىپ بارىدۇ. ھۆرمەتسىز قىلىپ قويىدۇ. چۈنكى، كىمگە قەرزدار بولساڭ، ئۇنىڭغا قۇل بولىسەن ۋە ئۆز ـ ئۆزەڭگە زۇلۇم قىلغان بولىسەن. شۇنداقلا

كىشىگە قەرز پۇل بەرمە. خوشنىسەن دوستۇڭغا قەرز بەرمە. چۈنكى، دوستلۇق ئۆزىنى بىلىپ ۋاقتىدا بەرمىسە، تەكرار سوراش كېرەك بولىدۇ، سورىساڭ رەنجىيدۇ، دوستلۇق بۇزۇلىدۇ. ئەگەر دوستۇڭغا قەرز بەرسەڭ ئۆزەڭنىڭ دەپ بىلمە، ئۆزى بەرسە سەرپ قىل، بەرمىسە سوراپ ئېلىپ دوستلۇقتا نۇقسان يەتكۈزمە. دوستنى دۈشمەن قىلىش— نادانلارنىڭ ئىشى. ئەي ئوغۇل، ئومۇمەن قولۇڭدىن كەلگەن ياخشىلىقنى ياخشىلىق قىلىشقا سازاۋەر ئادەملەردىن ئايىما. كىشىنىڭ مال ـ مۈلكىدىن تامايىڭ بولمىسۇن. مۇنداق سۈپەت بىلەن ئۆزەڭنى تونۇتالىساڭ، خەلق ئارىسىدا ئىپپەت (نومۇس) لۇق، ئىشەنچلىك تونۇلۇپ، دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە مەدھىيلەشكە ئېرىشىسەن.

## ئون بەشىنچى باب. ئامانەت ساقلاش ھەققىدە

ئەي ئوغۇل، بىر كىشى ساڭا ئامانەت قويۇشنى خالىسا ئامانەتنى ئالما. ئامانەتنى قوبۇل قىلىپ، ئۆزەڭگە بالا يۈكلىمە. چۈنكى، ئامانەتنى ساقلىماق بىر بالايىئاپەتتۇر. بۇ ئىش 3 ھالدىن خالى بولمايدۇ: بىرى، ئامانەتنى ئۆز مال ـ مۈلكۈڭدىن ئارتۇق كۆرۈپ ساقلاش ئۈچۈن جەۋرى ـ جاپا چېكىسەن ۋە ئىگىسى تەلەپ قىلغاندا تاپشۇرۇپ بېرىش مەجبۇرىيىتىنى ئۆتەيسەن، يەنە بىرى، نىيەت (ئىدىيەڭ) بۇزۇلسا، خام تاماگەرلىك قىلىپ ئامانەتنى ئىنكار قىلىسەن ياكى ئامانەت بىرەر سەۋەب بىلەن زايا بولسا، جاۋابكارلىق ۋە ئۇياتقا قالىسەن. بۇ ئۈچ ھالنى ساڭا بايان قىلايكى: بىرىنچى، ئامانەتنى ياخشى ساقلاپ، ئىگىسى تەلەپ قىلغاندا تاپشۇرساڭ، ئاللاناڭ: «سىلەر ئامانەتنى ئۆز ئىگىسىگە تاپشۇرۇڭلار» دېگەن ئايىتى بويىچە ئاللاناڭ ئەمرىنى ئۆز ئورنىغا كەلتۈرگەن بولىسەن. ئامانەت ساقلاش — ئاسان ئىش ئەمەس، ئەگەر زۆرۈر كېلىپ ئامانەت قوبۇل قىلساڭ، ياخشى مۇھاپىزەت قىلىپ ھەرگىز خىيانەت قىلما. ھەتتاكى، كىشىلەرگە مۇرۇۋۋەت قىلىشتىن ئازراق ھەسسىسى بار ئوغرىمۇ ئامانەتكە خىيانەت قىلمايدۇ. بۇ ھەقتە مۇنداق بىر ھېكايەت بار:

بىر باي سەھەر ۋاقتىدا ھاممام (مۇنچا) غا كېتىۋاتقاندا بىر دوستىغا ئۇچراپتۇ ۋە ئۇنىڭغا: «دوستۇم، بارمۇسىز؟ ياخشى يەردە ئۇچراشتۇق. مەن مۇنچىغا كېتىۋاتىمەن، بىللە بارايلى» دەپتۇ. ئۇ دوستى: «بولىدۇ بۇرادەر، مەن سىز بىلەن ھاممامغىچە بىللە باراي، لېكىن ھاممامغا كىرمەيمەن، ئىشىم بار» دەپتۇ. ئاخىرى بۇ ئىككى دوست بىللە مېڭىپتۇ. ھېلىقى دوست ھاممامغا يېتىمەستىنلا ئىككىنچى بىر كوچىغا كىرىپ كېتىپتۇ، تېخى قاراڭغۇ بولغاچقا، بۇ كىشى دوستىنىڭ قايسى كوچىغا كىرىپ كەتكىنىنى كۆرمەي قاپتۇ. دەل شۇ يەردە بايغا بىر ھەييار ئوغرى يولۇقۇپتۇ. باي بۇ ئوغرىنى ئۆزىنىڭ دوستى دەپ خىيال قىلىپ: «يېنىمدىكى يۈز سەر ئالتۇنۇمنى سەن ساقلاپ تۇرغىن، ھاممامدا ئوغرى ئېلىۋالمىسۇن» دەپ ئامانەت بېرىپتۇ. ئۇ ئوغرى باينىڭ يۈز سەر ئالتۇنىنى ئېلىپ، باي ھاممامدىن چىققىچە كۈتۈپ تۇرۇپتۇ. لېكىن باي ئوغرىنى تونۇماي ئۆتۈپ كېتىپتۇ. ئوغرى باينى چاقىرىپ:

— ئەي باي، بۇ ئامانىتىڭىزنى ئېلىڭ، — دەپتۇ.

— قايسى ئامانەتنى؟ — دەپتۇ باي.

— سىز ھاممامغا كىرىش ئالدىدا، — دەپتۇ ئوغرى، — ماڭا تاپشۇرغان ئامانەت. ئۇ يۈز سەر ئالتۇننى تاپشۇرۇپ بېرىپتۇ ۋە:

— ئەي باي، سىزنىڭ ئامانىتىڭىزنى ساقلايمەن دەپ ئۆز ھەرىكىتىمدىن قالدىم. بىر نەرسە تاپالمىدىم، — دەپتۇ.

— قانداق ئىشىڭدىن قالدىڭ؟

— ھەييارلىق ۋە ئوغرىلىق ئىشىمدىن قالدىم؛ ھەر كۈنى سەھەر ۋاقتىدا چىقىپ ئوغرىلىق قىلىپ بىر نەرسە تاپاتتىم.

باي بۇ سۆزنى ئاڭلاپ ھەيران بولۇپ دەپتۇكى:

— ئۇنداق بولسا نېمە ئۈچۈن بۇ ئالتۇننى ئېلىپ كەتمىدىڭ؟

— ئەگەر بۇ ئالتۇنلارنى، — دەپتۇ ئوغرى، — ئۆز ھۈنىرىم بىلەن ئالغان بولسام بەرمەي ئېلىپ كېتىۋېرەتتىم. ئەمما سىز ماڭا ئامانەت قويدىڭىز، ئامانەتكە خىيانەت قىلىش — مەردلىك ئەمەس ـ دە!

— سېنىڭ مۇرۇۋۋىتىڭ ئۈچۈن، — دەپتۇ باي، — بۇ يۈز سەر ئالتۇننى ساڭا بەردىم، ساڭا ھالال بولسۇن.

ئەي ئوغۇل، سەن دىندارلىق ۋە ھەققانىيەتنىڭ ئىگىسىمەن دەپ يۈرۈپ، ئامانەتكە خىيانەت قىلىشنى قانداقمۇ راۋا كۆرسەن. ئىككىنچى، مۇبادا بىراۋنىڭ ئامانىتى قولۇڭدا زايا بولۇپ يوقالسا، ئامانەت ئىگىسىگە «ئامانىتىڭ يوقالدى» دەپ قانداقمۇ ئېيتالايسەن؟ ھەر قانچە دەلىل ـ ئىسپات كۆرسەتسەڭمۇ ئىشەنمەيدۇ. خىيانەتكارلىق بىلەن تۆھمەتلىنىسەن ياكى قازى ـ ھاكىملار ئالدىدا نېمە ئۈچۈن ياخشى ساقلىمىدىڭ، دېيىلىپ، ئامانەتنى تۆلەشكە مەجبۇر بولىسەن. ئۈچىنچى، ئەگەر ئامانەتكە خىيانەت قىلساڭ، ھۆكۈمەت سېنى قىيناپ ئىقرار قىلدۇرۇپ تۆلىتىدۇ، خەلق ئارىسىدا بەتنامغا قالىسەن. ئەگەر ئۆزەڭدە قالسا، ياخشى ئاقىۋەت كۆرمەيسەن. تەڭرى ئالدىدا قارا يۈز بولىسەن. ئەي ئوغۇل، بىر كىشىگە ئامانەت قويۇشنى خالىساڭ، ھەرگىز ئادەم يوق يەردە بەرمە. مېنىڭ مال ـ مۈلكۈمنىڭ بارلىقىنى كىشىلەر بىلمىسۇن دېمە. ھەر قاچان كىشىگە ئامانەت قويساڭ بىر قانچە دىيانەتلىك، ئىناۋەتلىك مۇسۇلمان كىشىلەرنى گۇۋاھ قىلىپ ئامانەت قويغىن، ئامانىتىڭنى ھۆججەتسىزمۇ قايتۇرۇپ ئالالايسەن. ھەر قانداق ئىشىڭنى پۇختا ئىشلە، سەل چاغلىما، قەسەم قىلىشنى ئادەت قىلما، راست ئىش ئۈچۈن بولسىمۇ قەسەم قىلما. چۈنكى خەلق ئارىسىدا «قەسەم ئىچىش» بىلەن شۆھرەت چىقارمىغايسەن. ئەگەر سەن يوقسۇل بولساڭ، قەسەم ئىچسەڭمۇ ئىشەنمەيدۇ.

ئەي ئوغۇل، كىشىلەرنى ئالدىغۇچى بولما. ئالدانغۇچىمۇ بولما. كىشىنى ئالدىماق ۋە كىشىگە ئالداناقنىڭ ھەر ئىككىسى يامان ئىش. ئېلىش بېرىشتە كىشى كۆپ ئالدىنىدۇ ياكى ئالدايدۇ. بۇنىڭدىن ئەلۋەتتە ساقلىنىش لازىم.

## ئون ئالتىنچى باب. ئۆي ـ جاي ۋە باغچا سېتىۋېلىش ھەققىدە

ئەي ئوغۇل، ئۆز مۈلكۈڭ ئۈچۈن ئۆي ـ جاي ئالماقچى بولساڭ، ئۆي ـ جاي كاسات (ئەرزان) بولغاندا سېتىۋال، باھاسى ئۆسكەندە سات. چۈنكى كىشىلەرنىڭ ئۆز پايدىسىنى كۆزلىشى ئەيىبلىك ئەمەس. ھەر نەرسە سېتىۋالساڭ ياخشىسىنى ئال. ياخشى نەرسىدە پايدا ئۈمىدى بار، پايدىسىنى بىلمەي تۇرۇپ بىر نەرسە ئالما. ھەر ئىشتا پايداڭنى كۆزلە، بىپەرۋا بولما. ئالىملار دېگەنكى: «بەلگىلەش — تىجارەتنىڭ يېرىمى». بىر نەرسىنىڭ پايدا ـ زىيىنىنى ئالدىن بەلگىلەش لازىم. ھەر نەرسە ئالساڭ پايدىلىقمۇ، زىيانلىقمۇ، ئۆز سەرمايەڭگە قاراپ بەلگىلە، يەنى ئاز نەرسىدىن كۆپ پايدىنى ئۈمىد قىلما. ئاز پايدىغا رازى بولمىغان ئادەم كۆپ زىيانغا ئۇچرايدۇ. كۆپ زىيان تارتقان كىشى تېز كەمبەغەل بولىدۇ. كۆپ پايدا ئېلىشنى ئۈمىد قىلغان نەرسىدىن زىيان تارتمايمەن دېسەڭ، ھەسەتخور ـ كۆندەش بولما، تاماخورلۇق قىلما. ھەر ئىشتا سەۋرى قىل، ئالدىرىما، سەۋرى — ئىككىنچى ئەقىلدۇر. ھەر قانداق ئىشىڭدا بىپەرۋا بولما، بىپەرۋالىق — ئەخمەقلىقتۇر. ھەر قانداق ئىشتا ئۆزەڭنى تاشلىۋەتمە، ھەر قانداق ئىشنىڭ ئالدى ـ ئارقىسىنى ھېسابلاپ قىل. ئالدىراڭغۇلۇق قىلىپ كېيىن پۇشايمان يېمە. بىر ئىشىڭنىڭ يولى باغلانسا، ئېچىشقا تىرىشقىن، ئۇنىڭ سەۋەبلىرىنى تەتقىق قىل. سالماقلىق بىلەن ئىشلە. ئالدىراش، ئۆزىنى تاشلىۋېتىش بىلەن يامان ئىش ياخشىلىققا ئۆزگەرمەيدۇ.

ئەي ئوغۇل، بۇ نەسىھەتلەرنى بىلگىنىڭدىن كېيىن، ئۆي ـ جاي ئېلىشنى نىيەت قىلساڭ شۇنداق ئورۇندىن ئېلىشنىڭ كېرەككى، قوشنىلىرى ياخشى كىشىلەر بولسۇن. شەھەر چېتىدىن ئالما، ئىلاج بولسا، شەھەرنىڭ ئوتتۇرىسىدىن ئال. قوشنىلىرىغا دىققەت قىل. خەلق ئىچىدە «ئالدى بىلەن قوشنىنى

كۆرۈپ ئاندىن ئۆي ـ جاي ئال» دېگەن گەپ بار. ئويلانماي ئۆي، ـ جاي ئالساڭ، قوشنىلىرىڭ يامان چىقىپ قالسا، ئۆي ـ جايىڭنى تاشلاپ قېچىشقا مەجبۇر بولىسەن. شۇنداق ئۆي ـ جاي باغچا ئالغىنىكى، مەھەللەڭدە ئۇلۇغ، دانىشمەن ئادەملەر، تۆرە ـ ئىشانلار بولمىسۇن. پادىشاھلارغا مەنسۇپ ئادەملەر بولمىسۇن. قوشنىلىرىڭ ئەخلاقلىق، ئىنساپلىق، ياخشى كىشىلەر بولسۇن. ئەگەر ياخشى قوشنىلىرى بار جايدىن ئۆي ـ جاي، باغچا سېتىۋېلىپ شۇ يەردە تۇرۇپ قالساڭ، قوشنىلىرىڭغا ناھايىتى ھۆرمەت قىل. قوشنىلارغا ھۆرمەت قىلىش — قوشنىلارنىڭ ھەققىدۇر. مەھەللە ئادەملىرى ۋە قوشنىلىرىڭ بىلەن گۈزەل، ياخشى تىرىكچىلىك قىل. قوشنىلىرىڭ ئاغرىپ قالسا يوقلاپ تۇرغىن، ۋاپات بولسا ئۆلۈمىنى ئۇزىتىش مۇراسىملىرىغا قاتناشقىن، ياخشى ئىشلىرىنى قوللا، خۇشاللىقىغا خۇشال بول، قايغۇلىرىغا قايغۇلۇق بول. قولۇڭدىن كەلگىنىچە ياخشىلىق قىل. يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىمەك قاتارلىق نەرسىلەردە قوشنىلىرىڭدىن قىزغانما. ئەگەر قوشنىلىرىڭ بىلەن يۇقىرىقىدەك تۇرمۇش كەچۈرسەڭ، شۇ مەھەللىنىڭ ئۇلۇغ ئادىمى سەن بولىسەن. قوشنىلىرىڭنىڭ باللىرىنى كۆرسەڭ، شەپقەت ۋە مېھرىۋانلىق كۆرسەت، قېرىلىرىغا ھۆرمەت قىل. مەھەللە جامائىتىنىڭ مەسچىتىگە بار، چەت مەھەللە مەسچىتلىرىگە بارما. مەھەللىنىڭ ئىمام ۋە پېشىۋالىرىغا ھۆرمەت قىل. سەن خەلق ئالدىدا ياخشى مۇئامىلىدە بولساڭ، خەلقمۇ سەن بىلەن ياخشى مۇئامىلىدە بولىدۇ. خەلققە يامانلىق قىلساڭ، يامانلىققا تاقابىل مۇئامىلىدە بولىدۇ. يامان ھەرىكەتتە بولما، يامان سۆزلەرنى سۆزلىمە. ھەر كىم يامان ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولسا، يامان ئىشقا دۇچكېلىدۇ. يامان سۆز سۆزلىسە، يامان سۆز ئاڭلايدۇ. خەلق ئىچىدە ئۇنىڭ غەيۋىتى سۆزلىنىدۇ. بىر شەھەردە ۋەتەن تۇتۇپ تۇراي دېسەڭ، چوڭ شەھەردە تۇر. بۇ شەھەرنىڭ ھاۋاسى، سۈيى ياخشى، تەبىئىتىگە مۇۋاپىق بولسۇن. ئالغان ئۆي ـ جايىڭنىڭ ئىبادىتىسى (ئەتراپى) مۇستەھكەم بولسۇن. كىشىنىڭ ئۆيلىرىگە قارىتا تەنە ـ تاپىلىرىڭ بولمىسۇن، چۈنكى، قوشنىلىرىڭ سەندىن رەنجىپ قالمىسۇن، ۋارىسلار ئارىسىدا تەقسىم قىلىنمىغان ئۆي ـ جاي، باغچىلارنى ئالما. چۈنكى، دەۋاسىز، شەك ـ شۈبھىسىز بولغان ئۆي ـ جاي، باغچا ساڭا مۈلۈك بولىدۇ. ئالغان ئۆي ـ جاي، باغچىلىرىڭنىڭ ئىمارىتىنى تۈزەپ ياخشىلاشقا تىرىشقىن. بىنالىرىڭنى ياخشىلىساڭ قىممىتى ئارتۇق بولىدۇ. چۈنكى، خاراب بولغان ئۆي ـ جاي، باغچا سەھراغا ئوخشايدۇ، ھەر قانچە زور سەھراغا ئىگە بولساڭمۇ مەھسۇلاتى، پايدىسى يۇقىرى بولمايدۇ.

## ئون يەتتىنچى باب. خوتۇن ئېلىش ھەققىدە

بىلگىنكى، ھەر قاچان خوتۇن ئالساڭ خوتۇنۇڭنى ھۆرمەت قىل ۋە ھەر قانچە قەدىرلىك نەرسەڭ بولسىمۇ ساڭا ئىتائەت قىلغان، ئاقكۆڭۈل، توغرا يوللۇق خوتۇنۇڭ ۋە ئوغلۇڭدىن ئايىما، قىزغانما، خوتۇن ئېلىشتا خوتۇننىڭ مال ـ مۈلكىدىن، پۇلىدىن بىر نەرسە ئېلىشنى ئىزلىمە ۋە خوتۇننىڭ تولىمۇ گۈزەللىكىنى ئىزلىمە. چۈنكى، گۈزەللەر كۆپىنچە ھاللاردا ئويناش (ئاشنا تۇتۇش) نى ئىزلەيدۇ. ئالغان خوتۇنۇڭ شۇنداق بولسۇنكى، يارىماس ئادەملەردىن يۈزى پاك ۋە دىنى پاك بولسۇن، قورامى ئوتتۇرا ياشلىق ۋە خوتۇنلۇققا، ئۆي تۇتۇشقا لاياقىتى بولسۇن. ئۆي ئىشلىرىنى بىلىدىغان، ئۆزىنىڭ ھالال يولدىشىنى سۆيگۈچى، ھايالىق، نومۇسلۇق، ئۆزىنى ھارامدىن ساقلىغۇچى بولسۇن. بۇ سۈپەتكە لايىق بولغان خوتۇن يامان ئىشلاردىن ئۆزىنى ساقلىغۇچى بولىدۇ. يەنە، ئۆز مەرتىۋەڭدىن يۇقىرى، ئۆزەڭدىن باي خوتۇننى ئالما، تاكى خوتۇنۇڭ ئالدىدا تۆۋەن ئورۇندا بولمىغايسەن. ئەگەر ئەرگە تەگمىگەن قىزنى ئېلىش مۇمكىن بولسا، قىز ئېلىش ئەۋزەل، ئەردىن قالغان تۇل خوتۇننى ئالما. چۈنكى، قىزنىڭ كۆڭلىدە سېنىڭ مۇھەببىتىڭدىن باشقا ئەرنىڭ مۇھەببىتى بولمايدۇ، باشقىلارنىمۇ ساڭا ئوخشاش دەپ بىلىدۇ، باشقىلارنى تاما قىلمايدۇ، ئارزۇ قىلمايدۇ. ھەر خوتۇنكى، ئاقىلە (ئەقىللىق) بولمىسا، ساڭا تىل ئۇزىتىپ، سەندىن ئارتۇقلۇق ـ ئۈستۈنلۈكنى دەۋا قىلىدۇ. مۇنداق خوتۇندىن قېچىش كېرەك. ئالىملار ئېيتقانكى: «ئەر

كىشى بىر بۇلاقتا ئوخشايدۇ، ئەقىللىق ۋە تەدبىرلىك خوتۇن يەرگە ئوخشايدۇ». ئەر كەسىپ قىلىپ تاپقان نەرسىلەر يەرگە سۇ يىغىلىپ كۆل بولغاندەك خوتۇن قولىغا يىغىلىدۇ. لېكىن، خوتۇن سېنى باشقۇرۇپ، سېنىڭ رىزىق - ئوزۇق ۋە تەسەۋۋۇپلىرىڭنى قولىغا ئېلىۋالمىسۇن. تۇسالغۇ بولمىسۇن. ئەگەر خوتۇن سېنىڭ ئىگىلىكىڭنى ئېلىۋېلىپ، سېنى ئىگە قىلمىسا ۋە ئۆز مال - مۈلكۈڭگە سۆزۈڭ ئۆتمىسە، خوتۇنىنىڭ قولىغا قاراپ قالساڭ، بۇ ئەرلىك ئورنىڭنى يوقاتقىنىڭدۇر. سەن خوتۇن بولىسەن، خوتۇنۇڭ ئەر بولىدۇ. بۇھال ساڭا بۇ دۇنيادا، خوتۇنغا ئۇ دۇنيادا خارلىق كەلتۈرىدۇ. كىشى ئۆزىنىڭ خوتۇنىدىن مەغلۇپ بولسا، بۇ غەيرەتسىزلىكتۇر. مەشھۇر ئىسكەندەر زۇلقەرنەينگە: «ئىران شاھى دارانىڭ قىزى شۇنچىلا گۈزەل نازىنىن تۇرسا، نېمە ئۈچۈن ئۇنى ئالمايسەن؟» دېيىلگەندە، ئىسكەندەر: «بۇ، چوڭ ئەيىب ئىشتۇر، مەن پۈتۈن ئالەم ئەرلىرىدىن غەلىبە قىلدىم، بىر خوتۇن ماڭا غالىپ كەلسە، ماڭا ھۆكۈمرانلىق قىلسا، بۇ، ئەر ئۈچۈن كۆتىرىپ تۇرۇشقا بولىدىغان ئىش ئەمەس» دەپ جاۋاب بەرگەن.

ئەي ئوغۇل، خوتۇنۇڭ بالاغەتكە يەتكەن، ئەقىللىق بولۇشى لازىم. ئۇ، ئۆي تۇتۇش يوللىرىنى بىلسۇن. بەك ياش، بويىغا يېتەر - يەتمىگەن كىچىك قىزنى ئالما. چۈنكى، مەرت ئادەملەر خوتۇننى ئۆي ئىشلىرىنى (ئائىلىنى) ياخشىلاش ئۈچۈن ئالىدۇ. پەقەت جىما (شەھۋانىي ئارزۇ) ئۈچۈنلا ئالمايدۇ. ئالغان قىز، خوتۇنۇڭ ئاتا - ئانىسىنىڭ، مەكتەپنىڭ توغرا تەربىيىسىنى ئالغان، ئۆي تۇتۇش تەدبىرلىرىنى ئۆگەنگەن بولسۇن. مۇنداق قىز، خوتۇن قولۇڭغا كىرەر بولسا، ئۇنى ئېلىشتا بىپەرۋالىق قىلما، ھېچ ۋاقىت خوتۇنۇڭغا يامانلىق قىلما. خوتۇنۇڭ ۋە ئائىلە تاۋاباتىڭنى خوش تۇتۇشۇڭ كېرەك. خوتۇنۇڭمۇ سېنى ئاتا - ئانىسى ئورنىدا كۆرۈپ مۇھەببەت باغلىسۇن. ساڭا ئىززەت ۋە ھۆرمەت قىلسۇن. ساڭا ئۇنىڭدىن ياخشى دوست بولمايدۇ. ئەگەر خوتۇنۇڭغا قاتتىقلىق ۋە ئەخلاقسىزلىق قىلساڭ، ساڭا ئۇنىڭدىن ئارتۇق دۈشمەن بولمايدۇ. يات دۈشمەندىن ساقلىنىش مۇمكىن، ئەمما خوتۇنۇڭ بىلەن ئوتتۇرادا دۈشمەنلىك بولسا ساقلىنىش مۇشكۈل.

ئەي ئوغۇل، ئەگەر قىز ئالساڭ غايەت مۇشتاق بولۇپ، ھەر كېچىسى جىما قىلما، خوتۇنۇڭ «ئەرلەرنىڭ ئادىتى ھەر كېچىسى جىما قىلىش ئىكەن» دەپ، بۇنىڭغا ئادەتلىنىپ قالمىسۇن. مۇبادا ساڭا بىر زۆرۈرىيەت كېلىپ قالسا ياكى سەپەرگە كەتسەڭ، سەن قايتىپ كەلگىچە ھەر كېچىسى جىماغا ئادەتلەنگەن خوتۇن ئۈچۈن يالغۇزلۇق ئېغىر كېلىدۇ. يەنى ئادىتى بويىچە ھەر كېچىسى جىما قىلدۇرۇشنى ئىزلەيدۇ. مۇنداق ۋەقە يۈز بېرىشتىن تەڭرى ئۆز پاناھىدا ساقلىسۇن. ھەر ھالدا ئەرلىك غۇرۇرىنى ساقلىغايسەن. غەيرەتسىز ۋە ھىممەتسىز قاتارىغا كىرىپ قالما. ھەر كىمنىڭ غەيرىتى يوق بولىدىكەن، دىنىمۇ يوقتۇر. «كىمنىڭ غەيرىتى يوقتۇر، دىنى ھەم يوقتۇر» دېيىلگەن ھېكمەتلىك سۆز بار. ھەقىقىي سادىق ھەم مېھرىبان، ياخشى سۈپەتلىك خوتۇنۇڭ بولسا، ئوغۇل، قىز پەرزەنتىڭنى قانداق تەربىيىلەش كېرەك؟

## ئون سەككىزىنچى باب. پەرزەنت تەربىيىلەش ھەققىدە

ئەي ئوغۇل، ئەگەر پەرزەنتىڭ بولسا، بىرىنچى زۆرۈر ئىش ياخشى ئىسىم قويۇش. چۈنكى، پەرزەنتىڭنىڭ ئاتىسى ئۈستىدىكى ھەقلەردىن بىرى، پەرزەنتىڭگە گۈزەل - ياخشى مەنالىق ئىسىم قويۇشتۇر. ئىككىنچى، ئىمكانىيەت بولسا، بالىنى ئەقىللىق ۋە مېھرىبان تەربىيىچى خوتۇنغا تاپشۇرۇش. ئوغۇل بولسا، خەتنە قىلدۇرۇش لازىم. ئاندىن كېيىن بىر مۇئەللىمگە تاپشۇرۇپ ئوقۇتۇش كېرەك. ئۇنىڭدىن تاشقىرى بىر ماھىر ئۇستازغا تاپشۇرۇپ، ھەربىي تەلىم - تەربىيە ئالدۇرغايسەن. جۈملىدىن ئاتقا مىنىش، ئوق ئېتىش، نەيزە سانجىش، قىلىچ چېپىشنى، مىلتىق ئېتىش قاتارلىقنىمۇ ئۆگىتىش كېرەك. بۇ پەنلەرنى ئۆگەنگەندىن كېيىن، سۇدا ئۈزۈشنى ئۆگەتكەيسەن.

ئەي ئوغۇل، مەن ئون يېشىمدا ئىدىم (ئاپتور ئۆزىگە قارىتىدۇ)، مېنى ئاتام ئەبۇ مەنزەر ئىسىملىك

بىر كىشىگە تاپشۇرۇپ، ھەربىي مەشقلەرنى ئۆگەتكەنىدى. بىر كۈنى ئۇ ئۇستازىم كېلىپ ئاتامغا: بۇ ئوغۇلغا ھەربىي تەربىيىدىن ھەممە پەننى ئۆگەتتىم. ئەمدى شىكار (ئوۋ) غا چىقىشقا بۇيرۇسىڭىز، ئۆگەنگەن ھۈنەرلىرىنى سىزگە كۆرسەتسۇن، دېدى. ئاتام ئاتلىنىپ شىكارغا چىقتى. مەن ئۆگەنگەن ھۈنەرلىرىمنى ئاتامغا كۆرسەتتىم. ئاتام مەزكۇر ئۇستازىمغا مۇكاپات بېرىپ، تون ـ سەرپاي كىيدۈردى. ئاتام ئۇستازىم ئەبۇ مەنزەرگە: «ئەي ئەبۇ مەنزەر، ھەممە ھۈنەرلەرنى ئوغلۇمغا ئۆگىتىپسەن، ياخشى ئۆگىنىپتۇ، بۇ ھۈنەرلەرنىڭ ھەممىسىدىن زۆرۈر بىر ھۈنەر قاپتۇ. ئۇ ھۈنەر سۇ ئۈزۈش بولەك ماھارەت، ھۈنەرلەرنى ئوغلۇم قىلمىسا باشقىلار قىلسىمۇ بولىدۇ، ھەر كىم سۇ ئۈزۈشنى ئۆزى بىلمىسە، باشقا كىشى ئۇنىڭ ئۈچۈن قىلىپ بەرمەيدۇ. باشقىلار قىلسا ئوغلۇمغا پايدىسى يوق. سوقۇش ۋاقىتلىرىدا ياكى سەپەردە ھەر كىشى سۇ ئۈزۈشنى ئۆزى بىلمىسە، كىشىلەرنىڭ بىلگىنى ئۇنىڭغا پايدا يەتكۈزمەيدۇ» دېدى. شۇندىن كېيىن ئاتام ئۇستا بىر كېمىچىنى تاپتۇرۇپ كېلىپ، ماڭا سۇ ئۈزۈشنى ئۆگەتتى. ئاخىرى بەيتۇللاغا بېرىپ ھەج قىلىش ئارزۇسى كۆڭلۈمگە چۈشۈپ شام (سۈرىيە) يولى بىلەن ھىجاز (بەيتۇللا) تەرەپكە ماڭدىم. دىجلە دەرياسىنى كېچىپ مۇسىل شەھىرىگە بارغاندا، ئۈستىمىزگە ئەرەبلەر باستۇرۇپ كېلىپ، بارلىق مال ـ مۈلۈكلىرىمىزنى تالان ـ تاراج قىلدى. ئاخىرى مۇسىل ئارقىلىـــق ئۆز مەملىكىتىمىزگە قايتىقىدەك خىراجىتىمىز ـ پۇلىمىز بولمىغانلىقتىن، بىر كېمىگە ئولتۇرۇپ دىجلە دەرياسى بىلەن باغداتقا قاراپ يۈزلەندۇق. دەريادا بىر گىرداپ (قاينام ـ دولقۇن) دۇچكېلىپ، كېمە غەرق بولدى. كېمىمىزدە يىگىرمە ئىككى كىشى بار ئىدى، كېمىدە مەن ۋە بەسرى خەلقىدىن بىر قېرى ئادەم، مېنىڭ بىر خىزمەتكارىم قالدۇق. چۈنكى، بۇ ئۈچ كىشى سۇ ئۈزۈشنى بىلگەنلىكىمىز ئۈچۈن ھايات قالدۇق، باشقىلار سۇ ئۈزۈشنى بىلمىگەنلىكىدىن غەرق بولۇپ ھالاك بولدى. شۇ بالادىن قۇتۇلۇپ، ئاتامنىڭ مۇھەببىتى كۆڭلۈمدە تېخىمۇ زىيادە بولدى. ئاتامغا كۆپلەپ دۇئا، سەدىقە ـ خەيرىيەت قىلدىم، قېرى ئاتام بېشىمغا قانداق كۈنلەرنىڭ كېلىشىنى بىلگەن ئىكەن دەپ ئويلىدىم. تىرىكچىلىكتە لازىم بولىدىغان بارلىق ئىلىم ـ ھۈنەرلەرنى پەرزەنتكە ئۆگىتىش لازىم. چۈنكى، دۇنيادا ئادەم تۈرلۈك قاينام ـ دولقۇنلار (ھادىسىلەر) غا ئۇچراشتىن خالى بولالمايدۇ، بېشىغا نېمىلەرنىڭ كېلىشىنى بىلەلمەيدۇ. ھايات جەريانى شۇنداق ئىكەن، ھەر نەرسىنى ئۆگەنسەڭ بىر كۈنى ساڭا ئەسقاتىدۇ. ئۆگىنىشكە تېگىشلىك ھۈنەرلەرنى پەرزەنتىڭگە ئۆگىتىشنى قولدىن بەرمىگىن. ئەگەر ئۇستاز ئوغلۇڭغا ئەدەب بەرسە — ئۇرسا، ئوغلۇڭغا ئىچ ئاغرىتىپ كەتمە. ئۇستازنىڭ تەربىيىسىنى قوللا، ئۇستازىدىن رەنجىمە. چۈنكى، باللار بوش قويۇۋېتىلسە ئىلىم ـ ھۈنەر ئۆگىنەلمەيدۇ. باللارنى ئۇرماق مېۋىلىك كۆچەتكە سۇ بەرگەنگە ئوخشايدۇ. ئەگەر ئۆز ئىختىيارىغا قويۇۋەتسەڭ بىر نەرسە ئۆگىنەلمەيدۇ. كەلگۈسىدە قولىغا كېلىدىغان نەتىجە ـ پايدىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرەلمەيدۇ. بىھۇدە ھاۋايى ـ ھەۋەسكە بېرىلىپ كېزىپ يۈرۈپ، ئۆمرىنى رايا كەتكۈزىدۇ.

سەن پەرزەنتىڭگە غەيرەتلىك ـ ھەيۋەتلىك كۆرۈنۈشۈڭ لازىم. ھەر قاچان سەندىن قورقسۇن. ئەگەر سەندىن پۇل، ماددىي نەرسە تەلەپ قىلسا ئايىما، پەرزەنتلىرىڭ ئاتام ئۆلسە مال ـ مۈلكى ماڭا مىراس قالاتتى دەپ ئۆلۈمىڭنى تىلىمىسۇن، پەرزەنتىڭگە بەرگەن پۇل، كىيىم ۋە باشقا نەرسىلەر، يىگۈزگەن تاماق ھۈنەر ـ ئىلىم ئۆگەنسۇن دېگەن نىيەت بىلەن بولۇش كېرەك، ئەگەر مۇنداق مەقسەتتە بولمىسا، چالا ـ تۇزاڭ بولۇپ زايا كەتكەن بولىدۇ. يەنە شۇنى بىلىش كېرەككى «ئوغلۇمنىڭ قابىلىيىتى بار» دەپ ھۈنەر ـ ئىلىم ئۆگىتىشتە بوشاڭلىق قىلما. ئەگەر سەن ئۇنىڭغا تەربىيە بەرمىسەڭ، بىر كۈنلىرى زامان ئۇنىڭغا ئەدەب ـ تەربىيە بېرىدۇ. بىراۋغا «ئاتا ـ ئانىسى تەربىيە بەرمىسە، كېچە ـ كۈندۈز ئۇنىڭغا ئەدەب بېرىدۇ» دېگەن گەپ بار. ئاتا ـ ئانىدىن ئايرىلىپ قالغاندا، كېچىلەردە، كۈندۈزلەردە ئاچ ـ يالىڭاچ قالغاندا ئەدەب ئۆگىنىدۇ. مېنىڭ بۇۋام شۇنداق ئېيتقانىكى: «ھەر كىشىگە ئاتا ـ ئانىسى ئەدەب ـ تەربىيە ئۆگەتمىسە، زامان ئۇنىڭغا تۈرلۈك جەۋرى ـ جاپالار ئارقىلىق تەربىيە بېرىدۇ.» پەرزەنتلەرنى تەربىيىلەش — ئاتا ـ ئانىلىق مەجبۇرىيەتتۇر. باللار ئاجىزدۇر. كىچىك، باللىق ۋاقتىدا تەبىئىي خۇلقىنى ئاشكارا

قىلالمايدۇ، ئۆسۈپ يېتىشكەندە نېمە قىلىشنى بىلمەيدۇ. تولۇق ئادەم بولۇپ يېتىشكەندە ئەخلاقىدىكى ياخشى - يامان تەرەپلىرى ئاشكارىلىنىدۇ. سىنىڭ مەسئۇلىيىتىڭ ئەدەب، ئىلىم - ھۈنەر ئۆگىتىش. ھەتتا بايلار ۋە پادىشاھلار (ھۆكۈمرانلار) نىڭ بالىلىرىغىمۇ ئىلىم، ھۈنەر لازىم. باي ھۆكۈمرانلارمۇ ھۈنەر، ئىلىم ئۆگىنىپ، ئۇ ھۈنەر بىلەن كەسىپ قىلسا ئەيىب ئەمەس، بەلكى بايلىقى، ئابرويى بولسا، نۇر ئۈستىگە نۇر قوشۇلىدۇ. بىر ۋاقىتى كەلگەندە بايلار، ھۆكۈمرانلار ھۈنىرى يوقلۇق سەۋەبىدىن يېرىم ئاقچىغا، بىر پارچە نانغا مۇھتاج بولىدۇ. ئەمما، ئىلىم - ھۈنەرنىڭ مېۋىسى مەڭگۈلۈكدۇر.

تارىخىي رىۋايەتلەردە بايان قىلىنىشىچە، ئىران شاھى كۈشناسىپ بىر زاماندا ۋەتىنىدىن ئايرىلىپ، مۇساپىر بولۇپ قۇستانتىنىيە (ئىستامبول) شەھىرىگە كېلىپ قاپتۇ. قولىدا دۇنيالىقتىن ھېچ نەرسىسى يوق ئىكەن. تىلەمچىلىك قىلىشقا نومۇس قىپتۇ. ئۇ ياش ۋاقتىدا ئاتىسىنىڭ سارىيىدا ئىشلىگەن تۆمۈرچىلەرنىڭ ھۈنىرىنى كۆرۈپ كۆزى پىشىپ قالغان ئىكەن (ھەۋەس قىلىپ تۆمۈرچىلەر يېنىدا كۆرەك بېسىش، بازغان سوقۇشنى ئۆگىنىۋالغان ئىكەن). بۇ ياقا يۇرتتا تۇرمۇشنىڭ غورىبەتچىلىك ئاچچىقىنى تېتىپتۇ. ئىلاجىسىزلىقتىن تۆمۈرچىنىڭ يېنىغا كېلىپ، مەن كۆرەك بېسىشنى، بازغان سوقۇشنى بىلىمەن، دەپتۇ. تۆمۈرچى ئۇنى كۆرەك بېسىش خىزمىتىگە ئاپتۇ. كۈشناسىپ بۇ تۆمۈرچىنىڭ يېنىدا ئىشلەپ تۇرمۇش كەچۈرۈپتۇ، كىشىگە تازا مۇھتاج بوپتۇ. كۈشناسىپ ئۆز مەملىكىتىگە قايتىپ كېلىپ تەختكە ئولتۇرغاندىن كېيىن: «باي بولسۇن، كەمبەغەل بولسۇن، ئەھلى دۆلەت بولسۇن بارلىق ئادەم ئەۋلادىغا ئىلىم، ھۈنەر ئۆگىتىشنى ئەيىب كۆرمىسۇن» دەپ پەرمان چۈشۈرۈپتۇ. باي، كەمبەغەل بولسۇن، ھەركىم ئەۋلادىغا ھۈنەر ئۆگىتىشى لازىم. ۋاقتى كەلگەندە يولداشلىرىنىڭ كۆپلىكى ۋە باتۇرلىقى كارغا كەلمەي قالىدۇ. ھۈنەر بولسا، باشقا كۈن چۈشكەندە ئەسقاتىدۇ. ھەزرىتى مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام: «كىشىنىڭ قولىدا ھۈنىرى بولسا، كەمبەغەلچىلىك - يوقسۇللۇقتىن ئامان بولىدۇ» دېگەنىدى.

ئەي ئوغۇل، ھېچ قاچان ئوغلۇڭ ئۆسۈپ كامالەتكە يەتسە ئۇنىڭغا دىققەت قىل، قابىلىيىتى بولۇپ، قولىدىن ئىش كەلگۈدەك بولسا ۋە ھۈنەر - كەسىپكە بېرىلىپ، بايلىقىنىڭ سەۋەبلىرىنى بىلىشكە مەشغۇل بولسا، ئۇنى ئۆيلەندۈرۈش كويىدا بول. مۇۋاپىق، پاك خوتۇندىن بىرنى ئېلىپ بەر، ئۈستۈڭدىكى ئاتىلىق ھەققى ئادا بولسۇن. ئەگەر ئوغلۇڭنىڭ قولىدىن ئىش كەلمەس بولۇپ، تۇرمۇش، دۆلەت ھاسىل قىلىش بىلەن مەشغۇل بولمىسا، ئۆيلەندۈرىمەن دەپ بىر كىشىنىڭ قىزىنى بالاغا قويما. ئۇلار بىر - بىرى بىلەن خۇش مۇئامىلە قىلىپ ئىناق تۇرمۇش كەچۈرمەي، باش ئاغرىقى قىلىپ ساڭا خاپىلىقتىن باشقا نەرسە كەلتۈرمەيدۇ. مۇنداق ئوغۇلنى ئۆز ھالىغا قوي، ئۆزىنى تۈزمىكەندە ئۆيلەنسۇن. زامان ئۇنى كۆزەتسۇن!

قىز بالىنىڭ تەربىيىسى يەنە ئالاھىدىدۇر. ئەگەر قىز بالاڭ بولسا، ئالدى بىلەن ئۇنى ئىپپەتلىك، ئوقۇمۇشلۇق بىر تەربىيىچىگە تاپشۇر، ئاندىن كېيىن بىر مۇئەللىمگە ئوقۇشقا بەر، زۆرۈرى ئىلىملەرنى ئۆگەنسۇن. ھالال - ھارامنى پەرق ئەتسۇن، ھەق - ناھەقنى بىلىۋالسۇن. تولۇق بالاغەتكە يەتسە، كېچىكتۈرمەي دەرھال تۇرمۇشقا چىقارغىن. «قىز بالا ئەردە بولغىنى ياخشى، ئەردە بولمىسا گۆردە بولغىنى ياخشى» دېگەن بىر تەمسىل بار. لېكىن قىز بالاڭ ئۆيۈڭدە، يېنىڭدا بولغاندا مېھىر - شەپقەت ۋە مەرھەمەتنى ئايىما، قىز بالا ئاتا - ئانىنىڭ ئالدىدا ئەسىرگە ئوخشايدۇ، ئۇنىڭ ئاتا - ئانىغا يۆلىنىشتىن باشقا چارىسى يوق. ئەمما، ئوغۇل بالا ئاتا - ئانىسىدىن شەپقەت كۆرمىسىمۇ بىر ئامال قىلىپ كۈن كەچۈرىدۇ. قولۇڭدىن كېلىشىچە تەييارلىق كۆرۈپ، قىزىڭنى ياخشى تەربىيىلەنگەن، ئوبدان، مۆمىن بىر كىشىگە نىكاھلاپ بەر. ئەگەر قىزىڭ باكىرە (توي قىلمىغان) بولسا، توي قىلمىغان يىگىتكە بېرىشىڭ لازىم. توي قىلمىغان قىزنى توي قىلىپ تۇل قالغان ئەرگە بەرمىگەن ياخشى. چۈنكى، قىز - ئوغۇل ھەر ئىككىلىسى قىز، يىگىتلىك ھالىتىدە توي قىلىشسا، بىر - بىرىگە مۇھەببىتى مۇستەھكەم، ئىناق بولىدۇ. ئوغۇل - قىزنىڭ ئائىلىلىرى تەڭ دەرىجىدە بولغىنى ياخشى. قىزىڭغا ياخشى لايىق تېپىلغاندا تويلۇق ئۈچۈن كۆپ مال تەلەپ قىلما. قىزنى مالغا ساتقانلاردىن بولما! قىزىڭنى ئەرنىڭ ئادىمىگەرچىلىكى، مۇرۇۋۋىتى، شەپقىتىگە تاپشۇر.

ئابدۇرشىت ئىسلامى تەرجىمىسى

# قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى ئالماشلار توغرىسىدا دەسلەپكى مۇلاھىزە

بۇھەيرا ئابلەت، تىلىۋالدى كېۋىر

بۇ ماقالىدا ئاساسەن قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى ئالماشلارنىڭ مەنىسى، ئالماشلار ئۆزى ئىپادىلىگەن مەنىسىگە قاراپ تۈرلەرگە بۆلۈنىشى، ئالماشلارنىڭ گرامماتىكىلىق خۇسۇسىيىتى ۋە ئۇنىڭ ئالاھىدە شەكىللىرىنىڭ كونتېكستتىكى ئىپادىلىرى توغرىسىدا توختالماقچىمەن.

1. ئالماشنىڭ مەنىسى

ئالماش — ئىسىم، سۈپەت، سان، مىقدار ۋە رەۋىشلەرنىڭ ئورنىغا كېلىدىغان، لېكىن شەيئىلەرنى، شەيئىلەرنىڭ بەلگىسىنى، سان ـ مىقدارىنى، ھەرىكەت بىلەن مۇناسىۋەتلىك ھالەتلەرنى كونكرېت ئاتاپ ئىپادىلىمەي، مەلۇم جەھەتتىن ئابستراكىتلاشتۇرۇپ ئىپادىلەيدىغان سۆز تۈركۈملىرىنىڭ بىرىدۇر. مەسىلەن: (قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى مىساللار خەلقئارالىق بەلگىلەر بويىچە بېرىلدى) كىشىلىك ئالماشلىرىدىن mɛn~ben (مەن)، sen (سەن) قاتارلىق ئالماشلار ئىسىم ئورنىدا كېلىدۇ، لېكىن ئۇ كونكرېت بىر ئادەمنى ئەمەس بەلكى سۆزلىگۈچى (I شەخس)، ئاڭلىغۇچى (II شەخس) ئورنىدا تۇرغان ھەر قانداق ئادەمنى بىلدۈرىدۇ؛ بەلگىلەش ئالماشلىرىدىن nɛŋ nɛŋ (ھەر قانداق) ئالمىشى سۈپەت ئورنىدا كېلىدۇ، لېكىن ئۇ كونكرېت بىر بەلگىنى ئەمەس، بەلكى ھەر خىل بەلگىلەرنىڭ مۇستەسناسىزلىقىنى بىلدۈرىدۇ؛ يەنە بەلگىلەش ئالماشلىرىدىن qamaʁ، alqu~alʁu (ھەممە، بارلىق) ئالمىشى سان ياكى سان مىقدار بىرىكمىسى ئورنىدا كېلىدۇ. لېكىن ئۇ كونكرېت سان ـ مىقدارنى بىلدۈرمەيدۇ؛ سوراق ئالماشلىرىدىن qatʃ an (قاچان) ئالمىشى ۋاقىت رەۋىشى ئورنىدا كېلىدۇ، لېكىن كونكرېت بىر ۋاقىتنى ئەمەس، بەلكى مەلۇم دائىرىدىكى ھەر قانداق ۋاقىتنى بىلدۈرىدۇ.

2. قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى ئالماشلارنىڭ ئۆزىنىڭ ئىپادىلىگەن مەنىسىگە قاراپ تۈرلەرگە بۆلۈنىشى

قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى ئالماشلار ئۆزىنىڭ كونتېكستتا ئىپادىلىگەن ئالاھىدىلىكىگە قاراپ كىشىلىك ئالماش، كۆرسىتىش ئالماش، سوراق ئالماش، ئۆزلۈك ئالماش، بولۇشسىز ئالماش، بەلگىلەش ئالماشتىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇنىڭ كونكرېت شەكىللىرى تۆۋەندىكىچە:

بىرىنچى، كىشىلىك ئالماشلىرى

| بىرلىك | كۆپلۈك |
|---|---|
| ben (مەن) | biz (بىز) |
| sen (سەن) | sizler~senler (سىلەر) |
| siz (سىز) | |
| ol—an—in (ئۇ) | olar، anlar—inlar (ئۇلار) |

ئىككىنچى، كۆرسىتىش ئالماشلىرى

| | |
|---|---|
| بۇ | bu |
| ئۇ يەرنى | oljerig |
| بۇ، ئۇشبۇ | oʃbu |
| ئەشۇ، شۇ | oʃul |

ئۈچىنچى، سوراق ئالماشلىرى

| | |
|---|---|
| كىم | kim |

| | |
|---|---|
| قانداق، نېمە | nemen~nerek~neteg |
| نە، نېمە، قەيەر | nɛ |
| قايسى | qɑju~qɑnju |
| قانچە، نەچچە | qɑtʃ~qɑntʃɑ |
| قاچان | qɑtʃɑn |
| نەچچە - نەچچە | nɛtʃɛ nɛtʃɛ |
| نېمە ئۈچۈن، نېمىشقا | nɛgylyg~nɛglyg |
| نېمىشكە | nɛlik~nɛlyk~nɛtʃyk |
| نېمىشقا | nɛtʃykledi |
| نېمىشكە، قانداقلا بولمىسۇن | nɛtʃykin |
| قەيەردە، قانداق | qɑntɑ~qɑntʃɑ |

تۆتىنچى، ئۆزلۈك ئالماشلىرى

| | |
|---|---|
| ئۆزەم، ئۆزۈم | Φzym |
| مەن ئۆزەم | bɛn Φzym |
| مەن ئۆزۈم | Kɛnty Φzym |
| ئۆزى | Kɛnty Φzyη |
| ئۆزى، ئۆزىلا | Kɛnty Φzy |
| ئۆزى | Φzi |

بەشىنچى، بولۇشسىز ئالماشلىرى

| | |
|---|---|
| ھېچكىم، ھەركىم | Kimtʃɑ Kim |
| كىم بولمىسۇن، ھەر قانداق | Kim Kim |
| قايسىبىر | Kim qɑju |
| ھېچكىم | Kim nɛη |

ئالتىنچى، بەلگىلەش ئالماشلىرى

| | |
|---|---|
| ھەممە | qɑmɑʁ |
| پارچە، بارلىق | bɑrtʃɑ |
| نۇرغۇن | ɑmɑri |
| ھەممە، بارلىق | ɑlqu~ɑlʁu |
| بارلىق، ھەممە | jumqi |
| ھەربىرى، ھەر قايسى | Kɛnty Kɛnty |
| ھەر قانداق | nɛη nɛη |

3. ئالماشنىڭ گرامماتىكىلىق خۇسۇسىيىتى

ئالماشنىڭ مەخسۇس سۆز تۈركۈمى بولۇپ ئايرىلىشىدا، ئۇلارنىڭ شەيئىلەرنىڭ بەلگىسىنى، سان - مىقدارىنى، ھەرىكەت بىلەن مۇناسىۋەتلىك ھالەتلىرىنى كونكرېت ئاتاپ ئىپادىلىمەي، مەلۇم جەھەتتىن ئابستراكىتلاشتۇرۇپ ئىپادىلەشتەك ئورتاق لېكسىكىلىق، سېمانتىكىلىق ئالاھىدىلىكى ئاساس قىلىنغان. ئالماشتىن ئىبارەت بۇ سۆز تۈركۈمى ئۆز تەركىبىدىكى ھەممە ئالماشلار ئۈچۈن ئورتاق بولغان گرامماتىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە ئەمەس، ئالماشلار ئاساسەن قايسى سۆز تۈركۈمىدىكى سۆزلەرنىڭ ئورنىدا كەلسە، شۇ سۆز تۈركۈمىنىڭ ھەممە ياكى بىر قىسىم گرامماتىك خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بولىدۇ. ئالماشنىڭ بەزى تۈرلىرى شۇ تۈردىكى ئالماشلارغا خاس بولغان بەزى گرامماتىك خۇسۇسىيەتلىرىنىمۇ ئىپادىلەيدۇ. شۇڭا ئالماشلارنىڭ گرامماتىك خۇسۇسىيەتلىرىنى ئالماشنىڭ ھەر قايسى تۈرلىرى ۋە كونكرېت ئالماشلار

تۇغرىسىدىكى باياندىلا ئايدىڭلاشتۇرۇۋالغىلى بولىدۇ.

4. ئالماشلارنىڭ جۈملىدىكى كونكرېت ئىپادىلىرى

1). كىشىلىك ئالماشلىرى:

بۇ ئاساسەن شەخسلەرگە تەئەللۇق بولغانلىقى ئۈچۈن، ئىسىمنىڭ تەۋەلىك كاتېگورىيىسى بىلەن تۈرلەنمەيدۇ، بۇ نۇقتا ئۇلارنىڭ لېكسىكىلىق مەنىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك؛ I ، II شەخسنى ھېسابقا ئالمىغاندا ئىسىمنىڭ سان كاتېگورىيىسى بويىچە تۈرلەنمەيدۇ، چۈنكى ئۇلارنىڭ كۆپلۈك شەكىللىرى ئايرىم سۆز (لېكسىكىلىق بىرلىك) سۈپىتىدە تۇراقلىشىپ قالغان؛ ئېنىقلىغۇچى تەلەپ قىلمايدۇ، پەقەتلا ئىسىمنىڭ كېلىش كاتېگورىيىسى بىلەن تۈرلىنەلەيدۇ. biz (بىز) ئالمىشى بەزىدە bizler (بىزلەر) شەكلىدىمۇ كېلىدۇ (ئۇچرايدۇ)، بىراق لېكسىكىلىق مەنىسى ئۆزگەرمەيدۇ؛ ئىگە بولۇپ كەلگەندە ئۆزىگە خەۋەر بولۇپ كەلگەن پېئىللارنىڭ شەخس، سان ۋە ئاتاش تۈرى جەھەتلەردىن ئۆزى بىلەن بىردەك بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ؛ ئىگىلىك كېلىش سۈپىتىدە ئېنىقلىغۇچى بولۇپ كەلگەندىمۇ، تەۋەلىك شەكلىدە ئېنىقلانغۇچى بولۇپ كەلگەن ئىسىملارنىڭ شەخس، سان ۋە ئاتاش تۈرى جەھەتلەردىن ئۆزى بىلەن بىردەك بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ.

تۆۋەندە «كىشىلىك ئالماش»لىرىنىڭ شەخسلەر تۈرى بويىچە بولغان ئالاھىدىلىكلىرىنى كۆرۈپ باقايلى، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا، كىشىلىك ئالماشلىرىدىن I شەخسنىڭ تۈرلىرى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى بىلەن ئوخشاش بولۇپ، (قىسمەن فونېتىكا ئۆزگىرىشنى ھېسابقا ئالمىغاندا) ئومۇمەن سۆزلىگۈچىنى ئىپادىلەيدۇ. بۇنىڭ كونتېكستتىكى ئىپادىلىرى تۆۋەندىكىچە.

① ئىگە بولۇپ كېلىدۇ. بۇ ۋاقىتتا I شەخستىكى شەخس ئالماشلىرىنىڭ مەنىسى خەۋەر بولۇپ كەلگەن پېئىللارنىڭ شەخسلىك شەكىللىرىدىن مەلۇم بولۇپ تۇرىدۇ. مەسىلەن:

(بىل 37) ben antfa tirmen (مەن مۇنداق دېدىم)

(تون 60) benjoq ertim erser··· (مەن يوق بولغان بولسام ···)

بۇ جۈملىنىڭ خەۋىرىدىكى «ser» پېئىلنىڭ شەرت رايى قوشۇمچىسى بولۇپ، بۇ شەكىل 7 ــ ئەسىردىن 9 ــ ئەسىرگىچە بولغان تۈرك ــ رونىك يېزىقىدا يېزىلغان يازما ئەسەرلەردە ئۈچ شەخس ئۈچۈن ئورتاق قوللىنىلغان. شۇڭا بۇ جۈملىدە «erser» (بولسا) دەپ تەرجىمە قىلىنماي، (بولسام) دەپ ئېلىندى.

(تون .45) biz jme sylėdimiz (بىز يەنە جەڭ قىلىشىمىز)

② ئېنىقلىغۇچى بولۇپ كېلىدۇ. ئىگىلىك كېلىش شەكلىدە ئېنىقلىغۇچى بولۇپ كەلگەن I شەخستىكى شەخس ئالماشلىرىنىڭ مەنىسىمۇ ئېنىقلانغۇچى ئىسىمنىڭ تەۋەلىك شەكلىدىن مەلۇم بولۇپ تۇرىدۇ. مەسىلەن:

biziŋ qutubiz siziŋ qutuŋiz bolmif bolup turur.

(ئوغ. 120) (بىزنىڭ بەختىمىز سىزنىڭ بەختىڭىزدۇر)

③ تولدۇرغۇچى بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

(ئىككى. 21) bizni irintf qilʁaʁsiz (بىزنى خىجالەت قىلىپ قويىسىز)

④ جۈملىدە ھالەت بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

bizinte adintaqi af itfky joq erintf.

(ئال. 613) (بىزدىن باشقا ئوزۇقى يوق بولۇشى مۇمكىن)

I شەخس ئالمىشىنىڭمۇ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا ئوخشاشلا سىپايە تۈرى بولۇپ، ئاڭلىغۇچىنى سىپايە ئاتاشقا قوللىنىلىدۇ. لېكىن تۈر جەھەتتىن ھازىرقىدىن تارراق، شەكىل جەھەتتىن قىسمەن ئۆزگىچىلىكى بار. مەسىلەن:

ئاددىي تۈر

بىرلىك | كۆپلۈك
sen (سەن) | senlɛr (سىلەر)

سىپايە تۈر

بىرلىك | كۆپلۈك
siz (سىز) | sizlɛr (سىزلەر)

بۇلارنىڭمۇ جۈملىدىكى رولى يۇقىرىقىغا ئوخشاش.

① جۈملىدە ئىگە بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

bɛn Φŋdyn tɛgɛjin. sen jirdantajan tɛg.

(كت. 8) (مەن شەرقتىن ھۇجۇم قىلاي، سەن شىمالدىن ھۇجۇم قىل.)

② جۈملىدە ئېنىقلىغۇچى بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

ilteqanʁantʃim siziŋ ɛrmɛzmy?

(ئىككى . 15) (ئەلدە تاپقىنىم سىزنىڭ ئەمەسمۇ؟)

③ جۈملىدە تولدۇرغۇچى بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

(ئىككى. 10) ①sini intʃɛ sɛvermɛn. (سېنى شۇنداق ياخشى كۆرىمەن.)

④ ھالەت بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

(چاس. 80) ②sizlɛrni birlɛ syŋyfkeli keljykmɛn (سىلەر بىلەن سىناشقىلى كەلدىم)

(تون. 18) ③bɛn saŋa nɛ ajajin (مەن ساڭا نېمە دەي)

ھالەت بولۇپ كەلگەن ئىككىنچى جۈملىدىكى «sizlɛrni birlɛ» دىكى «sizlɛr» گە قوشۇلىدىغان چۈشۈم كېلىش قوشۇمچىسى «ni» ئۇشۇقتەك تۇيۇلىدۇ، ئەمەلىيەتتە «birlɛ» (بىلەن، بىللە) تىركەلمىسى: / بىرلەشمەك، بىرگە تۇرماق / دېگەن پېئىلدىن تىل تەرەققىياتى جەريانىدا بۆلۈنۈپ چىققان. «birlɛ» ئەمەلىيەتتە ئۆزلۈك پېئىل بولۇپ چۈشۈم كېلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. «ni» شۇ سەۋەبتىن قوشۇلغان. بۇنداق ئەھۋال تۈركىي يېزىقىدىكى يادىكارلىقلاردىمۇ كۆرىلىدۇ. بۇ مىسالدىكى «sizlɛrni birlɛ» سىلەر بىلەن بىللە» دېگەن مەنىنى بېرىدۇ. بۇ جۈملىدىكى «birlɛ» ھەرىكەتنىڭ ۋاستىسى بولۇپ كەلگەن.

Ⅳ. شەخس ئالمىشىمۇ بىرلىك ۋە كۆپلۈك شەكىلدە بولۇپ، شەكىل جەھەتتە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىن قىسمەن پەرقلىنىدۇ. مەسىلەن:

بىرلىك | كۆپلۈك
ol، an، in (ئۇ)؛ | olar، inlar، olar، anlar (ئۇلار)

دىن ئىبارەت بولۇپ، بىرلىك شەكلى Ⅲ شەخس بىرلىك شەخس ئالمىشى بولۇپ، سۆزلەنگۈچى بىر ئادەم ياكى نەرسىنى بىلدۈرىدۇ؛ كۆپلۈك شەكلى Ⅲ — شەخس كۆپلۈك ئالمىشى بولۇپ، ئىككىدىن ئارتۇق سۆزلەنگۈچىنى بىلدۈرىدۇ. Ⅲ شەخس ئالمىشىنىڭ Ⅰ، Ⅱ شەخس ئالماشلىرىدىن پەرقلىنىدىغان يېرى شۇكى، ئۇ بىر تەرەپتىن شەخسنى كۆرسەتسە، يەنە بىر تەرەپتىن ئورۇننى ۋە نەرسىنى ئاتاشقا قوللىنىلىدۇ. Ⅲ شەخس ئالمىشى مەيلى شەخسلەرنى بىلدۈرسۇن ياكى نەرسە ۋە ياكى ئورۇننى بىلدۈرسۇن، ئوخشاشلا جۈملىنىڭ ھەممە بۆلەكلىرى بولۇپ كېلەلەيدۇ.

① Ⅲ شەخسنى ۋە شەيئىلەرنى بىلدۈرۈپ، جۈملىدە ئىگە بولۇپ كەلگەن. مەسىلەن:

(تون. 7) ol bu jɛrig qiflaʁlanti (ئۇ بۇ يەردە قىشلىدى)

(تون. 22) ol sabiʁ ɛʃidip (ئۇ گەپنى ئاڭلاپ ...)

(كت . 37) ol at anta Φlti (ئۇ ئات ئۇ يەردە ئۆلدى)

② جۈملىدە تولدۇرغۇچى بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

qatun joq bolmiʃ ɛeti، ani joʁlatajin tidi.

(تون. 31) (خوتۇن دۇنيادىن ئۆتتى، ئۇنى دەپنە قىلمۇقچىمەن دېدى.)

③ جۈملىدە ئېنىقلىغۇچى بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

(ئوغ. 5) anuη aηaʁusi ufbu turur. (ئۇنىڭ شەكلى شۇنداقتۇر)

④ ھالەت بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

(ئىككى. 5) εtin, qanin satar anin Φz εgidyr. (ئۇنىڭ بىلەن ئۆزلىرىنى باقاتتى)

aηar adintfiʁ barq jaratturdum.

(كىت. ج. 12) (ئۇنىڭغا ئاجايىپ ھەشەمەتلىك ئىمارەت سالدۇرغۇزدۇم)

(نىس. 18) Xirodis qan olarqa intfε tip tidi. (خىرودىس خان ئۇلارغا مۇنداق دېدى)

(ئوغ. 180) urus bεgnig oʁuli aηa KΦp altun jumladi.

(ئۇرۇس بەگنىڭ ئوغلى ئۇنىڭغا نۇرغۇن ئالتۇن ۋە كۈمۈش ئىنئام قىلدى)

قەدىمكى ئۇيغۇر تىلدا Ⅲ شەخس ئالمىشى ol (ئۇ) يۇقىرىدىكى مەزمۇنلارنى بىلدۈرگەندىن باشقا يەنە ئىسىم ياكى ئىسىم خاراكتېرلىك سۆزلەر خەۋەر بولۇپ كەلگەن جۈملىلەردە خەۋەردىن كېيىن كېلىپ، ھۆكۈم، كېسىم رولىنى ئوينايدۇ. مەسىلەن:

(تۈر) εrdεmlig kifi εrdini birlε tyz ol (پەزىلەتلىك كىشى گۆھەرگە ئوخشاشدۇر)

(ئال. 618) burxan baxfimiz anta tuʁjuq ol (بۇرخانلار تۇغۇلغاندۇر.)

(د. ل. I . 53) ol mεniη oʁlum ol. (ئۇ مېنىڭ ئوغلۇمدۇر)

يۇقىرىدىكىلەردىن باشقا يەنە I ، Ⅱ شەخس ئالماشلىرى پېئىللارنىڭ كەلگۈسى زامان قوشۇمچىلىرى سۈپەتداش ۋە راي قوشۇمچىلىرىدىن كېيىن كېلىپ، پېئىللارنىڭ شەخس قوشۇمچىلىرى سۈپىتىدە قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

tyrk bodun toqurqaqsεn, atfsiq tosiq

(تون. 8) Φmεzsεn

(تۈرك خەلقى قانائەتچانسەن، ئاچلىقىڭنى تويغىنىڭنى ئويلىمايسەن)

(چاس. 160) aniη jarliqiηa εrksizin mεn

(ئۇنىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇنىمەن)

(چاس. 100) ol jarliqin bytyrgεli anuq tururbiz

ئۇنىڭ بۇيرۇقلىرىنى ئورۇنداشقا تەييارىمىز)

(ئىككى. 39) luu qaniηa KΦzyngεjsiz

(ئەجدىھالار خانىغا يولۇقىسىز)

2) كۆرسىتىش ئالماشلىرى: (بۇنىڭ شەكىللىرى ئالماشلارنىڭ تۈرىدە كۆرسىتىلدى.) شەيئىلەرنى ياكى تۈرلۈك بەلگە ھالەتلەرنى ئىشارەت بىلەن ياكى كونتېكىستتا باغلاش يولى بىلەن ئىپادىلەيدۇ ۋە ياكى ئېنىقلايدۇ. كۆرسىتىش ئالماشلىرى ئىسىمنىڭ ئاساسىي خۇسۇسىيەتلىرىدىن سان، كېلىشلەر بىلەن بىۋاستە تۈرلىنىپ، كونتېكىستتا تۆۋەندىكىدەك مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ. ① جۈملىدە ئىگە بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

(م. س. 104) ol joltfa barip ariti sansardin ozʁali bolmaz.

(ئۇ يول بىلەن بېرىپ سانساردىن قۇتۇلغىلى بولماس)

bu bitig bitigmε atisi jolluʁ tigin

(كىت. ج. 13) (بۇ پۈتۈكنى يازغۇچى ئاتىسى يوللۇق تېگىن)

② ئېنىقلىغۇچى بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

anuη aηaʁusi ufbu turur.

(ئۇنىڭ قىياپىتى شۇنداقتۇر)

كۆرسىتىش ئالمىشى «ol» جۈملىدە ئىگىلىك كېلىش قوشۇمچىسى قوشۇلمايمۇ ئېنىقلىغۇچى بولۇپ

كېلىدۇ. مەسىلەن:
(كىت. ج 3) ol amti ankiʁ joq.
(ئۇنىڭ ئەمدى يامىنى يوق)
③ جۇملىدە تولدۇرغۇچى بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:
(ئۇغ. 294) . KΦp toqufʁulardan soŋ anlarni aldi
(كۆپ قېتىملىق ئۇرۇشتىن كېيىن ئۇلارنى ئالدى) .
(كىت. ج. 12) buni KΦry biliŋ
(بۇنى كۆرۈپ بىلىڭ)
④ ھالەت بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:
munda KΦp kikleri kΦp quflari bar turur.
(ئۇغ. 50) (بۇ يەردە نۇرغۇنلىغان كىيىكلەر ۋە قۇشلار بار ئىدى) .
(سام. 120) samtso atfari muŋar barmazun
(سام ستسو ھەزىرىتى ئۇ يەرگە بارمىسۇن.)
يۇقىرىدىكىلەردىن باشقا، يەنە كۆرسىتىش ئالماشلىرىدىن
antfa، intfɛ ، andaʁ ، muŋtaʁ شەكىللىرىنىمۇ ئۇچرىتىشقا بولىدۇ. مەسىلەن:
(ئىككى. 25) ne muŋtaʁ bolti.
(نېمىشقا بۇنداق بولدى.)
(ئىككى. 5) qaŋi qan intfɛ tip tidi.
(دادىسى خان مۇنداق دېدى)
ani ytfyn ilig antfa tutmis ɛrintf.
(كىت. ش. 3) (شۇنىڭ ئۈچۈن ئەلنى مۇشۇنداق تۇتقان بولۇشى مۇمكىن)

3) سوراق ئالماشلىرى شەيئىلەرنىڭ نامى، بەلگىسى، سانى ياكى ھەرىكەتنىڭ بەلگىسى، ۋاقتى قاتارلىقلارغا سوئال بولۇپ كېلىدۇ. (بۇنىڭ شەكىللىرى ئالماشلارنىڭ تۈرلىرىدە كۆرسىتىلدى.)

تۆۋەندە سوراق ئالماشلىرىدىن ئالاھىدىرەك بولغان بىر قانچە شەكىللىرىنىڭ جۈملىدىكى رولىنى كۆرسىتىپ ئۆتىمىز:

«Kim» نىڭ جۈملىدىكى رولى

① بۇ جۈملىدە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا ئوخشاشلا سوراق ئالمىشى «كىم» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:
(ئىككى. 21) Kim talujqa barajin tiser kiriŋlar.
(كىم دېڭىزغا بېرىشنى خالىسا كىرىڭلار.)
(چاس. 20) aj Kim sen.
(ھەي كىم سەن؟)
Kim Φlym adaqa qorqsar afnuraq joriŋlar.
(ئىككى. 32) (كىم خېيىم ـ خەتەردىن قورقمىسا، ئالدىغا چىقىڭلار.)
②«Kim» جۈملىدە ئەگەشتۈرمە باغلىغۇچىلىق رولىنى ئويناپدۇ.
مەسىلەن: taŋ ɛrte bolduqta keldi kΦrdikim
(ئوغ. 33) qiat buʁuni alup turur.
(تاڭ ئاتقاندا كېلىپ كۆردىكى قارىسا قىئات بۇغىنى يەپ كېتىپتۇ)
③ «Kim» جۈملىدە قاراتما سۆز بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:
(ئوغ 220) Kim sen munda qal atf

(ھەي! سەن بۇ يەردە قېلىپ ئاچ.)

④ «Kim» سوراق ئالمىشى، جۈملىدە بولۇشسىز ئالمىشى «ھېچكىم» دېگەن مەنىدىمۇ قوللىنىلىدۇ.

مەسىلەن:

Φtyr jarliqin efidip kim neŋ yn temediler.

(ئىككى. 22) (ئاندىن بۇيرۇقنى ئاڭلاپ ھېچكىم زادى زۇۋان سۈرمىدى.)

⑤ «Kim» سۆزى تەكرارلىنىپ كېلىپ، «قانداقلا بولمىسۇن، كىم بولمىسۇن» دېگەن «بولۇشسىز ئالماش» مەنىسىنى بېرىدۇ.

مەسىلەن:

Kim Kim tfam tfarim qimazunlar.

(ئىق. 12) (ھەر قانداقىنىڭ دەۋا قىلىشىغا رۇخسەت يوق.)

(1) «nε» (نېمە، قانداق) بىرىنچىدىن ئادەمدىن باشقا شەيئىلەرگە سوئال بولۇپ كېلىدۇ.

مەسىلەن:

nε kergekin bartfa bergej biz. (ئىككى. 21)

(نېمە كېرەك بولسا شۇنى بېرىمىز)

atf nε jimes, toq nε timez. (د. ل. I. 108)

(ئاچ نېمە يېمەيدۇ، توق نېمە دېمەيدۇ.)

(2) «nε» سۆزى جۈملىدە سوراقنى بىلدۈرگەندىن باشقا يەنە مەلۇم ھېسسىياتنى ئىپادىلەيدىغان ئىملىق سۆزى رولىدىمۇ كېلىدۇ.

مەسىلەن:

bu nε emgeklig jer ermiz.

(ئىككى. 4) (بۇ نېمە دېگەن جاپالىق يەر.)

(3) «qatf»، «qatfan»، «netfε» سۆزلىرى ئومۇمەن سانغا ياكى ۋاقىتقا سوئال بولۇپ كېلىدۇ.

مەسىلەن:

qatf qata talujqa kirip··· (ئىككى. 24)

(نەچچە قېتىم دېڭىزغا كىرىپ···)

siz qatfan burxan qutin bulsarsiz meni

titmeŋ, qutʁariŋ. (ئىككى. 55)

(سىز قاچان بۇرخان بەختىگە ئولتۇرسىڭىز مېنى تاشلىماڭ، يۆلەپ قويۇڭ، قۇتقۇزۇڭ.)

avtfi netfε al bilser, adiʁ antfa jol bilir.

(د. ل. I. 93) (ئوۋچى نەچچە ھىيلە بىلسە ئېيىق شۇنچە يول بىلىدۇ.)

(1) «netfε» يۇقىرىقى مەنىدىكى مەنىلەردىن باشقا يەنە، سۈپەتنىڭ ئالدىدا كېلىپ سۈپەتنى ئىنىقلاپ كېلىدۇ.

مەسىلەن:

netfε munduz erse ef edgy,

netfε egri erse jol edgy. (د. ل. I. 458)

(ھەر قانچە ئەسكى بولسىمۇ ھەمراھ ياخشى، قانچە ئەگرى بولسىمۇ يول ياخشى.)

netfε ked uzanip igittim erser···

(ئال 613) (شۇنچە ياخشى كۈتكەن بولسامۇ···)

(2) «netfε» تەكرارلىنىپ كەلگەندە «كۆپ قېتىم» «نۇرغۇن قېتىم» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ.

مەسىلەن:

meniŋ bu etΦzym jyzmiŋ jyzmiŋ aʒunlartin

bery joqsuz asiʁsiz netfε netfε jirydi, artadi. (ئال. 612)

(مېنىڭ بۇ تېنىم ئۇزۇن زامانلاردىن بۇيان كېرەكسىز، پايدىسىز بولۇپ كۆپ قېتىم بۇزۇلدى.

(

(3) «qɑntɑ» (قەيەردە)، «qɑntfɑ» (قەيەرگە) ئالماشلىرى «نە»، «قەيەردە» دېگەن سۆزنىڭ ئورۇن كېلىش ۋە يۆنىلىش كېلىش شەكلىنىڭ ئىستېمال جەريانىدا تۇراقلاشقان شەكلى بولۇپ، جۈملىدە ئورۇنغا سوئال بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

ɑj bujruqɑ ɑmrɑq ɑtɑjim qɑntɑ ɛrmis.

(ئال. 624) (ھەي خىزمەتچىم، ئامراق قوزام قەيەردە ئىكەن؟)

(ئىككى .57) bu qɑntfɑ barʁɑj

(بۇ قەيەرگە بارالايتتى؟)

(4) «qɑjusiŋɑ» «qɑju»، ئالمىشى، II نىڭ شەخس ۋە يۆنىلىش كېلىش شەكلى بىلەن تۈرلىنىشى بولۇپ، «قايسى بىرىگە» «قايسىبىرىنى» دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن:

(ئىككى .6) qɑjusiŋɑ ɛmgktɛ ozʁurʁɑj sɛn.

(قايسىنى جاپادىن قۇتۇلدۇرالايسەن؟)

qɑju kifi Φg qɑŋ kΦŋlin bɛrtsɛr…

(ئىككى .10) (قايسى كىشى ئاتا - ئانىسىنىڭ كۆڭلىنى ئاغرىتسا…)

(تىب .27) bu tΦrtɛgydɛ qɑjusi bolsɑr.

(بۇ تۆتىدىن قايسى بولسا)…

4) ئۆزلۈك ئالماشلىرى: بۇ «ئۆز» سۆزىدىنلا ئىبارەت بولۇپ، ھامان ئىسمىنىڭ تەۋەلىك قوشۇمچىلىرى بىلەن بىرىككەن ھالدا قوللىنىلىدۇ. ئۇنىڭ تەۋەلىك قوشۇمچىلىرى بىلەن بىرىككەن شەكىللىرى تۆۋەندىكىچە:

بىرلىك

| I شەخس | II شەخس | III شەخس |
|---|---|---|
| Φzym (ئۆزۈم)؛ | Φzyŋ (ئۆزۈڭ)؛ | Kɛnty ~ Φzi (ئۆزى) |
| Φzym | (ئۆزۈم) | |
| Φzymyz (ئۆزىمىز) | Φzyŋlɑr (ئۆزۈڭلار) | Φzi (ئۆزى) |

قەدىمكي ئۇيغۇر تىلىدىكى ئۆزلۈك ئالماشلىرىدىن «Kɛnty» قارىماققا III شەخسكە تەۋە ئۆزلۈك ئالمىشى بولسىمۇ، ئۇ كۆپ ھاللاردا ئۈچ شەخسكە ئورتاق شەخس ئالماشلىرىنىڭ رولىنى ئوينايدۇ. ئۇنىڭ شەخس ئالمىشى ياكى ئۆزلۈك ئالمىشى رولىدا كەلگەنلىكىنى ئۇنىڭ كونتېكستتىكى رولىدىن بايقىۋېلىشقا بولىدۇ. مەسىلەن:

Kɛnty Φzym (مەن ئۆزەم)

Kɛnty Φzyŋ (سەن ئۆزۈڭ)

Kɛnty Φzi (ئۇ ئۆزى)

Kɛntygɛ ɛdgyкɛ Φtlɛjyrbiz (ئۆزىگە ياخشى بولسۇن دەپ نەسىھەت قىلىمىز)

Kɛnty bilgɛj (ئۆزى بىلەر).

يۇقىرىدىكى ئۈچ جۈملىدىكى «كەنتۇ» شەخس ئالمىشى رولىدا كەلگەن. تۆۋەندىكى ئىككى جۈملىدە ئۆزلۈك ئالمىشى رولىدا كەلگەن.

① ئۆزلۈك ئالماشلىرى تەۋەلىك قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلىنىپ كەلگەن بولسىمۇ، تەۋەلىك ئۇقۇمىنى ئىپادىلىمەيدۇ. ئۇلار پەقەت ئۆزى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئالماش ۋە ئىسىملارغا شەخس، سان ۋە ئاتاش تۈرى جەھەتتە ماسلىشىدۇ. مەسىلەن:

biz Φzymiz… (611. ئال) (بىز ئۆزىمىز)

(ئۆز كۆڭلىدە) Kenty KΦηilintɛ··· (ئال. 611)

(2) ئۆزلۈك ئالمىشىنىڭ بۇ شەكىللىرى ئىسىمنىڭ خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بولۇپ، ئىسىمنىڭ كېلىش كاتېگورىيىسى بويىچە تولۇق تۈرلىنىدۇ.

| | | |
|---|---|---|
| مەسىلەن: ئىگىلىك كېلىش: | Φz(i)niη | (ئۆزىنىڭ) |
| بېرىش كېلىش: | Φzymɛ، Φzigɛ | (ئۆزەمگە) |
| چۈشۈم كېلىش | Φzig، Φzin | (ئۆزىنى) |
| ئورۇن كېلىش: | Φzymin | (ئۆزەمنى) |
| چىقىش كېلىش: | Φzidɛ | (ئۆزىدە) |
| ۋاستە كېلىش: | Φzidin | (ئۆزىدىن) |
| بېرىش كېلىش | Φzyn | (ئۆزى بىلەن) |
| | Kɛntygɛ | (ئۆزىگە) |

(3) ئۆزلۈك ئالمىشىنىڭ جۈملىدىكى رولى ئىسىمنىڭ جۈملىدىكى رولى بىلەن تامامەن ئوخشايدۇ. ئۆزلۈك ئالمىشى جۈملىدە تۆۋەندىكىدەك مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ.

(4) ئۆزلۈك ئالماشلىرى ئىگىلىك كېلىش بىلەن تۈرلىنىپ، بەزىدە يوشۇرۇن هالدا جۈملىدە ئادەملەرنى تەكىتلەپ ئىپادىلەپ، تۇرغۇن سۆزلەرنىڭ ئالدىدا كېلىپ، ئېنىقلىغۇچى بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

(ئىككى. 64) Kɛntyiniη quti Φlygi ytfyn···

(ئۆزىنىڭ بەخت - تەلىيى بولغانلىقى ئۈچۈن···)

(ئوغ. 30) Φz αʁiziʁα bαqαr turur bolsa.

(ئۆزىنىڭ ئاغزىغا قارىسا···)

(ئىككى. 64) Φz qαdini jiriηɛ tɛgdi.

(ئۆزىنىڭ قېينى ئاتىسىنىڭ يۇرتىغا بار.)

αmti Φz ulufumqα jαnturu bαrʁuluq tαpim ol.

(سام. 25) (ئەمدى ئۆزەمنىڭ يۇرتىغا قايتىشىم كېرەك.)

(5) ئۆزلۈك ئالماشلىرى ئىسىم ۋە شەخس ئالماشلىرىغا ئالمىشىپ كەلگەندە ئىسىمنىڭ رولىنى ئوينايدۇ. بۇ ۋاقىتتا شەخس ئالماشلىرى بەزىدە چۈشۈپ قالىدۇ. مەسىلەن:

(ئىككى. 10) Kɛnty biliηɛj ɛrntf.

(ئۆزى بىلىۋېلىشى مۇمكىن.)

(بىل. ج. 14) Φzyη ɛdgy KΦrtɛtfisɛn

(ئۆزەڭ ياخشىلىق كۆرسەن.)

(بىل. س. 17) Φzym tαrduf yzɛ fαd ɛretim.

ئۆزەم تاردۇش ئۈستىدە شاد ئىدىم.)

(چاس. 145) munα isig Φzym yzgɛli turur.

(مانا هازىر ئىسسىق جېنىمدىن ئايرىلىش ئالدىدا تۇرۇۋېتىمەن.)

(ئىككى. 53) Kɛnty Φlgɛj

(ئۆزى ئۆلە ياكى ئۆزى ئۆلىدۇ.)

(6) سۇبيېكتنىڭ پائالىيەتچانلىقى تەكىتلەنگەندە ياكى سۇبيېكتنى شۇ جۈملىنىڭ ئۆزىدە تەكرارلاشقا توغرا كەلگەندە، شۇ سۇبيېكتنى ئىپادىلىگۈچى ئالماش ياكى ئىسىملار بىلەن بىرلىكتە شۇلارغا مۇۋاپىق شەكىلدىكى ئۆزلۈك ئالمىشى قوللىنىلىدۇ. بەزىدە سۇبيېكتنى ئىپادىلىگۈچى ئالماش ياكى ئىسىم بىلەن ئۆزلۈك ئالمىشىنىڭ ئارىسىدا باشقا جۈملە بۆلەكلىرى كېلىشىمۇ مۇمكىن.

مەسىلەن: Kenty Φzyŋ Φk biziŋaltin

ystyn tiſmizke juqi bolʁali keltiŋ. (چاس. 50)

(يالغۇز ئۆزەڭلا بىزنىڭ ئاستىن-ئۈستىن چىشىمىز ئارىسىغا يەمبولغىلى كەلدىڭ.)

maxasatvi tigin kenty Φzi janturu

jana ol ariʁqa kirip… (ئال . 615)

ماخاساتۋى تېگىن يالغۇز ئۆزى قايتىدىن يەنە شۇ ئورمانلىق ئىچىگە كىرىپ …)

bilge tonjuquq ben Φzym tabʁatſ iliŋe

qilintim (تون . 1)

(مەن ئۆزەم دانىشمەن تونيۇقۇق جۇڭگودا تەربىيىلەندىم.)

(7) ئۆزلۈك ئالمىشى «Kenty» تەكرارلىنىپ، «ھەر قايسى»، «ھەربىرى» دېگەن مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ.

مەسىلەن: Kenty Kenty Φz iſin iſlejyr…

(ئىككى . 5) (ھەر قايسى ئۆز ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل ئىدى.)

5) بولۇشسىز ئالماشلىرى پەقەت بولۇشسىز جۈملىدىلا قوللىنىلىپ، مەلۇم كۆپ سانلىق شەيئىنىڭ ياكى ھەر خىل بەلگە، سان - مىقدار، ۋاقىتلارنىڭ ھەر قانداقىنى بىلدۈرىدۇ. قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى بولۇشسىز ئالماشلار، سوراق ئالماشلىرىنىڭ تەكىتلىنىشى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. بۇنىڭ شەكلى «ئالماشنىڭ تۈرلىرى» دە كۆرسىتىلدى.

(1) بولۇشسىز ئالماشلىرىنىڭ جۈملىدىكى رولى:

Kimqaju قاتارلىق بولۇشسىز ئالماشلار، ئىسىم، ئالماشلىرىغا تەۋە بولۇپ، جۈملىدە ئىسىمنىڭ رولىنى ئوينايدۇ.

Kim qaju Kiſi (ئىككى . 57)

(قايسى بىر كىشى…)

Kimtſa kim tſam tſarim qilmazun.

(ئىق. 12) (ھېچكىم جېدەل - ماجىرا قىلىشمىسۇن.)

6) بەلگىلەش ئالماشلىرى:

بەلگىلەش ئالماشلىرى مەلۇم كۆپ سانلىق شەيئىلەرنىڭ ياكى ھەر خىل بەلگە، سان- مىقدار، ۋاقىتلارنىڭ مۇستەسناسىزلىقىنى بىلدۈرىدۇ. قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى «بەلگىلەش ئالماشلىرى» نىڭ كۆپ قىسمى بىرلا سۆزدىن تۈزۈلگەن بولۇپ، بىر قىسمى ئۆزلۈك ئالماشلىرىنىڭ تەكرارلىنىشى ۋە جۈملىدە كۆپ مەنا ئىپادىلەيدىغان سۆزلەرنىڭ تەكىتلىنىشى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. بۇنىڭ شەكىللىرى «ئالماشنىڭ تۈرلىرى» دە تونۇشتۇرۇلدى.

(1) بىر سۆزلۈك بەلگىلەش ئالماشلىرىدىن

qamaʁ, bartſa, amari, alqu, jumqi

قاتارلىقلار ئۆزئارا مەنىداش بولۇپ، جۈملىدە ئومۇمەن مەلۇم كۆپ سانلىق شەيئىنىڭ تولۇق سان - مىقدارىنى بىلدۈرۈپ كەلگەن. مەسىلەن:

amari tinliʁlar (ئىككى . 5)

(نۇرغۇن ئادەملەر)

alqu nomlariʁ… (م. س. 102)

(بارلىق نوملار…)

(2) بەلگىلەش ئالماشلىرى جۈملىدە ئىسىمنىڭ رولىنى ئوينىغاندا، ئۆتۈملۈك پېئىللارغا ئاشكارا ۋە بەزىدە - يوشۇرۇن (چۈشۈم كېلىش قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلىنىپ بەزىدە تۈرلەنمەي) ھالدا بېقىنىپ كېلىپ، جۈملىدە تولدۇرغۇچى بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

ytſ tyrlyg kΦzyntſin ertydin jumqi ali

jarliʁqadi (نىبس . 30)

ئېلىپ كەلگەن ئۈچ تۈرلۈك سوۋغىتىنىڭ ھەممىسىنى ئېلىپ مۇنداق دېدى.)

Φtry tigin aiquni taplamadi··· (ئىككى . 20)

(شۇنداق قىلىپ شاھزادە ھەممىسىنى ياقتۇرمىدى ···)

(3) بەلگىلەش ئالماشلىرى Ⅱ شەخس قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلىنىپ، جۈملىدە ئىسىمنىڭ رولىدا كېلىپ، ئىسىملارنى ئىنىقلاپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

uluf boldun bartfasi tigin ytdyn

busanur (ئىككى. 21)

(يۇرتىنىڭ ئەل جامائەتىنىڭ ھەممىسى تىگىن ئۈچۈن قايغۇرماقتا ئىدى.)

(4) بەلگىلەش ئالماشلىرىدىن «qamaʁ» I شەخش كۆپلۈك ئالماشلىرىنىڭ كەينىدىن كېلىپ، «-بىلەن -ئەيلەن» مەنىسىنى بېرىدىغان «un» قوشۇمچىسىنى ئۆزىگە تۈرلەپ كېلىپ «ھەممەيلەن، بىز ھەممەيلەن، ياكى بىز ھەممىمىز» دېگەن مەنىلەرنى بېرىپ، جۈملىدە ئىگە بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

biz qamaʁun amti isig

Φzy myzke et Φzymyzke ertiŋy ilinmif japfin

mif biz. (ئال. 611)

(بىز ھەممىمىز ئۆزىمىزنىڭجېنىمىز ۋە تېنىمىزگە ئېسىلىۋالىمىز ۋە يېپىشىۋالىمىز.)

(5) قوش سۆز بىلەن ئىپادىلىنىدىغان بەلگىلەش ئالماشلىرىدىن «neŋ neŋ» مۇ مەلۇم كۆپ سانلىق شەيئىنىڭ تولۇق سان - مىقدارىنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن:

neŋ neŋ sabim ersr beŋy tafqa

urtim (ھەممە سۆزۈمنى مەڭگۇ تاشقا ئويدۇم) كىت. ج 11)

(6) قوش سۆز بىلەن كېلىدىغان بەلگىلەش ئالماشلىرىدىن «kenty kenty» مەلۇم كۆپ سانلىق شەيئىنىڭ ھەر بىرىنى ياكى ئىككىنىڭ يۇقىرى سانلارنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

adruq uzlar kenty kenty Φz ifin iflejŋr.

(ئىككى . 5)

(ھەر خىل كەسىپ ئەھلىلىرى، ھەر قايسىسى ئۆز ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانماقتا ئىدى.)

qamuʁ talariʁ kenty kenty erdemi.

belgysi bar. (تالاس . 13)

بارلىق تاشلارنىڭ ھەر خىل پەزىلىتى بار.)

يۇقىرىدىكىلەردىن كۆرۈشكە بولىدۇكى، قەدىمكىي تىلىمىزدىكى ئالماشلارنىڭ شەكىللىرىنىڭ قىسمەنلىرى ھازىرقى تىلىمىزغا ئوخشىمىغاندەك قىلىسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ كۆپ قىسمى، گراماتىك تۈرلىنىشى، جۈملىدىكى ئورنى ۋە رولى جەھەتلەردە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى ۋە تۇغقان تىللىرى بىلەن بىردەكتۇر. بۇنىڭدىن بىز قەدىمكىي ئۇيغۇر تىلىنى ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىش، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنى يورۇتۇپ بېرىشتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپلا قالماي، بەلكى تۇغقان تىللارنى تەتقىق قىلىشتىمۇ ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە دەپ قارايمىز.

---


پايدىلانغان ماتېرىياللار

1. «تۈركىي تىللار دىۋانى» 1 -، 2 -، 3 - توم.
2. «قەدىمكىي تۈركىي تىلى گراماتىكىسى» ئا. ۋون. گابائىن
3. «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى گراماتىكىسى» خەمىت تۆمۈر.
4. تىلغا ئائىت ماقالىلار.
5. «قەدىمكىي ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرى» دىن تاللانما.

# تەھرىرلەر كەسىپ ئەخلاقى ھەققىدە دەسلەپكى مۇلاھىزە

ئابدۇغوپۇر سەئىدىن

تەھرىرلەر كەسىپ ئەخلاقى كەڭ تەھرىرلەر ئۈچۈن تونۇشلۇق بولسىمۇ، يېڭى دەۋر، يېڭى ۋەزىيەت ۋە يېڭى ۋەزىپە ئالدىدا، بۇنى قايتىدىن ئوتتۇرىغا قويۇش ۋە مۇھاكىمە قىلىش زۆرۈر بولغاچقا، بۇ ماقالەمدە تەھرىرلەر كەسىپ ئەخلاقىغا دائىر بەزى مەزمۇنلار ھەققىدە دەسلەپكى ئويلىرىمنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، تەھرىر سەپداشلار بىلەن پىكىر ئالماشتۇرماقچىمەن.

ئومۇمەن ئەخلاق كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى، جۈملىدىن شەخس بىلەن جەمئىيەت ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى تەڭشەيدىغان ھەرىكەت قائىدىلىرىنىڭ يىغىندىسى بولۇپ، ئىش تەقسىماتىنىڭ ئىنچىكىلىشىشىگە ئەگىشىپ، ئۇنىڭ تۈرىمۇ كۆپىيىدۇ، شۇ ۋەجىدىن ھەر قايسى كەسىپ، ۋە ئىش تۈرلىرى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى بارغانسېرى كۈچەيتىشكە، ئۇلار ئوتتۇرىسىدا كۆرۈلگەن مەسىلىلەرنى، زىددىيەتلەرنى ۋاقتىدا، توغرا، مۇۋاپىق ھەل قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. بۇ ھەر قايسى كەسىپ ۋە ھەر قايسى ئىش تۈرلىرى ئارا بىرلىككە كەلگەن قائىدە - ھەرىكەت ئۆلچىمىنىڭ بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ قائىدە - ئۆلچەم كەسىپ ئەخلاقىدىن ئىبارەتتۇر.

كەسىپ ئەخلاقى تەربىيىسى ئەخلاق تەربىيىسىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى، ئۇ پۈتكۈل ئەخلاق تەربىيىسىد ئىنتايىن مۇھىم ئورۇننى ئىگىلەيدۇ، ئۇ رېئاللىنى ئىجتىمائىي ئەخلاقنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى، سوتسىيالىستىك ئەخلاق قۇرۇلۇشىدىكى مۇھىم نۇقتا.

ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنىڭ چوڭقۇرلىشىشى، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ يەنىمۇ ئازاد بولۇشى ۋە راۋاجلىنىشى، يېڭى ساھە، يېڭى كەسىپ ۋە يېڭى ئىش تۈرلىرىنىڭ بارلىققا كېلىشى نەتىجىسىدە، ئىجتىمائىي ئىش تەقسىماتى بارغانسېرى ئىنچىكىلىشىپ بارىدۇ، ھەر قايسى كەسىپ، ھەر قايسى ئىش تۈرى ئارىسىدىكى ئالاقە، مۇناسىۋەت ۋە ھەمكارلىق مۇقەررەر يۇسۇندا كۆپىيىدۇ. شۇنىڭ بىلەن كەسىپ ئەخلاقىنىڭ دائىرىسىمۇ كېڭىيىدۇ. مەسىلەن: ئەمەلدار - باشلىقلارنىڭ «ئەمەلدارلار ئەخلاقى»، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ «ئوقۇتقۇچىلار ئەخلاقى»، دوختۇر - تېۋىپلارنىڭ «تىبابەت ئەخلاقى»، سەنئەتكارلارنىڭ «سەنئەت ئەخلاقى»، سودىگەرلەرنىڭ «تىجارەت ئەخلاقى»، يازغۇچى، تەھرىر، تەرجىمانلارنىڭ «يېزىقچىلىق ئەخلاقى»، ھۆكۈمەت خىزمەتچىلىرىنىڭ «مەمۇرىيلار ئەخلاقى»، ھەربىيلەرنىڭ «ئارمىيە ئەخلاقى»، يېزا ئىگىلىكى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنىڭ «دېھقان (چارۋىچى) لار ئەخلاقى» بارلىققا كېلىدۇ، ۋەھاكازالار.

11 - نۆۋەتلىك پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيانقى 20 يىلغا

يېقىن ۋاقىت ئىچىدە، ماددىي مەدەنىيەتنىڭ تېز يۈكسىلىشىگە ئەگىشىپ، مەنىۋى مەدەنىيەت جەھەتتىمۇ، جۈملىدىن ئەخلاق جەھەتتىمۇ كىشىنى خۇشال قىلىدىغان نۇرغۇن ئۆزگىرىشلەر مەيدانغا كەلدى. بۇنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش لازىم. شۇنداقتىمۇ يېڭى ۋەزىيەت ئاستىدا بارلىققا كەلگەن، كىشىنى تەشۋىش - ئەندىشىگە سېلىۋاتقان ۋە سالىدىغان بەزىبىر «قاراڭغۇ» تەرەپلەرنىمۇ كۆرمەسلىككە بولمايدۇ. ئۇنىڭغا يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بەرمەسلىككە تېخىمۇ بولمايدۇ. باشقىسىنى قويۇپ تۇرۇپ، ئاخبارات - نەشرىيات ساھەسىنىلا مىسال قىلىدىغان بولساق، بۇ ساھەدىمۇ ئىجتىمائىي ئەخلاق، كەسىپ ئەخلاقىغا مۇخالىپ بەزى مەسىلىلەر ساقلانماقتا. مەسىلەن: بەزى تەھرىر يولداشلاردا، جەمئىيەتتە ئېقىپ يۈرگەن «بۈگۈنكى كۈندە پۇل ھەممىگە قادىر، پۇلۇڭ بولمىسا ھېچقانداق ئىشىڭ ئەمەلگە ئاشمايدۇ» ، «يازغۇچى، تەھرىر، تەرجىمانمەن دەپ ئەتىگەندىن كەچكىچە شىرەگە ‹سەجدە› قىلىپ ئولتۇرۇپ، ياپياش تۇرۇپلا، ئاقباش قېرى بولۇپ كەتكىچە، بىرەر - ئىككى سودىنى ئېپىدە قىلىپ قويۇپ، چۆنتەكنى لىقداپ ئويۇن - تاماشا قىلغان تۈزۈك» دېگەنگە ئوخشاش «ھەممىدە پۇلغا قاراش» ئىدىيىسىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، ئۆز كەسپىنى دېگەندەك قىزغىن سۆيمەيدىغان، كەسىپ جەھەتتە بېرىلىپ ئىزدەنمەيدىغان، كەسىپكە مەسئۇلىيەتچان بولمايدىغان، قىسقىسى، خەلق ئۈچۈن، سوتسىيالىزم ئۈچۈن دەيدىغان ئىدىيىسى ئاجىزلىشىپ كېتىدىغان؛ تۈرلۈك رەسمىيەتلەرنى ۋاقتىدا، تولۇق، ئوچۇق ئۆتىمەيدىغان؛ ھەقلىق مۇلازىمەتنى ياقلايدىغان ۋە تەشەببۇس قىلىدىغان؛ كىتاب نومۇرىنى ساتىدىغان؛ كىتاب سودىگەرلىرى بىلەن شېرىكلىشىپ كىتاب چىقىرىدىغان؛ توختامغا، لەۋزىگە ئەمەل قىلمايدىغان؛ ئۆز مەھسۇلاتىنىڭ سۈپىتىگە باشتىن - ئاخىرغىچە مەسئۇل بولمايدىغان؛ مەزمۇن، ھەر خىل قۇرۇلما (ئاساسلىقى مەنتىقىلىق، گىراماتىكىلىق، ئىستىلىستىكىلىق) ئىملا قائىدىسى جەھەتلەردىن سۈپەت ئۆتكەلىنى قاتتىق ئىگىلىمەسلىك تۈپەيلىدىن، بەزى سۈپەتسىز مەنىۋى مەھسۇلاتلارنى جەمئىيەتكە چىقىرىشتەك ئەھۋاللار ساقلانماقتا ۋە باشقىلار. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى تەھرىرلەرگە قارىتىلغان ئەخلاق تەربىيىسى، بولۇپمۇ كەسىپ ئەخلاقى تەربىيىسىنى كۈچەيتىشنىڭ، نۆۋەتتە ئىنتايىن جىددىي ۋە مۇھىم بىر ۋەزىپە بولۇپ قالغانلىقىنى تولۇق چۈشەندۈرىدۇ.

ئاخبارات - نەشرىياتچىلىقتىكى ئاساسلىق ۋەزىپە، ھەر مىللەت خەلقىنى سۈپەتلىك، ياخشى مەنىۋى مەھسۇلاتلار بىلەن ۋاقتىدا تەمىنلەشتىن ئىبارەت. سۈپەتلىك، ياخشى ئەسەرلەرنى كۆپلەپ چىقىرىش، ياخشى ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي ئۈنۈم ھاسىل قىلىش ئۈچۈن، كۈچلۈك تەھرىرلىك كۈچى بولمىسا، ئۈنۈملۈك، نىشانلىق باشقۇرۇش تۈزۈمى بولمىسا بولمايدۇ. كۈچلۈك تەھرىرلىك كۈچى، يۈكسەك ئىنقىلابىي كەسىپچانلىقتىن ۋە مەسئۇلىيەتچانلىقتىن كېلىدۇ. نىشانلىق باشقۇرۇش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى، ئىنقىلابىي كەسىپچانلىق ۋە مەسئۇلىيەتچانلىقنى ئۇزاققىچە داۋاملاشتۇرۇشتىكى ئۈنۈملۈك تەدبىر. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى كەسىپ ئەخلاقىدا تەلەپ قىلىنىدىغان ۋە ھەل قىلىنىدىغان مەسىلىلەردۇر.

ئۇنداقتا، تەھرىرلەرنىڭ كەسىپ ئەخلاقىدا نېمىلەر نۇقتىلىق ھەل قىلىنىشى كېرەك؟

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى ئېلان قىلغان «نەشرىيات باشقۇرۇش مىزانى»نىڭ 3 -

ماددىسىدا مۇنداق كۆرسىتىلىدۇ: «نەشرىيات ئىشلىرىدا خەلق ئۈچۈن، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلىش يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇش شەرت، ماركسىزم، لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىدە ۋە جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىدىيىسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇش، مىللەتلەرنىڭ ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە، ئىقتىسادنىڭ تەرەققىياتىغا ۋە جەمئىيەتنىڭ ئومۇميۈزلۈك ئالغا ئىلگىرىلىشىگە پايدىلىق بولغان بارلىق پەن ـ تېخنىكا ۋە مەدەنىيەت بىلىملىرىنى تارقىتىش ۋە توپلاش. مىللىي، مۇنەۋۋەر مەدەبىيەتنى جارى قىلدۇرۇش، خەلقئارا مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش، خەلقنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىنى بېيىتىش ۋە يۇقىرى كۆتۈرۈش لازىم». مانا بۇ تەھرىر يولداشلارنىڭ يېڭى ۋەزىيەتتىكى يۈكسەك ئىجتىمائىي بۇرچى ۋە ۋەزىپىسىدۇر. شۇنداقلا ئۇلارنىڭ كەسىپ ئەخلاقىنىڭ نېگىزلىك مەزمۇنىدىن ئىبارەتتۇر. كونكرېتنى قىلغاندا، مېنىڭچە، بۇنىڭدا ئاساسلىقى تۆۋەندىكى مەسىلىلەرنى نۇقتىلىق ھەل قىلىش لازىم:

(1) جان دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن ئىشلەش ئىدىيىسىنى مەھكەم تۇرغۇزۇش كېرەك. بۇ توپ مەقسەت ۋە پرىنسىپ، شۇنداقلا كەسىپ ئەخلاقىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى. تەھرىرلەر پارتىيە، ھۆكۈمەت ۋە خەلقنىڭ ھاۋالىسى بىلەن گېزىت، كىتاب ـ ژۇرنال قاتارلىق نەشىر بۇيۇملىرىنى تەھرىرلەش بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ئۇلار ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنى «ئىككى مەدەنىيەت» قۇرۇلۇشىغا ئائىت ئىقتىسادىي، سىياسىي، مەدەنىيەت، پەن ـ تېخنىكا بىلىملىرى ۋە ئۇچۇرلىرى بىلەن تەمىن ئېتىدۇ. شۇڭا، ئۇلار ئالدى بىلەن پارتىيىگە، خەلققە ۋە سوتسىيالىزم ئىشلىرىغا سادىق بولۇشى، جان ـ دىل بىلەن خەلققە خىزمەت قىلىشى لازىم. ئۇلار چوقۇم جاپالىق ئەمگەكى ئارقىلىق ياخشى ئەسەرلەرنى كۆپلەپ چىقىرىشى لازىمكى، ناچار ئەسەرلەرنى چىقارماسلىقى لازىم. سېرىق، زەھەرلىك، شەھۋانىي مەزمۇندىكى نەرسىلەرنى، قانۇنسىز نەرسىلەرنىڭ نەشىر قىلىنىشىغا ھەرگىز يول قويماسلىقى كېرەك.

(2) كۈچلۈك كەسىپچانلىققا ئىگە بولۇش لازىم. كەسىپچانلىق مەسئۇلىيەتچانلىقنىڭ كونكرېت گەۋدىلەندۈرۈلۈشى، شۇنداقلا خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتىكى ئەمەلىي ئىپادە. شۇڭا، تەھرىرلەر كۈچلۈك كەسىپچانلىققا ئىگە بولۇپ، كىتاب، ژۇرنال تەھرىرلەشنى خەلق ماڭا تاپشۇرغان شەرەپلىك ھەم جاپالىق ۋەزىپە دەپ تونۇشى، بۇ ۋەزىپىنى ئادا قىلىش يولىدا، ھېرىش ـ چارچاشتىن، تاپا ـ تەنىلەردىن قورقماي، قېتىرقىنىپ ئىشلىشى، تىرىشىپ ئۆگىنىپ، ئۆز بىلىمىنى ئاڭلىق بېيىتىپ، تەھرىرلەر ھازىرلاشقا تېگىشلىك ماھارەت ۋە ئىقتىدارنى پائال يېتىشتۈرۈشى، ئۆز خىزمىتىنىڭ ھۆددىسىدىن بىمالال چىقالايدىغان، لاياقەتلىك جەڭچىلەردىن بولۇشى لازىم. بۇنىڭدا قەدىردان زۇڭلىيىمىز جۇئېنلەينىڭ «قانچىلىك ئۆمۈر كۆرسە، شۇنچىلىك ۋاقىت ئۆگىنىش» دېگەن ھېكمەتلىك سۆزىنى ئۆزىگە قىبلىنامە قىلىشى كېرەك.

(3) ئىجتىمائىي ئۈنۈمنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش ۋە يۇقىرى ئۆلچەم قىلىش لازىم. بىزنىڭ توپ ۋەزىپىمىز «كىشىلەرنى ئىلمىي نەزەرىيە ئارقىلىق قوراللاندۇرۇش، توغرا جامائەت پىكرى ئارقىلىق يېتەكلەش، ئالىيجاناب روھ ئارقىلىق تەربىيىلەش، مۇنەۋۋەر ئەسەر ئارقىلىق ئىلھاملاندۇرۇش» تىن ئىبارەت. بۇ تۆت جۈملە سۆزنىڭ ھەممىسى بىزگە مۇناسىۋەتلىك. يولداش دېڭ شياۋپىڭ ئاخبارات ـ نەشرىيات ئىجتىمائىي ئۈنۈمنى ئەڭ يۇقىرى

ئۆلچەم قىلىش لازىملىقىنى تەلەپ قىلغانىدى. بۇ يەردە ئېيتىلىۋاتقان ئىجتىمائىي ئۈنۈم ئاساسلىقى جۇڭگوچە سوتسىيالىزمغا، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشقا، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەتكە پايدىلىق بولۇشتا ئىپادىلىنىدۇ. ئىقتىسادىي ئۈنۈم ئىجتىمائىي ئۈنۈمگە كاپالەتلىك قىلىش ئالدىنقى شەرتى ئاستىدا ئىگىلىك پائالىيىتى ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ. ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى تەكىتلەش ۋە ئۇنىڭغا ئەھمىيەت بېرىش توغرا. لېكىن، ئاخبارات ـ نەشرىيات خىزمىتى ئادەتتىكى ئىقتىسادىي خىزمەتكە ئوخشىمايدۇ. ئۇ ناھايىتى كۈچلۈك ئىدىيىۋىلىك ۋە ئىدېئولوگىيىلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان بولغاچقا ئۇنىڭ پائالىيىتى ۋە نەتىجىسىنىڭ قىممىتى تېخىمۇ مۇھىمى ئىجتىمائىي ئۈنۈمدە كۆرۈلىدۇ. سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى يولغا قويۇلۇۋاتقان شارائىتتا، ئاخبارات ـ نەشرىيات جەھەتتىكى مۇتلەق زور كۆپ ساندىكى نەتىجىلەر تاۋار شەكلى ئارقىلىق بازارغا كىرىدۇ، ئادەتتىكى ئەھۋالدا پايدا ئېلىشىمۇ مۇمكىن، بىراق ئاخبارات ـ نەشرىيات ھەرگىز پۇل تېپىش قورالى ئەمەس، ئاخبارات ـ نەشرىيات خادىملىرى «پايدا بولسىلا ئۆزىنى ئاتىدىغان سودىگەرلەردىن بولۇپ قالماسلىقى لازىم.» شۇڭا، بىز نەشرىيات خىزمەتچىلىرى، بولۇپمۇ تەھرىرلەر ئىجتىمائىي ئۈنۈمنى جەزمەن ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇشىمىز، «ھەممىدە پۇلغا قاراش»قا قەتئىي قارشى تۇرۇشىمىز، تۆت ئاساسىي پرىنسىپقا، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشكە، مىللەتلەر ئىتتىپاقىغا، ۋەتەننىڭ بىرلىكىگە، مۇقىملىققا، جۈملىدىن جۇڭگو مىللەتلىرىنىڭ ھەر تەرەپلىمە ساپاسىنى ئۆستۈرۈشكە پايدىلىق ئەسەرلەرنى كۆپلەپ چىقىرىشىمىز لازىم.

(4) سۈپەتنى يۇقىرى كۆتۈرۈش جەھەتتە تازا كۈچ چىقىرىش لازىم. نۆۋەتتە ئاخبارات ـ نەشرىياتچىلىق جەھەتتە «سان كۆپ بولۇش، قۇرۇلما تەڭپۇڭسىز بولۇش، تەكرار قۇرۇلۇش قىلىش، سۈپەتكە سەل قاراشقا ئوخشاش تارقاقلىق، چېچىلاڭغۇلۇق مەسىلىسى» ساقلىنىپ تۇرۇۋاتقان ئەھۋالدا، ئەسەر سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش بازار ئىگىلىكى ھەرىكەت مېخانىزمىنى ئورنىتىشتىكى مۇھىم بىر مەسىلىدۇر. شۇڭا، تەھرىرلىك خىزمىتىدە «ئۈچ قېتىم تەكشۈرۈش، ئۈچ قېتىم سېلىشتۇرۇش» تۈزۈمىنى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈپ ۋە ئۇنىڭدا قەتئىي، ئاڭلىق ۋە باشتىن ـ ئاخىر چىڭ تۇرۇپ، «چوڭ مەسىلە يوق، ھازىر كىتابنى، ژۇرنال، گېزىتنى ئۇنچىۋىلا زىغىرلاپ كۆرىدىغانلاردىن نەچچىسى بار ئىدى»، «ئۇنچىۋالا جان كۆيدۈرگەننى بىلىدىغان ئادەم بارمىدى» دېگەنگە ئوخشاش مەسئۇلىيەتسىز پوزىتسىيىنى ئاڭلىق تۈگىتىپ، مەدەنىيىتىمىزنىڭ بايراقدارى لۇشۈن ئەپەندىنىڭ «ئەسەرلىرىمنى ئەڭ ئاز دېگەندە ئۈچ قېتىم كۆرۈپ ئۆزگەرتىمەن» دېگەن سۆزىنى ئۈلگە قىلىپ، قەتئىي نىيەتكە كېلىپ ئەسەر تەھرىرلىكىدە ساقلىنىۋاتقان ھەر خىل نۇقسانلارنى تىرىشىپ تۈگىتىشىمىز، سۈپەت ئۆتكىلىنى ئىگىلەشتە باشتىن ـ ئاخىر چىڭ تۇرۇشىمىز، شۇ ئارقىلىق ئەسەرلەرنىڭ دەرىجىسى ۋە ۋەزنىنى تىرىشىپ يۇقىرى كۆتۈرۈشىمىز لازىم.

(5) ئىشتا ئادىل ـ لىللا بولۇش، كەسىپتىكى ناتوغرا ئىستىللارنى ئاڭلىق تۈگىتىش لازىم. تەھرىرلەر تېگى ـ تەكتىدىن ئالغاندا ئادەم تەربىيىلىگۈچىلەردۇر. كونىلاردا «ئۆزى دۇرۇس بولمىسا گېپى ئۆتمەيدۇ» دېگەن گەپ بار. ئۆز ئەمەلىيىتى ئارقىلىق تەلىم بېرىش، سۆز ئارقىلىق تەلىم بەرگەندىن ئەلا. شۇنىڭ ئۈچۈن تەھرىرلەر ئۆزىگە يۇقىرى ئۆلچەم بويىچە

قاتتىق تەلەپ قويۇشى، كەسىپ ئەخلاقىدىن ئىبارەت بۇ «ئەينەككە» ئۆز دىدارىنى پات ـ پات چۈشۈرۈپ كۆزىتىپ تۇرۇشى، ئەينەكتە ئۆز خىزمىتىدىكى ئەۋزەل شارائىتتىن پايدىلىنىپ نام ـ مەنپەئەتنى كۆزلەيدىغان، «مۇناسىۋەتشۇناسلىق» بىلەن شۇغۇللىنىدىغان، كوللىكتىپنىڭ نامى بىلەن شەخسنى سەمرىتىدىغان، غەرەزلىك ھالدا باشقىلارنى قىستاپ تەڭلىككە سالىدىغان «داغ»لار كۆرۈنگەن ھامان ئۇنى دەرھال «سۈرتۈپ چىقىرىۋېتىش» كېرەك. بۇ خىل «مىكروبلارنىڭ ساغلام بەدىنىمىزنى چىرىتىشىدىن» قەتئىي ھەزەر ئەيلىشىمىز لازىم.

(6) ئوقۇرمەنلەرنىڭ يۈرەك ساداسىغا كەمتەرلىك بىلەن قۇلاق سېلىش لازىم. پەقەت ئەسەرلا بولۇپ، ئوقۇرمەنلەر بولمىسا، ئەسەرنىڭ ھېچقانداق ئەھمىيىتى ۋە قىممىتى بولمايدۇ. شۇڭا ئەسەر يازغۇچىلار، تەھرىرلىگۈچىلەر قەرەللىك ۋە قەرەلسىز ھالدا ئوقۇرمەنلەر ئارىسىغا چوڭقۇر چۆكۈپ، ئۇلارنىڭ ھەر قايسى تەرەپلەردىكى پىكىر ـ ئىنكاس، تەلەپ ـ تەكلىپ، ئۈمىد ـ تەنقىدلىرىگە ئوبدان قۇلاق سېلىپ ئاڭلىشى، ئۇلاردىن كېرەكلىك ئوزۇقلۇق قوبۇل قىلىپ، ئۆز كاللىسىنى لىقلاپ تۇرۇشى لازىم.

يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بۇيان، بۇ جەھەتتە خۇشاللىنارلىق باشلىنىش بارلىققا كېلىشكە باشلىدى، بەزى نەشرىياتتىكى تەھرىرلەر تەھرىرلەش، بېسىش، تارقىتىشنى بىر پۈتۈن گەۋدىگە ئايلاندۇرۇپ تەڭ تۇتۇپ خۇشاللىنارلىق ئۇنۇمگە ئېرىشتى. بۇنىڭدىن كەڭ ئوقۇرمەنلەر رازى بولدى، ئاساسلىق باشقۇرغۇچى تارماقلار بۇنى قوللىدى. ئوقۇرمەنلەرنىڭ قانداق كىتابلارغا ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكىنى، كىتابلىرىمىزنىڭ مەزمۇنى، تەھرىرلەش سۈپىتى، بېسىلىش سۈپىتى قاتارلىقلارغا بولغان باھاسىنى، ھەتتا تەننەرخ، تارقىتىش، مۇقاۋا لايىھەلەش، مۇقاۋا رەسىملىرىنى تاللاش ۋە ئورۇنلاشتۇرۇش ھەققىدىكى ئۈمىد ـ تەنقىدلىرىنى دەسلەپكى قەدەمدە بىۋاسىتە ئاڭلىدى. «تەھرىر دېگىنىمىز كىتاب تەھرىرلەشكە مەسئۇل، زاۋۇت كىتاب بېسىشقا مەسئۇل، كىتابخانا ۋە تارقىتىش بۆلۈمى تارقىتىشقا مەسئۇل» دەيدىغان تولىمۇ بىر تەرەپلىمە خاتا نۇقتىئىنەزەرگە مەلۇم دەرىجىدە خاتىمە بېرىلدى. ئەمما، بۇلار تېخى دەسلەپكى باشلىنىشتىنلا ئىبارەت بولۇپ، بازار ئىگىلىكىنىڭ ئاخبارات ـ نەشرىياتچىلىققا قويغان تەلىپىدىن تېخى خېلىلا يىراقتا تۇرىدۇ. بۇ جەھەتتە داۋاملىق ئىزدىنىشتا، ئامىمغا، ئەمەلىيەتكە چوڭقۇر چۆكۈپ، چوڭقۇر ئىزدىنىشكە، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى كۈچەيتىپ، تەجرىبىلەرنى خۇلاسىلاشقا، پايدىلىقلىرىنى جارى قىلدۇرۇپ، كەم ـ كۇتا جايلىرىنى داۋاملىق تولۇقلاپ، ئۈزلۈكسىز ئالغا ئىلگىرىلەشكە توغرا كېلىدۇ.

دېمەك، يېڭى ۋەزىيەت ئاستىدا، تەھرىرلەر كەسىپ ئەخلاقىنى يېڭىباشتىن تەكىتلەش، يەنىمۇ كۈچەيتىش ئەخلاق قۇرۇلۇشىدىكى مۇھىم مەزمۇن ۋە مۇھىم نۇقتا بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئاخبارات ـ نەشرىيات ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئاخبارات ـ نەشرىياتنىڭ ھاياتى كۈچىنى ئاشۇرۇپ، ئۇنى سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئۈچۈن تېخىمۇ ئوبدان خىزمەت قىلدۇرۇشنىڭ ئېھتىياجى، شۇنداقلا نۆۋەتتە، ئىدىيە ـ ئەخلاق قۇرۇلۇشىدا كېچىكتۈرۈشكە بولمايدىغان جىددىي ۋەزىپە بولۇپ قالدى.

# ئەدەبىي ئاخباراتنىڭ ئاخباراتچانلىقى توغرىسىدا

ئىلھام كېۋىر

ئېلىمىزدىكى ئەدەبىي ئاخبارات ئىلمى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بەزى كىشىلەر ئەدەبىي ئاخباراتنىڭ ئاخباراتچانلىق ئالاھىدىلىكىنى مۇبىيەنلەشتۈرۈپ ئەدەبىي ئاخبارات گەرچە بەدىئىي ۋاستىلەرنىڭ ياردىمى بىلەن ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى كەڭ خەلق ئاممىسى ئورتاق كۆڭۈل بۆلىدىغان، قىزىقىدىغان ئادەم، ۋەقەنى ئوبرازلىق ھالدا ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرسىمۇ، ئەمما ئۇ يەنىلا ھەقىقىي ئادەم، ھەقىقىي ۋەقەلەرنى خۇددى ئاخبارات خەۋەرلىرىگە ئوخشاش ئۆزىنىڭ جېنى ھېسابلايدۇ. ئۇ ھېچ قانداق بەدىئىي توقۇلمىلارنىڭ بولۇشىغا يول قويمايدۇ. ئۇنىڭدا كىم؟ قاچان؟ قايسى جاي؟ قانداق ئىش؟ نېمە ئۈچۈن؟ قانداق بولدى؟ دېگەنگە ئوخشاش ئاخبارات ئامىللىرىنىڭ توغرا، ئېنىق بولۇشى تەلەپ قىلىنىدۇ. شۇڭا ئەدەبىي ئاخبارات تامامەن ئاخبارات خەۋەرلىرى بىلەن ئوخشاش ئالاھىدىلىككە ئىگە دېيىشمەكتە. يۇقىرىقى قاراشتا گەرچە ئەدەبىي ئاخباراتنىڭ ئاخباراتچانلىق ئالاھىدىلىكى قىسمەن كۆرسىتىلىپ بېرىلگەن بولسىمۇ، ئەمما بۇ ئەدەبىي ئاخبارات تەرەققىي قىلىۋاتقان، زورىيىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە ھەممە قوبۇل قىلسا بولىدىغان مۇكەممەل قاراش ئەمەس. چۈنكى ئەدەبىي ئاخباراتنىڭ ئاخباراتچانلىق ئالاھىدىلىكى گەرچە كەڭ مەنىدىكى ئاخبارات خەۋەرلىرى (تەپسىلىي خەۋەر، زىيارەت خاتىرىسى، تەكشۈرۈش دوكلاتى) بىلەن خېلى زور ئوخشاشلىققا ئىگە بولسىمۇ، ئەمما ئۇ ئەدەبىيات ۋە ئاخباراتنىڭ باشقا ژانىرلىرىغا ئوخشاش جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ھەر قايسى باسقۇچلىرىدا ئۆزىگە خاس بولغان ئالاھىدىلىكنى ياراتتى.

1. ھەقىقىلىق. ئەدەبىي ئاخباراتنىڭ تامامەن ھەقىقىي بولۇشى ئەدەبىي ئاخبارات ئەسەرلىرىنى ھاياتىي كۈچكە ئىگە قىلىشنىڭ ئاساسى ۋە ئالدىنقى شەرتى شۇنداقلا ئەدەبىي ئاخباراتنىڭ بىرىنچى تەلىپى.

ئەدەبىي ئاخبارات رېئال تۇرمۇشتىكى ئادەم، ۋەقە، مۇھىت ۋە كەيپىيات قاتارلىقلارنى ھەقىقىي ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىشى كېرەك. بۇ يەردىكى ھەقىقىلىق ئەدەبىي ئەسەر تەلەپ قىلىدىغان تۇرمۇش ھەقىقىتىگە تۈپتىن ئوخشىمايدۇ. ئەدەبىي ئەسەرنىڭ ماتېرىيالى گەرچە تۇرمۇشتىن كەلسىمۇ، ئەمما ئۇ يەنە تۇرمۇش چىنلىقى بىلەن ئوخشىمايدۇ. ئەدەبىي ئەسەرنىڭ ھاياتىي كۈچى رېئال تۇرمۇشتا مەۋجۇت بولغان ئىشلارنى رېئاللىققا ئۇيغۇن ھالدا ھەر خىل بەدىئىي توقۇلمىلارنىڭ ياردىمى ئارقىلىق ئوقۇرمەنلەردە كەم بولغان ئىستېتىك ئارزۇ ئىستەكلەرنى نامايەن قىلغان ۋە قىلالمىغانلىقىدا كۆرۈلىدۇ. ئەدەبىي ئەسەر ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ماھىيەت چىنلىقى ئاساسىدا بەدىئىي توقۇلمىلارنىڭ بولۇشىنى زور دەرىجىدە تەكىتلەيدۇ. شۇڭا ئەدەبىي ئەسەردە بەدىئىي ئوبرازنى ياساشقا، ئۇنى ھەر تەرەپتىن تاۋلاشقا، ئاشۇرۇپ كۆرسىتىشكە، ماختاشقا، تەسەۋۋۇر قىلىشقا تامامەن بولىدۇ. بۇ ئەدەبىياتنىڭ ئۆزىگە خاس خاراكتېرى تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن بولۇپ، بۇ جەھەتتە ئەدەبىي ئاخبارات بىلەن ئوخشىمايدۇ.

سىز ئەدەبىي ئاخباراتتا يېزىشقا تېگىشلىك بولغان ھەقىقىي ئادەم، ھەقىقىي ۋەقە، ھەقىقىي مۇھىت ۋە ھەقىقىي كەيپىياتنى ھېچقانداق بەدىئىي توقۇلمىغا تايانماي قايسى

دەرىجىدە، قايسى شەكىللەر ئارقىلىق قانداق تەسۋىرلىنىشىگىزدىن قەتئىينەزەر يازغان ئەسىرىڭىز كىشىلەرنى ھەقىقىي مەھلىيا قىلىدىغان، جانلىق بەدىئىي ئەسەر بولۇپ چىقىشى ناتايىن. چۈنكى ئەدەبىي ئاخباراتتا تەسۋىرلىنىدىغان چىنلىق بەدىئىي چىنلىق بولماستىن قول بىلەن تۇتقىلى، كۆز بىلەن كۆرگىلى، قۇلاق بىلەن ئاڭلىغىلى، بۇرۇن بىلەن پۇرىغىلى بولىدىغان ھەقىقىي چىنلىق بولغاچقا، ئۇ ئەدەبىي ئەسەر بىلەن زور دەرىجىدە پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. ئەدەبىيات - سەنئەت بىر خىل ئالاھىدە ئاڭ شەكلى سۈپىتىدە ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ئۆزىنى ئەمەس بەلكى تۇرمۇشنىڭ ئەسلى ماھىيىتىنى جانلىق ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئەدەبىي ئاخبارات بولسا ھەقىقىي ئادەم ۋە ھەقىقىي ۋەقەلەرنى ئوبرازلىق تەپەككۇرنىڭ ياردىمى بىلەن جانلىق تەسۋىرلەپ بېرىدۇ. ئەگەر ئەدەبىي ئاخباراتتا تەسۋىرلەنگەن ئادەم ۋە ئىشلار ئاپتور تەرىپىدىن بۇرمىلانسا، ياسالسا ئەدەبىي ئاخباراتنىڭ ئاخباراتلىق خۇسۇسىيىتى يوقالغان بولىدۇ - دە، ئەدەبىي ئاخباراتنىڭ ئىناۋىتىمۇ يەرگە ئۇرۇلىدۇ.

مەسىلەن، جون ئارىبادنىڭ «دۇنيانى زىلزىلىگە كەلتۈرگەن 10 كۈن»، گوركىينىڭ «ئامېرىكىدا»، يولئۇس فوچىكنىڭ «ئۆلۈم ئالدىدىكى سۆز»، شايەننىڭ «ياللانمىلار»، ئېدىگار سىناۋنىڭ «غەربكە ساياھەت» قاتارلىق دۇنياغا مەشھۇر ئەسەرلىرى بولسۇن مەيلى يېقىنقى زامان ئاخبارات ئىشلىرىنىڭ تەرەققىيات نەتىجىسىدە بارلىققا كەلگەن «ناھىيىلىك پارتكوم شۇجىسىنىڭ ئۈلگىسى - جاۋيۈلۇ»، «ئەڭ سۆيۈملۈك كىشىلەر كىم»، «تۆمۈر ئادەم ھەققىدە ھېكايە»، «61 سىنىپىي قېرىنداش ئۈچۈن»، «تاشۋاي»، «يىراق قىرلاردىن ئانا يەرگە سالام» قاتارلىق بىر تۈركۈم نادىر ئەسەرلەردە بولسۇن، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ھەقىقىي ئادەم ۋە ھەقىقىي ۋەقەلەرنى ئاخباراتنىڭ ھەقىقىلىق پرىنسىپى بويىچە جانلىق ۋە ئوبرازلىق ھالدا تەسۋىرلەپ بەرگەن. ئۇنداق بولسا ئەدەبىي ئاخباراتنىڭ ھەقىقىلىقى قايسى جەھەتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؟

(1) ئادەم، ۋاقىت، ئورۇن، سەۋەب، ۋەقەلەر ھەقىقىي بولۇشى كېرەك.

بۇ ئەدەبىي ئاخبارات ئەسەرلىرىنىڭ ھەقىقىلىقىنى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ بىرىنچى قەدىمى بولۇپ، ئەسەردە تەسۋىرلەنمەكچى بولغان بۇ ئادەمنىڭ كونكرېت ئىسمى، جىسمى، ئادرېسى بولغان مەۋجۇت ئادەم ئىكەنلىكىنى، بۇ ۋەقەنىڭ شۇ جايدا، شۇ ۋاقىتتا، شۇنداق يۈز بەرگەن ۋەقە ئىكەنلىكىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ بېرىدۇ. چۈنكى ئەدەبىي ئاخبارات ئەسەرلىرى شەخسلەرنى، شەخسنىڭ ئىدىيىۋى ھېسسىياتىنى، ئىش - ئىزلىرىنى، شەخس بىلەن شەخس ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرنى ئوبرازلىق سۈرەتلەشكە، بەدىئىي تىل ئىشلىتىشكە، بىرەر مەسىلە ئۈستىدە مۇھاكىمە يۈرگۈزۈپ ئۇنى باھالاشقا ئالاھىدە ئېتىبار قىلىدۇ. ئەگەر يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئامىللار شەيئىلەرنىڭ ئەسلى قىياپىتىگە ئۇيغۇن بولمىسا ئۇقۇرمەنلەرگە ئېنىق، توغرا ۋە تولۇق چۈشەنچە بەرگىلى بولماي قالىدۇ. شۇڭا ھەر قانداق ۋاقىتتا ۋەقە يۈز بەرگەن ئورۇن، كونكرېت ۋاقىت ئېنىق تاپشۇرۇلىشى كېرەك. ئۇلارنى ئەدەبىي ئەسەرگە ئوخشاش خالىغانچە يۆتكەشكە، خالىغانچە ئالماشتۇرۇشقا، خالىغانچە ئومۇملاشتۇرۇشقا بولمايدۇ. مەسىلەن، بىرەر شەخسنى يازغاندا (مەيلى ئىجابىي، مەيلى سەلبىي شەخس بولسۇن) شۇ شەخس قانداق بولسا ئۇنى شۇ بويىچە گەۋدىلەندۈرۈش، باشقا ۋاقىت ۋە باشقا جايدا يۈز بەرگەن ۋەقەلەرنى بۇ جايدا، مۇشۇ ۋاقىتتا يۈز بەردى - دەپ قەستەن بۇرمىلىماسلىق، قىسقىسى ئەدەبىي ئاخباراتتا ئاخباراتنىڭ ھەقىقىلىق ئالاھىدىلىكىگە قاتتىق ئەمەل قىلىش كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا ئەدەبىي ئاخباراتنىڭ ئاخباراتچانلىق

ئالاھىدىلىكىنى قوغداپ تەسىرلىك ئەسەرلەرنى يازغىلى، ئوقۇرمەنلەردە يۈكسەك ئىشەنچە ھاسىل قىلغىلى بولىدۇ.

(2) ماتېرىيال پۈتۈنلەي ھەقىقىي بولۇشى كېرەك. ھەر قانداق مۇخبىر ۋە يازغۇچىغا نىسبەتەن ماتېرىيال كەم بولسا بولمايدۇ. ئۇلار تۇرمۇشقا چوڭقۇر چۆكسە، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزلەش پرىنسىپىغا قاتتىق ئەمەل قىلسا ئۆزى ئويلىغاندەك ماتېرىياللارغا ئېرىشەلەيدۇ. ئەگەر ئەستايىدىل مۇخبىرلىق قىلماي ماتېرىيال ئېلىش ۋە ماتېرىيال تاللاشقا سەل قارىسا ئەدەبىي ئاخبارات ئەسەرلىرىنىڭ شەكلى ھەر قانچە رەڭدار ۋە ھەر قانچە گۈزەل بولسىمۇ، ئۇ ھەقىقىلىقتىن ئاسانلا ئايرىلىپ قېلىپ ئوقۇرمەنلەرنى زېرىكتۈرۈپ قويىدۇ. شۇڭا ئەدەبىي ئاخباراتتا شەيئىلەرنىڭ ئەسلى ماھىيىتىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان يېڭى ۋە جانلىق ماتېرىياللارنى ئەستايىدىل تەكشۈرۈشكە ئالاھىدە دىققەت قىلىش زۆرۈر. مەسىلەن، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مەشھۇر مۇخبىرى بورىس پولېيۋ «مېنىڭ مەڭگۈ ئۇنتۇلماس مۇخبىرلىق ھاياتىم» دېگەن ئەسىرىدە مۇنداق بىر ئىشنى داۋاملىق مىسال كەلتۈرىدۇ. بورىس پولېيۋ بىر قېتىم مەلۇم بىر زاۋۇتنى ئېكسكۇرسىيە قىلىپ، بىر پېشقەدەم ئىشچىنى نۇقتىلىق زىيارەت ئوبيېكتى قىلىدۇ. ئۇ ئۆزى بىۋاستە ۋە ۋاستىلىك توپلىغان ماتېرىيال ئاساسىدا بۇ پېشقەدەم ئىشچىنىڭ خاراكتېر ئالاھىدىلىكىنى گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدىغان بىر پارچە ئەسەر يېزىپ چىقىدۇ. ئەسەر ئېلان قىلىنىپ ئۇزاق ئۆتمەي بۇ پېشقەدەم ئىشچى بورىس پولېيۋنى ئىزدەپ تەھرىر بۆلۈمىگە كىرىپ كېلىدۇ ـ دە، ئاچچىقلانغان ھالدا مۇنداق دەيدۇ:

«ـيولداش بورىس پولېيۋ، سىز بۇ نېمىگىزدە مەن توغرىلىق نېمىلەرنى يېزىپ كەتتىگىز، ئۇ ئەيىپلەش نەزىرى بىلەن ماڭا تىكىلدى.

— نېمە بوپتۇ؟

— نىمە بولاتتى؟ قاراڭ، سىز بۇ يەردە مېنى قانداق تەسۋىرلەپسىز؟ ـ «ئۇ ئورنىدىن سەھەر تۇرۇپ، بايراملىق كىيىملىرىنى رەتلىك كىيىپ، ساقال بۇرۇتلىرىنى پاكىزە ئالدى ـ دە، چېچىنى ئىخلاس بىلەن تارىدى.»

ـ بۇنداق دېسەم نېمە بوپتۇ؟

نېمە بوپتۇ دەمسىز؟ ...... ئۇ جاۋاب بېرىش ئورنىغا بېشىدىكى شىلەپىسىنى ئېلىۋەتتى.

مەن بۇ پېشقەدەم ئىشچىنىڭ بېشىدا بىر تالمۇ چېچىنىڭ يوقلىقىنى، گويا بېشىنىڭ بىليارت توپىغا ئوخشايدىغانلىقى كۆردۈم» (جۇڭگو خەلق داشۆسى نەشر قىلغان «خەۋەر ۋە تەپسىلىي خەۋەر يېزىقچىلىقى توغرىسىدا»، خەنزۇچە نەشرى 16 ـ 17 ـ بەتلىرى.) يۇقىرىقى مىسالدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئەدەبىي ئاخبارات ئەسەرلىرىنى يازغاندا شەيئىلەرنىڭ ھەممە تەرىپىنى ئەستايىدىل تەكشۈرۈپ، كۆزىتىپ، ئۇنىڭ ئىچكى ماھىيىتىنى تېپىپ چىقىش كېرەك. ئەگەر ئۇنداق بولماي شەيئىلەرنىڭ بىر تەرىپىنى كۆرۈپلا باشقا تەرىپىنى كۆرەلمىسەك يازغانلىرىمىز يۇقىرىقى مىسالغا ئوخشاش يۈزەكى ۋە بىر تەرەپلىمە بولۇپ قالىدۇ ـ دە، خەلق ئاممىسى ئىچىدە نارازىلىق كەيپىياتىنىڭ چىقىشىغا سەۋەب بولۇپ قالىدۇ.

(3) تەسۋىر ۋە مۇھاكىمىلەر ھەقىقىي بولۇشى، شەيئىلەرنىڭ ئەسلى قىياپىتىگە ئۇيغۇن بولۇشى كېرەك. ئەدەبىي ئاخبارات يالغۇز ئادەم ھەمدە ۋەقەنى ئاساس قىلىپلا قالماستىن يەنە ئاپتورنىڭ مۇشۇ شەيئىلەرگە بولغان باھاسى، تونۇشىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

مۇخبىر شەيئىلەرنى تەكشۈرگۈچى، تەھلىل قىلغۇچى بولغان ئىكەن، ئۆزى تەسۋىرلىمەكچى ۋە مۇھاكىمە قىلماقچى بولغان ئىشلارغا ئەتراپلىق كۆڭۈل بۆلۈپ،

ئەستايىدىللىق بىلەن مۇئامىلە قىلىپ، ئوبيېكتىپ بىلەن سۇبيېكتىپنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىشى لازىم.

ھەقىقىلىق ئەدەبىي ئاخباراتنىڭ ھاياتى ھەمدە جان تومۇرى، شۇنداق بولغانىكەن ھەقىقىي ئادەم ۋە ھەقىقىي ۋەقەلەر ئاساسىدا تۇغۇلغان يېڭى، گۈزەل تەسۋىرلەر ھەقىقىلىققا ئىگە قىلىنمىسا، مۇھاكىمىلەر ئۆتكۈر ۋە ئوبرازلىق بولمىسا، ئۇ ھالدا ئەسەردىكى سىياسىي خاھىشنى ۋە ئىدىيىۋى مەزمۇننى ھەقىقىي يۇسۇندا چوڭقۇر، مۇكەممەل قىلغىلى بولمايدۇ. شۇڭا ئەدەبىي ئاخباراتتا تەسۋىرلەنگەن ئادەم ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك ھېسسىيات بولۇشى كېرەك.

ئەدەبىي ئاخباراتتىكى ۋەقەلەر گەرچە ھېكايە ۋە رومانلاردىكى ۋەقەلەرگە يەتمىسىمۇ، دراممىلاردىكى ۋەقەلەرگە ئوخشاش ئەگرى ـ توقاي ۋە مۇرەككەپ بولمىسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ ئۇقۇرمەنلەر قەلبىدە پەيدا قىلىدىغان ھاياتىي كۈچىنى باشقا توقۇلما خاراكتېردىكى ئەسەرلەرگە سېلىشتۇرۇشقا ھەرگىز بولمايدۇ. شۇڭا ئەدەبىي ئاخبارات مەيلى ئارقا كۆرۈنۈش، نەق مەيدان، ئاتموسفېرا (ھاۋا)، تۇرمۇش كۆرۈنۈشلىرى بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بۇلارنى ئاخباراتنىڭ ھەقىقىلىق پرىنسىپى بويىچە ئوبرازلىق ھالدا تەسۋىرلەپ ئوقۇرمەنلەرنىڭ كۆز ئالدىدا نامايەن قىلىشى كېرەك.

2. ۋاقىتچانلىق.

ئەدەبىي ئاخبارات ئاپتورلىرى ئاخباراتنىڭ ۋاقىتچانلىق ئالاھىدىلىكىگە گېزىت مۇخبىرلىرىغا ئوخشاش جىددىي قارىمىسىمۇ، ئەمما ھەر قانداق بەدىئىي ئەسەرلەر ئاپتورلىرىغا قارىغاندا ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىدۇ.

مەملىكىتىمىز قۇرۇلغان دەسلەپكى يىللاردا نۇرغۇن گېزىتلەر، جۈملىدىن خەلق گېزىتىمۇ خەۋەرلەر ستونىنىڭ بېشىغا قايسى كۈن؟ قايسى سائەت؟ قايسى مىنۇت؟ قايسى سېكۇنت؟ دېگەننى دائىم ئەسكەرتىپ يېزىپ قوياتتى. بۇ ئادەتتىكى خەۋەرلەردە ۋاقىت ئامىلىنىڭ باشقا ھەر قانداق ئەسەرلەرگە قارىغاندا ئىنتايىن مۇھىم ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدىغان ئاددىي قائىدە. چۈنكى ئادەتتىكى خەۋەرلەردە مۇخبىرلار «تۈنۈگۈن» سۆزىنى ئىشلىتىشنى خالىمايدۇ. ئۇلار ھەر كۈنى، ھەر سائەت، ھەر مىنۇت ئاخبارات خەۋەرلىرىنىڭ بولۇشىغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلىدۇ. شۇڭا ئۇلار بۈگۈن گېزىتكە بېسىلغان خەۋەرلەرنى ئەتىسىلا ۋاقتى ئۆتكەن كونا پاكىت دەپ ھېسابلايدۇ. بۇ ئادەتتىكى خەۋەرلەرنىڭ ئالاھىدىلىكى تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن بولغاچقا، مۇشتىرىلار خەۋەر ئوقۇش پسىخىكىسىغىمۇ ماس كېلىدۇ. ئەمما ئەدەبىي ئاخبارات ئادەتتىكى خەۋەرلەر ھەم تەپسىلىي خەۋەرلەرگە قارىغاندا چوڭقۇر مۇخبىرلىق قىلىپ كەڭ دائىرىدە ماتېرىيال توپلايدۇ. ئىپادىلەش جەھەتتىمۇ ئۇلارغا قارىغاندا تېخىمۇ جانلىق ۋە تېخىمۇ ئوبرازچانلىققا ئىگە. مەسىلەن، ئامېرىكىنىڭ مەشھۇر مۇخبىرى جون. رىباد رۇسىيە ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ بىر يىل ۋاقىت ئىچىدە ئۆزى ئىگىلىگەن ماتېرىياللار ئاساسىدا «جاھاننى زىلزىلىگە كەلتۈرگەن 10 كۈن» دېگەن داڭلىق كىتابىنى نەشر قىلغان. ئۇنىڭدىن باشقا مەملىكىتىمىزدىكى كۆپچىلىك ئاممىغا تونۇش بولغان ئامېرىكىنىڭ مەشھۇر مۇخبىرى ئېدگار سىناۋ 1936 ـ يىلى جۇڭگونىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى رېئال ئەھۋالىنى چوڭقۇر تەكشۈرۈپ ۋە تەتقىق قىلىپ، 1937 ـ يىلى 10 ـ ئايدا «قىزىل بايراق جۇڭگودا لەپىلدىدى»، «غەربكە ساياھەت» ناملىق مەشھۇر ئىككى پارچە كىتابىنى نەشر قىلغان.

بۇ ئەسەرلەر دۇنيا جامائەتچىلىكىنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشكەن ئەدەبىي ئاخبارات

ئەسەرلىرى بولۇپ، ۋاقىت جەھەتتىن خەۋەر ۋە تەپسىلىي خەۋەرلەردىن ئاستا بولسىمۇ، ئەمما باشقا ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭكىدىن خېلىلا تېز دېيىشكە بولىدۇ. ئاخباراتنىڭ ۋاقىتچانلىقى ئەدەبىي ئاخبارات بىلەن باشقا ژانىرلارنى پەرق ئېتىشتىكى مۇھىم تەرەپلەرنىڭ بىرى بولغاچقا، ئۇ تېز ۋە دەل ۋاقتىدا بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ.

ۋاقىتچانلىق ئىككى تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بىرى، ئەدەبىي ئاخبارات ئاپتورلىرى ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا يۈز بەرگەن ئادەم، ۋەقەلەرنى ناھايىتى تېزلىك بىلەن بايقاش ئارقىلىق زىيارەت قىلماقچى بولغان ئوبيېكت توغرىسىدىكى ماتېرىياللارنى سەزگۈرلۈك بىلەن تېز ئىگىلەيدۇ، تېز تەكشۈرىدۇ، تېز تەھلىل قىلىدۇ. بۇ گەرچە ئادەتتىكى گېزىت خەۋەرلىرىگە قويۇلىدىغان تېزلىك ئۆلچىمىگە يەتمىسىمۇ، ئەمما ئەدەبىي ئاخباراتنىڭ مەزمۇن ۋە شەكىل جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكىگە ئۇيغۇن كېلىدۇ. يەنە بىرى، ئەدەبىي ئاخبارات ئاپتورلىرى ئۆزىنىڭ يېزىقچىلىق جەھەتتىكى ماھارىتىنى تېزلىكتە ئىشقا سېلىپ، ئۆزى ئەكس ئەتتۈرمەكچى بولغان ئادەم ھەمدە ۋەقەنى ئوبرازلىق ھالدا تەسۋىرلەپ تېزدىن ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئوقۇشىغا تاپشۇرىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا سىياسىي كۈرەش، ئۇرۇش ۋەزىيىتى ۋە تەبىئىي ئاپەتلەر تۇيۇقسىزدىن ئىزى ئۆچكەن ئەمما كەڭ خەلق ئاممىسى بىلىشنى ۋە چۈشىنىشنى ئارزۇ قىلىدىغان، رېئال ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئۈچۈن مۇھىم بولغان بەزى شەخسلەر ھەمدە ۋەقەلەرمۇ ئەدەبىي ئاخبارات ئۈچۈن ۋاقىتچانلىقنى يوقاتقان بولمايدۇ.

قىسقىسى ئەدەبىي ئاخباراتنىڭ ۋاقىتچانلىق ئالاھىدىلىكى دېگەنلىك رېئال تۇرمۇشتىكى كىشلەر كۆڭۈل بۆلىدىغان يېڭى شەيئى ۋە يېڭى مەسىلىلەرنى تېز ۋە ئۆز ۋاقتىدا ئەكس ئەتتۈرۈپ دەۋر روھىنى كۈچلۈك ئىپادىلەپ بېرىشكە قارىتىلغان.

ئەدەبىي ئاخباراتنىڭ ئاخباراتچانلىق ئالاھىدىلىكىنى تەشكىل قىلىدىغان يەنە بىر مۇھىم ئامىل شۇكى، ئۇ ئاپتورلاردىن ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا يۈز بەرگەن ھەقىقىي ئادەم ۋە ھەقىقىي ۋەقەلەرنى كەڭ ۋە ئەتراپلىق تەكشۈرۈشنى، يۈكسەك ھالەتتە تۇرۇپ ئۇنىڭغا باھا بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ. چۈنكى ئەدەبىي ئاخباراتنىڭ ئەكس ئەتتۈرۈش دائىرىسى بىر قەدەر كەڭ بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ماھىيەتلىك ماتېرىياللارمۇ، ئىجابىي ۋە سەلبىي ماتېرىياللارمۇ، مۇرەككەپ ۋە ئاددىي ماتېرىياللارمۇ بولىدۇ. ئەگەر ئەدەبىي ئاخبارات ئاپتورلىرى بۇ خىل ماتېرىياللارنى ئەتراپلىق تەكشۈرمىسە، تەتقىق قىلمىسا، ئۇ ھالدا يازغانلىرىمۇ ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرالمايدۇ. شۇڭا ئاپتورلار قايسى ماتېرىيالنىڭ مۇھىم ۋە مۇھىم ئەمەسلىكىنى، قايسى ماتېرىيالنى تەپسىلىي يېزىش كېرەكلىكىنى، قايسى ماتېرىيالنىڭ قايسى خىل ئىدىيىنى ئالغا سۈرۈشكە ياردەم بېرەلەيدىغانلىقىنى ئەستايىدىل ئويلىشىشى كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا رېئاللىققا ھەقىقىي ۋە توغرا باھا بەرگىلى، شەيئىلەرنىڭ ئۆزىگە خاس بولغان ئالاھىدىلىكىنى ھەقىقىي يوسۇندا سۈرەتلىگىلى، ئىدىيىۋى ھېسسىياتنى ئېنىق ۋە توغرا ئىپادىلەپ بەرگىلى بولىدۇ.

ئەدەبىي ئاخباراتتا ھەقىقىي ئادەم ۋە ھەقىقىي ۋەقەلەر ئاساسلىق قىلىپ يېزىلسىمۇ، ئۇ يەنىلا ئاپتورنىڭ شۇ ئادەم ۋە شۇ ۋەقەلەرگە بولغان تونۇشى، باھاسى ۋە چۈشەندۈرۈشىدىن ئايرىلمىغاچقا، ئۇلارنى چوقۇم مۇكەممەل ۋە ئەتراپلىق تەكشۈرۈش كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن تۆۋەندىكى نۇقتىلارغا ئالاھىدە دىققەت قىلىش لازىم.

(1) ئەمەلىيەتكە چوڭقۇر چۆكۈش ئارقىلىق ئۆزى زىيارەت داۋامىدا قولغا كەلتۈرگەن ماتېرىيالنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكىنى تەكشۈرۈش. شۇنداق قىلغاندىلا ئاندىن مۇھىم ۋە مۇھىم ئەمەس ماتېرىياللارنى ئېنىق ئايرىغىلى، قولىدىكى تارقاق ۋە قالايمىقان

ماتېرىياللارنى تەل - تۆكۈس بىر نۇقتىغا مەركەزلەشتۈرۈپ شەيئىلەرنىڭ ئىندىۋىدۇئاللىقىنى تېپىپ چىققىلى بولىدۇ.

(2) مەلۇم دائىرىلەر ۋە ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن كىشىلەردىن ئىگە بولغان تولۇقلىما ماتېرىياللارنى تەكشۈرۈش.

(3) زۆرۈر ۋە مۇكەممەل بولغان ئارقا كۆرۈنۈشلۈك ماتېرىيالنى تەكشۈرۈش.

ئەدەبىي ئاخباراتتا بۇ نۇقتىلارغا دىققەت قىلىنسا ئاپتورلار ئۆزىنىڭ شەيئىلەرگە بولغان توغرا مەيدانىنى، كۆز قارىشىنى، باھاسىنى ياخشى ئىپادىلەپ، ئوقۇرمەنلەر قەلبىدە چوڭقۇر تەسىرگە ئىگە بولالايدىغان، جەمئىيەتتە بەلگىلىك ئىنكاس قوزغىيالايدىغان ئەدەبىي ئاخبارات ئەسەرلىرىنى يېزىپ چىقالايدۇ.

دېمەك، ئەدەبىي ئاخبارات كۈچلۈك ئاخباراتچانلىقنى مەركىزىي مەزمۇن قىلغان ھالدا ھەقىقىي ئادەم ۋ ھەقىقىي ۋەقەلەرنى بەدىئىي ئۇسۇل ئارقىلىق ئوبرازلىق ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان ژانىر بولغاچقا، ئۇ ئاخبارات خەۋەرلىرىگە ئوخشاش يېڭى ۋە يېقىندا يۈز بەرگەن پاكىتنى ناھايىتى تېزلىك بىلەن خەۋەر قىلمايدۇ. مۇقەددىمە، ئاساسىي گەۋدە، ئارقا كۆرۈنۈشتىن ئىبارەت مۇقىملاشقان شەكىللەر ئارقىلىق پاكىت قانداق بولسا ئۇنى ئەينەن ۋە شۇ پېتى قوللانمايدۇ. ئەدەبىي ئاخبارات تۇرمۇشتىكى ھەقىقىي ئادەم ۋە ھەقىقىي ۋەقەلەرنى ھەر خىل بەدىئىي ۋاسىتىلەرنىڭ ياردىمى بىلەن ئاخبارات خەۋەرلىرى ۋە بەدىئىي ئەسەرلەرگە قارىغاندا تېخىمۇ جانلىق، تېخىمۇ ئەركىن، تېخىمۇ ئوبرازلىق سۈرەتلەپ بېرىدۇ. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئەدەبىي ئاخبارات مەيلى ۋاقىت جەھەتتە بولسۇن، مەيلى قۇرۇلما ۋە مەزمۇن جەھەتتە بولسۇن، مەيلى ئىپادىلەش جەھەتتە بولسۇن ئاخبارات خەۋەرلىرى بىلەن روشەن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان، كەڭ مەنىدىكى ئاخبارات خەۋەرلىرى بىلەن خېلى زور ئوخشاشلىققا ئىگە بولغان، ئەمما ئۇنىڭدىن تېخىمۇ كەڭ، تېخىمۇ چوڭقۇر بولۇشتەك ئالاھىدىلىككە ئىگە بىر خىل مۇستەقىل ژانىر. شۇڭا ئەدەبىي ئاخباراتنىڭ ئاخباراتچانلىق ئالاھىدىلىكىنى تەكىتلەش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش كۈندىن - كۈنگە تەرەققىي قىلىۋاتقان بۇ ياش ژانىرنى تېخىمۇ زورايتىشقا، ئۇنىڭ رولىنى تېخىمۇ ئوبدان جارى قىلدۇرۇشقا پايدىلىق.

---

پايدىلانغان ماتېرىياللار

① «ئەدەبىي ئاخبارات يېزىقچىلىقى»، خۇبېي مائارىپ نەشرىياتى، ئاپتورى خولڭ ۋېلېي (خەنزۇچە).

② «يېزىقچىلىق بىلىملىرىدىن 336 سوئال - جاۋاب»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى. تۈزگۈچى: ئابدۇللا سۇلايمان.

③ «ئەدەبىيات نەزەرىيىسىگە دائىر ئاساسىي بىلىملەر»، مىللەتلەر نەشرىياتى. تۈزگۈچى: ئابلەت ئۆمەر.

④ «ئەدەبىي ئاخبارات ھەققىدە ئومۇمىي چۈشەنچە»، خۇبېي خەلق نەشرىياتى. تۈزگۈچى: تۇخۇيېجاڭ (خەنزۇچە).

⑤ «ئەدەبىي ئاخبارات ھەققىدە قىسقىچە تەھلىل»، شىنخۇا نەشرىياتى. تۈزگۈچى: بەي رۇنشېڭ، ليۇيېجەن (خەنزۇچە).

⑥ «كاتىبات يېزىقچىلىقى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان. شىنجاڭ يېزىقچىلىق ئىلمىي جەمئىيىتى تۈزگەن.

# مىللىي تۇپراق – لىرىكا

بۇغدا ئابدۇللا

ھەر قانداق تەبىئىي گۈزەللىك – مىللىي تۇپراق ئۆزگىچە شائىرنى يېتىشتۈرۈپ چىقىدۇ. شائىر بىر ئۆمۈر ئىرادىنىلا يازىدۇ، بۇ چوقۇم. يەنە بىر نۇقتىدىن ئېيتقاندا، ھەر بىر شائىر ئالدى بىلەن ئۆز مىللىتىگە، خەلقىگە، جۈملىدىن ئىنسانىيەتكە تەئەللۇق بولىدۇ. بۇ يەردە قىسمەنلىكمۇ، ئومۇملۇقمۇ بار. سەنئەتنىڭ چېگرىسى بولمايدۇ، دېگەن گەپمۇ مۇشۇ. دېمەكچىمىزكى، شائىرنىڭ سۆيىدىغىنى ئانا تەبىئەت. يەنىلا تەبىئەت بىلەن شائىرنىڭ مۇناسىۋىتى. ئۇ بۈيۈك قەدىمكى مەنزىرىلەر ئالدىدا ئۆزىنى تامامەن ئۇنتۇيدۇ. ئۇ بۇ يەرلەردىن ھەتتا ئۆزىمۇ ئېيتىپ بېرەلمەيدىغان بىر نەرسىلەرنى ئىزدەيدۇ، گەرچە بۇنىڭغا يەتمەك ناھايىتى قېيىن بولسىمۇ.

مىللىي تۇپراق تېگى – تەكتىدىن ئېيتقاندا، بىر خىل مىللىي پۇراق ۋە رەڭگە ئىگە بولغان بولىدۇ. ئۇ بىزنىڭ تەپەككۇرىمىزغا بوشلۇق قالدۇرىدۇ. تەبىئەت تىنىمسىز ھەرىكەت ۋە تاللىنىش ئىچىدە تۇرىدۇ. بىز پەقەت ئۇنىڭ قوينىدىلا ئۆزىمىزنىڭ مەۋجۇتلىقىنى ھېس قىلىمىز ھەم ھاياتلىقنى ئىلگىرى سۈرىمىز.

شائىر تەبىئەتنى كۆزەتكەن ئىكەن، ئۇ ئۆزىگە خاس بولغان يېڭى بىر كۆزىتىش نۇقتىسىدىن تۇرۇپ ھەر بىر شەيئىگە نەزەر سالىدۇ. ئۇنىڭ ئىزدەۋاتقىنى ئەسىر – ئەسىرلەردىن بۇيان تەبىئەتتە مەۋجۇت بولۇپ كېلىۋاتقان، ھەتتا كۆزگە زادىلا چېلىقمايدىغان، لېكىن قانداقتۇر بىر خىل سادا – سىگنال بېرىدىغان شەيئىلەر. بۇ جىمجىتلىق، پىنھانلىق ئىچىدىكى سادا، بۇ يوقىلىپ كېتىۋاتقان سادا، بۇ بىزنى كۈتىۋاتقان، تەسىرات ھەم ھېسسىياتقا ئۈندەۋاتقان سادا. بۇ ئەڭ قىممەتلىك، مۇستەھكەم ئېتىقادنى ئىپادىلەپ بېرىشكە تولىمۇ باب كېلىدىغان ئەڭگۈشتەر. ھەر بىر تەبىئىي گۈزەللىك يېڭى بىر شېئىرىي مەنزىلنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شائىر تەبىئەت بىلەن ھەر قېتىم ئۇچراشقاندا بىۋاسىتە ھالدا بۇ خىل باشلىنىش نۇقتىلىرى بارغانچە شاخلايدۇ ياكى كۆپىيىپ بارىدۇ. دۇنيادىكى شەيئىلەرنىڭ ھەممىسى سىستېما ۋە جەريان بولۇش سۈپىتى بىلەن مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى گىرەلىشىپ كەتكەن، ئومۇمىي باغلىنىشلىق بولىدۇ. مۇتلەق يەككە – يىگانە شەيئى ئايرىلىدىن بولۇپ باققان ئەمەس. ماھىيەتلىك باغلىنىش شەيئىلەرنىڭ ئىچكى، مۇقەررەر باغلىنىشى شەيئىلەرنىڭ تەرەققىياتى جەريانىدا مۇھىم ھالدا تەكرار – تەكرار رول ئوينايدىغان ئامىل. شائىرنىڭ يۇقىرىقىدەك تەسىرات، ھېسسىياتلىرى شەخسەن ئۆزىگە خاس بولغان مېڭىدىن ئىبارەت بۇ ئۇچۇر ئامبىرىدا ساقلىنىدۇ، تولۇقلىنىدۇ، مۇكەممەللىشىپ بارىدۇ. شائىر ئاخىرى مۇشۇ شەيئىلەر بىلەن روھى جەھەتتە بىر گەۋدە بولۇپ كەتكەندە رىۋايەت بىلەن رېئاللىقنىڭ ئارىسىدا قالىدۇ. مىسال ئۈچۈن قىزىلگۈلنى ئالايلى، سىزدە بۇ توغرىلىق شېئىر يېزىش ئىستىكى پەيدا بولدى دەيلى، قەلەمنى ئېلىپلا بۇ خىل مەزمۇندىكى شېئىرنى يېزىپ كەتكىلى بولمايدۇ، مىڭ قىلىسىڭىزمۇ

يازالمايسىز. بۇ يەردە مۇھىمى يۈرەككە بېرىپ جاققىدە تېگىدىغان تەسىرات يوق. دېمەك، سىزدە پىكىر تېخى ئويغانمىغان بولىدۇ. نۇرغۇن ۋاقىت ئۆتتى دەيلى، بىر كۈنى، بىر دەقىقىلەردە ئېھتىمال يىراق بىر سەھرادا توپا ـ چاڭلار ئىچىدە چاقناپ تۇرغان قىزىلگۈل غۇنچىسى كۆزىڭىزگە چېلىققاندا، ئۇ سىزدە ھاياجان پەيدا قىلىشى مۇمكىن. پەقەت مۇشۇ ھالەتلا شېئىرغا ئايلىنالايدۇ. دېمەك، ئۇ شۇ دەقىقىدە ئادەمنىڭ پۈتۈن ئىنكاسىنى ـ سەزگۈ، تەسەۋۋۇر، ھېسسىيات، ئەقىل قاتارلىقلارنى قوزغىغان بولىدۇ.

شائىر دۇنيادا پەقەت تەبىئەت بىلەنلا بەھۇزۇر مۇڭدىشالايدۇ، ئاشىقانە ھۇزۇرلىنالايدۇ ۋە ئۇنىڭدىن تېگىشلىك نېسىۋىسىنى يۇلۇپ ئالالايدۇ. قۇشلارنىڭ سايرىشى، سەلكىن شامال، يامغۇر، ئېتىز ـ ئېرىق، مەھەللە، بۇلارنىڭ ھەممىسىگە مىللىي تۇپراقنىڭ تامغىسى بېسىلغان بولىدۇ. مىللىي تۇپراق ھەم شارائىت ھەر بىر كىشىنىڭ مىجەز ـ خاراكتېرىنى يارىتىدۇ. مىللىي خاراكتېر ئومۇمەن شۇ مىللەتنىڭ ھەر قايسى دەۋردىكى روھىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. مىللىي تۇرمۇش ئەسەردە ئەكس ئەتسە ئۇ مىللىي خاراكتېر بولىدۇ. تەبىئىي شارائىتنىڭ ئوخشاشماسلىقى تۈپەيلى شېئىر، قوشاقلاردىكى ئوخشىتىش، سېلىشتۇرۇش، مۇبالىغە قاتارلىق ئىستىلىستىك ۋاسىتىلەرمۇ ئوخشىمايدۇ.

شائىرلار تۈرلۈك شەكىللەرگە مۇراجىئەت قىلىپ، يەرلىك شىۋىلەر ئارقىلىقمۇ ئۆز تىلىنى داۋاملىق بېيىتىپ بارىدۇ. تىلغا باي بولغان ئادەم تۇرمۇشنى توغرا ۋە ماس ھالەتتە تەسۋىرلىيەلەيدۇ.

ھەر قايسى مىللەت ۋە خەلق ئۆزۈن بىر تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا ئۆزىنىڭ ئەپسانە، رىۋايەتلىرىنى، جۈملىدىن ئەپسانىۋى ھەم تارىخىي قەھرىمانلىرىنى يارىتىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى بىر خىل تارىخىي تاللىنىشنى ئىلگىرى سۈرگەن ھالدا، ئەسىرلەر بويى داۋاملىشىپ يەنە ئۆز ئەۋلادىنىڭ قەلبىگە چوڭقۇر ئورناپ مىللىي ئوبرازنى داۋاملىق تىكلەيدۇ ھەم مۇستەھكەملەيدۇ.

ئەندى لىرىك شېئىر ئۈستىدە توختىلىمىز. لىرىك شېئىرنى ئادەتتىكى شېئىر بىلەن سېلىشتۇرغاندا كۆپ جەھەتلەردىن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. ئادەتتىكى شېئىرلارغا قىسقىلىق تەلىپى قويۇلمايدۇ. ئادەتتىكى شېئىرلار سۇغا ئوخشىسا، لىرىك شېئىر شاقىراتمىغا ئوخشايدۇ. لىرىك شېئىر مۇھىمى ئىپادىلىنىۋاتقان شەيئىنىڭ ئىنچىكە قان تومۇرلىرىغىچە يېتىپ بارالايدۇ.

ئەمەلىيەتتە ئىنساننىڭ كەچۈرمىشلىرى تاسادىپىي، ئاجايىپ ـ غارايىپ، بەلكى يەنە مۇرەككەپ بولىدۇ. ئۇ ھايات مەنزىلىدە ئۇچراتقان ياخشى، چىن، گۈزەل، ساددا نەرسىلەر، دەل بۇنىڭ ئەكسىچە، يامان، رەزىل، ساختا، چىرىك نەرسىلەر ئۇنىڭغا دۇنيانى تونۇتۇپ، ئۇنىڭدا ھەقىقىي تۈردە پىكىر ئويغىتىدۇ، مانا بۇ چىن مەنىدىكى پەلسەپە.

شائىر ھەر قاچان ھەممە نەرسىگە ئىشەنگۈچى، ھەممىنى قوبۇل قىلغۇچى ئادەم. ئۇ مۇستەھكەم ئېتىقاد بىلەن كۆزەتكەن نەرسىلىرىنىڭ بىردىنلا گۆھەر ئەمەسلىكىنى ھېس قىلغاندا، رېئاللىقنىڭ رەھىمسىز مۇئامىلىسىنى كۆرگەندە، ئۆكۈنۈش ۋە ئەسەبىلىك ئىچىدە تولغىنىدۇ. ئۇ ئەقلىنى ھەم ھېسسىياتىنى كونترول قىلالماسلىق ھالىتىگە ئۆتكەندە، ئۇنىڭ تومۇرلىرىدا بىر خىل ياۋايى قان ھۇجەيرىسى ناھايىتى شىددەتلىك دېڭىز سۈيىدەك ئۆركەشلەپ، بىردىنلا ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى زىل ـ زىلىگە كەلتۈرىدۇ.

لىرىك شېئىر نەپىس بولۇشى كېرەك. لېكىن بۇ تەپەككۇر، ئوبراز تاللاش، قۇراشتۇرۇش، مول تەسەۋۋۇر، تىل قاتارلىق جەھەتلەردىكى نەپىسلىككە بېرىپ تاقىلىدۇ. شائىرنىڭ ئوبراز تاللاش ئىمكانىيەتلىرى قانچە كۆپەيسە، ئۇنىڭ بەدىئىي مۇھىت دائىرىسى شۇنچە كېڭىيىدۇ.

لىرىك شېئىردا جەۋھەر ئوبراز بولۇشى شەرت. ئۇنداقتا شائىر ئەسلىمىگە قايتماي مۇمكىن ئەمەس. ئەسلىمە ئەلۋەتتە خاسلىققا ئىگە. شائىر ئۆزى ئىزدەۋاتقان بۇ يىراقتىكى چۈشنىڭ ئالدىدا، ئۇ ھامان ئەڭ چوڭ تەۋەككۇلچى. ئۇنىڭ بۇ ئارقىلىق ئېرىشىدىغىنى كۆڭۈل كۆكسىدىكىنى ناھايىتى لەرزان بايان قىلىپ بېرەلەيدىغان بىر پارچە بوشلۇق. ئۇ يەردىكى ھاۋادىن يالغۇز ئۇنىڭ ئۆزىلا ئەمەس، بەلكى تەشنالىقى خىيالىغا كەلمىگەن، ئوقۇغاندا تامىقىنى چاكىلداتقان ئادەملەرلا بەھرىمەن بولالايدۇ. يەنە بىر جەھەتتىن لىرىك شېئىرنى، ئۇلاق سېلىنمىغان شېئىر دېيىشكە بولىدۇ. بۇنداق دېيىش ئاساسەن ئۇنىڭ ئېقىن سۇدەك تەبىئىي، راۋان بولىشىغا قارىتىلغان. دۇنيادا تەبىئىي بولغان نەرسىلەرلا كىشىلەرگە گۈزەل ۋە پاك كۆرۈنىدۇ ھەم مەڭگۈلۈك قىممەتكە ئىگە بولىدۇ.

لىرىك شېئىر كۆپ قاتلاملىق، خۇددى خرۇستالدەك كۆپ قىرلىق بولىدۇ. ئۇ ياندىن-بۇ ياندىن قارىساڭمۇ، ئاستىدىن - ئۈستىدىن قارىساڭمۇ بىر خىل قەدىملىكنى، بىر خىل رېئاللىقنى ھەم ئۇنىڭ ئىچىدە ئەكس ئېتىۋاتقان كەچمىشىڭنى كۆرىسەن. ئەمەلىيەتتە بۇ ئوي- پىكىردىكى تېپىكلىك. شائىرنىڭ پىكرى ۋە كەچۈرمىشلىرى بىۋاسىتە ياكى ۋاستىلىك بېرىلىشىمۇ مۇمكىن.

لىرىك شېئىرغا باھا بېرىشتە ئۇنىڭ مۇزىكىلىقىغا قاراشقا توغرا كېلىدۇ. كىشى بۇ خىل شېئىرلارنى ئوقۇغاندا بىر نەپىس، يېڭى مۇزىكىنى ئاڭلاۋاتقاندەك ھىس - تۇيغۇغا كېلىدۇ. لىرىك شېئىردىكى مۇزىكىلىق لىرىك شائىرنىڭ ھېسسىياتىدىن كېلىپ چىقىدۇ. شائىر لىرىك تۇيغۇغا چۆمۈلگەندە (بۇنداق دەقىقە ھەمىشە بولمايدۇ) ئۇ نەزەر سېلىۋاتقان ئوبيېكتىپ شەيئىنىڭ كۈچلۈك تەسىراتىدىن باشقا، يەنە ئۇ ئۆزىلا ئاۋازسىز ھالدا ئاڭلىيالايدىغان مۇزىكىغا دىققەت قىلماي قالمايدۇ. بۇ مۇزىكا مەزمۇننى تولۇق ئىپادىلەشكە ياردەم بېرىپلا قالماي، پۈتۈن شېئىرغا ھاياتىي كۈچ ۋە سەنئەت سېھرىنى بېغىشلايدۇ. يەنە كېلىپ شېئىردىكى رىتىم، ئۇرغۇ، قاپىيەلەرنىڭ تولۇق، مۇكەممەل بولۇشىغا تۈرتكە بولىدۇ. لىرىك شائىر مۇزىكا دۇنياسىدا ياشىشى كېرەك. روھ مۇزىكىغا ئايلىنىدۇ، مۇزىكا روھقا تەسىر قىلىدۇ، تەبىئەت دۇنياسىدا بىز ئاڭلاپ بولالمايۋاتقان نۇرغۇن مۇزىكا بار. ئۇ بىر خىل قەدىملىك، گۈزەللىك، جىمجىتلىق ئىچىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. ئۇ تېخىچە يېزىلمايۋاتقان لىرىك شېئىرلارنىڭ مەيدانغا كېلىشى ئۈچۈن زېمىن ھازىرلاپ بېرىدۇ. ئەگەر بىر شائىردا بۇ خىل مۇزىكا سېزىمى بولمىسا، ئۇ ھەر قانچە قىلسىمۇ مۇنەۋۋەر لىرىك شېئىرلارنى يازالمايدۇ.

لىرىك شېئىرلارغا باھا بېرىش ئۇنچە ئاسان ئىش ئەمەس. ئەدەبىي تەنقىد بىر شەخسنىڭ ئەسەرگە بولغان تەسىراتى ھەم باھاسى بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇ چەكلىمىگە ئىگە. بەزى شائىرلارنى يەڭگىلتەكلىك بىلەن تەنقىد قىلىش مۇمكىن، بۇنىڭ بىلەن ئۇ يوقاپ كەتمەيدۇ. ئۇلۇغ ئەسەرلەر دەۋرلەر بويىچە يېڭى تۇرىدۇ. ئۇنىڭغا ئوخشىمىغان سىنىپ، دۆلەت، خەلق، مىللەت يېڭىدىن باھا بېرىدۇ.

# بىزنىڭ ئەدەبىي تەرجىمىچىلىكىمىز ۋە «دۇنيا ئەدەبىياتى»

ئابدۇقادىر جالالىدىن

مەدەنىيەت بىر خىل روھ سۈپىتىدە پايانسىز زېمىننى ئارىلاپ يۈرىدۇ. ئەگەر ھەر بىر مەدەنىيەت تىپىنى بىر يېگانە ئارالغا ئوخشاتساق، مەنىۋىيەت قۇتۇپلىرىنىڭ تۈرلۈك بۇرجەكلىرىدە قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدىغان نۇرغۇن «يېگانە ئارال»لارنى دەل مەدەنىيەت روھى تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدۇ. تارىخنى ۋاراقلاپ كۆرسەك، مەدەنىيەت روھى ئەقلىنى سەگەكلەشتۈرىدىغان يارقىن نۇر قويۇنى بولۇپ، بەزىدە كىرىت ئارىلىنى، بەزىدە ۋىزانتىيە، مېسسوپوتامىيەلەرنى، بەزىدە نىل دەريا ۋادىلىرىنى، بەزىدە تارىم تۈزلەڭلىكىنى ئارىلاپ يۈرىدۇ. بۇ خۇددى كۈچلۈك بىر دولقۇن چەمبىرى پۈتۈن سۇ يۈزىنى ئارىلاپ قىرغاققا ئۇرۇلۇپ، يەنە لەرزە قايتۇرغاندەك بىر ئىش. تارىم ئېتەكلىرىدە تۈرلۈك تىل - يېزىق، دىن، مەدەنىيەت ۋە قانلار ئۇچرىشىپ بۈگۈنكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى سىستېمىسىنى ۋۇجۇدقا چىقاردى. تەكلىماكاننىڭ قەدىمىي باغرى زارا ئاستىر، مانىي، ساكيامونى، ئېيسا ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ مەرىپەتلىرى ئۇغۇزخان، بىلگە قاغانلارنىڭ باھادىر چۇقانلىرى بىلەن قوشۇلۇپ جۇشقۇن بىر ئېقىنغا ئايلاندى. بۇ ئېقىندىن ھاسىل بولغان لاتقىلار بېھىساب يوشۇرۇن بايلىقلارنى ئۆزى بىلەن يۇغۇرۇپ مۇنەججىم سۈپەت كەيپىيات بىلەن يۇلتۇزىغا قاراپ قاغجىراپ ياتماقتا. بىزدە «ئاۋستا»، بۇددا نوملىرى، «ئىنجىل»، «تەۋرات»لارنىڭ ئۆزىمىزگە لايىقلاشقان ۋارىيانتلىرى بار. تەپەككۇرىمىزنىڭ ھالقىلىرى سوقرات، ئەپلاتون، ئارىستوتېللارنىڭ ھېكمەتلىرى بىلەن مۇناسىپ سۇغۇرۇلغان. چۆچەكلىرىمىزدىكى قەھرىمانلار ئەرەب، ھىندى، پارس، گرېك، رىم دالالىرىنى كېزىپ يۈرىدۇ. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى ئەجدادىمىز تۇتاشتۇرغان مەدەنىيەت رىشتىلىرىنىڭ نەقەدەر ئۇزۇن ۋە كەڭلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. دېمەك، بىز باشقىلارنى چۈشىنىش، ئۆزىمىزنى باشقىلارغا چۈشەندۈرۈش، ئەقىل - پاراسەت جەۋھەرلىرىنى دەل ۋاقتىدا قوبۇل قىلىپ، قۇدرەت تېپىش جەھەتتە ئۆزگىچە ئەنئەنىگە ئىگە خەلق. بىراق بۇنداق ئەنئەنە يىللار سېرى ئۆزىنىڭ ھەيۋەتلىك تۈسىنى يوقىتىپ، تار جىلغا سۈيىگە ئوخشاپ قالدى.

19 - ئەسىردە ياۋروپا مىسلى كۆرۈلمىگەن ئۇلۇغ ئىنقىلابىي ئۆزگىرىشلەرنى ئېلىپ باردى. تەبىئەت ۋە ئالەم ئىلىملىرى بويىچە مۇھىم بايقاشلار ئوتتۇرىغا چىقتى. كىشىلەر ئىنسان ھوقۇقى، باراۋەرلىك، ئەركىنلىك، دېموكراتىيە ئۇقۇملىرى جەھەتتە ئىنسانپەرۋەرلىك خاھىشلىرىغا يېقىن نۇرغۇن ماھىيەتلىك ئىلگىرىلەشلەرگە ئېرىشتى. ئىجتىمائىي غايىلەر مۇكەممەللەشكەنسېرى بۇ غايىگە يېتىدىغان تېخنىكىلىق ۋاسىتىلارمۇ تەرەققىي قىلدى. مىللەت، دۆلەت ۋە مەنپەئەت مەسىلىلىرى رىقابەتنىڭ ئەڭ كەسكىن بىر پەللىسىگە چىقتى. دۇنيانى پۇرۇخ ھىدى دەسلەپكى باسقۇچتا قاپلىدى. نەچچە مىڭ يىللىق تەسۋىرىي يېزىق بىلەن پەخىرلىنىپ تۇرۇۋاتقان جۇڭگومۇ ئېنگلىزلار ئاتقان ئوقنىڭ ئاۋازى بىلەن باشقىچە پىكىر قىلىشقا مەجبۇر بولدى، ئەجنەبىلەرنىڭ زامانىۋى ھۈنىرىگە قايىل

بولماسلىقتا ئامال قالمىدى. كاڭ يوۋېي، تەن سىتۇڭ قاتارلىقلار «ئىسلاھات» دەپ ۋارقىرىدى ۋە غەربنىڭ تەبىئىي پەن، ئىدېئولوگىيىگە ئائىت نەتىجىلىرىنى جۇڭگوغا تونۇشتۇردى. شۇنىڭ بىلەن جۇڭگودا يېڭىچە ئىدىيىدىكى بىر تۈركۈم ياشلار تەدرىجىي بارلىققا كەلدى. دەل مۇشۇنداق دەۋردە تالاي ئەسىرلىك تەرجىمە ۋە مەدەنىيەت قوبۇل قىلىش تارىخىغا ئىگە ئۇيغۇر خەلقى غەربلىكلەر ئوتتۇرا ئەسىردە پاتقان جاھىلىيەتنىڭ ئېغىر تۇمانلىرى ئىچىدە قالدى. تارىخنىڭ كۆلپەتلىك گىردابلىرىدىن قۇتۇلۇش چۇقانلىرى پات - پات ياڭراپ تۇرغان بولسىمۇ، نادانلىقنىڭ كاشىلىسى تۈپەيلىدىن چېچىلغان ۋە ھالسىرىغان بۇ خەلق گويا ئىنسانىيەت پاجىئەسىنىڭ تاللانغان ئەۋرىشكىسى سۈپىتىدە 20 - ئەسىرگە يالداما بولدى. ئىككى قېتىملىق دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ قاپقارا تۈتەكلىرى ئاجايىپ مەدەنىيەت ۋە شان - شەرەپكە ئىگە بولۇپ تۇرۇپمۇ غۇلغۇلىسىز قالغان بۇ تراگېدىيىلىك خەلقنىڭ تەقدىر يۇلتۇزىنى تېخىمۇ خىرەلەشتۈرۈۋەتتى. بىز ئۈچۈن 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرى ئەڭ خۇنۇك، بەدبەشىرە سەھىپىسىگە قان - يىرىڭ بىلەن يېزىشقا تېگىشلىك تارىخقا ئايلاندى. بۇ يەردىكى قان باھادىرلارنىڭ بەخت ئۈچۈن بەرگەن ئەزىز جېنىنى سۈرەتلەشكە، يىرىڭ بولسا ئارمانلار يولىدا ئادىغان يۈرەكلەرنىڭ جاراھىتىنى سۈرەتلەشكە تەمسىل قىلىنىدۇ. ئەنە شۇ يىللاردا سان - ساناقسىز زىيالىيلارنى ۋە قەھرىمانلارنى دەپنە قىلدۇق. بۇنداق پاجىئەلىك تراگېدىيە 50-، 60-، 70- يىللاردىمۇ ئۈزۈلمەي يۈز بەردى. شۇنداق بولسىمۇ، مەنىيەتنى تولىمۇ قىزغىن سۆيىدىغان «ئەكىلىشپەرۋەر» خەلقىمىز ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىگە بولغان ئورتاقلىق تۇيغۇسىنى ھېچقاچان تەرك ئەتمىدى. سىڭگۇسەلى، كومراجىۋا روھى تارىخنىڭ ئەڭ زۇلمەتلىك يىللىرىدىمۇ ئۆزىنىڭ جۇلاسىنى يوقاتمىدى.

مىللەتلەر ۋە تىل - يېزىقنىڭ ھەر خىل بولۇشى ئىنسانلار ئوتتۇرىسىدىكى مەنىۋى كۆۋرۈكنى يوق قىلىۋېتەلمىدى. ھەر خىل سىستېمىدىكى تىللار ئۆزىنىڭ پوستىدىكى ئەڭ نازۇك مەنىلەرنى بىر - بىرىگە يەتكۈزىدىغان يوللارنى تاپتى، بۇ يول - تەرجىمە يولى ئىدى. دۇنيا خەرىتىسىدىكى ئوخشىمىغان رەڭلەر، ھەتتا بىر - بىرىگە تۈپتىن زىت بولغان رەڭلەرمۇ بىر - بىرىدىكى تىۋىشلەرنى ئاڭلاپ تۇردى. خەۋەرلىشىش ۋە ئۇچۇر يوللىرىنىڭ تەرەققىياتى يەر شارىنىڭ بىر قۇتۇپتىكى سادانى كۆزىنى يۇمۇپ ئاچقىچە يەنە بىر قۇتۇپقا يېتىپ بارالايدىغان ئىمكانىيەتكە ئېرىشتۈردى. ئىنسانىيەت تەقدىرىنىڭ بۈگۈنكى بىر گەۋدە ھالىتى بەجايىكى بىر تەننى ئەسلىتىدۇ. مىللەتلەرنى خۇددى ئوخشىمىغان ئورگانىزمدىكى نېرۋىلاردەك تەسەۋۋۇر قىلىشقا بولىدۇ. بۇنداق شارائىتتا تەرجىمە ئىدىيىسىنى بۇرۇنقى رامكىلار بويىچە چۈشەپ قويغىلى بولمايدۇ، ئەلۋەتتە. بىز توختىلىدىغان تېما ھازىرچە بۇ ئەمەس.

مەن مۇشۇ ئەسىردە ئۇيغۇر تەرجىمىچىلىكىدە ئۈچ تارىخىي دەۋر شەكىللەندى، دەپ قارايمەن. مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمى ئۇيغۇر تەرجىمىچىلىكىنىڭ بىرىنچى دەۋرى بولۇپ، بۇنىڭغا سابىق سوۋېت ئۇيغۇر مەتبۇئاتلىرى ۋەكىللىك قىلىدۇ. ئۇيغۇر جەمئىيىتى ماركسىزم كلاسسىكلىرى ۋە پۇشكىن، تولستوي، چېخوپ قاتارلىق رۇس ئەدەبىياتى كلاسسىكلىرى بىلەن تاشكەنت «شەرق ھەقىقىتى» نەشرىياتى قاتارلىق مەتبۇئاتلارنىڭ ۋاسىتىسى ئارقىلىق يۈز كۆرۈشتى. جۈملىدىن 50 - يىللاردىكى دەرسلىك ۋە ئوقۇشلۇقلار

سوۋېت ئۇيغۇر تەرجىمانلىرىنىڭ ئۇلۇغ مېھنىتى بىلەن تەييارلاندى. بۇ دەۋردە نەشر قىلىنغان كىتابلار سانىنىڭ كۆپلىكى، يېڭىلىقى، تارىخىي ئەھمىيىتىنىڭ يۇقىرىلىقى بىلەن ئۇنى روياپقا چىقارغان قەلەم ئىگىلىرىگە نىسبەتەن ئاجايىپ ھۆرمەت قوزغايدۇ. ئەنە شۇ دەۋردىكى تەرجىمانلارنى يېڭى دەۋر ئۇيغۇر تەرجىمە تارىخىدىكى گىگانت شەخسلەر دەپ تەرىپلەشكە ھەقلىقمىز. 1930 - يىللاردىن باشلاپ سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كىرگۈزۈلگەن كىتابلار ئۇيغۇر يېڭى دەۋر ئەدەبىياتىنىڭ شەكىللىنىشىگە ۋە تەرەققىي قىلىشىغا سالماقلىق تەسىر كۆرسەتتى. زۇنۇن قادىرى، لۇتپۇللا مۇتەللىپ، تېيىپجان ئېلىيوپ قاتارلىق ئەدىبلىرىمىز ئۆز ئىجادىيەتلىرىدە روس ئەدەبىياتىنىڭ روشەن تەسىرىنى نامايەن قىلدى. پۇشكىن، چېخوپ، ماياكوۋسكىي، گوركىيلار ئەدىبلىرىمىزنىڭ ئىلغار ئىدىيە قوبۇل قىلىشىدىكى رىغبەت بۇلىقىغا ئايلاندى. كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدىكى ئەنئەنىۋى ئامىللار روسىيە - سوۋېت ئەدەبىياتىنىڭ زامانىۋى تەسىرى بىلەن قوشۇلۇپ ئۆزگىچە ۋەزىن، ئۆزگىچە رېتىمدىكى ئەدەبىياتنى بەرپا قىلدى. شۇنداق ئېيتىشقا بولىدۇكى، روسىيە - سوۋېت ئەدەبىياتىنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى تەرجىمە نۇسخىلىرى بۈگۈنكى ئوتتۇرا ياش ۋە ياش ئەدىبلىرىمىزنىڭمۇ مەكتىپىدۇر. ئەينى دەۋردىكى تەرجىمە ھەرىكىتىنىڭ ئالاھىدە تەرىپى شۇكى، ئەدەبىيات يالغۇز ئەدەبىيات پېتىچە ئەمەس، بەلكى ئەنە شۇ ئەدەبىيات بىلەن يىلتىزلىق مۇناسىۋىتىگە ئىگە نەزەرىيىۋى سىستېمىلارمۇ بىرگە تونۇشتۇرۇلدى. پۇشكىن، لېرمونتوۋ ۋە گوگوللارنىڭ قويۇق روس ھىدى كېلىپ تۇرىدىغان مۇنەۋۋەر ئەسەرلىرى بېلىنىسكىي، چېرنىشېۋسكىلارنىڭ سوغۇققان پەلسەپىسى بىلەن بىرگە كىردى، بۇلار گوركىي، ئىساكوۋسكىيلارنىڭ ئىدىيىسى بىلەن ئۇلىنىپ، 20 - ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئالىي شەكلىگە ئايلاندى. بۈگۈنگىچە داۋام قىلىۋاتقان ئەدەبىي تەنقىد ۋە تەتقىقات مېتود.ـ ز دەل شۇلاردىن كەلگەن. روس ئەدەبىيات- سەنئەت نەزەرىيە سىستېمىسىنىڭ يېقىنقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى ئەقىدىگە ئايلىنىپ كېتىشى ئەدەبىيات- سەنئەت ئەسەرلىرى ھەم ئەدەبىيات - سەنئەت ئىدېئولوگىيىسىنىڭ بىرلىكتە تونۇشتۇرۇلۇشىدەك مۇكەممەل تەرجىمە پائالىيىتى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك.

ئىككىنچى دەۋرى 60-، 70- يىللار بولۇپ، بۇ مەزگىلدە خەنزۇ ئەدەبىياتىنىڭ نادىر ئۆلگىلىرى ئۇيغۇر ئوقۇرمەنلىرى بىلەن يۈز كۆرۈشتى. ئۇيغۇر يېڭى تەرجىمىچىلىكى مۇشۇ دەۋردىن باشلاپ خەنزۇ تىلى ۋاسىتىسى بىلەن راۋاجلىنىشقا باشلىدى. «سۇ بويىدا»، «ئۈچ پادىشاھلىق ھەققىدە قىسسە»، «قىزىل راۋاقتىكى چۈش» ۋە لۇشۈن، ماۋدۇن، گومورو ئەسەرلىرى ئۇيغۇر جەمئىيىتىگە روسلار ۋە سابىق سوۋېتلەر ئىتتىپاقى ھاياتىغا پۈتۈنلەي ئوخشىمايدىغان ئۆزگىچە ھايات، ئۆزگىچە جەمئىيەت، ئۆزگىچە خاراكتېر ۋە تەپەككۇر نۇسخىسىنى ئېلىپ كەلدى. جۇڭگوچە فېئوداللىزمنىڭ تۆمۈر تاپىنى ئاستىدا مىجىلغان قەلبلەرنىڭ ئاھۇ - زارى، بوغۇلغان ۋە سىقىلغان قىز - ئاياللارنىڭ خىلۋەتتىكى پىغانلىق كۆز يېشى، قىلچە ئېتىبارغا ئېرىشمىگەن ئۆلۈمى، ھۆكۈمرانلارنىڭ تاش شىر ئورنىتىلغان ئىشىك ئالدى، قېلىن ۋە ھەم دەرۋازا ئىچىدىكى قاتمۇ - قات ئىچكىرى - تاشقىرى ھويلا، قەسىرلەردىكى چېرىكلىكلەر خۇددى ئايىغى چىقماس قاباھەتلىك چۈشتەك تۇيغۇمىزنى جىددىيلەشتۈردى. ئىنسان باھاسىنىڭ ئەڭ تۆۋەنلىكتىكى تىپىك مىساللىرىنى نامايەن

قىلدى. بۇ دەۋردىكى تەرجىمىلەر ئۈستىدە يۈرگۈزۈلگەن بىر قىسىم تەتقىقاتلار ئانا تىلىمىزنىڭ ئىپادىلەش قۇۋۋىتىنى ناھايەت يۈكسەكلىكنى مۇئەييەنلەشتۈردى. يېڭى دەۋر تەرجىمىچىلىكىمىزنىڭ بۇ دەۋرىمۇ خەنزۇ ئەدەبىياتىدىكى كلاسسىك نەمۇنىلەرنى تونۇشتۇرۇشتىن ئىبارەت ئالىي مەقسەت بىلەن خاراكتېرلەندى. بىز ئاشۇ نەمۇنىلەرنى ئوقۇش ئارقىلىق، خەنزۇلار تۇرمۇشىنىڭ تارىخى، سىياسىي، پسىخىك قاتلىمىنى، ئۇلارنىڭ ئويلاش، پىكىر قىلىش ئۇسۇللىرىنى ئاساسەن چۈشىنەلەيمىز. ئەگەر ئېيتىپ ئۆتۈشكە توغرا كەلسە، شۇنى قىستۇرۇپ قويۇش ھاجەتكى، خەنزۇلاردا دىن كەبىي ئىدېئولوگىيىلىك ئاساس شەكىللەندۇرگەن كوڭزى، لاۋزى، جۇاڭزىلارنىڭ تونۇشتۇرۇلماسلىقى بۇ دەۋردىكى تەرجىمە ھەرىكىتىنىڭ ستراتېگىيە جەھەتتە ئۈزۈل - كېسىل بولالماسلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى.

80 - يىللار ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى مەزگىللەرنى ئۇيغۇر يېڭى دەۋر تەرجىمىچىلىكىنىڭ ئۈچىنچى دەۋرى دېيىش مۇمكىن. بۇ دەۋردىكى تەرجىمە ھەرىكىتىمۇ ئاساسەن خەنزۇ تىلى ۋاستىسى بىلەن ئېلىپ بېرىلدى. روسچە، تۈركچە تىللاردىن تەرجىمە قىلىنغان ئەسەرلەرمۇ بەلگىلىك مىقدارنى ئىگىلىدى. كېيىنچە ئىنگلىز تىلىدىنمۇ تەرجىمە قىلىنىشقا باشلىدى. بۇ دەۋردە ئۇيغۇر ئوقۇرمەنلىرى ھەر خىل ئەللەرنىڭ ئەدەبىياتى بىلەن ئۇچرىشالايدىغان بولدى. قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بۇ دەۋر دۇنياۋى كلاسسىك ئەسەرلەر بىر قەدەر كۆپ تونۇشتۇرۇلغان، تەرجىمە ئوبيېكتى دۇنيانىڭ نۇرغۇن ئەللىرىگە يۈزلەنگەن بىر دەۋر بولدى. ھازىرچە بىز بۇ دەۋردىكى تەرجىمىنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى ۋە ساقلانغان مەسىلىلەر ئۈستىدە توختىلالمايمىز. ئۇيغۇر تەرجىمىچىلىكى غايەت زور تېما. تېخى بىزدە بىر پۈتۈن تەرجىمە تارىخى، يېتەكچى ئىدىيە، تەرجىمە نەزەرىيىسى، تەرجىمە قىلىنغان ئەسەرلەرنىڭ مەزمۇن ۋە شەكىللىرى، ئۇلارنىڭ ئۇيغۇر مەدەنىيىتىگە بولغان تەسىرى ھەققىدە مۇپەسسەل تەتقىقاتلار ئېلىپ بېرىلمىدى. كىشىلەرگە مەلۇمكى، ئۇيغۇر تەرجىمىچىلىكى باشقا مىللەتلەردىن قالتىس زور ئۈستۈنلىكنى نامايەن قىلىدىغان تەتقىقات تېمىسىدۇر.

ماقالىمىزنىڭ ھازىرقى نىشانى «دۇنيا ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ ئۆتكەنكى 100 سانىدۇر. مەخسۇس چەت ئەل ئەدەبىياتىنى تونۇشتۇرىدىغان «دۇنيا ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ تەسىس قىلىنىشى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ساھەسىدىكى يېڭى ھادىسە، چۈنكى ئۇنداق مەخسۇس نەشىر ئەپكار ئىلگىرى بىزدە بولۇپ باقمىغان. بىز «دۇنيا ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنى ئۆتمۈش رېئاللىقىمىز بىلەن سېلىشتۇرۇش ئاساسىدا «يېڭى ھادىسە» دەۋاتىمىز. بىز ئەدەبىياتىمىزنىڭ ھازىرقى مۇئەسسەسىلىرىنى ئىنگلىز، روس، فرانسۇز، خەنزۇ مىللەتلىرىگە ھازىرچە سېلىشتۇرالمايمىز. شۇڭا، بىزنىڭ بۇ يەردىكى «يېڭى» لىقىمۇ ئۆزىمىزنىڭ ئىچكى ئەھۋالىغا قارىتا ئېيتىلىدۇ، ئەلۋەتتە. بۇ سۆز ناھايىتى يۈكسەك شۇكۇرچانلىق بىلەن دېيىلمەكتە.

ئالدى بىلەن «دۇنيا ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ 100 سان نەشرىنى شەرتسىز ھالدا ئەدەبىياتىمىز تارىخىدىكى زور نەتىجىلەرنىڭ بىرى، دەپ ھېسابلايمىز. ژۇرنالىستلىق تىنىم تاپماي مېڭىشنى بىلىدىغان ئادەملەر قىلالايدىغان ئىش. چۈنكى ئۇ ھەرگىزمۇ بىر قېتىملىق ئىلھام ۋە قاتتىق ھاياجان بىلەن، ياكى نوقۇل سۇبيېكتىپ ئىرادە بىلەن پۈتمەيدۇ. ژۇرنالىست بىر ژۇرنالنىڭ مەۋجۇتلۇقى شەرت قىلىدىغان سىياسىي، ئىقتىسادىي، ئەخلاقىي ھوشيارلىقنى شۇنداقلا ھەققىي بەدىئىي سەگەكلىك، يۈكسەك ئىلمىي مەسئۇلىيەتنى ئۆز ئارا ماسلاشتۇرۇپ ئېلىپ بېرىشتىن ئىبارەت كۆپ تەرەپلىمە مەسىلىگە دۇچ كېلىدۇ.

ئىجتىمائىي مۇقىملىق تەلىپى ئىنتايىن كۈچلۈك جۇڭگو جەمئىيىتىدە، ئاشۇ بىر قانچە خىل تەلەپلەرنى ئورتاق ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئاسان ئەمەس. بولۇپمۇ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىز شارائىتىدا تېخىمۇ شۇنداق. بۇ قوبۇل قىلمىسا بولمايدىغان رېئاللىق. شۇڭا، «دۇنيا ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ 100 سان نەشر قىلىنىشى مەزكۇر ژۇرنال مۇھەررىرلىرىنىڭ ھەر تەرەپلىمە تىرىشچانلىقى، جاپالىق ئەمگىكى بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك. ئىشەنچىم كامىلكى، «دۇنيا ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان ئەدەبىيات تارىخىمىزدىكى ئالاھىدە بىر سەھىپە، ئەلۋەتتە. بۇ سەھىپە مۇۋاپىق سۆيۈنۈش، ھەقىقىي ئىلمىي باھا بىلەن يېزىلىدۇ. بىزدە تېخى ئەمدىلا شەكىللىنىۋاتقان سېلىشتۇرما ئەدەبىيات تەتقىقاتى ئاشۇ سەھىپىلەرنى تورتكە ۋە مەنبە قىلىپ مەقسەت، تېمىلارغا ئېرىشىدۇ، ھاياتىي كۈچىنى كۆرسىتىدۇ.

كىشىلەر مېنى تەرجىمىنىڭ تەسىرىگە زىيادە چوقۇنىدىكەن، دەپ قارىشى مۇمكىن. مەن شۇنداق ئېيتىمەنكى، بىزدە تېخى تەرجىمىنىڭ ئەھمىيىتىگە بولغان چۈشەنچە ئەقەللىي ساۋات دەرىجىسىگە تولۇق كۆتۈرۈلمىدى، تەرجىمە پەقەت ئاز ساندىكى كىشىلىرىمىزنىڭ چۈشىنىشىگە سازاۋەر بولالىغان ئەقىدىسى بولۇپ قالدى. مۇنەۋۋەر ئەدەبىي تەرجىمانلىرىمىزنىڭ جاپالىق ئەمگىكى تېگىشلىك ھۆرمەت ھەم مۇھاكىمىنىڭ ئوبيېكتى بولالمىدى. ئەگەر بىر مىللەتنىڭ تىلى باشقا مىللەتلەرنىڭ ئىپادىلەش شەكلى ۋە قۇۋۋىتى بىلەن بەسلەشمىسە، ئۆز ئارا تولۇقلاش مۇناسىۋىتى ئېلىپ بارمىسا، مۇقەررەركى ئۇ تەرەققىي قىلالمايدۇ. ۋەھالەنكى، بۇنداق بەسلىشىش ئەدەبىي تەرجىمە ئارقىلىق بولىدۇ. ئىنسانىيەتنىڭ بىر - بىرىنى ئۆز ئاراچۈشىنىش ئارزۇسىغا ۋەكىللىك قىلىدىغان نادىر ئەسەرلەر ئۈستىدىكى تەرجىمە تىللارنىڭ «ئولىمپىك مۇسابىقىسى»نى ۋۇجۇدقا چىقاردى. دۇنيادىكى ئەڭ كاتتا، ئەڭ مۇرەككەپ ئەسەرلەرنى ئەسلىدىكى تىلدىن بىۋاسىتە تەرجىمە قىلىشقا يۈزلىنەلمىگەن تىل ئەبەدىي رايونلۇق تىل ياكى مەھەللىۋى تىل بولۇپ قالىدۇ. بىزنىڭ ئانا تىلىمىز ساۋشۇچىن، تولستوي، شولوخوۋ، ئۆمەر ھەييامىلاردەك دۇنياۋى گىگانتلارنىڭ شاھانە ئەسەرلىرىنى تەرجىمە قىلىشقا يەتتى، مانا بۇ، ئانا تىلىمىزنىڭ بۈگۈنكى رىقابەت ئىقتىدارىنىڭ بىر قىسىم نامايەندىسى. بىر مىللەتنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات جەھەتتە ئارقىدا بولۇشى، ھەرگىزمۇ ئۇنىڭ تىل ئىقتىدارىدىكى پەللىسىنى كۆرسىتىپ بېرەلمەيدۇ. بۇنىڭ مىساللىرى ئىنتايىن كۆپ.

«دۇنيا ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ تەسىرى قىممىتىنى بىز ئوقۇرمەنلەر ئارىسىدىن، يېقىندىن سەپكە كىرىۋاتقان ياش ئەدىبلەر، ياش تەرجىمانلار ئارىسىدىن ئاسانلا كۆرۈۋ يېتەلەيمىز. بۇ ژۇرنال 80 -، 90 - يىللاردىكى ئەدەبىيات قوشۇنىمىزنىڭ مەكتىپى بولۇپ كەلدى. بۇ جەرياندا بۇ ژۇرنال باشقا قېرىنداش ژۇرناللارغا ئوخشاشلا پات - پات يۈز بېرىپ تۇرىدىغان ئوڭ - سول ئاڭ فورمىسى بوھرانلىرىنىڭ بېسىمىغا دۇچ كەلدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بازار ئىقتىسادىي دولقۇنىدا بەدىئىي زوقى تۆۋەن ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ تەلىپى بىلەن ئەدەبىياتنىڭ ھەقىقىي نەمۇنىسىنى تونۇشتۇرۇش تەلىپى ئوتتۇرىسىدىكى خېلى يىراق ئارىلىق مۇۋاپىق ھەل قىلىنمىسا بولمايدىغان ئۆتكەلگە ئايلاندى. بۇ، ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى ژۇرنالىستلار ئورتاق يولۇقىدىغان مەسىلە ئىدى. «دۇنيا ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى بۇ بىر قاتار قىيىن نۇقتىلاردىن ئوڭۇشلۇق ئۆتۈپ، ژۇرنالنىڭ كىشىلەر ئىخلاس قىلىدىغان سەۋىيە ھالىتىنى ئىزچىل تۇردە ساقلاپ كەلدى. ژۇرنالدا ئاممىباپ ئەسەرلەرنىڭ كۆپرەك بولۇشى

ژۇرنال خادىملىرىنىڭ دەل سەۋىيىسى يۇقىرى بولمىغان ئامىمىنى كۆپرەك نەزەردە تۇتقانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. دەرۋەقە، بىرەر ئەدەبىي مەنبۇئاتنىڭ ئاپتور تەربىيىلەش، ئوقۇرمەن تەربىيىلەش، ئەدەبىيات - سەنئەت قوشۇنىنى زورايتىش قاتارلىق قاتلاملاشقان ۋەزىپىلىرى بولىدۇ، بۇ ۋەزىپىلەرگە تەڭ ئېتىبار بېرىلىپ، ئومۇمىيۈزلۈك ئورۇندالسا، بىر پۈتۈن مەدەنىيەت قوشۇنىنىڭ ساپاسىغا كاپالەتلىك قىلغانلىق بولىدۇ.

مەن قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىدا ئوقۇۋاتقان مەزگىللەردە بۇ ئالىي بىلىم يۇرتىنىڭ ئىلمىي ھاۋاسى نىسبەتەن ياخشى ئىدى. ئەينى ۋاقىتتىكى «دۇنيا ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ ئوقۇغۇچىلارغا بولغان لەرزى ھېلىمۇ ئېسىمدە تۇرۇپتۇ. بىز ژۇرنالنىڭ يېڭى سانلىرىنى كۆرۈشكە ئالدىرايتتۇق. ژۇرنالدىكى بىر قىسىم ئەسەرلەر بىزنىڭ قىزغىن تالاش-تارتىشىمىزغا سەۋەبچى بولاتتى. بىز مۇشۇ ژۇرنال ئارقىلىق بايرون، پۇشكىن، رەسۇل ھەمزەتوپ، ھادىي تاقتاش، ئەركىن ۋاھىدوفلار بىلەن تونۇشتۇق. تاگورنىڭ لىرىك ھاياجان بىلەن تولغان ھېكايىلىرى، پائول خېيسىنىڭ ئەركەك زەردەك ئايال ئوبرازلىرى، ئايتماتوپنىڭ قىرغىز دالىلىرى گۈپۈلدەپ پۇراپ تۇرىدىغان ھېكايە - پوۋېستلىرى، ئىجتىمائىي مەسلىلەردىن ئۇچۇر بېرىدىغان ياپونىيە قىسقا ھېكايىلىرى، ئۇ. ھېنرىنىڭ زىددىيەتنى بۇراشتىكى ماھىرلىقى بىزنى ئەقلىي ھاياتنىڭ بىپايان ئۇپۇقىغا باشلاپ، كۆزىمىزنى ھادىسىلەرنىڭ تەۋرەپ تۇرغان دولقۇنلىرى بىلەن چايقايتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۆزىمىزنىڭ رېئال تۇرمۇش مۇھىتىغا نىسبەتەن تېخىمۇ كەڭ، تېخىمۇ گۈزەل بولغان غايىۋى مەنزىلگە تەلپۈنەتتۇق. بۇ تەلپۈنۈشلەر تۇرمۇشىمىزنىڭ ئەرزىمەس پاسىللىرى ياكى تەبىئىتىمىزنىڭ كۆرۈنمەس چەكلىرى بىلەن توقۇنۇشۇپ، ھېكمەتبەخش تراگېدىيىلەرنى ھاسىل قىلاتتى. ئىنسانىي قىممىتىمىزنى تالىشىشتا ئاگاھلاندۇرۇش بەرگۈچى تەربىيە دۇردانىلىرى ئاشۇنداق پىشىپ يېتىلەتتى. مانا مەن ئۆزەمنى ئېلىپ ئېيتسام، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ھاياتىمنىڭ كېيىنكى مەزگىللىرىدە شائىر قۇربان بارات تەرجىمە قىلغان پۇشكىن ئەسەرلىرىنى تۇنجى قېتىم ئۇچراتقىنىمدا، شېئىرنىڭ كۈچىنى تۇنجى قېتىم ھېس قىلغاندەك بولدۇم. پۇشكىن شېئىرلىرىدىن كۆرگەن قىش ئاخشاملىرى، قارلىق دالا، چۆچەكچى مومايلار ئۇيغۇر ئېڭىمدىكى بىر سەبىيىي ياشنىڭ يۈرىكىدە ئورتاق بىر دۇنيانى ياراتتى. بۇ ئىپتىدائىي تەسىرات پۇشكىنىنىڭ «شەرق ھەقىقىتى» نەشرىياتى نەشر قىلغان باشقا ئەسەرلىرىنى، جۈملىدىن «كاۋكاز تۇتقۇنى»، «پولتاۋا»، «سىگانلار»نى كۆرۈش داۋامىدا پۇشكىنگە بولغان يۈكسەك ئېھتىرامغا ئايلاندى. كېيىن پۇشكىن ئەسەرلىرىنىڭ ئۆزبېكچە توملىرىنى ئاشۇنداق ئېھتىرام بىلەن ئوقۇپ تۈگەتتىم. ئېھتىرامغا ئېھتىرام قوشۇلدى. مەن ساۋاقداشلىرىمنىڭ ئىچىدىن «دۇنيا ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىغا نىسبەتەن مەنىۋى جەھەتتىن بەھرىمەنلىك ھېسسىياتىدا مۇھەببەت باغلىغان ۋە شۇ ئارقىلىق ئەدەبىيات كوچىسىغا كىرگەن قەلەمكەشلەرنى كۆپلەپ كۆرسىتىپ بېرەلەيمەن.

«دۇنيا ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنى كۆز ئالدىمىزدىن قايتا ئۆتكۈزسەك مۇنداق بىر قانچە تەرەپنى بايقاش مۇمكىن:

1. تۈرك، ئۆزبېك، تاتار ئەدەبىياتىدىن باشقا ئەدەبىياتلار ئاساسەن خەنزۇ تىلىدىن تەرجىمە قىلىنىدى. بۇ، جەمئىيىتىمىزدە چەتئەل تىلى مائارىپىنىڭ يوقلىقى، چەتئەل تىلى بىلىدىغان ئىختىساس ئىگىلىرىنىڭ ئىنتايىن ئازلىقىدىن كېلىپ چىققان رېئاللىق. مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا «دۇنيا ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىدىكى مۇھەررىرلەر ۋە بۇ ژۇرنالغا

ئۇيۇشقان تەرجىمانلار تەرجىمىنىڭ بەدىئىي چىنلىقى، ئەينەنلىكىگە ئەھمىيەت بېرىشكە مۇمكىنقەدەر تىرىشتى. ئادەتتە، يازغۇچىلار تۇرمۇش رېئاللىقىنى ئەكس ئەتتۈرۈشكە مايىل. ئەدەبىي تەرجىمان بولسا ئەسلى ئەسەردىكى بەدىئىي رېئاللىقنى ئەكس ئەتتۈرۈشكە مايىل. ئەسلى ئەسەردىكى مەنا، تۇيغۇ ۋە جۈملە شەكلىنىڭ ئەينەنلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش ئەسلى ئەسەرگە تايانماي ئارىچى تىلنىڭ ۋاسىتىسىگە تايانغاندا ئىنتايىن قىيىن. بۇ ئۇيغۇر تەرجىمىچىلىكىنىڭ نۆۋەتتىكى ھۇجۇم نۇقتىسى.

2. روسىيە ـ سوۋېت ئەدەبىياتى بىر قەدەر كۆپ تونۇشتۇرۇلغان. بۇ بىر جەھەتتىن مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى ـ كېيىنكى يېرىمىدا شەكىللەنگەن روس ئەدەبىياتى بىلەن ئۇچرىشىش ئەنئەنىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسا، يەنە بىر جەھەتتىن دەۋرىمىزدىكى ئالاھىدە فورمىسى بىلەنمۇ زىچ مۇناسىۋەتلىك. چۈنكى بىزنىڭ ئېگىمىزدا روسىيە ۋە سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى لېنىننىڭ ۋەتىنى، شۇنداقلا سوۋېتچە سوتسىيالىزم ئەندىزىسىنى بىزگە ئېكسپورت قىلىپ بەرگەن تۇپراق. باشقىچە بىر نۇقتىدىن كۆزەتكەندە، مۇنداق تەھلىل قىلىشمۇ مۇمكىن: رايونىمىزنىڭ روسىيە ـ سوۋېت بىلەن بولغان تارىخىي ئالاقىسى ۋە جۇغراپىيىلىك قوشنىدارلىقى ئۇنىڭ كۈچلۈك تەسىرىنى ئېلىپ كەلگەن. يەنە 50 ـ يىللاردىكى روس تىلى ۋە ماتېرىيالىزمنىڭ ئۇيغۇر ماتېرىيالىدىكى ئورنىنىمۇ تىلغا ئېلىش مۇمكىن. مېنىڭچە، ئەڭ تۈپكى ئامىل يەنىلا روس ئەدەبىياتىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە بېرىپ تاقىلىدۇ. روسىيە ـ سوۋېت ئەدەبىياتى كۆپ مىللەتلىك ئەدەبىيات بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇرلار بىلەن ئېتنىك تەركىب، ئېتىقاد، مەدەنىيەت، تىل جەھەتتە مۇئەييەن ئورتاقلىقىقا ئىگە ئوتتۇرا ئاسىيا مىللەتلىرىنىڭ ئەدەبىياتىمۇ بار، بۇ، تەبىئىي بىر قوبۇل قىلىنىش ئالاھىدىلىكىنى شەكىللەندۈرگەن. يەنە بىرى، روس ئەدەبىياتى روس خەلقىنىڭ بەخت، ئازادلىق، ئەركىنلىك، تىنچلىققا ئىنتىلىشتەك رېئال، تارىخىي كەچۈرمىشلىرىنى ئۆزىنىڭ نىشانى قىلغان ئەدەبىيات بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۆتكۈر ئىجتىمائىي تەخىرسىزلىككە ئىگە. مۇنداقچە ئېيتقاندا، پۇشكىن جاكارلىغان: «بىزنىڭ سىياسىي ئەركىنلىكىمىز يانچىلار (دېھقان قۇللار) نىڭ ئازادلىقىدىن ئايرىلالمايدۇ» دېگەن شوئار ھەتتا سوۋېت ئىتتىپاقى دەۋرىدىمۇ تېماتىك ئەنئەنە بولۇش كۈچىدىن قالمىغان. گوگول، نېكراسوۋ، چىخوۋ، تولىستويلار سىزغان يېزا سۈرەتلىرى روس خاراكتېرىگە باي دېھقانلارغا ئالاھىدە ئورۇن بەردى. بىز روس ئەدەبىياتىنىڭ تىپىك خاراكتېرگە نەقەدەر بايلىقىنى ئەقەللىسى چىخوپ ئەسەرلىرىدىنلا كۆرۈۋېلىپ ئالالايمىز. «خامېلېيون»، «غىلاپ بەندىسى» دېگەن ئىبارىلەر ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ئىستېمالىغا ئاللىبۇرۇن كىرىپ كەتتى، ئەلۋەتتە. ئۇيغۇر ئوقۇرمەنلىرىنىڭ روس ئەدەبىياتىغا بولغان تەشنالىقى بۇنىڭ بىلەنلا قېنىپ كەتمەيدۇ. روس ئەدەبىياتىنى تونۇشتۇرۇش جەھەتتىكى غوللۇق بۇرچ تېخى ئالدىمىزدا تۇرۇۋېتۇ.

«دۇنيا ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىدا روسىيە ـ سوۋېت ئەدەبىياتىدىن قالسا، ئامېرىكا، ئەنگلىيە، فرانسىيە، گېرمانىيە، ئىتالىيە، ئاۋستىرىيە قاتارلىق غەرب ئەللىرى ۋە ھىندىستان، ياپونىيە، تۈركىيە، مىسىر قاتارلىق شەرق ئەللىرىنىڭ ئەدەبىياتى كۆپرەك تونۇشتۇرۇلدى. تونۇشتۇرۇلغان ئاپتورلار ئىچىدە 19 ـ ئەسىر ئەدەبىياتىدىن كلاسسىكلار. 20 ـ ئەسىر ئەدەبىياتىدىن ئاممىباپ يازغۇچىلار كۆپرەك، 20 ـ ئەسىرنىڭ ۋەكىللىك خاراكتېردىكى ئەدىبلىرى ئازراق سانىنى تەشكىل قىلدى. قانداقلا بولمىسۇن بۇمۇ بىر ژۇرنال ئۈچۈن ئېيتقاندا، زور ئۇتۇق. سوغۇققانلىق بىلەن ئويلىغاندا، زىيادە كەڭ كۆلەمنى بىرەر

ژۇرنالغا ئېگىش ئەمەلىيەت مەنتىقىسىگە سىغمايدۇ. تارىخ كۆرسەتتىكى. 19-، 20 - ئەسىردىكى دۇنياۋى سىياسىي تەرتىپتە غەربنىڭ ئىرادىسى ئاساسىي ئورۇندا تۇردى. ئۇنىڭ ئۈستىگە 20 - ئەسىردىكى ئىككى قېتىملىق دۇنيا ئۇرۇشى ئاقىۋىتىدە كېلىپ ئىجتىمائىي كىرىزىس، يادرو قوراللىرى، ئېلېكترلەشكەن ئۇچۇر تېخنىكىسى، ئالەم كېمىسى قاتارلىقلار ئەسلىدىكى قىممەت سىستېمىسىنى پۈتۈنلەي ئۆزگەرتىپ تاشلىدى. تەبىئىي مۇھىت ۋە ئېكىئولوگىيىنىڭ ئېغىر دەرىجىدە ۋەيران بولۇشى، كاپىتالىزم لاگېرى بىلەن كوممۇنىزم لاگېرى ئوتتۇرىسىدىكى سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى ۋە ئۇنىڭ ئاخىرلىشىشى ئىنسانىيەتنى قاتتىق سىلكىپ تاشلىدى. ئەدەبىيات - سەنئەتتىكى ماكان، زامان ئېڭى، كىرىزىس ئېڭى ھەيران قالارلىق دەرىجىدە ئۆزگەردى ھەم يېڭىلاندى. بۇ ئەھۋاللارنى نۇقتىلىق ئەكس ئەتتۇرگەن نۇرغۇن ئەسەرلەر، مەسىلەكلەر، ئىدېئولوگىيە قۇتۇپلىرى تېخى ئۇيغۇر جەمئىيىتىگە تامامەن يات. 19 - ئەسىرنى 20 - ئەسىردە، 20 - ئەسىرنى 21- ئەسىردە چۈشىنىشتەك غەلىتە بىر ئەنئەنە خاھىشىمىزغا يات ھالدا كېلىپ چىقتى. بۇ، ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ئالدىدىكى چوڭ بىر سوئال.

3. «دۇنيا ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىدىكى نۇرغۇن ئەسەرلەر ئۇيغۇر ئەدىبلىرى ۋە كىتابخانلىرىنىڭ ئىستېتىك ئېڭى ۋە ئەخلاقىي چۈشەنچىسىنى قاتتىق تاسقىدى. ئايتماتوپ، سىستىفېن زېۋىگ، جىبران خەلىل جىبىران، كافكا، دىنو بۇزارت، ۋىننىكوت، ئەزىز نەسىنلەرنىڭ ئەسەرلىرى ئەدىبلىرىمىزگە ئۈلگە بولدى. ئەدەبىياتىمىزدا ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىگە ئوخشىتىپ يېزىلغان ئەسەرلەر پات - پات ئۇچرايدۇ. مەن جەمئىيەتتە، «جەمىلە» (ئايتماتوپ)، «بۇ يەرنىڭ سەھەرى جىمجىت» (بورىس ۋاسىلىيېۋ) «كۆل بويىدىكى ئەما قىز» (كىملىسىن نەندا)، «جۇۋىلىق خانىم» (ساباھىددىن ئەلى)، «ئاق لالە» (ئۆمەر سەيپىددىن)، «سۇنغان قانات» (جىبران خەلىل جىبىران) «ئاخىرقى تۇمان» (مارىيە لوئىزا بومبال) «قانلىق ئۆي» (ئانگىلا كارتېر)، «ھازىرقى باللار كارامەت» (ئەزىز نەسىن) قاتارلىق ئەسەرلەرگە قىزغىن ئىنكاسلارنى ئاڭلىدىم. بۇلار ئوقۇرمەنلىرىمىزدىكى ئېستېتىك دىتنىڭ جەلپكار نۇقتىسى سۈپىتىدە تەپەككۇر خامىنىمىزنى بېيىتتى، ھېسسىي تۇيغۇلىرىمىزنى زىلۋالاشتۇردى.

4. بىز «دۇنيا ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ چەكلىك شېئىرىيەت سەھىپىسى ئارقىلىق دۇنياۋى شېئىرىيەتنىڭ پەللىسىنى كۆزىتىشكە مۇۋاپىپەق بولالىدۇق، بولۇپمۇ نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن شائىرلارنىڭ شېئىرلىرىنى تونۇشتۇرۇش جەھەتتە تولىمۇ ئاقىلانە ئىشنى ئېلىپ باردۇق. ھازىر ئومۇمەن، نوبېل مۇكاپاتىنىڭ بۈگۈنكى غايىسىنى، ئۆلچىمىنى، يۈزلىنىشىنى ئەدەبىياتنىڭ دۇنياۋى ۋەزىيىتىگە بىر قەدەر يېقىن ئەگەشكەن ھالدا چۈشىنەلەيدىغان بولدۇق. گەرچە بۇ جەھەتتىكى خىزمەتنىڭ كۆلىمى ۋە چوڭقۇرلۇقى تەلەپتىن تېخى يىراق بولسىمۇ، يۇقىرىقىدەك نەتىجىلەرنى رېئاللىقىمىز ئۈچۈن ئېيتقاندا، «دۇنيا ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ ئۇلۇغۋار تۆھپىسى دېيىشكە تامامەن ھەقلىقمىز. بازارنىڭ ھۇجۇمى شېئىرىيەت ياشايدىغان بوشلۇقنى تارايتىۋەتتى، ئەمەلىيەتتە، كىشىلەر ئۆزىنىڭ بۇلغانغان روھىنى پاكلايدىغان ئابىھاياتتىن بارغانسېرى قىسىر قېلىۋاتىدۇ. ئارىدا بۇ ژۇرنالنىڭ شېئىرىيەت سەھىپىسى ئازتولا دۈشمەنلىككە يولۇقمايمۇ قالمىدى. بىراق، شېئىرنىڭ قۇدرىتىنى چۈشىنىدىغان كىشىلىرىمىز ئۇنى قوغداپ قالدى. ئەگەر ئەدىبلەرنى ئۆلمىدۇ، دېيىشكە توغرا كەلسە، بۇ ئۆلۈم شېئىرنىڭ ئۆلۈمىدىن باشلىنىدۇ. شېئىرىيەت

بولمىغان ئەدەبىياتنى قانداقمۇ تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن. ئەگەر شېئىرىيەتسىز ھالدا ئەدەبىيات مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ دېگەن مەنتىقىسىز يەكۈننى قوبۇل قىلىشقا توغرا كەلسە بۇنداق ئەدەبىياتنى راك كېسىلىگە گىرىپتار بولغان ئەدەبىيات دېيىش كېرەك. بىزنىڭ بۈگۈنكى شېئىرىيەت دىتىمىزنى ئۆمەر ھەييام، سېرگى يېسسىنىن، رەسۇل ھەمزە توۋ، تاگورلارنىڭ تەسىرىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولامدۇ؟ مەن «دۇنيا ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ شېئىرىيەتكە دائىر نۆۋەتتىكى پەرۋىشكارلىق بۇرچىنى ئوبدان چۈشىنىدىغانلىقىغا ۋە بۇ بۇرچنى ئاقلايدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن. بۇ بۇرچ بەدىئىي ۋىجداننىڭ مۇقەررەر تەلىپى.

5. «دۇنيا ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى ئۆزىنىڭ ماقالە سەھىپىسى ئارقىلىق نەزەرىيىۋى تەپەككۇرىمىزنىڭ ئىسلاھ قىلىنىشى ئۈچۈن مۇئەييەن خىزمەت قىلدى. لېكىن بىز بۇ جەھەتتىكى خىزمەتنى تولۇق ياخشى ئىشلەندى، دەپ قارىيالمايمىز. «دۇنيا ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى سەھىپىسىنىڭ تولىمۇ چەكلىك ئىكەنلىكىنى ئويلىغىنىمىزدا، ژۇرنالغا سەۋەنلىك قويۇشقا تىلىمىز بارمايدۇ. شەخسەن مەن ئەنگلىيە يازغۇچىسى فوستېرنىڭ پروزا توغرىسىدىكى ئۆلانما ماقالىلىرىنى، نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشكۈچىلەرنىڭ نۇتۇقلىرىنى، د. ھ. لاۋرېنس، ماۋھام، ۋېرگىنىيە ۋۇلىن، بالگاس لوسا قاتارلىقلارنىڭ ماقالىلىرىنى، «تىنچ دون» نىڭ ئاپتورلۇق ھوقۇقى توغرىسىدىكى تالاش - تارتىشلارنى تەرجىمە قىلىپ تونۇشتۇرۇش تولىمۇ ئەھمىيەتلىك خىزمەت بولدى دەپ باھالايمەن. ئۇنىڭ ئەھمىيىتى ھەتتا بىزنىڭ مۆلچەرىمىزدىن ئېشىپ چۈشىشى مۇمكىن.

چەت ئەلنىڭ ئەدەبىي ئەسەرلىرىنى تونۇشتۇرۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان بىرلا «دۇنيا ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى ئون نەچچە يىل ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ دەۋر تەلىپىگە مۇناسىپ تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن نۇرغۇن خىزمەت قىلدى. بۇ خىزمەتنىڭ ئەمەلىي ئۈنۈمىنى سېلىشتۇرما ئەدەبىياتنىڭ تەسىر تەتقىقاتى ھامان بىر كۈنى كونكرېت ئىسپاتلايدۇ.

«دۇنيا ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ خىزمىتىدە چەكلىمە بار دېيىلسە، بۇ ئېنىقكى، مىللىتىمىزنىڭ سەۋىيە رېئاللىقىدىن كەلگەن چەكلىمىدۇر. باشقا ئىجتىمائىي چەكلىمىلەر تېخى بۇنىڭ سىرتىدا.

يېقىندا مەن سېلىشتۇرما ئەدەبىيات دوكتورى جىن سيەن خانىمنىڭ «ئەدەبىي قوبۇل ۋە مەدەنىيەت تاسقىمى» ناملىق دېسسېرتاتسىيىسىنى كۆرۈپ قالدىم. جىن خانىم جۇڭگونىڭ يېڭى مەدەنىيەت ھەرىكىتى دەۋرىدە نەشر قىلىنغان «يېڭى ياشلار» ژۇرنىلىنىڭ 1915 - يىلىدىن 1921- يىلغىچە سانلىرىدا تەرجىمە قىلىنىپ ئېلان قىلىنغان چەت ئەل ئەدەبىي ئەسەرلىرىنى خېلى ئىنچىكە تەتقىق قىپتۇ. «يېڭى ياشلار» ژۇرنىلىنىڭ ئاشۇ يەتتە يىللىق نەشرىدە 20 گە يېقىن دۆلەتتىكى 74 نەپەر ئەدىبنىڭ ھەر خىل ژانىردىكى 128 پارچە ئەسىرىنى تونۇشتۇرغان. بۇ، شۇ دەۋر ئۈچۈن ۋە نۇقۇللا چەت ئەل ئەسەرلىرىنى تونۇشتۇرۇش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالمىغان بىر ژۇرنال ئۈچۈن ئېيتقاندا، زور نەتىجە. جىن خانىمنىڭ ستاتىستىكىسىدىن كۆرۈشكە بولىدۇكى، شۇ ۋاقىتتىكى ئەدەبىي تەرجىمىلەر ئېنگلىز، ياپون، روس، فرانسوز تىللىرى ئاساسىدا يۈرگۈزۈلگەن. روشەنكى، جۇڭگونىڭ ئەينى دەۋردىكى تەرجىمانلىرى ئەسلى ئەسەرگە تايىنىش تەلىپىگە ئومۇمەن يېقىنلاشقان، ئەلۋەتتە. بۈگۈنكى خەنزۇ تىلشۇناسلىقى ۋە تەرجىمىشۇناسلىقى كۆپ تەرەققىي قىلىپ كەتتى، ئىجتىمائىي شەرت - شارائىتمۇ پەۋقۇلئاددە، ياخشى. تەرجىمە مۇئەسسەسەلىرىمۇ ناھايىتى كۆپ. بىزدىكى ئەھۋال دەل ئۇنىڭ ئەكسىچە. يۇقىرىدا ئېيتىلغاندەك، بىزنىڭ ئەدەبىي

تەرجىمە پائالىيىتىمىز ئاساسەن خەنزۇ تىلىدىكى مەنبەلەرگە تايىنىۋاتىدۇ. چەتئەل ئەدەبىياتىدىكى مەشھۇر ئەسەرلەرنى بىۋاستە ئەسلى تىلىدىن تەرجىمە قىلىدىغان ئىمكانىيەت ھازىرچە بىزدە پىشىپ يېتىلمىدى. مۇشۇنىڭغا قارىساقلا مائارىپىمىزنىڭ ئەجەللىك ئاجىزلىقىنى بىلەلەيمىز.

بىز رېئاللىقنى توغرا تونۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئەنە شۇ رېئاللىققا يارىشا تەدبىر، ئۇسۇل، پىلانلارغىمۇ ئىگە بولۇشىمىز كېرەك. بىر ئەدەبىي تەرجىمان ئىككى خىل تىلنىڭ ئۇستىسى بولالىشى كېرەك. بۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن باشقا تىللارنى پۇختا بىلىش بىلەن بىرگە ئانا تىلنىمۇ ئىنچىكە ئۆگىنىش كېرەك. ئانا تىلنى ياخشى بىلمىگەن تەرجىمان تىل مۇھىتىنى بۇلغاپ، قالايمىقانلاشتۇرۇۋېتىدۇ. بىر ئەدەبىي تەرجىمان تىل ماھىرى بولۇش شەرتىنى ھازىرلىغاندىن باشقا يەنە ئۆز مىللىتىنىڭ كونكرېت دەۋردىكى كەشپىياتىنى، ئارزۇسىنى، ئارتۇقچىلىق ۋە ئاجىزلىقىنى، مەنىۋى تەقەززاسىنى چۈشىنىشى شۇنداقلا ئۆزى ئەكىرمەكچى بولغان تولۇقلىما مەھسۇلاتنىڭ ماھىيىتىنى ئەتراپلىق، چوڭقۇر تەتقىق قىلىشى كېرەك. شۋېتسىيىلىك خەنزۇ شۇناس كارگىلىن: «جۇڭگو تىلىنى چۈشىنىمەن دېسەڭ، جۇڭگولۇقلارنىڭ كۆڭلىنى چۈشىنىشىڭ كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن ئالتىنچى سەزگۇ ياكى ئاستىنقى ئاڭ بولۇشى كېرەك» دەپ ناھايىتى ياخشى ئېيتقان. بىزنىڭ ئەدەبىي تەرجىمانلىرىمىزدا ئالدىغا ئۇچرىغانلىكى ئەسەرنى تەس ـ ئوڭايلىقىغا قاراپ تەرجىمە قىلىدىغان كېسەل بار. ئۇنىڭ ئۇستىگە نەشرىياتلىرىمىز تەرجىمە قىلىنىدىغان ئەسەرنىڭ خاراكتېرى بىلەن تەرجىماننىڭ خاراكتېرى ۋە سەۋىيىسىنى سۈرۈشتۈرمەيلا تەرجىمىگە ئۆيۈشتۈرىدۇ. بۇ ھەرگىزمۇ ئاپتورنىڭ ئەمگىكىگە بولغان سەمىمىي ھۆرمەت ئەمەس، بەلكى ئەشەددىي بۇزغۇنچىلىق. يىرىك ئەدەبىي تەرجىمانلاردا ئۆزى تالللىۋالغان مەۋقە ۋە دائىرە بولۇشى كېرەك. مەسىلەن، روس ئەدەبىياتىنى تەرجىمە قىلىدىغان ئادەم روسلارنىڭ بىر پۈتۈن قاتلىمىنى مۇكەممەل ئىگىلەش بىلەن سەمىمىي ئىخلاسىنى يېتىلدۈرۈشى، ئالدىراپ باشقا خاراكتېردىكى ئەسەرلەرگە قەلەم تارتماسلىقى كېرەك. بۇ جەھەتتە توختى باقى ئاكىنى ئېسىل بىر نەمۇنە دېسەك بولىدۇ. مېنىڭ نەزىرىمدە بۇ زات لۇشۇننى ئەڭ ياخشى چۈشەنگەن، بۇنداق چۈشىنىشتە يېتەرلىك ئەقلىي ئامىل بولۇش بىلەن بىرگە مول مۇھەببەتمۇ بار. مەن لۇشۇن ئەسەرلىرىنىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىنى ئوقۇسام ھەم لۇشۇننىڭ ئۇرغۇپ تۇرغان غەزەپلىك قېنىنى، ھەم ئانا تىلىمىزنىڭ ئىپادىلەش جەھەتتىكى تەنتەنىسىنى كۆرىمەن.

بىز دۇنيانى چۈشىنىشكە مۇھتاج، دۇنيانىڭ بىزنى چۈشىنىشىگىمۇ مۇھتاج. بۇنىڭ ئۈچۈن پىلانلىق، ئاڭلىق ھالدا تاللاپ تەرجىمە قىلىشىمىز، ئۇلۇغ ئەسەرلەرنىڭ تەرجىمىسىنى قايتا ـ قايتا قىلىپ، مۇكەممەل نۇسخىنى تۇرغۇزۇشىمىز كېرەك. مۇبادا بىراۋ بىزدىن: «سىلەردە شېكسپىرنىڭ قانچە خىل تەرجىمىسى بار، دوستويېۋسكىي، لاۋرېنس، كافكا... لارنىڭ قانچە خىل نەرجىمىسى بار؟» نەپ سورىسا، 21 ـ ئەسىرنىڭ بوسۇغىسىدا تىل چاينايدىغىنىمىز ئېنىق.

بىز جاۋاب بېرىشىمىز كېرەك. بىز ئۆزىمىز ھەققىدىكى ۋە باشقىلار ھەققىدىكى ھەر قانداق سوئالغا چوقۇم جاۋاب بېرەلىشىمىز كېرەك.

ئۈمىد «دۇنيا ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىدا. ئۈمىد «دۇنيا ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىغا ئۇيۇشقان ۋە ئۇيۇشۇۋاتقان ئەقىدىلىك تەرجىمانلىرىمىزدا ئەدىبلىرىمىزدە.

# ئەدەبىي ئەسەرلەردىكى ئىدېئال قەھرىمان ئوبرازى توغرىسىدا قىسقىچە مۇلاھىزە

قۇدرەت مىجىت، گۈلجەمىلە خالىدىن

ئەدەبىيات — تىل ئارقىلىق ئوبراز يارىتىپ، ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى ياكى كىشىلىك مۇناسىۋەتنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان بىر خىل سەنئەت تۈرى. ئەدەبىي ئەسەر يارىتىش —جەمئىيەتنى تەسۋىرلەش. جەمئىيەتنى تەسۋىرلەش — ئالدى بىلەن ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ يىغىندىسى، جەمئىيەتنىڭ ئاساسى بولغان ئادەمنى تەسۋىرلەش دېگەنلىك. ئادەمنى تەسۋىرلەش — مۇھىمى ئادەمنىڭ خاراكتېرىنى تەسۋىرلەشكە قارىتىلغان. چۈنكى ئەدەبىياتنىڭ ئاساسىي ئوبيېكتى ھېسابلىنىدىغان پېرسوناژ خاراكتېرىلا كىتابخانلارغا ھەقىقىي كۈچلۈك تەسىر كۆرسىتەلەيدۇ، ئۇلارنىڭ يادىدا مەڭگۈ ساقلىنىدىغىنى چىن - ھەقىقىي، يارقىن، ئىشەنەرلىك ۋە گۈزەل بەدىئىي خاراكتېرلار.

مۇنەۋۋەر بەدىئىي ئەسەرلەردە رېئاللىقتىن ئېلىنغان، ئەمما رېئاللىقتىن ئۈستۈن تۇرىدىغان، ئاجايىپ زور قۇدرەتكە ئىگە، روشەن خاراكتېرلىك، ئالىي روھلۇق، غايىۋى قەھرىمانلار تەسۋىرلىنىدۇ، بۇ يۈكسەك قەھرىمانلار ئوبرازى ئاشۇ ئەسەرنىڭ ئىجتىمائىي ۋە بەدىئىي قىممىتىنىڭ چوڭقۇرلۇق ۋە يۈكسەكلىك دەرىجىسىنى نامايەن قىلىدۇ. ئادەتتىكىگە قارىغاندا تېخىمۇ تىپىك، تېخىمۇ جانلىق، تېخىمۇ يارقىن ۋە يۈكسەك بولغان مۇنداق تىپىك قەھرىمانلار ئىدېئال قەھرىمانلار دەپ ئاتىلىدۇ.

ئىدېئال قەھرىمان ئوبرازىنى يارىتىش، ئېستېتىكىنىڭ، جۈملىدىن ئەدەبىياتنىڭ ئوبيېكتىپ تەلىپى. شۇنداقلا تۇرمۇش چىنلىقى ھەم گۈزەللىكنى ئەكس ئەتتۈرۈشنىڭ مۇھىم ۋاستىسى.

ئەدەبىي ئەسەرلەردە ئىدېئال قەھرىمان ئوبرازى بارمۇ - يوق؟ دېگەن مەسىلە ئۈستىدە ئەدەبىياتشۇناسلار خىلمۇ - خىل قاراشتا بولۇپ كەلمەكتە. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئەدەبىي ئەسەرلەردە بۇ خىلدىكى ئوبرازلار بار دەپ قارىسا، يەنە بەزىلىرى ئەدەبىي ئەسەرلەردە بۇ خىلدىكى ئوبرازلار يوق دەپ قارايدۇ. مانا مۇشۇنداق ئىككى خىل قاراشنىڭ پەيدا بولۇشىدا ھەر ئىككىسىنىڭ مەلۇم ئاساسى بارلىقىنى نەزەردىن ساقىت قىلىشقا بولمايدۇ. «ئاينىڭمۇ يۈزىدە دېغى بار» بولغىنىغا ئوخشاش، ئەڭ ئىجابىي، ئەڭ ئىدېئال بولۇپ كۆزگە كۆرۈنگەن ئادەمدىمۇ قانداقتۇر بەزىبىر جۈزئىي نۇقسانلارنىڭ بولۇشى تەبىئىي، ئەلۋەتتە. لېكىن ئەدەبىيات - سەنئەت جەمئىيەت ھاياتىدا ئۆزىنىڭ ئاساسىي خۇسۇسىيەتلىرى بىلەن ئىجابىي يۇسۇندا ئاجرىلىپ تۇرىدىغان كىشىلەرنىڭ ئوبرازىنى يارىتىدىغان بولغاچقا، ئۇلارنىڭ خاراكتېرىدىكى ئۇششاق - چۈششەك جۈزئىي نۇقسانلىرىنى تەسۋىرلەۋەرمەيدۇ. مۇشۇنداق چاغدا كىتابخان ۋە تاماشىبىنلار يازغۇچىنى تەبىئىي ھالدا توغرا چۈشىنىدۇ ۋە يازغۇچىمۇ ياراتقان ئوبرازلىرىنى جەمئىيەت ھاياتى نۇقتىئىنەزەردىن قاراپ جەمئىيەت كىشىلىرى ئۈچۈن مۇھىم بولغان، تەسىر كۆرسىتىش جەھەتتىن كۆزگە روشەن چېلىقىدىغان خۇسۇسىيەتلىرىگە ئاساسىي ئېتىبارىنى بېرىپ تەسۋىرلەپ، شۇ ئارقىلىق ئۆز ئىدېئالىنى شۇ

شەخسكە مۇجەسسەملەشتۈرگەچكە، ئەدەبىي ئەسەرلەردە ئىدېئال قەھرىمان ئوبرازى يارىتىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىدېئال قەھرىمان جەمئىيەتنىڭ ئىلغار كىشىلىرى ئۈچۈن، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ تەلپىنگە جاۋاب بېرىدىغان خىسلەتلەرنى ئۆزىدە مۇجەسسەملەشتۈرگەن شەخس ئوبرازى دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن بولىدۇ.

ئىدېئال قەھرىمان ئوبرازىنى يارىتىش كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزنىڭ مۇھىم خۇسۇسىيەتلىرىدىن بىرى. مەسىلەن، ئەلشىر ناۋائى «پەرھاد ۋە شىرىن»، «لەيلى ۋە مەجنۇن» داستانلىرىدىكى ئوبرازلارنى ياراتقاندا ئۇلارنىڭ مۇھەببىتىگە ئىنسان ئىدېئالىدا بار بولغان ھەممە نەرسىلەرنى ئاتا قىلىش ئۈچۈن تىرىشقان، ھەمدە ئىنسانىي مۇھەببەت بىلەن بىرگە يازغۇچى ئىدېئالىدا ۋە شۇ دەۋردىكى ئىلغار كىشىلەرنىڭ قەھرىمانلىق ھەققىدىكى تەلەپلەرنى بۇ ئوبرازلاردا مۇجەسسەملەشتۈرگەن. بۇ ئوبرازلار ئۆزلىرىنىڭ ئەنە شۇ تەرەپلىرى بىلەن ئىدېئال قەھرىمان ئوبرازى سۈپىتىدە تا ھازىرغىچە كىشىلەر قەلبىدىن ئورۇن ئېلىپ كەلمەكتە. بىراق بۇنىڭدىن پەرھاد بىلەن مەجنۇن، شىرىن بىلەن لەيلى قاتارلىقلارنى ھېچقانداق نۇقسانسىز ئوبرازلار دېگەن مەنا چىقمايدۇ. لەيلىگە نىسبەتەن مەجنۇندا كۆزگە تاشلىنىدىغان چۈشكۈنلۈك مەلۇم دەرىجىدە شۇ ئوبرازنىڭ كەمچىلىكىدىن ئىبارەت. لېكىن بۇ كەمچىلىك ئەنە شۇ زاماننىڭ خۇسۇسىيەتلىرى، ئەسەر تۈزۈلۈشىنىڭ تەلىپى بىلەن ئىزاھلىنىدۇ. ئەگەر مەجنۇننىڭ ئوبرازىدا ئەنە شۇ چۈشكۈنلۈك تەرەپلەر بولمىسا، «لەيلى ۋە مەجنۇن»غا ئوخشاش ئەسەر يارىتىلمىغان بولاتتى. «پەرھاد ۋە شىرىن»نى مىسالغا ئالىدىغان بولساق، بۇ ئەسەرنىڭ ئەڭ ئاخىرقى كولمىناتسىيە نۇقتىسىدا، كۆپ نەرسىگە ئەقلى يېتىپ، قىلنى قىرىققا ئايرىيالايدىغان پەرھاد ئۆزىگە ئىشىنىش نەتىجىسىدە خىسراۋنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالىدۇ. كىتابخان ئەلۋەتتە پەرھاد ئوبرازىدىكى بۇ نۇقسانىنى كۆرۈشنى خالىمايدۇ. ئەلشىر ناۋائى ياراتقان مەجنۇن بىلەن پەرھاد ئوبرازلىرىدىكى مانا بۇ جۈزئىي كەمچىلىكلەر ناۋائى غايىلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا ياردىمى بولۇش بىلەن بىرگە ئەسەر تۈزۈلۈشىدىكى مۇرەككەپلىكنى ساقلاپ قالغان. ئەمما بۇ ئوبرازلار ئۆزىدىكى ئەنە شۇنداق جۈزئىي كەمچىلىكلەرگە قارىماستىن، ھەقىقىي ئىنسانىي مۇھەببەت ۋە قەھرىمانلىقنىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە ئىدېئال قەھرىمان ئوبرازى بولۇپ، كىشىلەرنى بەدىئىي زوق ۋە ئىستېتىك گۈزەللىكتىن بەھرىمان قىلماقتا.

بەزىلەر بىر مەزگىل ئىجابىي قەھرىمانلارنىڭ تىپىك ئوبرازىنى ياراتقاندا، ئەسەر قەھرىمانلىرىنىڭ ھەددىدىن زىيادە «يۈكسەك، مۇكەممەل، نۇقسانسىز» بولۇشىنى، «غايىۋىيلەشكەن»، «ئىلاھلاشقان» بولۇشىنى تەرغىب قىلىدى. ئېنگلس بۇ خىل نۇقتىئىنەزەرنى ئاللىقاچان تەنقىد قىلىپ، «غايىنى دەپ رېئاللىقنى ئۇنتۇپ قالماسلىقىمىز، شىللېرنى دەپ شېكسپىرنى ئۇنتۇپ قالماسلىقىمىز لازىم ...» دەپ كۆرسەتتى.

كىتابخانلار ياكى تاماشىبىنلارنىڭ بەزى ئوبرازلاردىكى كەمچىلىكلەرنى پۈتۈنلەي كەچۈرگىسى كەلمىسىمۇ، لېكىن مەلۇم بىر تارىخىي ۋەزىيەتنى نەزەردە تۇتۇپ، ئۇلارنى يەنىلا كەچۈرۈۋېتىدۇ. مەسىلەن: ئوبۇلقاسىم فىردەۋسى ئۆزىنىڭ «شاھنامە» سىدىكى داستانلىرىنىڭ بىرىدە كۈچلۈك قەھرىمان، ھەقىقەت ئۈچۈن كۈچ قۇۋۋىتىنى ئايىمايدىغان رۇستەم ئوبرازىنى ياراتقان. شۇنىڭ ئۈچۈن رۇستەم دېگەن بۇ ئىسىم پۈتكۈل شەرققە كەڭ

تارقالغان ئىسىملاردىن بولۇپ كەلمەكتە. ۋەھالەنكى رېئاللىقتا كەمچىلىكسىز ئادەم يوق ئەمەس. ئۇ كۈچ ـ قۇۋۋەتتە تەڭدىشى يوق چاغلاردا مەرد، كۈچ قۇۋۋەتتىن قالغان چاغلىرىدا ھىيلىگەر قىلىپ تەسۋىرلىنىدۇ. ئالايلى، ئۇ يېشى چوڭىيىپ، كۈچىدىن قالغاندا ئوغلى سوھراپ بىلەن ئېلىشىدۇ ـ دە، كۈچ قۇۋۋەتتە ئاجىز كېلىپ، رەقىبىگە نىسبەتەن ھىيلە ئىشلىتىپ، ئۆز ئوغلى سوھراپقا خەنجەر ئۇرىدۇ. ئۇبۇلقاسىم فىردەۋسىنىڭ قەلىمى ئاستىدا تەسۋىرلەنگەن بۇ ۋەقەنى ئوقۇغان چېغىمىزدا «پېغان» چەكمەي تۇرالمايمىز ھەمدە رۇستەمدىكى كەمچىلىكتىن كۆز يۇمالمايمىز، شۇنداقلا ئۇنىڭ بۇ خىل قىلمىشىغا نەپرەت ئوقۇماي تۇرالمايمىز. بىراق ئەينى چاغدىكى مۇرەككەپ ۋەزىيەتتىن كېلىپ چىققان ئۇقۇشماسلىقنى نەزەردە تۇتقىنىمىزدا رۇستەمنى ئەيىپلىك دەپ ھۆكۈم چىقىرالمايمىز. شۇ سەۋەبتىن ئۇ ئۆزىنىڭ قەھرىمانلىقى، ھەقىقەت ئۈچۈن ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرى ھېسابىغا خەلق ئىدېئالىنى ئىپادىلەپ بېرىدىغان ئىدېئال قەھرىمان ئوبرازى سۈپىتىدە تا ھازىرغىچە ياشاپ كەلمەكتە.

شۇنى ئەسكەرتىش زۆرۈركى، بەدىئىي ئەسەر، يارىتىلغان ئىدېئال قەھرىمانلارمۇ رېئال تۇرمۇشتىن ئېلىنىدۇ، ئەكسىنچە، يەردىن ئۈنۈپ چىقمايدۇ ياكى ئاسماندىن چۈشمەيدۇ. ھەتتا ئاجايىپ، غارايىپ خىسلەتلىك سۈن ۋۇكۇڭنىڭمۇ قىلچە رېئال تۇرمۇش ئاساسى يوق دېيىشكە بولمايدۇ.

ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەسەرلىرىدە ئۇلۇغ ئىنقىلابىي بۆرۈلۈش ياكى جەمئىيەت ھاياتى ئۈچۈن ئەمەلگە ئاشۇرۇش زۆرۈر بولغان ئۇلۇغ ئىشلار ئېلىپ بېرىلىۋاتقان دەۋرلەردە باشقىلارغا ئۈرنەك بولىدىغان ئىدېئال قەھرىمان ئوبرازلىرى كۆپرەك يارىتىلىدۇ. ھاياتنىڭ ئۆزى شۇ خىلدىكى ئوبرازلارنىڭ يارىتىلىشىغا ئاساس بولىدۇ. ھاياتنىڭ ئۆزىمۇ شۇ خىلدىكى ئوبرازلارنى يارىتىشقا قابىل تالانت ئىگىلىرىنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ.

ئىدېئال قەھرىمان ئىجابىي قەھرىماننىڭ مۇكەممەللەشكەن، يەنىمۇ بىر بالداق يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن بىر كۆرۈنۈشى. بۇ مەسىلە ئۈستىدە ئەدەبىياتشۇناسلار ئارىسىدا ئۇزۇندىن تالاش ـ تارتىشلار مەۋجۇت. بەزىلەر «كەمچىلىكسىز ئادەم بولمايدۇ»، شۇنىڭ ئۈچۈن ئىدېئال قەھرىماننىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس، دەپ قارىسا، يەنە بەزىلەر «جەمئىيەتتە كەمكۈتىسىز، نۇقسانسىز ئادەملەرمۇ بولۇشى مۇمكىن، ئۇلار ئەدەبىيات ـ سەنئەتتە ئۆز ئەكسىنى تاپىدۇ» دەپ قارايدۇ.

دەرۋەقە، تۇرمۇشتا ھەقىقەتەن كەمچىلىكسىز ئادەم بولمايدۇ، بىراق ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەسەرلىرى مەلۇم بىر دەۋرنى ياكى بەلگىلىك دەۋر روھىنى ئەكس ئەتتۈرمەكچى بولغانىكەن، ئىجابىي قەھرىمان سۈپىتىدە ئەنە شۇ دەۋرنىڭ ئىلغار تېندېنسىيىلىرىنى ئۆزىدە مۇجەسسەملەشتۈرگەن مۇئەييەن قەھرىمانلارنى تاللايدۇ. يازغۇچىنىڭ نەزىرىدە جەمئىيەت تەرەققىياتىغا ۋەكىللىك قىلىدىغان ئاشۇ خىل قەھرىمانلار ئىنتايىن مۇھىم. شۇڭا، يازغۇچىلار ئاشۇنداق قەھرىمانلارنى چىنلىق، ياخشىلىق، گۈزەللىكنىڭ سىمۋولى قىلىش، ساختىلىق، رەزىللىك، خۇنۈكلۈككە قارشى تۇرۇش غايىلىرى، نۇقتىئىنەزەرىدىن تۇرۇپ ئەكس ئەتتۈرىدۇ. مانا مۇشۇ سەۋەبتىن، يازغۇچى كىشىدە سادىر بولۇشى مۇمكىن بولغان بەزى كەمچىلىكلەرگە كۆپ ئېتىبار بېرىپ ئولتۇرمايدۇ. نەتىجىدە كەمچىلىكلىرى بولسىمۇ،

ئانچە كۆزگە تاشلانمايدىغان، دەۋرنىڭ تەرەققىيات تېندىنسىيىلىرىنى ئۆزىدە مۇجەسسەملەشتۈرگەن يۈكسەك غايىۋى ئوبرازلار يارىتىلىدۇ. مانا مۇشۇنداق ئوبرازلار ئاشۇ جەمئىيەت كىشىلىرى ئۈچۈن ھەر تەرەپلىمە ئۈلگە بولالايدۇ ۋە ئىدېئال قەھرىمانلار ئوبرازى ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن، ماكسىم گوركى «ئانا» رومانىدىكى پاۋېل ۋىلاسوپ ئوبرازىنى ياراتقاندا، بۇ ئوبراز شەخسىيىتىدىن جۇزئى نۇقسانلارنى تېپىپ ئەسەرگە كىرگۈزمەكچى بولغان بولسا، بۇنىڭ ھۆددىسىدىن ئەلۋەتتە چىقالايتتى. لېكىن ئۇنىڭ شەخسىيىتىدىكى جۇزئى نۇقسانلار ئىنقىلاب ئۈچۈن ئانچە مۇھىم ئەمەس ئىدى. شۇڭا ئۇ روس پرولېتارىيات ئىنقىلابىنىڭ تۇنجى دەۋرىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان قېرى - ياش ئىشچىلار ئوبرازىنى تاللاپ، بۇ قەھرىمان ئوبرازلار ئارقىلىق ئاشۇ دەۋرنى جانلىق، يارقىن ۋە تولۇق ئەكس ئەتتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ ئىنقىلابىي ھەرىكەت داۋامىدىكى قەھرىمانلىق ئىش - پائالىيەتلىرىنى ئۆتتۈرۈپ كۆرسىتىپ بەرگەن. ماكسىم گوركى ئىنقىلابىي رېئالىزم مېتودى بىلەن ئاشۇ دەۋر ياشلىرىنىڭ ئىدېئال ئوبرازىنى يارىتىپ، ئەينى ۋاقىتتىكى پرولېتارىيات ئىنقىلابىنى تەييارلاش ئۈچۈن ئاكتىپ خىزمەت قىلدى. شۇ تۈپەيلىدىن، لېنىن ئۇنىڭ «ئانا» رومانىنى «دەل ۋاقتىدا يېزىلغان كېرەكلىك كىتاب» دەپ مەدھىيىلىدى.

ئۇيغۇر يازغۇچىسى ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر «ئىز» رومانىدىكى تۆمۈر خەلپە ئوبرازى ئۈستىدە ئىشلىگەندە، ئۇنىڭ شەخسىيىتىدىكى بەزى نۇقسانلارنى يازسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى بېسىپ چۈشكەن دەرىجىدە يازمىغان. تۆمۈر خەلپە ئوبرازى ئارقىلىق شۇ دەۋر ئىلغار كىشىلىرىگە خاس ئەۋزەللىكلەرنى، شانلىق كۈرەش مۇساپىسىنى تەسۋىرلەپ، قەھرىمان خەلقىمىزنىڭ ئازادلىق، ئەركىنلىك يولىدا ئېلىپ بارغان ئىنقىلابىي كۈرەشلىرىنىڭ تارىخىي، بەدىئىي كارتىنىسىنى سىزىپ بېرىشنى مەقسەت قىلغان. بۇنىڭ ئۈچۈن ئاپتور قۇمۇل دېھقانلىرىنىڭ فېئودال ۋاڭلىق جەمئىيىتىنىڭ ئاخىرقى ئەۋلادى بولغان شامەخسۇت ھۆكۈمرانلىقىدىكى ئېچىنىشلىق تۇرمۇشى بىلەن ئۇلارنىڭ فېئودال ۋاڭلىق تۈزۈمىگە قارشى كۈرىشىنى نۇقتىلىق تەسۋىرلىگەن. ئاپتور 20 - ئەسىرنىڭ 10 - يىللىرى قۇمۇل دېھقانلىرىنى تەشكىللەپ شامەخسۇت ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتەرگەن تۆمۈر خەلپىگە قويۇق ئىجابىي تۈس بېرىپ، ئۇنى يېڭىدىن بەدىئىي سەھنىگە ئېلىپ چىقىپ، ئۇنىڭ كىشىنى چوڭقۇر تەسىرلەندۈرىدىغان ئىدېئال قەھرىمانلارغا خاس بەدىئىي ئوبرازىنى ياراتقان، تۆمۈر خەلپە ئاشۇ پەزىلەتلىرى بىلەن ھازىرقى جەمئىيەت كىشىلىرىنىڭ ئىدېئالىغا تەسىر كۆرسەتمەكتە.

بەزىلەر تۆمۈر خەلپىنى رېئاللىق ۋە كەلگۈسىگە كۆپىنچە دىنىي ئەقىدە ۋە تەقدىرچىلىك كۆز قارىشى بويىچە مۇئامىلە قىلىدىغان تۇرسا، ئاپتور نېمە ئۈچۈن بۇ تەرەپكە كۆپ ئېتىبار بەرمەيدۇ دەپ قارىشى مۇمكىن، تۆمۈر خەلپە خاراكتېرىدىكى بۇ ئاجىزلىق، مەنىۋى جەھەتتىكى بۇ ئەجەللىك يېتەرسىزلىك ئۇنىڭ شەخسىي تراگېدىيىسىنى پەيدا قىلغان تۈپ سەۋەب بولۇپ، ماھىيەتتە پۈتۈن قوزغىلاڭنىڭ، ئۇنىڭدىن ئۈمىدلەنگەن ساددا دېھقانلارنىڭ ئېچىنىشلىق ھايات تراگېدىيىسىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان مۇھىم ئىجتىمائىي سەۋەب. تۆمۈر خەلپىنىڭ ھايات تراگېدىيىسى بىلەن قوزغىلاڭنىڭ مەغلۇپ بولۇش سەۋەبلىرىنى ئەنە شۇ چاغدىكى تارىخىي ۋەزىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ قارىغىنىمىزدا، تۆمۈر خەلپە ئوبرازى يەنىلا ئىدېئال قەھرىمان ئوبرازى بولالايدۇ، ئەلۋەتتە. ئەگەر، ئاپتور ئۆز رومانىدا تۆمۈر خەلپە

پائالىيىتىنىڭ يۇقىرىقىدەك تەرەپلىرىگە كۆپرەك ئېتىبارىنى بېرىدىغان بولسا، ئۇنىڭ بىز ئۈچۈن مۇھىم بولغان باشقا تەرەپلىرى نەزەردىن ساقىت قالىدۇ - دە، ئۇلارنىڭ تەسۋىرى ئۈچۈن يازغۇچى يېتەرلىك ئورۇن ئاجرىتىشقا ئاجىز كېلىپ، ياراتقان ئوبراز مەنا جەھەتتىن بىزنىڭ تەلپىمىزگە، ئېستېتىك دېتىمىزغا جاۋاب بېرەلمەسلىكى، ئوبيېكتىپ ھەقىقەت تولۇق ئېچىلماي قېلىشى، تارىخي شەخسنىڭ ئوبرازىغا نۇقسان يېتىپ قېلىشى مۇمكىن.

يازغۇچىلارنىڭ ھەممىسى ئۆز ئىدىيالىغا ماس ئىجابىي قەھرىمان يارىتىشقا ئىنتىلىدۇ. ئەمما بۇ خەلق ئالدىدا مەسئۇلىيەتچانلىقى كۈچلۈك بولغان ناھايىتى مۈشكۈل ئىش. يازغۇچىلار بەزىدە ئىدىيال قەھرىمان ئوبرازىنى يارىتىمەن دەپ، قەھرىماننىڭ شەخسىيىتىدە بار بولغان خىسلەتلەرنى نۇقتىلىق تەسۋىرلىمەي، ۋەقەلىك تىزمىسى بولغان دەلىل - ئىسپاتلارنى كەلتۈرۈش بىلەن بولۇپ كېتىپ، تۇرمۇشتىن چەتنىگەن، مەلۇم قېلىپقا چۈشۈپ قالغان، بىر - بىرىدىن قىلچە پەرقلەنمەيدىغان ئوبرازلارنى يارىتىپ قويىدۇ. ئۇلار قارىماققا ئىجابىي ئوبرازلاردەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمەلىيەتتە جەمئىيەت كىشىلىرى ئۈچۈن يېتەرلىك ئۈلگە بولىدىغان ئوبرازلار دەرىجىسىگە توشمايدۇ. يەنە كېلىپ ئۇلار كۆپ جەھەتلىرى بىلەن ئىدىيال قەھرىمان ئوبرازى بولالمايدۇ. ئەدەبىي ئەسەرلىرىمىزدىكى بەزى ئوبرازلار قىسمەن خىسلەتلىرى بىلەن باشقىلارغا ئۈلگە بولۇشقا ئەرزىسىمۇ، لېكىن پۈتكۈل ئەسەر نۇقتىسىدىن قارىغاندا ئۈلگە بولارلىق دەرىجىدە ئەمەس. شۇڭا مۇنداق ئەسەرلەر كىشىلەرنىڭ ئېسىدىن ناھايىتى تېزلا كۆتىرىلىپ كېتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئوبراز ياراتقاندا، ئىجابىي قەھرىماننىڭ ئوبرازىنى ياخشى يارىتىش بىلەن بىرگە ئۇنىڭدىن بىر بالداق يۇقىرى تۇرىدىغان ئىدىيال قەھرىمان ئوبرازىنى يارىتىشقا تىرىشىشى لازىم. شۇنداق بولغاندىلا، ئەنە شۇ يارىتىلغان ئەسەر ئۆزىنىڭ ئىجتىمائىي ۋە بەدىئىي قىممىتىنى ساقلاپ قېلىش بىلەن بىللە كىشىلەرنى تەربىيىلەش، كىشىلەرگە بىلىم بېرىش، مۇھىمى كىشىلەرنى ئېستېتىك لەززەتلەندۈرۈشتىن ئىبارەت ئىجتىمائىي رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرالايدۇ، ھەمدە بۇ خىلدىكى ئوبرازلار كىشىلەرنىڭ ئېسىدىن كۆتىرىلىپ كەتمەيدۇ.

پايدىلانغان ماتېرىياللار

(1) ئەبلەت تۆمۈر: «ئەدەبىيات نەزەرىيىسىگە دائىر ئاساسىي بىلىملەر»، مىللەتلەر نەشرىياتى 1984- يىل.

(2) ئابدۇللا مۇھەممەدى: «ئېستېتىكا توغرىسىدا ئومۇمىي بايان»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1997- يىل.

(3) «ئەدەبىياتنىڭ ئاساسىي قائىدىلىرى»، يى چۈن قاتارلىقلار تۈزگەن شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1983- يىل.

(4) «ئۇيغۇر رومانچىلىقى توغرىسىدا»، ماقالىلەر توپلىمى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1987- يىل.

(5) ۋاھىتجان غوپۇر، ئەسقەر ھۈسەيىن: «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تىزىسلىرى»، مىللەتلەر نەشرىياتى 1988- يىل.

(6) «چەتئەل ئەدەبىياتى» 1-، 2 - قىسىملار.

(7) ئازات سۇلتان: «ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتى توغرىسىدا»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى.

# ئۇيغۇرلارنىڭ مەتبەئە تېخنىكىسىغا قوشقان مۇھىم تۆھپىسى

ياسىن ھۇشۇر (پەلسەپە ـ ئىجتىمائىي پەنلەر دوكتورى)
شى جىنبو

A

جۇڭگو تارىخ مەنبەلىرىدە «خۇيخۇ» دەپ ئاتالغان قەۋملەر بۈگۈنكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادى ئىدى. ئۇلارنىڭ بىر تارمىقى مىلادى 9 ـ ئەسىردىن 13 ـ ئەسىرگىچە دۇنخۇاڭ، تۇرپان قاتارلىق جايلاردا ئولتۇراقلاشقان ھەم شۇ تەۋەدە ئۆزلىرىنىڭ يەرلىك ھاكىمىيەتلىرىنى قۇرۇپ ياشىغانىدى. بۇ مەزگىلدە ئۇلار پارلاق مەدەنىيەت يارىتىپ، مول تارىخىي، مەدەنىيەت يادىكارلىقلارنى مىراس قالدۇرغان. ئۇ چاغلاردا شۇ تەۋەدىكى ئۇيغۇرلار بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلاتتى. سەل ئىلگىرىكى بىر مەزگىلدە مانى دىنىغىمۇ ئېتىقاد قىلغانىدى. دۇنخۇاڭ بىلەن تۇرپان شەرق بىلەن غەربنىڭ مەدەنىيەت ئالماشتۇرىدىغان مۇھىم يولى ئىدى. شۇڭا ئۇيغۇرلار ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك مەدەنىيىتى بىلەن ھىندىستان ھەم ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتىنى قارا قويۇق قوبۇل قىلىۋەرگەن ھەم تەدرىجىي يوسۇندا ئۇيغۇر بۇددىزم مەدەنىيىتىنى شەكىللەندۈرگەن. بۇددا نوملىرى، بۇددا شېئىرىيىتى، بۇددا پەلسەپىسىگە ئائىت كلاسسىك ئەسەرلەر ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان.

ئۇيغۇرلار تۈرك ـ رونىك يېزىقىنى قوللانغانىدى. كېيىنچە تەدرىجىي سوغدى يېزىقىنى قوللىنىشقا يۈزلەندى ھەم بۇ يېزىق ئۇيغۇر يېزىقى، دەپ ئاتالدى. بۇ ئۇيغۇر يېزىقى تاكى 15 ـ ئەسىرگىچە قوللىنىلدى. بۇ، ئۇيغۇرلار ئەرەب يېزىقىنى قوللىنىشتىن بۇرۇن ئەڭ كەڭ قوللانغان، يازما يادىكارلىق ئەڭ كۆپ ساقلىنىپ قالغان يېزىق. ئۇ چاغدىكى ئۇيغۇر يېزىقى 19 دىن 20 گىچە ھەرپنى ئۆز ئىچىگە ئالغان فونېتىكىلىق ھەرپ يېزىقى ئىدى. بۇ يېزىقنىڭ باش، ئوتتۇرا، ئاخىر شەكلى بولۇپ، مۇشۇ يېزىقتا ئۇيغۇرلار خېلى ئۇزاق مەزگىلگىچە ئۆزلىرىنىڭ ئەدەبىي تىلىنى شەكىللەندۈرگەن ھەم تەرەققىي قىلدۇرغان.

شۇ دەۋر ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ بۇددا نوملىرىغا بولغان ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن ئۇيغۇر پۈتۈكچىلىرى ئوردىدا ۋە راھىبلىرى بۇتخانىلاردا ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان بۇددا نومىنى كۆچۈرۈپ، زور مىقداردا تارقاتقانىدى. مەتبەئە تېخنىكىسى شەرقتىن غەربكە تارقىلىش جەريانىدا، بۇ تېخنىكا ئۇيغۇرلار يېرىگە كەلگەندە ئۇيغۇرلار ئۆزىنىڭ تىل ـ يېزىقىغا ماسلاشتۇرۇپ مىق مەتبەئە بىلەن بېسىش تېخنىكىسىنى ئىجاد قىلدى. ئاشۇ مەتبەئە بىلەن ئۇيغۇرچە بۇددا نوملىرىنى كۆپلەپ بېسىپ تارقىتىپ، تەدرىجىي مۇكەممەللەشتۈرگەن مىق مەتبەئە بىلەن بېسىش تېخنىكىسىنى داۋاملىق تۈردە غەربكە كېڭەيتتى.

1908 ـ يىل 2 ـ ئايدا، پائۇل پېللىئوت باشچىلىقىدىكى فرانسىيىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيانى ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئەترىتى دۇنخۇاڭ مىڭ ئۆيگە يېتىپ كەلگەندە نوم ساقلانغان غاردىن زور مىقداردىكى قىممەتلىك ھۆججەتلەر، يازما يادىكارلىقلارنى قولغا چۈشۈردى، شۇنىڭ بىلەن بىللە موگاۋ غارىنىڭ شىمالىي ئەتراپىدىكى 181ـ غاردىن (ھازىر بەلگە سېلىنغان نومۇرى 464ـ غار) زور مىقداردا يەنە ئۇيغۇرچە، تاڭغۇتچە (غەربىي شياچە)، تىبەتچە ۋەسىقىلەرنى ھەمدە ئۇزۇندىن بېرى ئىلىم ساھەسى كۆڭۈل بۆلۈپ كەلگەن ئۇيغۇرچە مىق مەتبەئە ھەرپلىرىنى بايقىدى. بۇ ئۇيغۇرچە مىق مەتبەئە كېيىنچە پارىژدىكى جىمې ئاسىيا سەنئەت مۇزېيىدا ساقلاندى. بۇ قېتىم بايقالغان ئۇيغۇرچە مىق مەتبەئە ھەرپى ئايرىم ئالىملار تەرىپىدىن ئاددىيلا خەۋەر قىلىنغاندىن باشقا 90 يىلدىن بېرى تېخىچە سىستېمىلىق ۋە ئومۇمىيۈزلۈك تەتقىق قىلىنمىدى. نەتىجىدە بۇ ئۇيغۇرچە مىق مەتبەئە ھەرپلىرىنىڭ مەتبەئە چىلىك

تېخنىكىسى تارىختىكى مۇھىم ئورنىغا يېتەرلىك ئەھمىيەت بېرىلمىدى، ھەتتا بىر مەزگىل بۇ ئۇيغۇرچە ھەرپ ئاللىقاچان يوقاپ كەتتى، دېگەن خاتا خەۋەر تارقالدى. بۇ ھەقتە ئەنگلىيىلىك مەشھۇر ئالىم جوسېف لي [JosePh Lee]تۈزگەن «جۇڭگو پەن - تېخنىكا تارىخى» نىڭ 5 - توم 1 - كىتابىدىكى «قەغەز ۋە مەتبەئە» دېگەن بابتا: «يېقىنقى خەۋەردىن مەلۇم بولۇشىچە، ئاشۇ بىر يۈرۈش مەتبەئە ھەرپىنى تېپىشقا ئىمكان بولمىدى»، دەپ يازدى. مۇشۇ ماقالىنىڭ ئاپتورى ياسىن ھوشۇر ب د ت مائارىپ، پەن - مەدەنىيەت تەشكىلاتىنىڭ يىپەك يولى تەتقىقاتى بويىچە پىلانى يۇفۇ (ياپونىيىلىك خىراياما) ئوقۇش مۇكاپاتىغا ئېرىشكەندىن كېيىن، 1995 - يىلى ئەنگلىيىگە دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان ھۆججەتلەرنى تەتقىق قىلغىلى بارغاندا ئالاھىتەن پارىژغا بېرىپ، پارىژ جىمې ئاسىيا سەنئەت موزېيىدىن تەخمىنەن بۇندىن 800 يىل ئىلگىرىكى ئۇيغۇرچە مىق مەتبەئە ھەرپىنى تاپتى ھەمدە بۇ جەمئىي 960 تال مەتبەئە ھەرپىنى يوغان بەش ۋاراق قەغەزگە بېسىپ، مۇشۇ ھەرپلەر ۋەكىللىك قىلىدىغان ئۇيغۇرچە تېكىست ۋە تىنىش بەلگىلىرىنى ناھايىتى ئېنىق كۆرەلىدى.

بۇ ھەرپلەرنىڭ مۇتلەق كۆپلىرىنىڭ كەڭلىكى 1.3 سانتىمېتىر بولۇپ، ئۇزۇن - قىسقىلىقى ئىپادىلەيدىغان بەلگىنىڭ چوڭ - كىچىكلىكىگە ئاساسەن بېكىتىلگەن. بۇ مەتبەئە ھەرپىنىڭ ماتېرىيالى ناھايىتى قاتتىق بولۇپ، بۇ ماقالىنىڭ ئاپتورى چىلان ياكى نەشپۈت دەرىخى ياغىچىدا ياسالغان بولۇشى مۇمكىن، دەپ پەرەز قىلغان. گەرچە نەچچە يۈز يىللاپ تەبىئەتنىڭ ئۇپرىتىشىغا ئۇچرىغان بولسىمۇ، بۇ ھەرپلەرنى يەنىلا ناھايىتى ئوچۇق پەرق ئەتكىلى بولىدۇ. ئاپتور بۇ ھەرپلەر بىلەن بېسىلغان تېكىستنى ئوقۇپ تۈرگە ئايرىغاندىن كېيىن ئاشۇ ھەرپ ئىپادىلىگەن تېكىست ۋە بەلگىلەرنىڭ ئالتە خىلغا بۆلۈنىدىغانلىقىنى بايقىدى: ① ھەرپنى بىرلىك قىلغان مەتبەئە ھەرپى بولۇپ، بۇ ھەرپ ئەينى چاغدىكى ئۇيغۇر (خۇيخۇ) تىلى تاۋۇشىدىكى فونېمىلار، بۇنىڭدا تاۋۇشنى ئىپادىلەيدىغان بەلگىلەرنىڭ سۆز ئالدى، سۆز ئوتتۇرىسى ۋە سۆز ئاخىرىدىن ئىبارەت (باش ھەرپ، ئوتتۇرا ھەرپ، ئاياغ ھەرپ) ئۈچ خىل شەكلى زور سالماقنى ئىگىلەيدۇ. يەنە بىر قىسمىلىرى سۆز مەنىسى ياكى گىراماتىكىلىق مەنىسى بولغان تاۋۇشتىن بىرىككەن ھەرپ. ② ئىككىدىن ئارتۇق تاۋۇشنى ئىپادىلەيدىغان بىرىكتۈرۈلگەن مەتبەئە ھەرپى بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە سۆز تومۇرىنى (تاق سۆزنى) ۋە سۆز بىرىكمىلىرىنى ئىپادىلەيدىغانلىرىمۇ، سۆز ياسىغۇچى گىراماتىكىلىق قوشۇمچىلارمۇ بار. ③ سۆزنى بىرلىك قىلغان مەتبەئە ھەرپىمۇ بار، بۇنىڭ ئىچىدىكىلىرى ئاساسەن بۇددا دىنىدىكى خاس سۆز - ئاتالغۇلاردۇر. ④ پېئىل بولۇپ كەلگەن سۆز تومۇرىنى بىرلىك قىلغان مەتبەئە ھەرپى بار، بۇنداقلىرىنىڭ سالمىقىمۇ بىر قەدەر كۆپ. ⑤ بەتتىكى ئىستون، رامكا سىزىقىنى ئىپادىلەيدىغان مەتبەئە بەلگىلىرى بار، بۇلارنىڭ ئىچىدە تاق ئىستون، قوش ئىستون رامكا سىزىقىنى ئىپادىلەيدىغان بەلگىلەر بار. ⑥ تىنىش بەلگىلىرىنى ئىپادىلەيدىغان مەتبەئە بەلگىلىرى بار، بۇنىڭ ئىچىدە تۆت چېكىتلىك، ئىككى چېكىتلىكلىرى بار. بۇنىڭدىن سىرت يەنە بەت ياسىغاندا بوش قالغان (ئاق قالغان) ئورۇننى تولدۇرىدىغان كونچۇك، سېپونلارمۇ بار. بۇ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ۋە تاڭغۇت يېرىدىكى بىر مەتبەئە ھەرپى بىر بوغۇمنى (خەنزۇچە خەتنى) ئىپادىلەيدىغان خەنزۇچە خەت ئاساسىدىكى مەتبەئە تېخنىكىسىنى ھەرپ، بوغۇم ۋە سۆزنى بىرلىك قىلغان ئارىلاشما تىپتىكى مەتبەئە تېخنىكىسىغا تەرەققىي قىلدۇرغانلىق. بۇ مەتبەئە تېخنىكىسى ئۇيغۇر تىل يېزىقىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ماسلاشقان ھالدا شەكىللەنگەن. مانا مۇشۇنداق غايەت زور ئىلگىرىلەش دۇنيا مەتبەئە تېخنىكىسى تارىخىدا ئىنتايىن مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ، ئەھمىيىتىمۇ ناھايىتى زور. ھالبۇكى، بەزى ئالىملار بۇ مەتبەئە ھەرپىنى ئومۇمىيۈزلۈك، سىستېمىلىق تەتقىق قىلماي تۇرۇپلا خاتا يەكۈن چىقارماقتا. ئامېرىكىلىق كارتېر [Carter] ئۆزىنىڭ زور تەسىر قوزغىغان «جۇڭگو مەتبەئە تېخنىكىسىنىڭ كەشىپ قىلىنىشى ۋە ئۇنىڭ غەربكە تارقىلىشى» ناملىق كىتابىدا: «بەلكىم ئۇلار (خۇيخۇ - ئۇيغۇرلار) نىڭ ئەمەلىيەتتە ھەرپلىك

مەتبەئە ھەرپى بولغان بولۇشى مۇمكىن، ئەمما ھىزدە بۇ ھەقتىكى يازما يادىكارلىق يوق، ھازىرغا قەدەر بىرەرمۇ ھەرپلىك مەتبەئە ھەرپىنىڭ ماددىي ئىسپاتىنى بايقىمىدۇق. دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان مەتبەئە ھەرپى يەنىلا پۈتۈنلەي جۇڭگونىڭ خەنزۇچە خەت مەتبەئەچىلىكى بويىچە ياسالغان بولۇپ، ئۇ ھەرپ بولماستىن بەلكى قاتار تىزىپ قويۇلغان خەت» دەپ يازدى. شۇندىن كېيىن كارتېرنىڭ بۇ سۆزى دۇنيا ئىلىم ساھەسىدىكى نۇرغۇن ئەسەرلەردە نەقىل قىلىندى، نەتىجىدە كىشىلەردە دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان ئاشۇ مەتبەئە ھەرپى سۆز بىرلىك قىلىنغان، ئۇنىڭدا قىلچىمۇ ھەرپ بىرلىك قىلىنمىغان، دېگەن ناھايىتى خاتا ئۇقۇم پەيدا قىلدى.

تىلشۇناسلار خېلى بۇرۇنلا ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادى بولمىش خۇيخۇلارنىڭ تىلىنى ئالتاي تىلى سىستېمىسى تۈرك تىلى ئائىلىسىنىڭ مۇھىم بىر تارمىقى، ئۇ يېپىشقاق تىللار تىپىغا مەنسۇپ، دەپ ئېنىق بېكىتكەن. خۇيخۇ تىلىنىڭ ئالاھىدىلىكى ـ سۆز تومۇرىنىڭ ئاخىرىغا مۇئەييەن تەرتىپ بويىچە ئۇخشاشمىغان گرامماتىكىلىق سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلارنى قوشقاندا، ھەر بىر سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچە ئۇخشاشمىغان سۆز مەنىسى ياكى گرامماتىكىلىق مۇناسىۋەتلەرنى ئىپادىلەيدۇ. مۇنداقچە ئېيتقاندا، خۇيخۇ تىلىدىكى جۈملىلەردە بىر سۆز ئۇخشاشمىغان گرامماتىكىلىق مەنىلەرنى ئىپادىلىگەندە ئاشۇ سۆز تومۇرىنىڭ ئاخىرىغا ئۇخشاشمىغان سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچە ئۇلانغان بولىدۇ. مانا بۇ خىل ئالاھىدىلىك خەنزۇـ تىبەت تىلى سىستېمىسىغا مەنسۇپ بولغان خەنزۇ تىلى، تاڭغۇت تىلىدىكى جۈملىلەردە سۆز (خەت) لەردە ئۆزگىرىش بولمىغىنىغا ئوخشىمايدۇ. شۇڭا، خۇيخۇ تىل يېزىقىدىكى مەتبەئە ھەرپلىرىنى ياسىغاندا خەنزۇچە مەتبەئە خەتلىرىنىڭ ئۇسلۇبىغا (قانۇنىيىتى) ئوخشاش بىر خەت (بىر سۆز) بىر مەتبەئە ھەرپى قىلىنىدىغان بولسا، ئۇنداقتا خۇيخۇ تىلىدىكى ئوخشاشمىغان گرامماتىكىلىق مەنالارنى ئىپادىلەپ بېرىش مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا، ئۇيغۇر (خۇيخۇ) تىلىدىكى ئوخشاشمىغان گرامماتىكىلىق مەنالارنى ئىپادىلەش ئۈچۈن نۇرغۇنلىغان گرامماتىكىلىق سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلارنىڭمۇ مەتبەئە ھەرپى بولۇشى كېرەك. يەنى ھەر بىر سۆز ئۈچۈن نۇرغۇنلىغان ئوخشاشمىغان گرامماتىكىلىق سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلىرىنىڭ مەتبەئە ھەرپى ياسىلىشى كېرەك، بۇنداق كەشپىيات مەتبەئەچىلىك تېخنىكىسىدا ھۆددىسىدىن چىقماق ناھايىتى قىيىن ۋەزىپە بولۇپ، ئەينى دەۋردىكى خۇيخۇلار بۇنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالىغان. شۇ چاغلاردا، مەتبەئەچىلىك تېخنىكىسىنى ئەيچىللىك بىلەن قوللىنىش ئۈچۈن ئەقىللىق ئۇيغۇر ئۇستىلىرى مۇستەقىل ھالدا تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، ئۇيغۇر تىلىدىكى (خۇيخۇ تىلىدىكى) سۆزلەرنىڭ سۆز تومۇرى ۋە گرامماتىكىلىق سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلىرىنى بىرمۇ بىر ئايرىپ چىققاندىن كېيىن ئازراق مەتبەئە ھەرپىدىمۇ نۇرغۇنلىغان تۈرلۈك گرامماتىكىلىق مەنىلەرنى ئىپادىلەيدىغان سۆزلەرنى مەتبەئەچىلىكتە ئىپادىلەپ ئىشلەتكىلى بولىدىغانلىقىنى تېپىپ چىققان، نەتىجىدە، ئوخشاشمىغان تىلدا مەتبەئە ھەرپىنى قوللىنىش مەسىلىسىنى ئۇتۇقلۇق ھەل قىلغان. بۇ كەشپىيات ئارقىلىق ئەينى چاغدا كىتاب بەتلىرىنى ياسىغاندا نۇرغۇن ئادەم كۈچى تېجىلىپ قالاتتى، يەنە بۇددا نوملىرىنى ئوردا پۈتۈكچىلىرى ۋە راھىبلارنىڭ كۆچۈرۈپ كۆپەيتىشى ھاجەتسىز ئىدى. خۇيخۇلار يەنە دائىم ئۇچرايدىغان سۆز ۋە گرامماتىكىلىق مەنا بەرگۈچى سۆز قوشۇمچىلىرىنى مەتبەئەدە ئىپادىلەش ئۈچۈن تاق ھەرپلىك مەتبەئە ھەرپىنىمۇ ياساپ، بارلىق سۆز ـ جۈملىلەرنى ناھايىتى راۋان باسالىغان.

خەۋەر قىلىنىشىچە، دۇنخۇاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى تەتقىقات ئىنستىتۇتى يېقىنقى يىللاردا دۇنخۇاڭ موگاۋ غارىنىڭ شىمالىدىكى غاردىن نەچچە ئونلىغان خۇيخۇچە (ئۇيغۇرچە) مىق مەتبەئە ھەرپىنى بايقىغان بولۇپ، بۇ فرانسۇز ئالىمى پائۇل پرللىئوت تاپقان مەتبەئە ھەرپى بىلەن بىر تۈردىكى مەتبەئە ھەرپى ئىكەن، بۇ بايقاش نەتىجىسىدە، دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان ئۇيغۇرچە (خۇيخۇچە) مەتبەئە ھەرپى مىڭدىن ئېشىپ كەتكەن.

دۇنخۇاڭدىن بايقالغان خۇيخۇچە (ئۇيغۇرچە) مىق مەتبەئە ھەرپى 12 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدىن بۇرۇن ياسالغان بولۇشى، ئەڭ بولمىغاندىمۇ 13 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ياسالغان بولۇشى مۇمكىن، چۈنكى 13 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا دۇنخۇاڭ رايونىدىكى ئۇيغۇرلار زاۋاللىققا يۈزلەنگەن بولۇپ، شۇ چاغدا ئۇ جايدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسىي، مەدەنىيەت، دىنىي پائالىيەت ئەھۋالى ئۇ جايدا مەتبەئە ھەرپى ياساشقا، مەتبەئە بۇيۇملىرىنى بېسىپ تارقىتىشقا يار بەرمەيتتى، بولۇپمۇ ئۇيغۇرچە بۇددا نوملىرىنى بېسىشقا يار بەرمەيتتى، شۇڭا بىز ئەنگلىيىلىك ئالىم جوسېف لې بىلەن ئامېرىكىلىق ئالىم كارتېرنىڭ بايانىغا رەددىيە ئورنىدا دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان ئاشۇ بىر تۈركۈم مىق مەتبەئە ھەرپىنى بۈگۈنكى دۇنيادىكى ھازىرغىچە ساقلىنىپ كەلگەن ئەڭ بۇرۇنقى ماددىي پاكىت، دەپ ئىسپاتلايمىز. ..

—B—

تاڭغۇتچە ۋە ئۇيغۇرچە ئەڭ بالدۇرقى مەتبەئە تېخنىكىسىنىڭ ماددىي پاكىتىنىڭ بايقىلىشى ئېلىمىز، شۇنداقلا دۇنيا مەتبەئەچىلىك تېخنىكىسى تارىخىدا گەۋدىلىك ئورۇنغا ۋە مۇھىم تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە.

**(1) دۇنيا مەتبەئە تېخنىكىسى تارىخىنى ئەڭ بالدۇرقى مەتبەئە تېخنىكىسىنىڭ ماددىي ئىسپاتى بىلەن تەمىن ئەتتى.** سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن بى شېڭنىڭ مەتبەئە تېخنىكىسىنى كەشىپ قىلغانلىقى جۇڭگو تارىخ مەنبەلىرىدە يازما ماتېرىيال قىلىپ قالدۇرۇلغان بولسىمۇ، ئەمما شۇ دەۋردىن قالغان مەتبەئە تېخنىكىسىغا ئائىت ماددىي ئىسپات بولمىغانلىقتىن چەت ئەللەردىكى بەزى ئالىملار جۇڭگونىڭ تۇنجى قېتىم مەتبەئە تېخنىكىسىنى كەشىپ قىلغانلىقىدىن گۇمانلىنىپ كەلگەنىدى، ھەتتا بۇ كەشپىياتنى تارىختا بولمىغان ئىش، رىۋايەت، دەپ قاراپ كەلگەنىدى. تاڭغۇتچە ۋە خۇيخۇ (ئۇيغۇر) چە مەتبەئە ھەرپى ۋە مەتبەئە بۇيۇملىرىنىڭ بايقىلىشى بىزنى مەتبەئە تېخنىكىسى كەشىپ قىلىنىپ ئۇزاق ئۆتمەي مەتبەئەدە بېسىلىپ چىققان بۇيۇملارنى ۋە مەتبەئە ھەرپىنى ئۆز كۆزىمىز بىلەن كۆرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى، يەنى نۆۋەتتە دۇنيادىكى ئەڭ بالدۇرقى مەتبەئە بۇيۇمىنى كۆرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى، بۇنىڭ بىلەن ئەڭ بالدۇرقى مەتبەئە تېخنىكىسى تارىخىغا بولغان گۇمان ۋە مۈجمەل قاراشلار ئايدىڭلىشىپ، ئېلىمىزنىڭ دۇنيادا تۇنجى بولۇپ مەتبەئە تېخنىكىسىنى كەشىپ قىلغانلىق ئورنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا مۇئەييەنلەشتۈرۈلدى.

**(2) ئېلىمىزنىڭ ئەڭ بالدۇر مەتبەئە تېخنىكىسىنى قوللىنىش دائىرىسىنى كېڭەيتتى.**

ئېلىمىزنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىدا مەتبەئە تېخنىكىسى قوللىنىلىپ ئۇزاق ئۆتمەي غەربىي قىسىم رايونىدىكى تاڭغۇت ۋە خۇيخۇ (ئۇيغۇر) مىللەتلىرى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىنىڭ مەتبەئە تېخنىكىسى تەسىرىدە ئارقا ـ ئارقىدىن مەتبەئەچىلىك تېخنىكىسىنى قوللاندى. تاڭغۇت خانلىقىنىڭ جۇڭشىڭفۇ (بۈگۈنكى نىڭشيا ئاپتونوم رايونىنىڭ مەركىزى يىنچۇەن شەھىرى) ئەتراپىدا، لياڭجۇ (بۈگۈنكى گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ ۋۇۋېي شەھىرى)، ئۇيغۇر (خۇيخۇ) يەرلىرىدىن شاجۇ (بۈگۈنكى گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ دۇنخۇاڭ شەھىرى)، قاراسۇ قەلئەسى (خېيشۇيچېڭ)، تورپان قاتارلىق رايونلارنىڭ ھەممىسىدە تاڭغۇتچە، خۇيخۇ (ئۇيغۇر) چە تىل ـ يېزىقتىكى مەتبەئە تېخنىكىسىنىڭ ماددىي ئىسپاتى تېپىلدى. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىش مۇمكىنكى، مەتبەئە تېخنىكىسى ئەينى زاماندا ناھايىتى كەڭ دائىرىدە قوللىنىلغان.

**(3) ئېلىمىزدە ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭمۇ مەتبەئە تېخنىكىسىغا ناھايىتى زور تۆھپىلەرنى قوشقانلىقى ئىسپاتلاندى.** تاڭغۇت يەرلىرى بىلەن خۇيخۇ (ئۇيغۇر) يەرلىرى ئەينى چاغدا تاڭغۇتلار بىلەن ئۇيغۇر (خۇيخۇ) لار ئۆزلىرىنىڭ يەرلىك ھاكىمىيىتىنى قۇرغان رايونلار بولۇپ، ئىقتىساد، مەدەنىيەت جەھەتتە خېلىلا روناق تاپقانىدى. ئۇ چاغدا ئۇيغۇرلار (خۇيخۇلار) شەرق ـ غەرب مەدەنىيىتى ئالمىشىدىغان مۇھىم تۈگۈندە ئولتۇراقلاشقاچقا، ئۆزلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئاساسىدا باشقا مىللەتلەرنىڭ ئىلغار، مۇنەۋۋەر مەدەنىيىتىنىمۇ قوبۇل قىلىپ

ئۆزلەشتۈرگەنىدى. تاڭغۇت مىللىتى ئەينى چاغدىكى خەنزۇ تىبەت تىل سىستېمىسىدىكى مىللەت بولغاچقا، تاڭغۇت يېزىقىمۇ خەنزۇ يېزىقىغا ئوخشاش چاسا خەتتىن تۈزۈلگەن يېزىق ئىدى، يەنى بىر خەت بىر بوغۇم بولۇپ بىر مەنانى ئىپادىلەيتتى. شۇڭا تاڭغۇتلار خەنزۇچە مەتبەئە تېخنىكىسىدىن ئۆرنەك ئېلىپ ئۆز تىل - يېزىقىدا ئۆز مىللىتىنىڭ ھۆججەتلىرىنى، نوملىرىنى باسقان، خويخۇلار بولسا چاسا خەت (خەنزۇچە خەت) مەتبەئە تېخنىكىسىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئىسلاھ قىلىپ ئۆز تىل - يېزىقىغا ماس كېلىدىغان مەتبەئە تېخنىكىسىنى ياراتقان، بۇ ئەمەلىيەتتە ھەرپلىك يېزىق مەتبەئە تېخنىكىسىنىڭ تۇنجى ئۈلگىسىنى ياراتقانلىق ئىدى. دېمەك، ئېلىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر خەنزۇلار كەشىپ قىلغان مەتبەئە تېخنىكىسىنى يەنىمۇ راۋاجلاندۇرۇپ، مەتبەئە تېخنىكىسى تارىخىدا يېڭىلىق يارىتىپ، دۇنيا مەتبەئەچىلىكىدە شانلىق سەھىپە ئاچتى. ئېلىمىزدىكى خەنزۇ ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەر مەتبەئە تېخنىكىسىنى كەشىپ قىلىش ۋە ئۇنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا بىر بىرىگە ئۆگىنىپ، بەس - بەستە يېڭىلىق يارىتىپ، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ بۇ تۈردىكى پەن - تېخنىكا ساھەسىدە بارلىققا كەلتۈرگەن تەڭداشسىز تۆھپىسىنى تولۇق نامايەن قىلدى.

(4) مەتبەئە تېخنىكىسىنىڭ غەربكە تارقىلىشىنى ماددىي ئىسپات بىلەن تەمىنلىدى.

بى شېڭ مەتبەئە تېخنىكىسىنى 11 - ئەسىردە كەشىپ قىلغان، ياۋروپادا بولسا مەتبەئە تېخنىكىسى 15 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا قوللىنىلغان. بۇ ئىككى رايوننىڭ مەتبە تېخنىكىسىنى قوللىنىش جەھەتتىكى زامان پەرقى ناھايىتى ئۇزۇن، شۇنداقلا بۇ ئىككى رايوننىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنىمۇ ناھايىتى يىراق، ئۇنىڭ ئۈستىگە خەنزۇچە مەتبەئە ھەرپى چاسا شەكىللىك، بىر خەت بىر بوغۇملۇق، بىر مەنىنى ئىپادىلەيدىغان مەتبەئە ھەرپى، ياۋروپالىقلارنىڭ مەتبەئە ھەرپى ھەرپلىك مەتبەئە ھەرپىدۇر، ئىلگىرىكى ياۋروپا ئالىملىرى ئېلىمىزدە كەشىپ قىلىنغان مەتبەئە تېخنىكىسىنىڭ ياۋروپاغا تەسىر كۆرسەتكەنلىكىنى ئىنكار قىلاتتى، ئېلىمىز ئالىملىرى ۋە ياۋروپادىكى جۇڭگو مەتبەئە تېخنىكىسىنىڭ ياۋروپا مەتبەئە تېخنىكىسىغا تەسىر كۆرسەتكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىدىغان ئالىملار بولسا جۇڭگودا كەشىپ قىلىنغان مەتبەئەچىلىك تېخنىكىسىنىڭ قانداقلارچە غەربكە تارقىلىپ ياۋروپاغا يەتكۈزۈلگەنلىكىگە ئىنكار قىلغۇچى ئالىملار قايىل بولغىدەك جاۋاب تاپالمايتتى. تاڭغۇتچە، بولۇپمۇ ئۇيغۇرچە مەتبەئە ھەرپلىرى ۋە مەتبەئە بۇيۇملىرى بايقالغاندىن كېيىن، قوللىنىش جەھەتتىكى زامان بوشلۇقىنى ئىككى ئەسىرلىك غەربكە تارقىلىش ئۆتكۈنچى مەزگىلى بىلەن تولۇقلىدى، ماكان جەھەتتە بولسا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىن غەربىي يۆنىلىش بويىچە 2000 كىلومېتىردىن ئارتۇق يىراقلىققا تارقالغانلىقىنى ئىسپاتلىدى. ئۇيغۇرچە مەتبەئە ھەرپى ئېلىمىز مەتبەئە ئىدىيىسى ۋە تېخنىكىسىنىڭ غەربكە تارقىلىشىدىكى ۋاستىچى تىپ، چۈنكى ئۇيغۇرچە مەتبەئە ھەرپى غەربنىڭ ھەرپلىك مەتبەئە ھەرپى پرىنسىپىنى شەكىللەندۈرگەن. شۇنىڭدىن كېيىن، «موڭغۇللارنىڭ گۈللىنىشى» 13 - ئەسىردىن 14 - ئەسىرگىچە ئېلىمىزنىڭ غەرب بىلەن بولغان تۈرلۈك ئالاقىسىنىڭ كۆپىيىشىگە بىۋاسىتە تۈرتكە بولدى، بۇ مەزگىلدە ئېلىمىزنىڭ ئۇيغۇرلار ئىلغارلاشتۇرغان ھەرپلىك مەتبەئە تېخنىكىسىنىڭ غەربكە تارقىلىشىغا ناھايىتى مۇھىم شەرت - شارائىت يارىتىلدى.

قىسقىسى، بى شېڭ كەشىپ قىلىپ تاڭغۇتلار قوللانغان، ئۇيغۇرلار ئىلغارلاشتۇرۇپ قوللانغان مەتبەئە تېخنىكىسىدا ئۇيغۇرلار قالدۇرغان مەتبەئە ھەرپى، مەتبەئە بۇيۇملىرى ئېلىمىز، جۈملىدىن دۇنيا مەتبەئە تېخنىكىسىغا قوشۇلغان مۇھىم تۆھپە بولۇپ، ئىنتايىن مۇھىم تارىخىي، ئىلمىي ئەھمىيەتكە، قىممەتكە ئىگە!

(بۇ ماقالىنى «نۇر گېزىتى»نىڭ 1997 - يىل 8 - ئاينىڭ 5 - كۈندىكى سانىدىن تۇرغۇن ئابدۇلئەزىز تەرجىمە قىلغان.)

# قارا يىغاچ بۇيرۇق ۋە ئۇنىڭ بىر بالىقنى قايتا گۈللەندۈرۈشى

سادىق ياقۇپ

قارايىغاچ بۇيرۇق يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە شۆھرەت قازانغان ئۇيغۇر سىياسەتچىلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، كىچىكىدىن تارتىپلا زېرەك ۋە ئىلىمخۇمار ئىدى. ئۇ كېيىنكى كۈنلەردە تەھسىل قىلغان بىلىمىنىڭ موللۇقى، ئالدىن كۆرەرلىكى ۋە ئىش بېجىرىشتىكى كەسكىنلىكى بىلەن داڭق چىقارغان. ئىدىقۇت ئۇسەن تېمۇر ئۇنىڭ نامىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، مەخسۇس ئادەم ئەۋەتىپ ئۇنى سۈلمى (ھازىرقى يەنجى) دۆلىتىدىن تەكلىپ قىلىپ ئەكىلىپ ئوردىدا زالىم ھەكەملىك مەنسىپىنى بېرىپ ئەتىۋارلاپ ئىشلەتكەن.

ئۇسەن تېمۇر ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ گۆدەك ئوغلى بارچۇق ئارت تېكىن خانلىققا ئىدىقۇت بولغان. دەل مۇشۇ ۋاقىتتا ئوتتۇرا ئاسىيادا ھۆكۈمرانلىقنى يېگانە يۈرگۈزۈۋاتقان قاراقىتان خانى گۈرخان ئىدىقۇت خانلىقىغا «كەنجى باسقاق» ئەۋەتىپ، قوچۇ ئۇيغۇرلىرىغا زوراۋانلىق سىياسىتىنى قوللانغان ھەم قارايىغاچ بۇيرۇقنى ئوردىغا چاقىرتىپ، خانزادىلەرگە ئۇستاز قىلىپ بېكىتكەن.

موڭغۇل يايلىقىدا داڭق چىقارغان چىڭگىزخاننىڭ نامى بارچۇق ئارت تېكىننىڭ قۇلىقىغا يەتكەن مەزگىللەردە، ئۇ قاراقىتانلارنىڭ زۇلمىدىن تولىمۇ نارازى بولۇۋاتاتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ 1209 - يىلى قىتانلارنىڭ ئىدىقۇتتا تۇرۇشلۇق كەنجى باسقىغىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن. 2 - يىلى چىڭگىـــزخان قوچۇ ئۇيغۇرلىرىنى تىنچ يول بىلەن بەيئەت قىلدۇرۇش مەقسىتىدە ئەل بۇيرۇق، دار بايلارنى قوچۇغا ئەۋەتكەندە، بارچۇق ئارت تېكىن ئەلچىلەرنىڭ تەكلىپىنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلغان ھەم چىڭگىزخان ئالدىدا تۆھپە يارىتىش مەقسىتىدە ئارغۇن تېمۇر قاتارلىق 4 كىشىنى قاراقىتان خانلىقىغا ئەۋەتىپ، قىتانلارغا چىڭگىزخانغا قارام بولۇش توغرىسىدا نەسىھەت قىلغان. ئىدىقۇت ئەلچىلىرى تەركىبىدىكى ئارغۇن تېمۇر قارا يىغاچ بۇيرۇقنىڭ كۈيئوغلى ئىدى. ئۇ شۇ قېتىملىق سەپىرىدە ئىدىقۇت دۆلىتىدىكى بارلىـــق ئۆزگىرىشلەرنى ئەينەن ھالدا قېيناتىسىغا سۆزلەپ بەرگەن. گۈرخاندىن بۇرۇنلا نارازى بولۇپ يۈرگەن قارايىغاچ بۇيرۇق ئوغلى ئۇدۇسبىنانى بىرگە ئېلىپ چىڭگىزخان ھوزۇرىغا كەتكەن.

1219 - يىلى خارازىمگە قارـلىق ئوترار شەھىرى ھۆكۈمرانىنىڭ چىڭگىزخاننىڭ بىر قانچە يۈز مۇسۇلمان سودىگىرىنى ۋە ئەلچىسىنى ئۆلتۈرۈۋېتىشى سەۋەبلىك چىڭگىزخان ئوتتۇرا ئاسىيا ئىستىلاسىغا ئاتلانغان. موڭغۇل چەۋەندازلىرىنى باشلىغان چىڭگىزخان ئۆز سەپىرىدە بېشبالىقنىڭ شەرقىدىكى بىر بالىققا (مورى ناھىيىسىدە) يەتكەندە ئادەمزاتسىز، ۋەيرانە ھالەتتىكى شەھەر مەنزىرىســـى كۆرۈپ ئەتراپىدىكىلەردىن: «بۇ قايسى شەھەر؟» دەپ سورىغاندا، قوشۇن بىلەن بىللە سەپەرگە ئاتلانغان قارايىغاچ بۇيرۇقتىن شەھەر نامىنىڭ بىر بالىق ئىكەنلىكى، ئىلگىرى يۈز بەرگەن بىر قېتىملىق ئاپەتتە شەھەرنىڭ ۋەيران بولۇپ، پۇقرالارنىڭ ئاچارچىلىقتا قېلىپ ئامالسىز باشقا يۇرتلارغا سەرسان بولۇپ كەتكەنلىكى، شەھەرنىڭ ستراتېگىيىلىك ئورنىنىڭ مۇھىملىقى، شەھەرنى باشقا جايلاردىن ئاھالە كۆچۈرۈپ كېلىپ قايتا گۈللەندۈرگەندە كەلگۈسىدىكى رولىنىڭ چوڭ بولىدىغانلىقى، ئىلگىرى ئۆزى سۈلمى دۆلىتىدە تۇرۇۋاتقاندا 60 ئۆيلۈك ئاھالىنىڭ بىربالىققا كۆچۈپ كېلىش نىيىتىدە بولۇۋاتقانلىقىدىن خەۋىرى بارلىقى توغرىسىدىكى بايانلارنى ئاڭلىغان. قارايىغاچ بۇيرۇقنىڭ بۇ تەكلىپىدىن تولىمۇ خۇرسەنت بولغان چىڭگىزخان دەرھاللا ئۇدۇ سبىناغا ئالتۇن تەمتەك بېرىپ، سۈلمىدىن ئاھالە كۆچۈرۈپ كېلىشكە بۇيرۇغان، قارايىغاچ بۇيرۇقنى كونكرېت ئىشلارغا مەسئۇل قىلىپ بىر بالىقتا قالدۇرغان.

قارايىغاچ بۇيرۇق ئاتا - بالا ئىككىسىنىڭ باشلامچىلىقى، يېڭى كۆچمەنلەرنىڭ مېھنىتى نەتىجىسىدە قىسقىغىنە بىر قانچە يىل ئىچىدىلا بىر بالىقنىڭ قىياپىتىدە زور ئۆزگىرىشلەر بولغان، بوز يەرلەر ئېچىلىپ، خىلمۇ خىل زىرائەتلەر تېرىلىپ، نوپۇس كۆپىيىپ، ئاۋات مەنزىرە شەكىللەنگەن. 6 يىلدىن كېيىن غەلىبە بىلەن موڭغۇل دالاسىغا قايتقان چىڭگىزخان بىر بالىقنىڭ تونۇۋالغۇسىز ھالەتتە ئۆزگەرگەن

يېقىن قىياپىتىدىن چەكسىز سۆيۈنگەن بولسىمۇ، لېكىن قارايىغاچ بۈيرۈقنىڭ ۋاپاتى ئۇنى ئېغىر قايغۇغا سالغان. چىڭگىزخان ئۇدۇ سېپىنانى تۇتۇقبەگلىككە تەيىنلەپ تامغا بەرگەن ھەم بىر بالىقنىڭ دارغاچى قىلىپ بېكىتكەن. ئۇدۇسېپىنا تاكى ۋاپات بولغانغا قەدەر بىر بالىقنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن تىرىشقان.

## قەندىھار مەدەنىيىتى

### شېرىن قۇربان

ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتى تارىخىدا بىر قانچە تىپىك مەدەنىيەت نامايەندىلىرى بار. ئۇلار بايقالغان جاينىڭ نامى بىلەن «ئاننۇ مەدەنىيىتى»، «كرېك مىنار مەدەنىيىتى»، «تازا باگياب مەدەنىيىتى»، «سۇرخان مەدەنىيىتى»، «مىنوسىنسكى ئويمانلىقى مەدەنىيىتى»، «ئافاناسوۋ مەدەنىيىتى»، «ئاندۇرونوۋ مەدەنىيىتى»، «قاراسۇق مەدەنىيىتى»، «باكتېرىيە ئېللىنىزم مەدەنىيىتى»، «قەندىھار نەققاشلىق مەدەنىيىتى»، دەپ ئاتالغان. بۇلارنىڭ ئىچىدىكى قەندىھار مەدەنىيىتى رەڭدارلىقى، مولluقى بىلە تېخىمۇ مەشھۇر.

قەندىھار قەدىمكىي ئەنەتكەك (ھىندى) مەدەنىيەت چەمبىرىكى ئىچىدىكى بىر ئەلنىڭ نامى. پاكىستاننىڭ پېشاۋۇر رايونى بىلەن ئافغانىستاننىڭ شەرقىي قىسمىغا توغرا كېلىدىغان بۇ جاي غەربتە قوندۇز دەرياسى ساھىلى، شەرقتە ھىندى دەرياسى بىلەن تۇتىشىدۇ. قەندىھار يېرى مۇنبەت، سۈيى ئەلۋەك، ھاۋاسى ساپ دېھقانچىلىق رايونى ھېسابلىنىدۇ.

قەندىھارنىڭ تارىخى بىر قەدەر ئۇزاق. مىلادىدىن بۇرۇنقى 4 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا مەشھۇر جاھان ئىستىلاچىسى ئالېكساندىر ماكېدونسكى (ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن) شەرققە يۈرۈش قىلىش مۇساپىسىدە بۇ يەرنى ئىستىلا قىلغان. بۇنىڭ بىلەن قەدىمكىي گرېك مەدەنىيىتى بۇ رايونغا تېز تارقىلىپ، يەرلىك مەدەنىيەت بىلەن يۇغۇرۇلۇپ كەتكەن. گرېكلەشكەن بۇ مەدەنىيەت، ئادەتتە، «ئېللىنىزم مەدەنىيىتى» دەپ ئاتىلىدۇ. ئالېكساندىر ماكېدونسكى ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، قەندىھار سېلېۋكىيە ئىمپېرىيىسى بىلەن باكتېرىيە خانلىقىغا قارام بولغان. بۇ ئىككى خانلىق دەۋرىدىمۇ نۇرغۇن گرېك ئاھالىلىرى بۇ يەرگە كۆچۈپ كېلىپ گرېك مەدەنىيىتىنى تېخىمۇ روناق تاپقۇزغان. مىلادىدىن بۇرۇنقى 3 ـ ئەسىردە قەندىھار ھىندى ماۋۇريا ئىمپېرىيىسى (توز خاندانلىقى دەپمۇ ئاتىلىدۇ) گە قارام بولغان. بۇ دەۋردە بۇددا دىنى قەندىھارغا تارقىلىشقا باشلىغان. ماۋۇريا خاندانلىقىنىڭ ئاسوكاخان سەلتەنىتى دەۋرىگە كەلگەندە، قەندىھاردا بۇددا دىنى مۇتلەق ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىگەن. مىلادى 1 ـ ئەسىردە، ئۇلۇغ توخارلار قەندىھارنى بويسۇندۇرۇۋالغان. بۇددا دىنى ۋە بۇددىزم مەدەنىيىتى بۇ رايوندا داۋاملىق تەرەققىي قىلغان. مىلادى 2 ـ ئەسىردە بۈيۈك كۇشان خاندانلىقى قەندىھارغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشقا باشلىغان. شاھى كانىشكا دەۋرى كۇشان خاندانلىقىنىڭ ئەڭ گۈللەنگەن چېغى بولۇپ، بۇ چاغلاردا قەندىھار بىلەن كەشمىر بىر مەھەل بۇددا دىنىنىڭ مەركىزىگە ئايلانغان. كۇشان خانلىقى ھالاك بولغاندىن كېيىن، ئىفتالىتلار قەندىھارغا كىرگەن.

قەندىھارنىڭ تارىخىغا دائىر يازما خاتىرىلەرمۇ بىر قەدەر مول. ئېلىمىزنىڭ قەدىمكىي زاماندىكى ئاتاقلىق بۇددا راھىبى فاشيەن ھىندىغا يۈرۈش سەپىرىدە قەندىھارغا بارغان. ئۇ «بۇددىزم ئەللىرىگە ساياھەت» ناملىق ئەسىرىدە، قەندىھارنىڭ بۇددا مەدەنىيىتىنى مۇنداق تەسۋىرلىگەن: «قەندىھار دۆلىتىدە چوڭ ـ چوڭ راۋاقلار كۆپ ئىكەن، راۋاقلار ئالتۇن ـ كۈمۈش بىلەن بېزەلگەن، بۇ ئەلنىڭ ئادەملىرى ھىنايان تەلىماتىغا ئەمەل قىلىدىكەن.»

بۇددىست سۇڭ يۈنمۇ ھەمراھلىرى بىلەن نوم ئېلىش سەپىرىدە قەندىھارغا قەدەم تەشرىپ قىلغان. ئۇ «لوياڭدىكى ئىبادەتخانىلار تەزكىرىسى» ناملىق ئەسىرىدە: «قەندىھار ئېلىدىكى خەلقلەر بۇددا دىنىغا

ئېتىقاد قىلىدىكەن، ئۇ يەردىكى راۋاق - ئىبادەتخانىلار ھېقىياس كۆركەم ۋە گۈزەل بولۇپ، ئىنتايىن بەھەيۋەت ئىكەن» دەپ خاتىرىلىگەن.

شۈەنزاڭ «ئۇلۇغ تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت خاتىرىسى» دە: «قەندىھار ئېلىنىڭ شەرقتىن غەربكىچە بولغان ئارىلىقى 1000 چاقىرىم ئۆپچۆرىسىدە، شىمالدىن جەنۇبقا بولغان ئارىلىقى 800 چاقىرىم كېلىدىكەن. شەرقى تەرىپى ھىندى دەرياسى بىلەن تۇتىشىدىكەن. پايتەختى پۇرۇشا كەنت بولۇپ، ئەتراپى 40 چاقىرىم كېلىدىكەن» دەپ كۆرسەتكەن.

«قەندىھار مەدەنىيىتى» دېگەن پەننىي ئۇقۇم قەندىھارنىڭ پۈتكۈل تارىخىي مەدەنىيىتىنى كۆرسەتمەيدۇ. ئۇ خاس ھالدا ئۇسلۇبى گىرېكچە، مەزمۇنى بۇددىچە بولغان بۇددا دىنىي نەققاشچىلىق مەدەنىيىتىنى كۆرسىتىدۇ. قەندىھار نەققاشچىلىق سەنئىتى بىر خىل سەنئەت ئېقىمى سۈپىتىدە، مىلادى 1 - ئەسىردىن 4 - ئەسىرگە قەدەر مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان، گۈللەنگەن ۋە دۇنياغا تەسىر كۆرسەتكەن. قەندىھار نەققاشلىقىنىڭ ئەڭ روشەن ئالاھىدىلىكى گىرېك نەققاشلىقى ئارقىلىق بۇددا ھەيكەللىرىنى ياساش، بۇددا دىنىي ئەپسانە - رىۋايەتلىرىنى نەقىشلەشتۇرۇشتىن ئىبارەت. ھازىرقى زاماندا بۇنداق ماھارەت «تىلنى رەسىمىيلەشتۇرۇش» دەپ ئاتىلىدۇ.

قەندىھار بۇددا نەققاشلىقىدا نەقىشلەنگەن بۇت - ھەيكەللەردە، بۇددانىڭ چېچى بۇدرە بولۇش، قاش، كىرپىكىنىڭ سىزىقچىلىرى بۇرنى بىلەن تۇتاشقان بولۇش، بىلىنەر - بىلىنمەس كۈلۈمسىرەپ تۇرغان بولۇشتەك ھالەت تەسۋىرلەنگەن. بۇت سۈرىتى ئارقىلىق ساكىيامۇنى ۋە ئۇنىڭ ئىخلاسمەنلىرىنى ئىپادىلەشمۇ قەندىھار نەققاشلىقىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىدىن بىرى ھېسابلىنىدۇ.

قەندىھار نەپىس سەنئىتى بويىچە نوپۇزلۇق ئالىم، فرانسىيىلىك گوچېربۇ نەپىس سەنئىتىنى چۈشەندۈرگەندە، بۇ ھىندى ھېسسىياتى بىلەن گىرېك نەپىسلىكىنىڭ ئورگانىك بىرىكىشىدۇر، دەپ ھېسابلىغان. ئۇنىڭچە بۇنداق نەپىس سەنئەتنى ساخاۋەتچى بۇددىست ھىندىدىن، نەققاش ئۇستا گىرېكتىن دەپ قاراش ئانچە قايىل قىلارلىقتا ئەمەس. بۇ سەنئەتنى ئېھتىمال شەرقلەشكەن گىرېك بىلەن ھىندى ئارىسىدىن تۆرەلگەن شالغۇت سەنئەتكار بارلىققا كەلتۈرگەن بولۇشى مۇمكىن، شۇڭا بۇ نەپىس سەنئەت ساپ گىرېك ئۇسلۇبىدىمۇ ئەمەس، ساپ ھىندى ئۇسلۇبىدىمۇ ئەمەس، ئۇ بۇ ئىككى خىل ئۇسلۇبنىڭ بىرىكىشى نەتىجىسىدە بارلىققا [illegible] كەن.

قەندىھار مەدەنىيىتى مىلادىنىڭ 2 - ئەسىرىدە ئەڭ گۈللەنگەن بولۇپ، ئۇ پۈتكۈل جەنۇبىي ئاسىيا 2 - چوڭ قۇرۇقلۇقى، شىنجاڭ رايونى (مۇھىمى كۇسەن - كۇچاردىكى قىزىل مىڭئۆيىنىڭ تام رەسىملىرى) ۋە ئۇنىڭ شەرقىدىكى جايلارنىڭ بۇددا نەققاشلىقىغا غايەت زور تەسىر كۆرسەتكەن.

## چۈفۇدىكى كۇڭزى ئىبادەتخانىسى، كۇڭزى قەبرىستانلىقى،

## كۇڭزى سارىيى

چۈفۇ - كۇڭزى (مىلادىدىن ئىلگىرىكى 551 - يىلىدىن مىلادىدىن ئىلگىرىكى 479- يىلىغىچە ياشىغان) نىڭ يۇرتى. چۈفۇدا كۇڭزى ئىبادەتخانىسى، كۇڭزى قەبرىستانلىقى، كۇڭزى سارىيىدىن ئىبارەت 3 چوڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقى بار. كۇڭزىنىڭ تەپەككۇرى چوڭقۇر بولۇپ، ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىگە قوشقان تۆھپىسى ئىنتايىن زور. شۇڭا ئۇ ئامېرىكىدا چىقىرىلغان «خەلق يىلنامىسى قوللانمىسى» دا دۇنيا بويىچە قەدىمكى 10 مەشھۇر مۇتەپەككۇرنىڭ بىرىنچىسى بولۇپ خاتىرىلەنگەن. چۈفۇدىكى بۇ 3 چوڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقىمۇ دۇنيا مەدەنىيەت مىراسلىرى قاتارىغا كىرگۈزۈلگەن.

كۇڭزى ئىبادەتخانىسى ئەڭ قەدىمىي ئىبادەتخانىلارنىڭ بىرى. ئۇ كۇڭزىنى تاۋاپ قىلىش ئۈچۈن سېلىنغان ھەشەمەتلىك ئىبادەتخانا. ئۇنىڭ كۆلىمى 200 مو بولۇپ، ئالدى- كەينىدە 9 كورپۇسلۇق قورۇ

بار. قەسىر، خاس ھۇجرا، زال، ئايۋان، شىپاڭلاردىن تەركىب تاپقان 466 ئېغىز ئۆي بار، ئىبادەتخانىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئەۋلىيا قەسرى، قەسىر ئوتتۇرىسىدا 3.35 مېتىر ئېگىزلىكتىكى كۆڭزىنىڭ ھەيكىلى، ئەتراپىدا شاگىرتلىرىنىڭ ھەيكىلى بار. بۇ يەردە يەنە تۆھپە قەسرى بولۇپ، ئۇ كۆڭزىنىڭ ئىش ئىزلىرىنى خاتىرىلەش ئۈچۈن ياسالغان. ئابىدە شىپاڭى ھەر قايسى دەۋرلەردىكى پادىشاھلار ياساتقان ئابىدىلەرنى ساقلاش ئۈچۈن ياسالغان بولۇپ، 55 ئابىدە ئايرىم - ئايرىم 13 شىپاڭغا قويۇلغان. ئابىدىلەرگە پادىشاھلارنىڭ كۆڭزى توغرىسىدىكى مەدھىيە سۆزلىرى، كۆڭزىغا بېرىلگەن مەرتىۋە، شۇنىڭدەك ئۇلارنىڭ كۆڭزى ئىبادەتخانىسىنى تاۋاپ قىلغانلىقى ۋە ئىبادەتخانىنى رېمونت قىلدۇرغانلىقى خاتىرىلەنگەن.

**كۆڭزى قەبرىستانلىقى** (مۇقەددەس ئورمانلىق دەپمۇ ئاتىلىدۇ) چۈفۇ شەھىرىنىڭ شىمالىغا جايلاشقان بولۇپ، كۆڭزى ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى دەپنە قىلىنغان قەبرىستانلىق. مىلادىدىن ئىلگىرىكى 479 - يىلى، يەنى كۆڭزى بۇ جايغا دەپنە قىلىنغاندىن تارتىپ ھازىرغىچە بولغان 2400 يىل ئىچىدە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى مۇشۇ جايغا دەپنە قىلىنىپ كەلدى. ھازىر بۇ قەبرىستانلىق كېڭىيىپ كۆلىمى 3000 موغا يەتتى. بۇ جايغا تىكىلگەن قارىغاي، ئارچا، پىستە قاتارلىق ھەر خىل دەل - دەرەخ 100 مىڭ تۈپتىن ئاشىدۇ. ئۇ دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ ئۇرۇقداش جەمەت قەبرىستانلىقى ھېسابلىنىدۇ. ئۇ ناھايىتى ياخشى ساقلانغان بولۇپ ئەمىنىيە يىللىرى، چىن، خەن، سۇلالىرىدىن بۇيانقى ئۆلۈم - يىتىم، دەپنە قىلىش ئادەتلىرىنىڭ ئۆزگىرىشىنى تەتقىق قىلىشتا يۇقىرى قىممەتكە ئىگە.

**كۆڭزى سارىيى** چۈفۇ شەھىرىنىڭ ئوتتۇرىسىغا، كۆڭزى ئىبادەتخانىسىنىڭ يېنىغا جايلاشقان بولۇپ، كۆڭزىنىڭ ۋارىس كالانلىرى (ئوغۇل نەۋرىلىرى) تۇرغان جاي. قايتىلا قايتا رېمونت قىلىش ۋە كېڭەيتىپ قۇرۇش ئارقىسىدا كۆڭزى سارىيىنىڭ كۆلىمى 180 موغا يەتتى. ئۇنىڭدا ھەر خىل زال، خاس ھۇجرا، راۋاق، ئايرىم خانىلار بولۇپ، جەمئىي 500 ئېغىز ئۆي بار.

## جۇلىڭدىكى 6 ئات ھەققىدە رىۋايەت

### گورۇۋي

تاڭ سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى لى شىمىن ئېلىمىز تارىخىدىكى تۆھپىكار فېئودال شاھ، ئۇ ئاتتىن چۈشمەيدىغان پادىشاھ ئىدى، ئەينى ۋاقىتتا ئۇ لى، تاڭ پادىشاھلىقىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ئۇرۇشىدا قەيسەرلىك بىلەن خەۋپ - خەتەرگە قارىماي جەڭ قىلىپ، بۈيۈك تاڭ سۇلالىسى ئىشلىرىغا تۆھپە قوشقان، ئاساس سالغان. ئۇ ئاتنى ئىنتايىن ياخشى كۆرگەچكە، نەتىجە قازانغان چاغلاردىمۇ شۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا ئۆلگەن 6 ئاتنى ئېسىدىن چىقارمىدى. جېڭگۇەننىڭ 10 - يىلى خانىش كېسەل بىلەن ۋاپات بولغاندا ئۇنىڭ دەپنە بۇيۇملىرى ئىچىگە تاڭ تەيزۇڭنىڭ پەرمانى بويىچە رەسسام يەن لىبېن لايىھىلىگەن 6 ئاتنىڭ بىر يېرىم مېتىر ئېگىزلىكتىكى، 2 مېتىر كەڭلىكتىكى تاش ئويمىسى قوشۇم دەپنە قىلىنغان.

**«ئاق تۇياقلىق قۇشقاچ» ۋە چيەنشۇي تۈزلەڭلىكىدىكى جەڭ**

«ئاق تۇياقلىق قۇشقاچ» - تۆت تۇيىقى ئاق قارا ئات بولۇپ، ۋۇدېنىڭ 1 - يىلى (618 - يىلى) تاڭ تەيزۇڭ ئۇنى لوڭشىنى ئىگىلەپ تۇرغان شۆرىنگاۋ بىلەن چيەنشۇي تۈزلەڭلىكىدە ئۇرۇش قىلغاندا مىنگەن.

سۇي سۇلالىسىنىڭ 13 - يىلى 4 - ئايدا شۆجۈي بىلەن شۆرىنگاۋ ئاتا - بالا ئىككىسى جىنچېڭدىن (ھازىرقى لەنجۇدىن) قوشۇن تارتىپ چىقىپ لۇڭيۇنى ئىشغال قىلغان. شۆجۈي ئۆزىنى چىن پادىشاھى، دەپ ئاتىغان. قوشۇنلار فۇفېڭگا (ھازىرقى شەنشى ئۆلكىسىنىڭ فىنشياڭ ناھىيىسى) كېيىن جىڭجۇغا (ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ جىنچۇەن ناھىيىسى) كىرىپ ئاندىن چاڭئەنگە ھۇجۇم قىلماقچى بولغان. شۇ يىلى 11 - ئايدا لى يۈەن، لى شىمىن ئاتا - بالا ئىككىسى جىنياڭدىن قوشۇن باشلاپ چىقىپ چاڭئەنگە

يېقىنلىغان. شۆجۇي، شۆرىنگاۋلاردا يېنىلىڭ 13 ـ يىلى 12 ـ ئايدا 100 مىڭ كىشىلىك قوشۇن بىلەن باستۇرۇپ كەلگەن. لى شىمىن فۇفېڭدا شۆجۇي قوشۇنىنى بىراقلا مەغلۇپ قىلغان. تاڭ ۋۇدېنىڭ 1 ـ يىلى 6 ـ ئايدا چىن قوشۇنلىرى 2 ـ قېتىم ئۇرۇش قوزغىغان، لى يۈەن لى شىمىننى سەركەردە قىلىپ جەڭگە ئاتلاندۇرغان، ئىككى تەرەپ چيەنشۈي تۈزلەڭلىكىدە (ھازىرقى شەنشى ئۆلكىسى چاڭۋۇ ناھىيىسىنىڭ شىمالىدا) كەسكىن جەڭ قىلغان. ئۇرۇشتا تاڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى دەسلەپتە مەغلۇپ بولغان، لى شىمىن گاۋجېدا (ھازىرقى چاڭۋۇ ناھىيىسىدە) بارىگاھ قۇرۇپ ئۇرۇش قىلماي قوغدانغان. 12 ـ ئايدا چىن قوشۇنلىرىنىڭ ئوزۇق ـ تۈلۈك، يەم ـ خەشەكى تۈگەپ قوشۇن ئىچىدە داۋالغۇش بولغاندا، شۆرىنگاۋ ئالدىراقسانلىق بىلەن ئۇرۇشقا ئاتلانغان. لى شىمىن كىچىلەپ قوشۇن يۆتكەپ، ئالدى بىلەن ئاز ساندىكى ئەسكەر ئارقىلىق دۈشمەننى ئېزىقتۇرۇپ، چىن قوشۇنلىرى ھالىدىن كەتكەندە شىمالىي تەرەپتىن سەر خىل قوشۇن بىلەن ھۇجۇم قوزغىغان. ئارقىدىن كەلگەن ياۋنى كۆرگەن چىن قوشۇنلىرى پاتپاراق بولۇپ كەتكەن. لى شىمىن «ئاق تۇياقلىق قوشقاچ»قا مىنىپ قوشۇن ئالدىدا مېڭىپ بىر كېچە كۈندۈزدە 200 چاقىرىمدىن ئارتۇق يول بېسىپ دۈشمەننى قوغلاپ زەربە بەرگەن. «ئاق تۇياقلىق قوشقاچ» ئاخىرىدا دەرماندىن كېتىپ ئۆلگەن.

تاشقا ئويۇلغان «ئاق تۇياقلىق قوشقاچ» بوران ـ چاپقۇن ئىچىدە گەۋدە كېرىپ ئۇچقاندەك كېتىپ بارغان قىياپەتنى ئەكس ئەتتۇرگەن. تاڭ تەيزۇڭ بۇ ھەقتە بېغىشلىما يېزىپ: «قولۇمدا گۇرزە ئوينار مىنىپ دۈلدۈلنى، ئالدىم مەن لۇڭيۇنى قۇرۇپ خانلىقنى» دېگەن.

سېمىز «تېلې» ئارغىمىقى ۋە خېدۇڭنى قايتۇرۇۋېلىش

سېمىز «تېلې» ئارغىمىقى ئاقۇش سېرىق رەڭدە بولۇپ، ۋۇدېنىڭ 2 ـ يىلى تاڭ تەيزۇڭ ئۇنى مايىنى ئىگىلەپ تۇرغان (بۈگۈنكى غەربىي شۈجۇ شەھىرى تەۋەسىدە) ليۇۋۇجۇ بىلەن جەڭ قىلغاندا قولغا چۈشۈرگەن. تۈركىي خاقانىنىڭ بالىلىرى ئۇنى «تېلې» دەپ ئاتىغان، بۇ ئىسىم بەلكىم شۇنىڭدىن كەلگەن بولسا كېرەك. ۋۇدېنىڭ 3 ـ يىلى 2 ـ ئايدا لى شىمىن قوشۇن باشلاپ، تۈركىي خاقانىغا تەسلىم بولغان ليۇ ۋۇجۇنى جازالاش يۈرۈشى قىلغان. ليۇنىڭ قىسىملىرىدىكى سەركەردە سۇڭ جىنگاڭ ئوزۇق ـ تۈلۈك، يەم ـ خەشەكى تۈگىگەنلىكتىن، بەيبېيدىن (ھازىرقى شەنشى ئۆلكىسىنىڭ شىنجياڭ ناھىيىسى) چېكىنگەن. لى شىمىن سېمىز «تېلې ئارغىمىقىغا مىنىپ ياۋنى قوغلاپ بىر كېچە ـ كۈندۈزدە نەچچە ئون قېتىم جەڭ قىلغان ۋە چۆكشۇ جىلغىسىدىن ئۆتۈپ جېشۇ قەلئەسى يېنىغا كەلگەن. سۇڭ جېنگاڭ ھايات ـ ماماتلىق جېڭى قىلىش ئۈچۈن، پۈتۈن قوشۇنلىرىنى غەربىي دەرۋازا سىرتىغا ئېلىپ چىقىپ شىمالدىن جەنۇبقا قاراپ 7 چاقىرىملىق ئۇزۇنلۇقتا سەپكە تۇرغۇزغان. لى شىمىن 3 سەركەردىسىگە شىمال بىلەن جەنۇبتىن ھۇجۇم قىلىشنى بۇيرۇپ، ئۆزى قوشۇن ئوتتۇرىسىدىن ھۇجۇم قىلىپ، دۈشمەن سېپىنى پاراكەندە قىلىۋەتكەن. ليۇ ۋۇجۇ يۈزدەك قالدۇق ئەسكىرىنى باشلاپ شىمالغا قېچىپ كەتكەن. تاڭ قوشۇنلىرى تەييۈەن قاتارلىق زېمىنلارنى قايتۇرۇۋالغان.

لى شىمىن سېمىز «تېلې» ئارغىمىقى توغرىسىدا: «قىلساڭ بۇيرۇق قىلار ئۇ كۆكتە پەرۋاز، كىشنىگەندە تىترىتەر يەر جاھاننى، قوقماس خەۋپتىن چەيلەپ دۈشمەننى، دادىل قۇتقۇزار ئۇ ئەجەلدىن ئەل جاھاننى» دەپ بېغىشلىما يازغان.

«سۆسۈن شەبنەم» ئارغىمىقى ۋە بېيماڭنى خەۋپتىن قۇتقۇزۇش

خېدۇڭنى قايتۇرۇۋېلىش جېڭى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، تاڭ پادشاھلىقى ئۇرۇشنىڭ مەركىزىنى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە يۆتكىگەن، يەنى ئاساسىي كۈچىنى لوياڭنى ئىگىلەپ تۇرغان ۋاڭ شىچۇڭ كۈچلىرىگە زەربە بېرىشكە قاراتقان. لى شىمىن بۇ قېتىمقى جەڭدە توق سۆسۈن رەڭلىك ئارغىماق «سۆسۈن شەبنەم»نى مىنگەن.

ۋۇ دېنىڭ 1 ـ يىلى 9 ـ ئايدا لوياڭنىڭ قورۇقچى بېگى ۋاڭ شىچۇڭ ۋاگاڭ قوشۇنلىرىنى مەغلۇپ قىلغاندىن كېيىن تېخىمۇ كۈچىيىپ كەتكەن ۋە ۋۇدېنىڭ 2 ـ يىلى جېڭ پادشاھلىقىنى قۇرغان. ۋاڭ

شىچۇڭ زېمىنىنى يەنىمۇ كېڭەيتىش ئۈچۈن لىيۇ ۋۇجۇ جەنۇبقا يۈرۈش قىلغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ قوشۇن باشلاپ جەنۇبقا يۈرۈش قىلىپ، خېنەننىڭ نۇرغۇن جايلىرىنى قولىغا كىرگۈزۈۋالغان. ۋۇدېنىڭ 3 ـ يىلى 8 ـ ئايدا لى شىمىن ۋاڭ شىچۇڭنى لوياڭ شەھىرىدە مۇھاسىرىگە ئېلىۋالغان. ۋۇدېنىڭ 4 ـ يىلى 2 ـ ئايدا ۋاڭ شىچۇڭنىڭ جېن قوشۇنلىرى ئاشلىق توشۇش يولى ئۈزۈپ قويۇلغانلىقتىن، لوياڭنى جان تىكىپ قوغداشقا مەجبۇر بولغان. لى شىمىن لوياڭنىڭ شىمالىدىكى ماڭشەندە 10 چاقىرىملىق گازارما قۇرغان ھەمدە لوياڭنى تۆت تەرەپتىن قورشاپ 10 كىشىدىن تەركىب تاپقان سەر خىل ئاتلىق قوشۇننى باشلاپ دۈشمەن سېپىگە تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلغان. تۇيۇقسىز ھۇجۇمدىن ياۋ قوشۇنى ئالاقزادە بولۇپ كەتكەن. كەسكىن جەڭدە لى شىمىن مىنگە «سۆسۈن شەبنەم» ئارغىمىقىنىڭ كۆكرىكىگە ئوقيا ئوقى تەگكەن. بەختكە يارىشا چوڭ سانغۇن چيۇ شىڭگوڭ يېتىپ كېلىپ، لى شىمىن خەتەردىن قۇتۇلۇپ قالغان. تاڭ تەيزۇڭ بۇ قېتىمقى جەڭنى خاتىرىلەش يۈزىسىدىن پەرمان چۈشۈرۈپ، يارىلانغان «سۆسۈن شەبنەم» نىڭ تېنىدىن چيۇ شىڭگوڭنىڭ ئوقيا ئوقىنى يۇلۇپ ئېلىۋاتقان كۆرۈنۈشىنى تاشقا ئويدۇرغان.

تاڭ تەيزۇڭ «سۆسۈن شەبنەم» ئارغىمىقى توغرىسىدا: «سۆسۈن قارلىغاچ ئۇچار كۆكتە ھەيۋەت بىلەن، ئاۋازى ياڭرىر زېمىندا قۇدرەت بىلەن» دەپ بېغىشلىما يازغان.

## ئاق ئارغىماق ۋە خۇلاۋگۇەندىكى غەلىبە

«ئاق ئارغىماق» ئاق رەڭلىك چىپار ئات بولۇپ، لى شىمىن ئۇنى دۈجيەندې بىلەن جەڭ قىلغاندا مىنگەن.

سۈي سۇلالىسى دايېنىڭ 13 ـ يىلى سۈي پادشاھى جياڭدۇدا ئۆلتۈرۈلۈپ، ئۇنىڭ سەركەردىلىرى ئۆزلىرى ئىگىلىگەن جايلارنى باشقۇرىدىغان بولۇۋالغان. لى يۈەن چاڭئەندە پادشاھ بولۇپ دۆلەت نامىنى تاڭ پادشاھلىقى، يىلنامىسىنى ۋۇدې، دەپ ئاتىغان. دۇ جيەندې خېبېينىڭ لېشۇ دېگەن يېرىدە ئۆزىنى پادشاھ، دۆلەت نامىنى شيا پادشاھلىقى، يىلنامىسىنى ۋۇفېڭ دەپ ئاتىغان. ۋاڭ شىچۇڭ لوياڭدا ئۆزىنى پادشاھ، دۆلەت نامىنى جېن پادشاھلىقى، يىلنامىسىنى كەيمىڭ، دەپ ئاتىغان. بۇلار بىر ـ بىرىگە تىركىشىش ھالىتىدە تۇرغان.

لوياڭنى تاڭ قوشۇنلىرى مۇھاسىرىگە ئېلىۋالغان بولسىمۇ، لوياڭدىكى قوشۇنلار خېلى كۈچلۈك ئىدى. لى شىمىن لوياڭغا ھۇجۇم قىلىپ ۋاڭ شىچۇڭنى خەتەرلىك ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويغاندا، ئۇ خېبېيدىكى دۈجيەندېدىن ياردەم سورىغان. ۋۇدېنىڭ 4ـ يىلى 3ـ ئايدا دۈجيەندې 100 مىڭ كىشىلىك قوشۇن باشلاپ لوياڭنى مۇھاسىرىدىن قۇتقۇزۇشقا يۈرۈش قىلغان. لى شىمىن قول ئاستىدىكى سانغۇن شۆسۈنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلىپ، لوياڭنى مۇھاسىرىگە ئېلىپ ياردەمچى قوشۇنغا زەربە بېرىش قارارىغا كەلگەن. تاڭ قوشۇنلىرى ئىككى يولغا بۆلۈنۈپ، بىر قىسمى لوياڭنى داۋاملىق مۇھاسىرە قىلغان؛ يەنە بىر قىسمى لى شىمىننىڭ باشچىلىقىدا خەتەرلىك جاي خۇلاۋگۇەندە ياردەمچى قوشۇنغا توسۇپ زەربە بەرگەن. 5 ـ ئاينىڭ 2ـ كۈنى دۈجيەندې 20 چاقىرىملىق سەپ تۈزۈپ تاڭ قوشۇنلىرىغا ھۇجۇم قىلغان. لى شىمىن تاغ ئۈستىدە دۈشمەننى كۆزىتىپ تۇرۇپ، چىڭ چۈشتە ياۋ قوشۇنلىرى ھارغان، ئېچىرقىغان پەيتتە ئومۇمىيۈزلۈك قايتۇرما ھۇجۇم قىلىش پەرمانى چۈشۈرگەن، ئۆزى ئاق ئارغىماققا مىنىپ دۈشمەن سېپىگە بۆسۈپ كىرگەن. ياۋ قوشۇنلىرى پاتپاراق بولۇپ، 30 نەچچە چاقىرىم چېكىنىپ كەتكەن. تاڭ قوشۇنلىرى خېبېينىڭ بىپايان زېمىنىنى قولغا كىرگۈزگەن. ئارقىدىن دۈجيەندېنى نيۇكوجۇدا يارىلانغان يېرىدە ئەسىرگە چۈشۈرگەن. ۋاڭ شىچۇڭ ئۈمىدسىزلىنىپ قەلئە دەرۋازىسىنى ئېچىپ تەسلىم بولغان. تاڭ قوشۇنلىرى بىر جەڭدە ئىككى بەگنى قولغا چۈشۈرۈپ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنى ئاساسىي جەھەتتىن بىرلىككە كەلتۈرگەن.

تاشقا ئويۇلغان ئاق ئارغىماق بەدىنىگە بەش تال ئوقيا ئوقى تەگكەن كۆرۈنۈشتە بولۇپ، تاڭ تەيزۇڭ بۇ ھەقتە: «ئۇچقۇرلۇقى خۇددى چاقماق، روھىنى ئالغان تەڭرىدىن، قايتماس ئارتقا چاپار چەبدەس، كۈچ ئالغان ئەل بەھرىدىن» دەپ بېغىشلىما يازغان.

**«قىزىل دۇلدۇل» ۋە چىڭگىكويدىن زەپەر قۇچۇپ قايتىش**

«قىزىل دۇلدۇل» لى شىمىن دۇجيەندى، ۋاڭ شىچۇڭ بىلەن جەڭ قىلغاندا مىنگەن يەنە بىر ئات بولۇپ، ئۇمۇ بەدىنىگە بەش ئوق تەگسىمۇ پەرۋاز قىلىۋاتقان كۆرۈنۈشتە تاشقا ئويۇلغان. تاڭ تەيزۇڭ بۇ ھەقتە: «گۈرزە، ئوقيا ئىچىدە چاپار مەيۋەت، تەرگە چۆمگەن شۇ ئات بىلەن قۇچتۇق شۆھرەت» دەپ بېغىشلىما يازغان. لى شىمىن شۇ قېتىمقى جەڭدە جان تىكىپ ئېلىشىپ نەچچە قېتىم خەۋپتىن قۇتۇلۇپ قالغان، بۇ جەرياندا ئۇ گەرچە ئۈچ ئاتتىن ئايرىلىپ قالغان بولسىمۇ، دۆلەتنى بىرلىككە كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار ئىشنى ئاساسىي جەھەتتىن ئورۇندىغان.

**«مۇشىت» ئارغىمقى ۋە مىڭشۈيدىكى جەڭ**

بۇ ئاتنىڭ ئەسلىي ئىسمى لورىن ئارغىمقى بولۇپ، ئۇنى تاڭ پادىشاھلىقى دەيجۇ ئايمىقىنىڭ ۋالىيسى شۆلورىن لى شىمىنغا تەقدىم قىلغان. تۇمشۇقى قارامتۇل سېرىق كەلگەن بۇ ئاتنى ۋۇدېنىڭ 5 ـ يىلى لى شىمىن ليۇخېيدا بىلەن جەڭ قىلغاندا مىنگەن.

ليۇ خېيدا دۇجيەندېنىڭ كونا ئادىمى بولۇپ، تاڭ قوشۇنلىرى دۇجيەندېنىڭ ئۇرۇش ئەسىرلىرىگە شەپقەتسىزلىك قىلغاندا، تاڭ پادىشاھلىقىغا قارشى ئىسيان كۆتۈرگەن ھەمدە يېرىم يىلدىلا دۇجيەندېنىڭ ئەسلىدىكى كۈچىنى ئەسلىگە كەلتۈرگەن. ۋۇدېنىڭ 5 ـ يىلى لى شىمىن يەنە قوشۇن باشلاپ شەرققە يۈرۈش قىلىپ، ليۇ خېيدا بىلەن مىڭشۈيدە (ھازىرقى جاڭشۈيدە) تۇتۇشۇپ قالغان. ئۇلار دەريانىڭ ئىككى قىرغىقىدا ئىككى ئايچە تىركىشىپ تۇرغان. كېيىن لى شىمىن ليۇ قوشۇنلىرىنىڭ ئاشلىق توشۇش يولىنى ئۈزۈپ قويۇپ ۋە مىڭشۈينىڭ يۇقىرى ئېقىنىدا توسما توسۇپ، 3 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى ليۇ قوشۇنلىرى بىلەن بىر كۈن كەسكىن جەڭ قىلغان. لى شىمىن مىنگەن «مۇشىت» ئارغىمقىغا 9 ئوق تەگكەن. شۇنداق بولسىمۇ ليۇ قوشۇنلىرى بەرداشلىق بېرەلمەي چېكىنگەن. لى شىمىن دەريانىڭ يۇقىرىسىدىكى توسمىنى ئېچىۋېتىپ، ليۇ قوشۇنلىرىنىڭ نۇرغۇن ئادىمىنى سۇغا باستۇرۇپ ئۆلتۈرگەن، ليۇ خېيدا 100 نەچچە ئادىمى بىلەن تۈركىي خاقانلىقىغا قېچىپ كەتكەن. تاڭ قوشۇنلىرى خېبېي، شەندۇڭ ئەتراپىنى يېڭىباشتىن مۇستەھكەملىگەن.

تاڭ تەيزۇڭ مۇشىت ئارغىمقى توغرىسىدا: «چەبدەس چاپار پەرۋاز قىلىپ، داۋان ئېشىپ ئەلنى ئېلىپ» دەپ بېغىشلىما يازغان.

بۇ 6 ئاتنىڭ تاش ئويمىلىرى تارىخىي بوران ـ چاپقۇنلارنى بېشىدىن كەچۈرۈپ نەچچە قېتىم ئوغرىلىنىپ كەتكەن بولسىمۇ، ۋەتەنپەرۋەر زاتلار تەرىپىدىن قايتۇرۇپ كېلىنگەن، ھازىر شەنشى ئۆلكىلىك موزېيدا ساقلانماقتا.

## يۈەن دەۋرىدە ئۆتكەن مەشھۇر ئۇيغۇر سىياسەتچىلەر

### ساتتار ياسىن

ئۇيغۇرلار يىراق قەدىمكي زاماندىن تارتىپ تاكى بۈگۈنكى كۈنگىچە مەيلى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە قۇرۇلغان سۇلالىلەردە بولسۇن ياكى ئوتتۇرا ئاسىيادا قۇرۇلغان خاندانلىقلاردا بولسۇن، ئۆزىنىڭ ھەر جەھەتتىكى ئىقتىدارىنى جارى قىلدۇرۇپ، جۇڭگو تارىخىدا ئۆچمەس ئىزلارنى قالدۇرۇپ كەلمەكتە. بۇلارنىڭ ئىچىدە يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە بارلىققا كەلگەن ئۇيغۇر ئەدىبلىرى، تارىخشۇناسلىرى، سىياسەتچىلىرى، تىلشۇناسلىرى بىناكارلىق ئۇستىلىرى ۋە داڭلىق رەسساملار تېخىمۇ گەۋدىلىك.

**سىياسەتچى سەئىد جېلىل شەمسىددىن ئۆمەر**

ئۇ (1211ـ، 1279 ـ يىللار) يۈەن دەۋرىدە ئۇيغۇرلار ئارىسىدىن يېتىشىپ چىققان داڭلىق سىياسەتچى ھەم يۈننەن قاتارلىق جايلارنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، دىنىي ۋە مەدەنىيەت ـ مائارىپ

ئىشلىرىغا زور تۆھپىلەرنى قوشقان مەشھۇر تارىخىي شەخس. ئۇ دەسلەپتە چىڭگىزخان چېدىرىدا قاراۋۇللۇق قىلىدىغان ئەسكەرلەرگە باشلىق بولغان. كېيىن دارغاچ، دادخاھ، باشبۇغ، ھەربىي ۋە مەمۇرىي ئەمەلدار، دىۋان ۋازارەت مۇئەككىلى، دۆلەتلىك مالىيە مەھكىمىسىنىڭ باش ئەمەلدارى قاتارلىق مەنسەپلەردە بولغان.

ئۆمەر داڭلىق مالىيە ـ ئىقتىساد مۇتەخەسسىسى بولۇپلا قالماي، ھەربىي جەھەتتىنمۇ پىشقان ماھىر سىياسەتچى. ئۇ 1279 ـ يىلى ھازىرقى كۇنمىڭ شەھىرىدە ۋاپات بولغان. بۇ چاغدا ئۇنىڭ ئۈچۈن داغدۇغىلىق ماتەم مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلگەن ھەمدە ئۇ خەلق شائىرلىرى تەرىپىدىن: «يۇقرالار يىغلىشار خالتا كوچىدا، ئۆمەر ئۆلگەچكە خەلق يولىدا» دەپ تەرىپلەنگەن. خان ئوردىسىدىن ئۇنىڭغا «تۆھپىكار ۋەزىر»، «خان ئۇستازى»، «باشلامچى سەركەردە»، «دۆلەت تۈۋرۈكى»، «ساداقەتلىك تۆرە» دېگەنگە ئوخشاش ئاتاق ۋە ئۇنۋانلار بېرىلگەن. ئۆمەرنىڭ ئەۋلادلىرى 4 ـ ئەۋرىسىگىچە يۈننەن مەمۇرىي ئۆلكىسىنى ئىدارە قىلغان. ئۇنىڭ نەسىردىن، ھەسەن، خوشىن، مەسئۇد ۋە جەمسىدىن ئومۇلى قاتارلىق بەش ئوغلى بولۇپ، ئەڭ يۇقىرىسى مۇئەككەل (ۋەزىر بىلەن ئوخشاش)، ئەڭ تۆۋىنى باشبۇغ بولغان.

**سىياسەتچى، مالىيە مۇتەخەسسىسى ساڭگې.** ساڭگېنىڭ تۇغۇلغان، ئۆلگەن ۋاقتى توغرىسىدا تارىخىي ماتېرىياللاردا ئېنىق خاتىرە قالدۇرۇلمىغان، ئېنىقى شۇكى، ئۇ قۇبلايخاننىڭ سول قول ۋەزىرى، يۈەن دەۋرىدە جارچى ـ پەرمانبەردار مەھكىمىسىنىڭ مۇئەككىلى، ھۆددىچى ۋە ئاغىچا مەھكىمىسىنىڭ مۇئەككىلى قاتارلىق مەنسەپلەردە بولغان.

ساڭگې ئەسلى غەربىي يۇرتلۇق بولۇپ، ئاتا ـ بوۋىسى موڭغۇل قوشۇنلىرى بىلەن بىللە گەنسۇغا كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغان. ئۇ كۆپ خىل تىل ـ يېزىقنى پۇختا ئىگىلىگەندىن سىرت، دىنىي ئىلىمدىمۇ كامالەتكە يەتكەن. مىلادى 1265 ـ يىلى تىبەتلىك راھىب ۋە خان ئۇستازى پاسپاھ ساڭگېنىڭ داڭقىنى ئاڭلاپ خان يارلىقى بىلەن گەنسۇغا كېلىپ ئۇنىڭ بىلەن ئۇچراشقان ھەمدە ئۇنىڭ كۆپ تەرەپلىمە بىلىم ئىقتىدارىغا ئىگە ئىكەنلىكىنى بايقاپ ئۇنى ئۆز يېنىغا خىزمەتكە ئالغان. كېيىن ساڭگې قۇبلايخان تەرىپىدىن ۋەزىرلىككە تەيىنلەنگەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇ يۈەن سۇلالىسىنىڭ ئىقتىسادىي ئىگىلىكىنى گۈللەندۈرۈش، ھەربىي ـ مەمۇرىي ئىشلىرىنى ۋە پۇل مۇئامىلە، پوچتا ـ ئالاقە ئىشلىرىنى تەرتىپكە سېلىش، يۈەن سۇلالىسىنىڭ تىبەت رايونىغا بولغان ئىگىلىك ھوقۇقىنى مۇستەھكەملەش، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى كۈچەيتىشكە دائىر بىر قاتار پايدىلىق سىياسەتلەرنى يولغا قويۇپ، يۈەن سۇلالىسىنىڭ قۇدرەت تېپىشى ئۈچۈن ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشقان.

**مەشھۇر سىياسەتچى ئارغۇن سالى.** ئۇ يۈەن دەۋرىدىكى ئۇيغۇر زىيالىيلىرى ئىچىدىن چىققان مەشھۇر تىلشۇناس، ئاتاقلىق سىياسەتچى بولۇپ، تارىخىي مەنبەلەردە ئۇنىڭ ياشىغان ۋە ۋاپات بولغان ۋاقتى توغرىسىدا ئېنىق مەلۇمات بېرىلمىگەن.

ئارغۇن سالىنىڭ تەخەللۇسى قىتاي سالى بولۇپ، بوۋىسى ئاتاي چىڭگىزخان دەۋرىدە (1162 ـ، 1227 ـ يىللار) ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئېلىدىن ئىچكىرى ئۆلكىگە ساياھەتكە بېرىپ ماكانلىشىپ قالغان. ئاتىسى قۇت سالى ئاتاي سالىنىڭ ئىشلىرىغا ۋارىسلىق قىلغان ۋە يۈەن سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىق مەركىزىگە تەكلىپ قىلىنىپ، ئوردا ئىچىدە باش تەپتىش بېگى، دىۋانبېگى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. ئارغۇن سالى سانسكرىت، خەنزۇ، تىبەت، موڭغۇل تىل ـ يېزىقلىرىنى پۇختا ئىگىلىگەندىن سىرت، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى ئاساسىدىكى موڭغۇل يېزىقىنى ئىجاد قىلىشقىمۇ قاتناشقان. ئارغۇن سالى يەنە «دۆلەتنىڭ روناق تېپىشى بىلىم ئىگىلىرىگە باغلىق» دېگەن سىياسىي تەشەببۇسنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇنىڭ تەكلىپى بىلەن زىيالىيلارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرىدىغان ھەم ئۇلارنى ئالاھىدە تەمىناتتىن بەھرىمەن قىلىدىغان موڭغۇلچە ـ ئۇيغۇرچە خانزادىلەر مەكتىپى قۇرۇلغان.

مەشھۇر سىياسەتچى ئارغۇن سالى ئۆزىنىڭ سىياسىي جەھەتتىكى ئىقتىدارىنى جارى قىلدۇرۇپ، يۇقىرىقىدەك بىر قاتار يېڭى ئىدىيىلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان ھەمدە يۈەن سۇلالىسىنىڭ مەدەنىيەت ـ مائارىپ

ئىشلىرىنىڭ يۈكسىلىشى ئۈچۈن ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشقان.

**داڭلىق سىياسەتچى ليەن شىشەن.** ئۇ يۈەن دەۋرىدە ئۆتكەن داڭلىق ئۇيغۇر سىياسەتچىلەرنىڭ بىرى بولۇپ، فامىلىسىنىڭ «ليەن» بولۇشى دادىسى بۇيرۇق ھىيانىڭ ئۆتكەن ۋەزىپىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

يۈەن شيەنزۇڭ تەختتە ئولتۇرغان مەزگىللەردە ئۇ قۇبىلاينىڭ قول ئاستىدا ۋەزىپە ئۆتىگەن. شۇنداقلا قۇبىلاينىڭ پادىشاھلىق تەختكە ئولتۇرۇشىغىمۇ ئالاھىدە كۈچ چىقارغان. ليەن شىشەن يۈەن دەۋرىدىكى داڭلىق سىياسەتچى بولۇپلا قالماستىن، مەدەنىيەت سەۋىيە جەھەتتىنمۇ ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان داڭلىق ئەدىبتۇر. ئۇ يۈەن سۇلالىسىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت جەھەتلەردە تەرەققىي قىلىشى، شۇنداقلا دۆلەتنىڭ مۇستەھكەملىنىشى ئۈچۈن زور تۆھپىلەرنى قوشقان داڭلىق تارىخىي شەخستۇر.

**مەشھۇر ۋەزىر ۋە سىياسەتچى دانىشمەن.** دانىشمەن (1257 ـ، 1317 ـ يىللار) يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن ئالدىنقى قاتاردىكى ئۇيغۇر سىياسەتچىلىرىنىڭ بىرى. گەرچە يۈەن سۇلالىسى تارىخىدا دانىشمەن ھەققىدە مەخسۇس تەزكىرە قالدۇرۇلمىغان بولسىمۇ، كېيىنكى دەۋرلەردە يېزىلغان يۈەن تارىخىغا ئائىت ئەسەرلەردە ئۇ توغرىلىق بايانلار بار.

دانىشمەن غەربىي يۇرت ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئاساسلىق تارماقلىرىدىن بولغان قارلۇقلاردىن بولۇپ، بوۋىسى، ئوغلى ۋە نەۋرىلىرىدىن تارتىپ يۈەن سۇلالىسى ئوردىسىدا مەنسەپ تۇتقان ھەم موڭغۇل ئىمپېرىيىسى ئۈچۈن جان كۆيدۈرۈپ ئىشلەپ، موڭغۇل خانلىرىنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتىگە ئېرىشكەن. بۇ جەرياندا ئۇ يۈەن ئىمپېرىيىسىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى بىر قىسىم پۇرسەتپەرەس كىشىلەرنىڭ دۆلەتنىڭ بىر پۈتۈنلۈكىگە دەخلى ـ تەرۇز قىلىشىغا يۈرەكلىك ھالدا قارشى تۇرغان ھەمدە بۇنداق ئىشلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش توغرىسىدا قۇبىلايخانغا تەكلىپ بەرگەن. ئۇنىڭ ساداقەتمەنلىكى قۇبىلايخانغا ياراپ قالغان، شۇنىڭ بىلەن سىياسىي ئورنىمۇ بارغانسېرى يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن.

ئۇ 60 يېشىغا كېسەل سەۋەبى بىلەن ئالەمدىن ئۆتكەن.

**مەشھۇر سەركەردە ۋە سىياسەتچى ئېلى قايا.** ئېلى قايا (1227 ـ، 1286 ـ يىللار) يۈەن سۇلالىسىنىڭ جەنۇبىي سۇڭنى مەغلۇپ قىلىپ جۇڭگونى بىرلىككە كەلتۈرۈش ئۇرۇشىدا ئالاھىدە تۆھپە قوشقان ئاتاقلىق سانغۇن، شۇنداقلا يۈەن سۇلالىسىنىڭ سىياسىي سەھنىسىدە شۆھرەت قازانغان مەشھۇر ئەرباب.

ئېلى قايا ئىدىقۇت ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئېلىنىڭ يازلىق پايتەختى بولغان بەشبالىق (ھازىرقى جىمسار) دا ئۇيغۇر دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ كىچىكىدىن تارتىپلا ئەتراپلىق بىلىم ئىگىلەشكە كىرىشكەن. ئۇ دىنىي (بۇددا دىنى) جەھەتتە كامالەتكە يېتىپلا قالماستىن، شېئىرىيەت، مۇزىكا، رەسساملىق، تارىخ، تىل ۋە ھەربىي ئىشلارغا ئائىت بىلىملەرنىمۇ تىرىشىپ ئۆگىنىپ، ئۆزىنىڭ كېيىنكى سىياسىي پائالىيەتلىرىگە قاتنىشىشى ئۈچۈن پۇختا ئاساس ياراتقان.

ئېلى قايا داڭلىق ھەربىي سەركەردە بولۇپ، يۈەن سۇلالىسىنىڭ جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسى بىلەن بولغان ئۇرۇشىدا دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى مۇستەھكەملەشكە ئالاھىدە كۈچ چىقىرىپلا قالماستىن، ئۆزىنىڭ قوشۇنلارغا قوماندانلىق قىلىش ماھارىتى ۋە ستراتېگىيىلىك پىلانلاش سەنئىتى قاتارلىق ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن يۈەن ئىمپېرىيىسىنىڭ داۋاملىق مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ۋە كۈچىيىشى ئۈچۈن ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشقان. ئۇ ۋاپات بولغاندىن كېيىن مەخسۇس مۇراسىم ئۆتكۈزۈلۈپ، ئۇنىڭغا «دۆلەت تۈۋرۈكى»، «چاڭشاۋاڭى»، «جياڭلىڭ ۋاڭى» ۋە «ئوردا ئۇستازى» دېگەنگە ئوخشاش مەنسەپ ۋە ئاتاقلار ئىنئام قىلىنغان.

# كۇتۇپخانىلارنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنىنى ئۈستۈرۈشنىڭ مۇھىملىقى ھەققىدە

پەرزانە سادىق

سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى راۋاجلاندۇرۇلۇۋاتقان، ئىشىك سىرتقا ئېچىۋېتىلگەن بۈگۈنكى كۈندە سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت بەرپا قىلىش — سوتسىيالىستىك كۇتۇپخانىلارنىڭ تارىخىي ۋەزىپىسى. كۇتۇپخانىلار سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت بەرپا قىلىش جەريانىدا قانداق رول ئوينىشى كېرەك؟ بۇنىڭ ئۈچۈن ئالدى بىلەن كۇتۇپخانىنىڭ جەمئىيەتتە تۇتقان ئورنى توغرىسىدا ئويلىنىپ بېقىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ.

1. كۇتۇپخانىلار دۇچ كېلىۋاتقان مەسىلىلەر

بىرىنچىدىن، كۇتۇپخانىلارنىڭ تەرەققىياتى ئاستا. كۇتۇپخانا تەرەققىياتىنى تۈپ جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي كۈچى بەلگىلەيدۇ. نەچچە ۋاقىتتىن بېرى دۆلىتىمىز ئىقتىسادىي كۈچىنىڭ ئاجىزلىقى تۈپەيلىدىن، ئىقتىسادىي تەرەققىي قىلمىغان رايونلاردا كۇتۇپخانىلار ئىنتايىن جىددىي نامراتلىقتا تۇرۇپ كەلدى. دۆلەتتىن چۈشۈرۈلىدىغان خىراجەتلەر ئۆز ۋاقتىدا چۈشۈرۈپ بېرىلمەي، يېڭى قۇرۇلۇشلار پۈتمەي تۇرۇپ قېلىپ، كۇتۇپخانىلارنىڭ نورمال خىزمەت ئېلىپ بېرىشىغا زور تەسىر يەتكۈزدى. ئۇندىن باشقا كۇتۇپخانىلارنىڭ ئاساسلىق تەدبىرلىرى مۇكەممەل بولماسلىق، زۆرۈر بولغان زامانىۋى ئۈسكۈنىلەر كەمچىل بولۇشتەك ئەھۋاللارمۇ ئېغىر. نۇرغۇن كۇتۇپخانىلاردا كەسپىي خىزمەتلەر يەنىلا قالاق قول ئەمگىكى بىلەن ئېلىپ بېرىلىۋاتىدۇ. يېڭى كىتابلارنىڭ قوشۇمچە نۇسخىسى ئازلاپ، جۇغلانما قۇرۇلۇشىغا زور تەسىر يەتكۈزدى. ھۆججەت - ماتېرىياللارنىڭ مەزمۇنى كونىراپ كەتتى، ھۆججەت، ماتېرىياللار مەنبەسىنىڭ تولۇق بولماسلىقى، سىستېمىلىق بولماسلىقى قاتارلىق بىر قاتار مەسىلىلەر كۇتۇپخانا ئىشلىرى تەرەققىياتىغا زور تەسىر يەتكۈزۈۋاتىدۇ.

ئىككىنچىدىن، كۇتۇپخانىلارنىڭ ئىجتىمائىي ئورنى تۆۋەن. بۇنى يەنىلا ئىقتىسادتىن ئايرىپ قاراشقا بولمايدۇ. ئىقتىساد كەمچىل بولغانلىقتىن رادىئو - تېلېۋىزىيە قاتارلىق ھەر خىل تەشۋىقات ۋاسىتىلىرىدا كۇتۇپخانىلارنىڭ ئىجتىمائىي ئورنى ۋە رولى توغرىسىدا يېتەرلىك تەشۋىقات ئېلىپ بېرىلمىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە كۇتۇپخانىلارنىڭ جايلاشقان ئورنى شەھەر مەركىزىدىن كۆپ يىراق بولغاچقا، كىتاب - ماتېرىيال كۆرۈشكە كېلىدىغانلار ئاز بولىۋاتىدۇ. بۇمۇ كۇتۇپخانا ئىشلىرى تەرەققىياتىغا زور تەسىرلەرنى يەتكۈزۈۋاتىدۇ.

ئۈچىنچىدىن، كۇتۇپخانا خادىملىرىنىڭ ساپاسى تۆۋەن. بولۇپمۇ ئاممىۋى كۇتۇپخانىلاردا بۇ مەسىلە ئېغىر، ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان، كۇتۇپخانا بىر خىل ئاممىۋى سورۇن دەپ قارىلىپ، ئۇنىڭ ئادەم ئورۇنلاشتۇرۇش ئىشلىرىنىڭ ھەممىسىنى يۇقىرى بىۋاسىتە باشقۇردى. شۇ سەۋەبتىن مەدەنىيەت سەۋىيىسى تۆۋەن، سالامەتلىكى ناچار كىشىلەر كۇتۇپخانىلارغا كېلىپ ئورۇنلاشتى. ئىقتىساد قىس بولغاچقا كەسپىي خادىملارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش كەمچىل بولدى، كۆپ ساندىكى خادىملارنىڭ كەسپىي سەۋىيىسى تۆۋەن بولغاچقا كۈندىلىك خىزمەتلەرنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشى زور دەرىجىدە تەسىرگە ئۇچرىدى.

ئىقتىساد يېتىشمەسلىك بىلەن ئادەم ساپاسىنىڭ تۆۋەنلىكى كۇتۇپخانىلارنىڭ نامزاتلىقىنى تېخىمۇ گەۋدىلەندۇرۇپ قويدى. بۇ كۇتۇپخانا خادىملىرىنىڭ ئىدىيىسىدە بىر خىل توقۇنۇش پەيدا قىلدى. ھەمدە ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر قوشۇنىنىڭ مۇقىملىقىغا تەسىر يەتكۇزدى.

2. مۇلازىمەت قىلىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش

بازار ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، جەمئىيەتمۇ بارغانسىرى بىلىمگە تايىنىپ ئىشلەپچىقىرىشنى تەرەققىي قىلدۇرىدىغان، بىلىمگە تايىنىپ ماددىي مەدەنىيەت بىلەن مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان بولدى. بۇ كۇتۇپخانىلارنىڭ ئۆز ئىقتىدارىنى جارى قىلدۇرۇپ، جەمئىيەت ئۇچۇن تېخىمۇ ئوبدان خىزمەت قىلىشى ئۇچۇن پايدىلىق بولدى. لېكىن يۇقىرىدا ئېيتقىنىمىزدەك نۆۋەتتە كۆپ ساندىكى كۇتۇپخانىلارنىڭ باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى، مۇلازىمەت ساپاسى ھازىرقى جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئېھتىياجىغا يېتىشەلمەي قېلىۋاتىدۇ. پەن ـ تېخنىكا، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش، مەدەنىيەتنى گۈللەندۈرۈش جەھەتلەردە تېگىشلىك تۆھپە قوشالمايۋاتىدۇ. شۇڭلاشقا كۇتۇپخانا پەقەت كىتاب ئارىيەت ئېلىپ كۆرۈش، كىتاب قايتۇرۇش ئۇچۇنلا بارىدىغان جاي دەپ قارىلىپ، ئۇچۇرنىڭ ئەھمىيىتىگە بولغان تونۇش چوڭقۇر بولمايۋاتىدۇ. بۇنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى يەنىلا كۇتۇپخانىلاردا. پەقەت جەمئىيەتنى ئۈزلۈكسىز ئالىي مۇلازىمەت بىلەن تەمىنلىگەندىلا، ئاندىن جەمئىيەتنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشكىلى بولىدۇ. پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرغاندىلا تەرەققىي تاپقىلى بولىدۇ. بۇ كۇتۇپخانا ئىشلىرىنىڭ ئىستىقبالى بىلەن ھاياتىغا مۇناسىۋەتلىك چوڭ ئىش.

3. كۇتۇپخانىنى قىيىنچىلىقتىن قورقماي تەرەققىي قىلدۇرۇش

ھازىر كۇتۇپخانىلارنىڭ شارائىتى قىيىن بولسىمۇ، لېكىن مۇلازىمەت سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈپ، ئۇنىڭ ئورنىنى كۆتۈرۈشكە بولىدۇ. مېنىڭچەم بىرىنچىدىن، ھۆججەت ـ ماتېرىياللارنى ئېچىش ئارقىلىق ئۇچۇر خىزمىتىنى كۇتۇپخانا خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى قىلىش كېرەك.

ئىككىنچىدىن، ئىلمىي باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، ھەر خىل تەرتىپ ـ تۈزۈملەرنى تۈزۈپ چىقىش، ئىش ئورنى مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى بېكىتىش، تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىش، مۇكاپاتلاش بىلەن جازالاشنى تەڭ ئېلىپ بېرىش كېرەك، باھالاش بويىچە ئۇنۋان بېرىش قاتارلىقلارنى يولغا قويۇش كېرەك.

ئۈچىنچىدىن، خىزمەتچىلەرنىڭ كەسپىي ئەخلاقى، ئىدىيىۋى ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش. بۇنىڭدا ئالدى بىلەن كەسپىي بىلىمنى يېڭىلاپ تۇرۇشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. بولۇپمۇ يۇقىرى سەۋىيىلىك كەسپىي خادىملارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈپ چىقىپ، ئۇچۇر مۇلازىمىتى ۋاستىسىنىڭ زامانىۋى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش. ھەر خىل شەكىلدىكى مۇلازىمەت دائىرىسىنى كېڭەيتىش. ئۇچۇر مۇلازىمىتىنى قانات يايدۇرۇپ، بىلىم بايلىقىنىڭ ئۈستۈنلۈكىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش كېرەك. بۇنىڭدا ھەر خىل مەخسۇس تېمىدىكى قىرائەتخانىلارنى تەسىس قىلىش ئارقىلىق ئالاھىدە مۇلازىمەت قىلىشنى يولغا قويۇش تەلەپ قىلىنىدۇ. كارخانىلارنىڭ يېڭى مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىشى ئۇچۇن، ئۇلارنى ئۇچۇر بىلەن تەمىنلەشمۇ مۇھىم بولغان مۇلازىمەت تۈرلىرىنىڭ بىرى. پەقەت مۇشۇنداق قىلغاندىلا، بىزنىڭ پەن ـ تېخنىكا نەتىجىمىزنى ئىشلەپچىقىرىش كۈچىگە ئايلاندۇرغىلى بولىدۇ. ھەم كىتابخانلارغا قولايلىق يارىتىپ بەرگىلى بولىدۇ.

## مۇشتىرىلار دىققىتىگە:

«شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى» شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەر بىرلەشمىسى تەرىپىدىن نەشر قىلىنىپ، مەملىكەت ئىچىگە ئاشكارا تارقىتىلىدىغان، شىنجاڭ بويىچە ئەڭ چوڭ ئىلمىي ژۇرناللارنىڭ بىرى. بۇ ژۇرنال ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك 107 ئىلمىي جەمئىيەت ۋە ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەردىكى ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەر بىرلەشمىلىرىگە قاراشلىق ئالىملار گورۇھىنى ئارقا تىرەك قىلغان ھالدا پەلسەپە، مائارىپ، تارىخ، مەدەنىيەت، ئىقتىساد، تىل، ئەدەبىيات - سەنئەت، پەن - تېخنىكا، دىن، ئەخلاق، باشقۇرۇش، تالانتشۇناسلىق، ئارىلىق پەنلەر بويىچە بارلىققا كېلىۋاتقان كۆندىلىك تۇرمۇش ھەم خىزمەتلىرىمىزگە ماياك بولىدىغان كەشپىيات. ئىختىرالارنى ۋە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكىنى ئىخچام تونۇشتۇرۇپ، ئىلىم - پەننى گۈللەندۈرۈش، خەلقنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن ئۈنۈملۈك خىزمەت قىلىدىغان مۇھىم بىر بىلىم مۇنبىرى. ژۇرنالنىڭ تەھرىر ھەيئەتلىرى ئالىملار ۋە ئەمەلىي خىزمەت تەجرىبىلىرى مول بىلىملىك رەھبەرلەردىن تەركىب تاپقان، ئۇلار ئادەمنىڭ سۈپەت - ساپاسىنى نىشان قىلغان ھالدا سىزنى دانايى - دانىشمەنلەر، پەيلاسوپ - مۇتەپەككۇرلار، پىرى - ئۇستازلار، ھەققانىي ئىلىم چولپانلىرى، سەنئەتكارلار، ئۇلۇغ ھەكىم ھەم پىسخولوگلار بىلەن ئۇلپەتلەشتۈرۈپ، قەددىڭىزنى رۇسلاپ زامانىۋى قەدەم بېسىشىڭىزغا ياردەم بېرىدۇ. بىز سىزنىڭ بۇ ژۇرنالنى زېرىكمەستىن بىر يىل ئوقۇپ بېقىپ، ئاندىن بىر پىكىر بېرىشىڭىزنى سورايمىز! ژۇرنىلىمىزنىڭ بىر يىللىق سانلىرىغا 16.00 يۈەندىن ياكى خالىغان بىر سانىغا 4.00 يۈەندىن تۆلەپ مۇشتىرى بولغايسىز. ئەگەر مۇشتىرى بولۇشقا ئۈلگۈرەلمىگەن ئوقۇرمەنلەر بولسا، يىللىق توپلامغا 30 يۈەندىن پۇل ئەۋەتسەڭلار، پوچتا ئارقىلىق ئەۋەتىپ بېرىمىز.

ئادرېسى: ئۈرۈمچى «يەنئەن» يولى 46 - قورۇ
«شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى
ئالاقىلاشقۇچى: ليۇسۇچىڭ، تېلېفون نومۇرى: 2862025

《新疆社科论坛》全国公开发行

---

ش ئۇ ئا ر ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەر بىرلەشمىسىنىڭ نەشر ئەپكارى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك مىللىي باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى.
مەملىكەت ئىچىدە بىرلىككە كەلگەن نومۇرى: 1/CN65—1147
پوچتا ئارقىلىق مۇشتىرى بولۇش نومۇرى: 137—58
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ. مەملىكەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا مۇشتىرى قوبۇل قىلىنىدۇ. باھاسى: 8.00 يۈەن
ئورنى: ئۈرۈمچى يەنئەن يولى 46 - قورۇ پوچتا نومۇرى: 830001
تېلېفون 2861273 تېلېگرامما: 3027
مۇقاۋىنى ئوبۇلقاسىم ئەمەت لايىھىلىگەن